جالالىددىن بەھرام



# تەكلىماكان ئوغلى

2

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى



# جالالددین بەهرام

ئاز كەم يىگىرمە ئەسىر ئۆتۈپتۇ! ئەمما بىپايان دەشتى قۇملۇق باغ-
دىدا يېشىل زۇمرەتتەك جاقناپ تۇرغان ئەنە شۇ يېزا ئېتىزلار، قىپقىزىل
يولغۇنلار، يانتاق قومۇشلار قاپلىغان قۇم بارخانلىرى، ئۈچ مىڭ يىللىق
قەدىمىي توغراقلار... ئادىمىلىك دېھقان ئۆيلىرى، ئەتراپى چىتلانغان
قارىغاي باغلار، شاخ-شۇمبىلار جىغاپ تارغاقتەك بولۇپ كەتكەن
سوقما تاملار، قۇملۇقتىكى ئەگرى-بۈگرى ئەگرى يوللار... مۈشكۈل
ئېرىقلىرىدا تۇتقىنىمىز سىرلارنى يېشەلمەسلىك ئاقىۋىتى مولدىن مولداپ...
ھېلىھەم ئەسلىمىدە تۇرۇپتۇ! مەن بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل باغرىدا
ياشاۋاتقان ئەجدادلىرىم-ئەۋلادلىرىم قومۇل-بۇۋاقلىرىغا ئېلىپ چىقسىپ، ئۇلار
ماكانىنى قوغداۋاتقان دېڭىز دېھقانلارغا بېغىشلايمەن!...

— جالالىددىن بەھرام —

جالالىددىن بەھرام

# تەكلىماكان ئوغلى

## 2

( رومان )



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

塔克拉玛干的儿子：维吾尔文/加拉力丁著.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.12

ISBN 978—7—5469—0603—4

Ⅰ.①塔… Ⅱ.①加… Ⅲ.①长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 000024 号

| | |
|---|---|
| 书　　名 | 塔克拉玛干的儿子（2） |
| 策　　划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 作　　者 | 加拉力丁·拜克拉木 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 特约编辑 | 哈斯亚提·依不拉音 |
| 责任校对 | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| 特约校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印　　张 | 15.25 |
| 版　　次 | 2009 年 12 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 12 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—10000 |
| 书　　号 | ISBN 978—7—5469—0603—4 |
| 定　　价 | 95.00 元（上，下） |

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

# مۇندەرىجە

## ئىككىنچى قىسىم چايانىنىڭ ئاخىرقى ئىشى


ئون سەككىزىنچى باب دۈشمەننىڭ قارارى ················ 535
ئون توققۇزىنچى باب يەكتا پالۋان ························ 564
يىگىرمىنچى باب ئاچچىقتىن چىققان ئويۇن ·············· 590
يىگىرمە بىرىنچى باب قۇتىرىغان دۈشمەن ················ 619
يىگىرمە ئىككىنچى باب چاۋار چايانىنىڭ ھەسرىتى ········ 643
يىگىرمە ئۈچىنچى باب كۈلۈپ قارىمىغان بەخت ·········· 666
يىگىرمە تۆتىنچى باب بورانلىق كېچىدە ·················· 691
يىگىرمە بەشىنچى باب چايانىنىڭ قىسمىتى ················ 722
يىگىرمە ئالتىنچى باب شادلىق يار بولىغان كۈنلەردە ······ 756
يىگىرمە يەتتىنچى باب چايانىنىڭ ئاخىرقى ئىشى ········· 781
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ئالدىراش ئۆتكەن بىر كۈن ··· 817
يىگىرمە توققۇزىنچى باب قانىغا تويمىغان جاللات ········· 843
ئوتتۇزىنچى باب ئىبلىسنىڭ زەھەرلىك ئويۇنى ··········· 874
ئوتتۇز بىرىنچى باب كولىغان ئورىسىغا ئۆزى چۈشكەنلەر ··· 902
ئوتتۇز ئىككىنچى باب تەكلىماكان ئوغلى ················ 932
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب قەرزىنى تېرىسى بىلەن تۆلىگەن بۆرە ··· 955
ئوتتۇز تۆتىنچى باب قۇمتامىنىڭ كۈلكىسى ··············· 972
خاتىمە ·························································· 1003

## ئىككىنچى قىسىم

# چايانىنىڭ ئاخىرقى ئىشى

## ئون سەككىزىنچى باب

# دۈشمەنىنىڭ قارارى

هاشىمنىڭ بېغى ئايرىم ئاھادىلانغان باغ بولماستىن، ھويلىسىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن ئىككى تەرىپى يۇلغۇن شاخلىرىدا چىتلانغان تۇپتۇز تار يولدىن ئۇدۇلدىكى سىرلانغان پېشايۋانلىق ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىتەننىڭ ئىككىلا تەرىپىدە نەشپۈت، ئامۇت، قارىئۆرۈك، شاپتۇل، غەزىمەت ئالمىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن مېۋىلىك باغ ئىدى. ئەمما، تاتلىق ۋە ئاچچىق ئانار ئىگىلىگەن ئېتىزى كۆپرەك بولۇپ، ھاشىمنىڭ كۈنلىرىمۇ ئانار تۈپلىرىگە ئوغۇت بېرىش، توپا يۆلەش، سۇغىرىش، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ئوتاش بىلەن ئۆتەتتى. شۇڭا، ئانارلىق ئىچىگە چاققانغىنا كات قويۇلغاچقا ئارام ئېلىشقىمۇ بولاتتى. قارا ئەتلەستىن كۆڭلەك، ئۇزۇن ئاستى بوغما ئىشتان كىيىۋالغان كامالەت كاتتا ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. خىجالەتچىلىك ئىسكەنجىسىدە قالغان هاشىم ئېرىق بويىدا زوڭزايغىنىچە، تاماكىسىنى چېكىپ ئۈندىمەي تۇراتتى.

كامالەتنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى تاغ ئارىسىغا ياتلىق بولۇپ كەتكەندە چوڭ دادىسى (ئانىسىنىڭ ئاكىسى) ئىگەمبەردى ئۇنى بېقىۋالغان ئىدى. كامالەتنىڭ بويى سوزۇلۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغاندا، ئىگەمبەردىنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. شۇڭا، ئۇ ھاشىم شۇجىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كېلىۋېلىپ، بىر

مەزگىل مۇشۇ قورۇدا تۇردى. بىراق، ھاشىمنىڭ قىمارۋاز ئوغلى ساتتار ئۇنىڭغا ھەرخىل تەلەپلەرنى قويۇپ، ئارامىلىق بەرمىگەندىن كېيىن كامالەت بۇ يەردىمۇ كېتىپ بىر تۇل خوتۇن بىلەن بىللە ياشىدى. ئازغىنا ھاياتى قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ ئۆتكەن بۇ يېتىم قىز ھاشىمنى كۆپ ھاللاردا «ھاشىم دادا» دەپ چاقىراتتى ھەم بېشىغا قانداقلىكى كۈن كەلسە، دەردىنى تۆكۈپ، مۇڭدىشالايتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ جەۋلاننى ئىزدەپ بارسا، ئۇنىڭ «خىزمەت ئىشلىشىمگە كاشىلا قىلماڭ، كېچىلەردىمۇ ئىزدەپ كەلمەڭ، مەنمۇ خاپا بولىمەن...» دەپ قوپاللىق قىلغانلىقى، تېخى «لەيلى ئون سەككىز ياشتا، سىزچۇ؟» دەپ غۇرۇرىغا تەگكەنلىكى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. بۇ ساددا، مۇلايىم، سەمىمىي قىز جەۋلانسىز ياشىيالمايدىغان، ئۇنى كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى.

— كامالەت، سىز تولۇق سىنىپ پۈتكۈزگەن ئاڭلىق قىز، نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسىز، — ھاشىم ئورنىدىن تۇردى، — خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرى نۇقتىغا چۈشكەن يېرىدە مۇھەببەتلىشىشكە بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالىنىپ كېتىدۇ.

— بىز... بىز ئۆگزىگە چىقىپ ناغرا چالمىغاندىن كېيىن ئىچىمىزدە بىلسەك بولمىدىمۇ.

— جەۋلان بۇ ھەقتە ئوچۇق بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، — ھاشىم گەپ ئەگىتىپ تۇرمىدى، — ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنى سوت مەھكىمىسىگە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئەپقېلىشنى ئېيتتى، لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئالىي مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىشنى بېكىتىپ بوپتۇ. ئۇ بەربىر ئۈرۈمچىگە كېتىدۇ.

— راست كېتەمدىكەن؟ مەن... مەن نېمىشقىمۇ؟

— شۇڭا، جەۋلان، كۆڭۈلگە تالىق گەپلەرنى قىلىشتىن





ھەزەر ئەيلەيدۇ.

— ئۇ... ئۇنىڭ «خوتۇنۇم، تۆت بالام بار» دېگىنى رايىمنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن - دە.

— سىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭ، ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا قۇمتام ۋە قۇمتام دېھقانلىرى بار. ئەگەر چاۋار، مەتسىدىق، ئىگەمبەردىلەرنىڭ قۇلىقىغا جەۋلان توغرۇلۇق كىچىككىنە گەپ كىرىپ قالسا، ئۇلار بۇ ساپاقنى تۇتۇۋېلىپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىشتىن، ئۆسەك گەپلەرنى تارقىتىشتىن يانمايدۇ.

— ماقۇل، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي.

كامالەت بىردىنلا سۇسىز قالغان گۈل بەرگىدەك سولىشىپ، ئۇنىڭ بادام يۈزلۈك ئاپئاق چېھرىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىدى. دائىما خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىر چېكىتكە تىكىلىپ، ئۇزۇن ئەگرى كىرپىكلىرىدە تىترەپ تۇرغان ياش تامچىلىرى كۆرۈندى. ھاشىم ئۇنىڭ ئۆمچەيگەن لەۋلىرىگە، روھسىز ھالىتىگە قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ قىزنىڭ دۈمبىسىگە ئاستا پەپىلەپ، كۆڭلىنى ياسىدى:

— كامالەت، قۇمتاغدىكى بۇ سىياسىي ھەرىكەت مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ، شۇنداقمۇ، — ھاشىم كامالەتكە ئېگىلىپ، — شۇ چاغدا مەن جەۋلان بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلىشىپ باقسام بولىدىغۇ، ئەمدى تۇرۇڭ، يىغىنغا كېچىكىپ قالمايلى.

جەۋلان يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئېچىلغان ئۈچ كۈنلۈك يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەنت، كىچىك ئەترەت كادىرلىرى ۋە ئاكتىپ ياشلارغا كەچتە يىغىن ئېچىشنى ئۇقتۇرغانىدى. ھاشىم كامالەتنى باشلاپ كەنت تەشكىلىگە كىرىپ كەلگەندە، كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەتراپ يەنىلا يورۇق ئىدى. كەنت ئىشخانىسىغا جەۋلان، زۇلال، مەتنىياز، كېرىمۇللا، ياربەختى، ئايشەم، يەنە بىر قانچىلىغان ئاكتىپ ياشلار يىغىلىپ بولغانىدى.

# تەكلىماكان ئۆزلى (2)

بۇ ئىشخانىنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر كىچىك ئۆي جەۋلانىنىڭ ياتىقى بولۇپ، زۇلال بىلەن مەتنىياز قۇلاقلىق قارا تېلېفوننى ئاشۇ ياتاقتا يۆتكەۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇلار چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ يىراق ـ يېقىندىكى ئادەملىرى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە باشقا تەرەپلەردە بىرلىككە كېلىشۋېلىشتىن ئەنسىرىگەنىدى.

هاشىم بىلەن كامالەت كىرىپلا ئۇستەل سائىتىگە قارىدى. بۇنى سېزىپ قالغان جەۋلان «كېچىكمىدىڭلار، يەنە ئىككى مىنۇت بار» دەپ قويدى. ئىشخانىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغانلار نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلىشىپ گەپلىشەتتى، كۇلۇشۇپ چاقچاقلىشاتتى. لېكىن ئىشخانىغا كىرگەندىلا جەۋلاننى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتكەن كامالەت يەردىن ئۇستۇن قارىماي ئولتۇراتتى. جەۋلان ئۇنىڭ چۈشكۈن هالىتىگە كۆز تاشلاپ يۈرىكى ئېچىشتى ۋە ئۆتكەنكى قوپاللىقىغا ئۆكۈندى.

جەۋلان هەممىگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يىغىننى باشلىدى. ئۇ يېزىلىق هۆكۈمەتتە ئېچىلغان ئۈچ كۈنلۈك يىغىننىڭ روهىنى يەتكۈزدى. قۇمچاقار، ئەلئابادنىڭ سىنىپىي قاپقىنى ئېچىش هەققىدە ناهىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چاڭمىن ۋە ئابلىز هاكىملارنىڭ يازما يوليورۇقى، ۋاڭ يۇڭ، ئەيسايۇپ، بارنىيازلارنىڭ قۇمچاقار، ئەلئاباد يېزىلىرىدا جىددىي كېتىۋاتقان سىياسىي هەرىكەتتە قولغا كەلتۇرگەن نەتىجىلىرى، ئىگىلىگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى، كېيىنكى باسقۇچنىڭ مۇهىم ۋەزىپىلىرى هەققىدە بەرگەن دوكلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىن قۇمتام كەنتىدىكى مۇرەككەپ ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۇستىدە توختالدى. بولۇپمۇ قۇمتام كەنت دېهقانلىرىنىڭ قان ـ تەرىنى شوراپ، ئۆزىنى سەمرىتىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم كادىرلارنىڭ خىيانەتچىلىك، چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش، هەتتا كەنتنىڭ بارلىق خەزىنىسىنى ئۈچ ئادەم ئىگىلىۋېلىشتەك

ئېغىر زوراۋانلىقنى ۋە بەزى كادىرلارنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىدا چىرىپ كەتكەنلىكىنى لەيلى پاجىئەسى ئارقىلىق دەلىللەپ سۆزلىدى. بىراق، مۇشۇنداق ھەق ـ ناھەقنى، دېھقانلارنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى قوغداشتا كامال ۋە لەيلىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم شاھىتنى يوشۇرۇش ئارقىلىق سىياسىي ھەرىكەتنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش، يامانلارنىڭ تەنتەنە قىلىشىغا پۇرسەت ھازىرلاپ بېرىشتەك ئاسىيلىقنىڭمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى ئېچىنىش، غەزەپ ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھەيرانمەن، نەچچە يىللاردىن بېرى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى «شىۋە قەدرى»نى كۈتكەندەك كۈتۈپ، ئاخىرىدا، چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى تۇرغىنىڭلار نېمىسى؟! — جەۋلان ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتتى، — ھەتتا بۇ ئۈچ ئەبلەخنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دېھقانلارنىمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ خاتا يولىغا مەجبۇرىي ئېلىپ كىردىڭلار.

جەۋلاننىڭ دەۋاتقانلىرى ئەمەلىي پاكىتلار ئىدى. بۇنىڭغا يا «ئاق» ياكى «قارا» دەيدىغانغا ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەستە! جەۋلان ئۇلارنىڭ «ئاغىنىمىز»، «بۇرادىرىمىز» دېگەن تار ئۇقۇم ئىچىدە كىملەرنى يىغلىتىپ، كىملەرنى كۈلدۈرگەنلىكىنى سورىغىنىدا، كادىرلار خۇددى قوقاستا ئولتۇرغاندەك بولۇپ كەتتى. ناۋادا ئىشلار شۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئاياغلىشىپ، چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار «تەختى» دە قايتا ئولتۇرۇپ قالغىنىدا ئۇلار يەنە قايسى يۈزى بىلەن يۇقىرىغا «خىزمەت گۇرۇپپىسى» ھەققىدە گەپ ئاچار؟!

— دېھقان خەق دېگەن ھەرقانچە ئەرشئەلاغا چىقىپ كەتسەكمۇ، يەنىلا دېھقانلىقىمىزنى قىلىدىكەنمىز، — دېدى زۇلال خىجالەتچىلىكتە ھۆپپىدە ئېسىلىپ، — بىز ھەقىقەتەن كالتە پەملىك قىپتىمىز. ئاغىنىمىز كامالنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ،

مىڭلىغان كامالالارنىڭ يىغىسىنى ئويلىماپتىمىز، ھەتتا يامانلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينىغىنىمىنى ئويلىساملا يەرگەن كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ كېتىمەن.

زۇلالنىڭ دەۋاتقانلىرى دەرۋەقە يۈرىكىدىن چىققان سۆزلەر بولۇپ، مەنىۋى ئاچلىقتىن كۆرە ماددىي ئاچلىقنى، مەنىۋى يالىڭاچلىقتىن كۆرە ماددىي يالىڭاچلىقنى، روھىي قۇللۇقتىن كۆرە، ماددىي قۇللۇقنى ئازابنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ بىلىدىغان، ئاڭسىز دېھقانلاردىن ئاغرىنىپ كېتىشكىمۇ بولمايتتى. ئەدناسى ئىگەمبەردى: «ئاغىنىلەر كامالنى ئاياڭلار، ئۇنى پاشىلىقا كىرگۈزۈۋېتىپ ياخشى قىپتىكەنمەن، بولمىسا تېگى - تەكتى ئېنىق بولمىغان قارا نوپۇس، گۇمانلىق خەنزۇنى ئۆيىدە يوشۇرۇپ ساقلاپ قانۇنسىز بالا تاپقان، دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپتە...» دېسە زۇلال بىلەن مەتنىياز: «ھوي راسوي» دېگەندەك باشلىرىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ قازغان ئورىسىغا پۇت ساڭگىلىتىپ بەرگەن تۇرسا، ھەتتا چاۋار: «كامالنىڭ پاشىلىقا كىرسىپ كەتكىنى خۇدانىڭ يۈلىگىنى، ئۇ ئاتلارنىڭ بوغۇزىنى ئۇن تارتىپ يېدى، ئاشلىق، ماي، ئاق ئوغۇت، يوتقان - كۆرپە، كىگىزلەرنى قاراڭغۇ بازاردا سېتىپ خەجلىدى، ئىگەمبەردى ئۇنى پالىغان بولۇپ، تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى...» دەپ گەپ ئويناتسا، «ئۇنداقتا كامال بىلەن سىلەردىن تەڭلا ھېساب ئالىمىز...» دېيەلىدىمۇ، ئەڭ بولمىسا «كامالنىڭ يېگەنلىرىگە ئەترەتلەر، دېھقانلار جاۋاب بېرىدۇ» دەپ قويسىچۇ كاشكى.

— چاۋار، ئىگەمبەردىلەرنىڭ سالغان تەھدىتلىرىدىن قورقۇپ كېتىپسىلەر - دە؟ — دېدى جەۋلان زۇلال بىلەن مەتنىيازغا قاراپ، — كامال بەزى يامان ئىشلارنى قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ ئاشۇلارنىڭ بېسىملىرىدىن قورقۇپ قىلىدىغانلىقى ئېنىققۇ.

جەۋلاننىڭ سۆزىدىن ئولتۇرغانلار بىردىنلا جانلىنىپ،

«راست»، «توغرا»، «شۇنداق بولىدۇ ــ دە» دېيىشىپ چىرايلىرى ۋىللىدە ئېچىلدى.

ــ كامال ۋە لەيلى مەسىلىسىدە مېنىڭ كۆڭلۈمدە سان بار، ــ جەۋلاننىڭ تەلەپپۇزىدىن ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى، ــ ئىككى ياش بىر ــ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، بەزى بىسمىلار تۇپەيلىدىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇنى سىياسەت توغرا بىر تەرەپ قىلىدۇ.

جەۋلان ھەممىسىنىڭ يېنىك تىن ئېلىپ، چىرايلىرى ئېچىلغان ھالدا بىر ــ بىرىگە پىچىرلاشقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بايىمۇ كامالنى ئاقلاپ بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇۋىدى، ئۇلار دەرھاللا باشلىرىنى لىڭشىتىپ، «شۇنداق»، «توغرا» دېيىشىپ كەتكەن ئىدى. جەۋلان: «كامالنىڭ ئاغىنىلىرى، ئايرىم ئەترەت كادىر، ئاكتىپلىرى ئىچىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ كەنت بويىچە ھۆرمەت ــ ئىناۋىتى بار ئىكەن، ھەممىسى ياخشى كۆرىدىكەن...» دېگەن ئۇقۇمغا كەلدى. ئۇ ئويلىنىپ قالغان شۇ پەيتتە كۆزلىرى تاسادىپىي كامالەتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ھەر ئىككىلىسى قىزىرىپ كېتىشتى.

ــ جەۋلان، ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز يىغىنغا ماڭىدىغان كۈنىڭىز مەن «قايتىپ كەلگىنىڭىزدە، يېڭىچە غەيرەت ــ شىجائەتكە تولغان قۇمتاملىقلارنى كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز...» دېگەنىدىم، ــ دېدى ھاشىم، ــ بىز كامال بىلەن لەيلىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشنى مەسلىھەت قىلغانىدۇق. شۇڭا، مەن كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى بويىچە لەيلىنى سىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇش مەقسىتىدە ئېغىلغا ئورۇنلاشتۇرغانىدىم.

ــ ھاشىمكا، كۆڭلۈمنى ياساۋاتامسىز، قانداق؟

جەۋلاننىڭ سۆزىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. مەتنىيازمۇ كۈلكىگە يۆلەپلا ئىچىدىكىنى چىقىرىۋالدى:

ــ ئۇنداق دېسىڭىز بىزگە ئۇۋال قىلغان بولىسىز...

ــ ئەمدى مايلىق قاپاق بولۇپ قالدۇقمۇ نېمە؟

# ئەكلىماكان ئوغلى (2)

ئايشەمنىڭ تومشۇقلىرىنى ئۇچلاپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، دېگەن گېپىدىن باشقىدىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— گەپلىرىمنى چاقچاق دەپ چۈشىنىڭلار، ئۆتكەنكى «سالپاڭ قۇلاق توشقان» بولماسلىق ھەققىدىكى ۋەدەڭلارنى ئاڭلىغان تۇرسام، — كامالەت تومشۇقىنى تۈتۈپ پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى، — مېنىڭ كامالەتكە ئاچچىقىم كېلىدۇ، «سالپاڭ قۇلاق» دېگەن گەپنى ئۆزى كەشىپ قىلىپ قويۇپ، قاراڭلار يەنە تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرغىنىنى...

كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. چاقچاقتىن سۆيۈنۈپ كەتكەن كامالەت جەۋلانغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويۇشى ئۇنىڭغا زەن سېلىپ ئولتۇرغانلار ئۆيىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— جەۋلان، سىزنىڭ، — دېدى ياربەختى خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، — كامال توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىڭىز مېنىڭلا ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋەتتى.

— بىز كامال بىلەن ئەلئابادتا تۇغۇلۇپ بىللە ئۆسكەن، بىللە ئوقۇغان، — كىرىمۇللا يېڭىلا قىردۇرغان ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى، — ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دېيانەتلىك، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىدى.

— لەيلى ياتقان قازناق ئامبار ئۆگزىسىدە پەيدا بولغان سىرلىق كۆلەڭگە، مېنى نايمىگۇلدىن ئىبارەت قىسماققا دەسسەتمەكچى بولغانلىقى، — ئولتۇرغانلار پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، — يەنە لەيلىنى «يامان جاڭگال» غا ئاپىرىپ تېنىتىۋېتىش پاجىئەسى قۇمتامدىكى چىرىكلىشىشنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا مەن پاشىلىققا بېرىپ كامالنى قايتۇرۇپ كېلىمەن.

كۆپچىلىك بىردىنلا جانلىنىپ، ئۆزئارا نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ شاۋ ـ شۇۋ كۆتۈرۈلدى. «زەپ بەلەن بولدى»، «چاۋارلار

ئەمدى باراڭ كۆرسىتىپ باقسۇن قېنى...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ھەممە روھلىنىپ كېتىشتى.

— جەۋلانىنىڭ قارارىنى ھەممىمىز قوللايمىز، — ھاشىمنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىيلەشتى، — ھازىرلا تەكشۈرۈپ - ئېنىقلاش خىزمىتىدە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. نۇرغۇن تالونلارنىڭ ئورنى يوق، ئۆزگەرتكەن ھەم ئاق ھۆججەتلەردىكى ئەسلىي پۇل سانى قانچىلىك بىلەلمەيۋاتىمىز. چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار «قانداق قىلالايسەنكىن» دەپ تاش چىشلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنى مات قىلغۇدەك پاكىتقا قانداق ئېرىشىمىز؟ بۇ يەنىلا كامالغا باغلىق بولۇپ قالدى.

— شۇڭا، - دېدى زۇلال، — ئۇلارنىڭ ھەقىقىي خىيانىتىنى بېكىتكىلى بولمايۋاتىدۇ.

— دۆلەتكە سېتىپ بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، خام ئەشيالار، ئۆچكە تىۋىتى، گىلەم، كىگىز، تاغار، خۇرجۇن، قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنىڭ تالون كۆتەكلىرى سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ساڭ، ماي زاۋۇتى، گىلەم كارخانىلىرى، يەنە ئۇرۇقچىلىق پونكىتلىرىدا بار، — كامالەت سۆزلىسىلا ھاياجانلىنىپ كېتەتتى، — ئۇلار بىلەن كامال ئۆزى مۇناسىۋەتلىشىپ، ئاشۇ تالون كۆتەكلىرىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئەكېلىشى كېرەك، شۇندىلا ئۇلارنىڭ چار داستىخىنى «مانا مەن» دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

— ياشاڭ كامالەت، ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، — جەۋلان كۆپچىلىككە يۈزلەندى، — مەن پاشلىقتا ئەخمەت بىلەن بارىمەن، نېۋىخان ئاننىڭ ئۆيىگە ئېغىر مەسئۇلىيەتنى چۈشەندۈرۈپ ئىشەنچىلىك مىنىبىڭلاردىن كۆزەتچى قويۇش، يېزا ھېساباتىغا پىششىق بىرقانچە ئادەم چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ تالون - ھۆججەتلىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا ھاشىمكام بىلەن زۇلال ھەم ئايشەم ئاچىمىز مەسئۇل بولىدۇ.

كىچىك ئەترەت كادىرلىرى ۋە ئاكتىپلار ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان خىزمەتلىرىدىكى سوراشقا تېگىشلىك ئىشلارنى جەۋلان، ھاشىملاردىن سورىۋالغاندىن كېيىن ھەممىسى تارقىلىشتى. كامالەتنىڭ بۇ يىغىندىن ئايرىلغۇسى يوقتەك ئۇنىڭ، بۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇلارمۇ ئۆزىغاندىن كېيىن ئارقىسىغا تارتىشىپقىنا ئىشىكتىن چىقتى. جەۋلاننىڭ كۆز قىسىپ قىلغان ئىشارىتىنى چۈشەنگەن ھاشىم ئىشخانىدا قېپقالدى.

— بىر ئىش بارمىدى، — دېدى ھاشىم ئىشخانىدا ھېچكىم قالمىغاندا.

— چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، كامالەتكە دەپ قويسىڭىز، ئىشخانامغا كېلىپ كەتسە.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟ ياكى ماڭا دېگىلى بولمامدۇ يا؟

— ئۈلۈشكۈن ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلىپ ساپتىمەن، خۇددى چۈشىن يۇتۇۋالغاندەكلا بولۇپ قالدىم. كەچۈرۈم سوراپ قويماي دېگەن.

— ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم چوڭ بولغان قىز، — ھاشىم خۇشال بولۇپ كەتتى، — كۆڭلى سۇنۇق، مىجەزى تۈز، بايا يىغلاپ كەپتىكەن، مەن سىز تەرەپتە تۇرۇپ نەسىھەت قىلىپ قويدۇم.

— ئۇ كۈنى لەيلىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ كەيپىياتىم ئۆرلەپ قاپتىكەن.

— بولىدۇ، — ھاشىم ئىشىكنى ئېچىپ بولۇپ كەينىگە قايرىلدى، — جەۋلان، سىز بەك كۆڭۈل ئايايسىز جۇمۇڭ.

ھاشىم چىقىپ كەتتى. جەۋلان ئۈستەل تارتمىسىدىن بىر قانچە كونۇلۇك گېزىتنى ئېلىپ، كونتەرتىپى بويىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ھەر كونۇلۇك گېزىت ئۈرۈمچىدىن ۋاقتىدا، ئەڭ بولمىغاندىمۇ، بىرەر كۈن كېچىكىپ ئايروپىلاندا كېلەتتى.

ئەمما، پوچتىخانا خادىمى قىچىر بىلەن بىر نەچچە كۈنلۈك گېزىتنى بىر يولىلا توشۇپ قۇمچاقار يېزىلىق پوچتا پونكىتىغا تاپشۇرغۇچە 4 ~ 5 كۈن ئۆتەتتى. پوچتا پونكىتىدىكىلەر باشقۇرۇش رايون، مەيدان، ئورمانچىلىق پونكىت، كەنتلەرگە تارقاتقۇچە يەنە بىر نەچچە كۈن كېتەتتى. قىسقىسى گېزىت ھەپتە ياكى ئون كۈن كېچىكىپ كەلسىمۇ، ھەر ھالدا گېزىت خەۋەرلىرىدىن خەۋەر تاپقىلى بولاتتى. جەۋلان ئىچكىرىدىكى قايسىدۇر بىر پولات زاۋۇتىنىڭ داچىڭدىن ئۆگىنىپ يىللىق ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقى، بۇ زاۋۇت يىلسېرى تىرىشىپ ئىشلەپ، كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، يەنە ئون يىلدا ئامېرىكىغا يېتىشىۋالىدىغانلىقى، شىمالدىكى مەلۇم يېزا ئىگىلىك مەيدانى داچەيىنى ئۈلگە قىلىپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى گاڭياۋدىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكى، داچەيىنىڭ شۇجىسى چېڭ يىڭگۈينى جوڭگيانىڭ رەھبەرلىرى قوبۇل قىلغانلىقى قاتارلىق خەۋەرلەرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەمدىلا خەلقئارا خەۋەرلەر بېتىنى ئېچىشى ئىشىك چېكىلىپ كامالەت قورۇنۇپقىنا كىرىپ كەلدى.

ئۇ بوسۇغا تۈۋىدىن بىر قەدەممۇ ئالماي يەر بېقىپ تۇراتتى:

— مېنى چاقىرىپتىكەنسىز، — كامالەت يەنىلا بېشىنى كۆتۈرمىدى، — بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— شۇنداق، — جەۋلان كۈلدى، — سىزنى قۇم يېيىغقا ياكى يۇلغۇنلۇققا ئاپىرىپ تېنىتىۋېتىپ كېلەيمىكىن دەيمەنا.

— بولىسىغۇ ئىككىمىز تەڭلا تېنەپ كەتسەك بەك ياخشى بولاتتى...

— مەن قۇملۇقتا تېنەپ كەتسەم ئايالىم بىلەن تۆت بالام قانداق قىلىدۇ؟

— ئەسكى، يالغانچى، — كامالەت جەۋلانغا قارىدىيۇ، كۈلۈپ يۈزىنى قاچۇردى، — ئۇنداق پاخپاق گەپلىرىڭىزگە ئىت - مۈشۈكلەرمۇ ئىشەنمەيدۇ.

— بولدى، بولدى دومسايماڭ، — جەۋلان ئىككى بارمىقىدا قىزنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈردى، — دومسايسىڭىز تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كېتىدىكەنسىز، مەن خاتالىشىپ قالماي...

— مۇشۇ گەپنى دېگىلى چاقىرغانمىدىڭىز؟

— يۈرۈڭ كامالەت، ئىككىمىز سىرتلارنى بىر ئايلىنىپ كېلەيلى.

— خەقلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن قورقمامسىز؟

— ۋوي، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويسام بولمامدىكەن؟

— چۈشەندىم، — قىز پىسسىڭىدە كۈلۈۋىدى، ئىككى مەڭزىدە دولدۇگىلەك زىنىخ پەيدا بولدى، — راستىنىلا چۈشەندىم.

ئاي تولۇغان چاغ بولغاچقا، ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار مەھەللە ئىچى بىلەن ماڭماي، كەنتنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يوللار ھەم قۇم دۆڭلۈكلىرىنى ئايلىنىپ قۇم يېيىغىنىڭ توغراقلىق ئورمانلىقىغا يېتىپ كەلدى. بۇ پەس دۆڭلۈكتىكى ئورمانلىق قويۇق، بوك - باراقسان بولمىسىمۇ شالاڭ ئۆسكەن توغراقلار ناھايىتى يوغان ھەم ئېگىز شاخلاپ كەتكەنىدى.

— ھاشىمكام «جەۋلاننىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن» دېۋىدى، — كامالەت كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇرۇپمۇ كۈلدى، — ۋاي خۇدايىم، ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ دەپ قالدىم.

— ئۆتكەندە، سىزگە...

— بولدى گەپ قىلماڭ، باغرىڭىزنىڭ يۇمشاقلىقىدىن ئاجىزلارنىڭ دەرد - ئازابلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالمايدىكەنسىز.

— بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا قارىماسمىكىن، دەپتىكەنمەن.

— مەن ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىمگە ھەرگىز كۆڭۈل قارىلىق قىلمايمەن، — دېدى كامالەت قۇم يېيىغىدىن پەسلەپ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، — گەرچە ئۇلاردىن ماڭا ياخشىلىق

كەلمىسىمۇ، يۈرىكىمدە ئېسىل خاتىرىلەرنى قالدۇرۇشقا تىرىشىمەن.

— سىز مېنى خىجىل قىلىپ قويدىڭىز.

— خىجىل بولماڭ، سىز بەربىر ئۆرۈمچىگە كېتىدىغان ئادەم، — كامالەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، — ئەمدى ھېچقانداق تەلەپلىرىم يوق!

جەۋلان يۈرىكىگە غاسسىدا خەنجەر سانجىلغاندەك تولغىنىپ كەتتى. كامالەتنىڭ «ئەمدى ھېچقانداق تەلەپلىرىم يوق» دېگىنى، «بولدى بايقۇش، تەمەيىڭنى ئۈز، مەن سەندىن قولۇمنى يۇيۇپ، قولتۇقۇمغا سۈرتۈۋەتتىم!» دېگىنى بولماي نېمە؟ جەۋلان ئۆتكەندە كامالەتنىڭ كۆڭلىگە تېك كەلگۈدەك نېمىلەرنى دېدىكىن تاڭ... توغرا، لەيلىنىڭ ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىدىن بىر يولىلا ئايرىلىپ تارتقان پىراقلىرى، يۈرتمۇيۈرت سەرسان بولۇپ كۆرگەن خورلۇقلىرى ئاز كەلگەندەك، قۇمتامدىكى خىيانەتچى، ئوغرىلارنىڭ سالغان زۇلۇملىرى جەۋلاننى ئۆرلىتىپ قويغانلىقى راست! بىر خەنزۇ قىزنىڭ چىن نىيەت، پاك ئىخلاسى بىلەن مۇسۇلمان يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى گۇناھمۇ؟ بۇ ساۋاب ئىشقۇ! ئادەمنىڭ كەيپى چىگىش ۋاقتىدا، سىركىسى سۇ كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولسا كېرەك. شۇ چاغدا جەۋلان ئەمەتنىڭ ئاچچىقىنى سەمەتتىن ئالغاندەك كامالەتكە قاتتىق - قۇرۇق گەپلەرنى قىلىۋەتكەندۇر؟ لېكىن قىزنىڭ بىر يولىلا يۈز ئۆرۈشى جەۋلاننى قەدىر - قىممەت ئاسمىنىدىن تاشلىۋەتكەندەكلا بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ قۇمتامدىكى بىردىنبىر خوشاللىقى ئاشۇ ئوچۇق چىراي، تىلى تاتلىق، ئۆزى ئوماق قوش زىنىخلىق قىز قۇملۇق گۈلى تۇرسا...

— كامالەت، — جەۋلان روھسىز ھالدا سورىدى، — راستتىنلا سىزنىڭ ھېچقانداق تەلەپلىرىڭىز يوقما؟

— تەلىپىم بار؟ — كامالەت قىيا باقتى، — ئۇ بولسىمۇ

كۆزلىرىڭىزدىكى ئاجايىپ بىر نۇر ئۆچۈپ قالمىسىلا، مەن خۇشال بولىمەن.

— ئۇ... ئۇ قانداق نۇركەن؟

— مەنمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگۈدەك بەكمۇ سۆيۈملۈك نۇر!

— نۇرمۇ سۆيۈملۈك بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — كامالەت كۆزلىرىنى ئويناتتى، — قىزلارغا شادلىق، بەخت، ئىرادە، ئىشتىياق، مېھىر - شەپقەت، ئارزۇ - ۋاپا ۋەدە قىلىدىغان نۇرلار پەرىشتە سۈپەت ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلىدۇ.

ئاي تۇغدى! يىراقتىكى قۇم تاغلىرى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي قىپقىزىل ئوت شارىدەك تاۋلىنىپ، قۇم دەشتىنى كۆكۈچ سىرلىق نۇرىدا بېزىدى. قىزىل يۇلغۇنلار ئىچىدە ياندىشىپ تۇرغان جەۋلان بىلەن كامالەت تولۇن ئايغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى بىنەپشەرەڭ يالقۇن دەممۇدەم يالتىرايتتى. يۇلغۇن چاتقاللىقلىرى ئارىسىدا نېمىدۇر كىتىرلاپ بىر نېمىلەرنى غاجايتتى، قانداقتۇر ھاشارات توختىماي چىرىلدىسا ئۇركۈپ كەتكەن ياۋا توشقان لىپپىدە قىلىپ يۇلغۇن تۈپلىرى ياكى تىكەنلىك ئازغانلار ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

— جەۋلان ئاكا، — جەۋلاننىڭ كۆكرىكىگە يۆلىنىپ تۇرغان كامالەت پىچىرلىدى، — مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم قىلالامسىز؟

— قېنى دەڭ، پۈتۈن ئىرادەم بىلەن ياردەم قىلىمەن.

— ئاڭلىسام ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى بولىدىكەنسىز... مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇم بار ئىدى.

— راستما؟ — جەۋلان قىزنىڭ بىلەكلىرىنى ئۇشلىدى، — مەن... مەن تېخى دېيەلمەي تۇراتتىم. سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز مېنىڭ ئۈمىدىم، ئەمدى ياخشى بولدى!

— جەۋلان!!..





كامالەت ھاياجان ئىلكىدە جەۋلانغا تەلپۈندى، ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى تارتىپ ئايغا قارىۋالدى. جەۋلان ئۇنىڭ ئاي نۇرىدا ئاجايىپ لاتاپەتلىك، خۇددى مەرمەر مەبۇدىدەك كۆرۈنگەن جامالىغا قارىغانسېرى، ئۇ كىم بىلىدۇ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك، ئىرەم باغلار، چېچەكلىك بوستانلاردىن ئۆتۈۋاتقاندەك... ئۇچا بىپايان كۆپكۆك قۇملۇققا لەيلەپ چۈشكەندەك بولدى... جەۋلان بىلەن كامالەت يۇلغۇنلۇق، قۇم بارخانلىرى، ئاپئاق پۆپۈكلىك قومۇشلۇقلار ئارا قوغلىشىپ يۈرۈشەتتى.. قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى... بىردىنلا ئۇلار قۇم ئېدىرلىرىدىن يۇمىلىنىپ كۆكۈلمەيدانلىق گۈلزارلىق ئىچىگە كىرىپ قالدى. جەۋلان قىزنى باغرىغا بېسىپ قانماي ـ قانماي سۆيدى... ھەم ئاستا پىچىرلىدى...

— كامالەت سىز مېنىڭ پەرىشتەم... سىز مېنىڭ ھاياتىم... سىز مېنىڭ بەختىم... مەن... مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن! ئەبەدىلئەبەد سۆيىمەن...

... قىزارغان يۇلغۇن چېچەكلىرى ئاي نۇرىدا يىراقتىكى پادىچى گۈلخانلىرىدەك ۋىلقىلدايتتى. كامالەتنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان جەۋلان قىزغا قوللىرىنى سوزدى. لېكىن، ئۇنىڭ قوللىرى ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كىملەردۇر چۇقان كۆتۈرمەكتە ئىدى:

«قىز ـ چوكانلارغا نەزىرىڭنى سالما! بالايىئاپەت شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ...»

«قىز ـ چوكانلاردىن ئىبارەت قاپقانغا دەسسىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرى ھەرگىز كەچۈرۈلمەيدۇ!...»

«قۇمتامنىڭ قىز ـ چوكانلىرىغا ئالدىنىپ كەتمە!...»

ئىككىلا قولى پەسكە لاسسىدە چۈشكەن جەۋلان قىزغا ياندىشىپ ئايغا قارىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەنە شۇنداق شېرىن ئازاب ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان مۇشۇ كېچىدە ئىككى ئاتلىق

ئادەم پاشلىققا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكى زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمايدۇ. ئىگەمبەردى پاشلىقتا ئاخىرقى قېتىم پالتا ـ كەكىسىنى قاقتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن چاۋار بىلەن مەتسىدىقنىڭ چۇشلىرى بۇزۇلۇپ ياتالمىدى. ئەلۋەتتە، كامالنىڭ «بۇ چاغىقچە ئۇ چوڭلارنى سەمرىتىپ كەلدىم»، «ئەمدى قۇمتاملىققا ئاسىيلىق قىلمايمەن» دېگەن سۆزلىرىدىنلا ئۇنىڭ بۆرە جۇۋىسىنى تەتۈر كىيگەنلىكى ئېنىقلا تۇراتتى. يىللاردىن بېرى «تاپان» ھەقىقى دەپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېھقانلارغا، ئەترەت كادىرلىرىغا تاپشۇرۇپ ماڭغىنىغا قارىغاندا، ئۇ كەنتتىن يۇقىرىغا سېتىلغان بارلىق پىششىق ۋە خام ماللارنىڭ پۇلى، تالون نومۇرى، ۋاقىتلىرىغىچە يېزىپ ماڭغان تىزىملىك بولۇشى چوقۇم، ھەتتا چاۋار، مەتسىدىق، ئىگەمبەردىلەرنىڭ ساتقۇزغان نەرسىلىرىمۇ يىپپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە خاتىرىلەنگەنلىكى ئېنىق. مۇشۇنداق ئىسپات بولمىسا ئۇ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق تېرە تاراقشىتامدا؟! بولۇپمۇ چاۋارنى چۆچۈتۈپ قويغىنى: «چاۋاردىن بۇ ھېسابنى ئالماي قويمايمەن» دېگەن تەھدىتى ئىدى. توغرا، كامال قۇملۇقنىڭ تەبىئىتى سىڭگەن كۆچتۈڭگۈر، قورقماس، قارام يىگىت بولۇپ، غۇرۇرىغا قىلچە شىكەستە يەتتىيۇ، شىردەك ئېتىلىپ چىقاتتى. يارمىغان توغراقتەك بەردەم ئىگەمبەردىنىمۇ بىر مۇشت بىلەن قازناق ئامباردىن نەچچە يۇمىلىتىپ، ھويلىغا چىقىرىۋەتكەن تۇرسا! كامالنىڭ ئاغزىدىن بىر گەپ چىقمىسۇن، چىققان ئىكەن، ھامان بىر كۈنى قىساسىنى ئالماي قويمايدۇ. شۇڭا، ئۇ سۈت ئۇيۇقۇسىنى ئۇخلاۋاتقان چېغىدا قول سالمىسا ئۇنىڭغا ھەرگىز تەڭ كەلگىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ ئەڭ خەتەرلىك بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا دۈشمەنلىشىۋاتقانلىقى ئىدى. ئەگەر جەۋلان ئۇنى پاشلىقتىن قايتۇرۇپ چىقتىمۇ، چاۋارلار





كىرىۋالغۇدەك چاشقان تۆشۈكىمۇ قالمايتتى.

كۆپكۆك ۋە سۇزۇك تەكلىماكان ئاسمىنى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن تولغان بولۇپ، گويا كى تەڭرى خەزىنىسىدىكى جاۋاھىراتلاردەك يالتىرايتتى. پۇچۇلغان لىپگەندەك بىر تەرىپى داغلاشقان ئاي بىپايان سۇرلۇك قۇملۇقنى سوغۇق نۇرىدا غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بارخانلار، ئېگىز قۇم دۆڭلۈكلىرى ئۇستىگە سانجىلغان خادىلاردىكى ئۆچكە تېرىسى تۇلۇملىرى، قوتاز قۇيرۇقلىرى، قۇملۇقلاردا ئېچىلىپ قالغان هايۋان، ئادەم سۆڭەكلىرى تەنلەرنى شۈركۈندۈرۈپ، يۈرەككە قورقۇنچ سالاتتى. ياخپاق توغراق، يۇلغۇن چاتقاللىقلىرى ئارىسىدىن «كۇ... كۇ... كۇ...» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانسا، يېقىنلا بىر يەردىن ياتمىچۇقنىڭ «كېر... كېر... كېر...» قىلىپ جۈپتىنى چاقىرغان ئاۋازى كېلەتتى. يىراق ـ يىراقلاردىن هۇقۇيتقان، هۇشقۇيتقان، زەئىپ يىغلىغاندەك شەپىلەرمۇ ئاڭلىناتتى. قىسقىسى چەكسىز قۇم چۆللۈكى كېچىكى تۈندە روشەن بولمىغان سىرلىق ئاۋازلارغا هەمراھ ئىدى. مەتسىدىق يېنىدىلا «قارس ـ قۇرس!» قىلغان قاتتىق ئاۋازدىن قورقۇپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇ قۇم دۆڭلۈكى ئۈستىدىكى خادا تاياقتا لەپەڭلەپ تۇرغان ئۇزۇن ـ قىسقا لاتىلارنىڭ شامالدا قارسىلداۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى.

ـــ چاۋاركا، بۇ ئىشنى كەنت باشلىقى بىلىپ قالسا، ـــ دېدى مەتسىدىق ئەندىككەن هالدا ـــ ئۇ «خىزمەت كۆرسىتىش» ئۈچۈن جەۋلانغا بىزنى چېقىپ قويماس.

ـــ كامالنى قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن پاشلىقتا ئۈچ قېتىم كىرگەن ئادەم ئىگەمبەردى، ـــ چاۋارنىڭ شۇم نىيىتى كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى، ـــ تۆتىنچى قېتىم كامالنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن پاشلىقتا كىرگىنى بىز ئەمەس ـــ يەنىلا ئىگەمبەردى! ئېسىڭدە بولسۇنكى مەتسىدىق، پاشلىقتا بىز

كىرمىدۇق، ھەتتا يولىنىمۇ بىلمەيمىز… ئۇقتۇڭما!

— بۇلتۇر پىچان ئورۇش ئۇچۇن كەنت، كىچىك ئەترەت كادىرلىرى كىرگەن تۇرساق.

— بۇلتۇرقى گەپ دېگەن بۇلتۇرقى گەپ. ئۇنى كىم سۈرۈشتۈرۈپ يۈرەتتى؟

— ئىگەمبەردىكام كېيىنچە بىزنىڭ يۈزىمىزگە نىجاسەت سۈۋاپ يۈرمەس.

— ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. خوتۇنپۈرۈشلار ئادەتتە كۆڭلى سۇيۇق، ئىرادىسىز، غۇرۇرسىز، قورقۇنچاق كېلىدۇ.

ئاسماندا ئاي سەيلانە ئۈزمەكتە ئىدى. كامال سۈرگۈن قىلىنغان پاشىلىق ۋە چەكسىز كەتكەن پىچانلىق، دۆۋە ـ دۆۋە بېسىۋېتىلگەن پىچانلار چوقچىيىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چاۋار بىلەن مەتسىدىق ئاتلىرىنى قاترىتىپ كېلىپ بىر توپ توغراق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چاتقاللىقتا ئاتلىرىدىن چۈشتى. بۇ يەردىن ئىككى يۈز قەدەم يىراقلىقتا كامال ياتقان ئۆي ئايدىڭدا گۇڭگا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەتسىدىق ئېگەرگە باغلانغان قەلەي باكنى يەرگە چۈشۈرۈپ بولۇپ ئىككىلا ئاتنى توغراق غولىغا باغلىدى. ئاندىن ئۇلار قۇلاق يېقىپ ئازراق پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن كۆرۈمسىز ئۆيگە قاراپ مېڭىشتى. ئۆينىڭ ئەتراپىغا شاراقشىپ كەتكەن شاخ ـ شۇمبىلار، قاقشال بەقەم، قۇرۇق توغراقلار دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆينىڭ بىر ئىشىكىدىن باشقا تۆت ئەتراپىدا دېرىزە ياكى پەنجىرىمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئۆگزىدىكى تۈڭلۈكتىن چۈشكەن بىر دەستە نۇر غىمسا ئۆينى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى. چاۋار بىلەن مەتسىدىق پۇتلىرىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆي ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىشىككە قۇلاق ياقتى. ئۆي ئىچىدىن بوش خورەك ھەم پۇشۇلدىغان ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىغا قاراپ، مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ يەردە ياتقان يوغان توغراق

كۆتكىنى ئىشارەت قىلىشتى ۋە ئۇنى تەستە سۆرەپ كېلىپ ئىشىككە چىلىق تىرىدى، ھەتتا ئىشىكنى قاتتىق ئىتتىرگەندە ئارقىسىغا سۇرۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆتەك تىرەلگەن يەرنى كولاپمۇ قويۇشتى. ئاندىن ئەتراپتىكى شاخ ـ شۇمبا، قاقشال بەقەم، قوراي، توغراق پارچىلىرىنى سۆرەپ كېلىپ ئۆي ئەتراپىغا دۆۋىلەشكە باشلىدى. ئۆي پۈتۈنلەي كۆرۈنمەي قالغاندىلا قۇرۇق شاخلار بېسىۋېتىلگەن ئۆگزىنى قولىدا ئىشارەت قىلىشتى. چاۋار مەتسىدىقنىڭ قۇلىقىغا جىقلا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىغاندىن كېيىن ئۇنى يۆلەپ ئۆگزىسگە چىقاردى. مەتسىدىق تۆڭلۈككە دوڭغىيىپ قاراپ خېلىدىن كېيىنلا پۇت ـ قوللىرىنى تاشلاپ ئۇخلاۋاتقان كامالنى تولىمۇ غۇۋا پەرق ئېتەلىدى. ئۇ قۇرۇق شاخلارنى ئاستا، شەپە چىقارماي تۆڭلۈك ئاغزىغا كەپلەپ باسقاندىن كېيىن، چاۋار سۇنۇپ بەرگەن چوڭ قەلەي باكنى ئالدى. ئۇ ئىلاج بار قەدىمىنى يۆتكىمەيتتى. يۆتكىدىيۇ، ئۆگزە پىرىسلاپ شەپە چىقىراتتى. مەتسىدىق شاخلارغا بېنزىننى چېچىپ بولغاندىن كېيىن باكنى چاۋارغا قايتۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇمۇ ئۆي ئەتراپىغا دۆۋىلەنگەن شاخ، قورايلارغا چېچىپ چىقتى. ئۇلار «ئىش تۈگىدى» دېگەندەك قول كۆتۈرگەندىن كېيىنلا تەڭلا سەرەڭگە چېقىشتى. بېنزىن چېچىلغان قۇرۇق ئوتۇنلار بىردىنلا تۇتەپ كېتىشتى. چاۋار بىلەن مەتسىدىق چاتقاللىقتا قاراپ قاچتى. ئۇلار ئاتلىرىنى يېشىپ قىپقىزىل ئوت ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغان ئۆيگە قاراپ تۇرماقتا ئىدى. ئۆي ئىچىدىن ۋارقىرىغان، ئىشىكنى قاتتىق تەپكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوت بارغانسېرى كۈچىيىپ قوم تاغلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پاشىلىق قىزىل نۇر ئىلكىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوت يالقۇنىدا قاپقارا سېمىز چىرايى بېغىررەڭ تۈس ئالغان چاۋار دىمىغىنى قاققانچە مەتسىدىققا قارىدى:

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

— مەتسىدىق، ئىگەمبەردى تېكە ئۆتكەندە نېمىدېگەن ئىدى؟
— «پاشىلىقىقا كىرىپ كامالنى ياقا يۇرتلارغا قاچۇرۇۋېتىمەن» دېگەنىدى.
— هۇم... — چاۋار زەھەرلىك كۈلدى، — ئىگەمبەردى كامالنى گېپىگە كىرگۈزەلمەي كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ - دە...
— شۇنداق، چاۋاركا، ئىگەمبەردى كامالنى كۆيدۇرۇۋېتىپلا قۇتۇلاي دەپتۇ...
قىيامەت ئىچىدە قالغان ئۆيدىكى ۋارقىراش - چىرقىراشلار پەسلەپ قېلىشى بىلەن چاۋار ھەم مەتسىدىق ئاتلىرىغا زەردە بىلەن قامچا سالدى - دە، قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا تۆگۈلۈكتىن چۇشۇۋاتقان شاخ - چۇچۇلار ئۆيگە يېپىتىپ سىلىنغان قۇرۇق قومۇشلارغا، كىگىز، يوتقانلارغا تۇتىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئەڭ خەتەرلىك بولۇۋاتقىنى تورۇستىكى كۆيۈۋاتقان لىم، ۋاسا، بورىلار ئوت پارچىلىرىغا ئايلىنىپ چۇشۇۋاتاتتى. ئەگەر ئوتتۇرىدىكى چاراسلاپ چوغقا ئايلىنىۋاتقان لىم ياغاچ سۇنۇپلا كەتسە كامال لۇغۇلداپ كۆيۈۋاتقان بادرا، چەنزە، شاخ توپا ئاستىدا قالاتتى. ئۆيگە قاپسىلىۋالغان ئوت ۋە ئىس ئىچىدە نەپەس ئالالماي قالغان كامالنىڭ يۈز - بەدەنلىرى قاپقارا بولۇپ، دۈمبە، بىلەكلىرى چاۋۇرۇپ چىققانىدى. بىردىنلا لىم ياغاچ چاراسلاپ سۇنۇشقا باشلىدى... ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بادرا ياغاچ، ۋاسا، بورىلار گۈلدۈرلەپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. كامال ئوتلارنى دەسسەپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا داجىدى. ئاندىن دەھشەتلىك ۋارقىراپ كۆيۈۋاتقان ئىشىككە ئۆزىنى ئۇردى! تىرەلگەن توغراق كۆتىكى قاياققىدۇر قاڭقىپ، پارە - پارە سۇنغان ئىشىك تاختايلىرى ئوت پارچىلىرىغا ئايلىنىپ نەلەرگىدۇر كېتىپ قالدى... يۈزلىرى قاپقارا، بەدەنلىرىگە كۆيۈندىلەر چاپلىشىپ، يەكتەكلىرى كۆيۈپ

غەلىتىلا مەخلۇققا ئوخشاپ قالغان كامال «ئا!...» دەپ نەرە تارتىپ، ئىشىكتىن ئۇچۇپ چىقتى ـ دە، ئورنىدا دەست تۇردى! ئۇ قۇم بارخانلىرى جىلغىلىرىدا قارا قۇيۇندەك كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىقنىڭ قارىسىنى خىرە ـ شىرە كۆرۈپ مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى، چىرايىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى!

— خەپ، سەنلەر ئۆز گۆرۈڭنى ئۆزلىرىڭ قېزىشتىڭ. مەن سەنلەرنى يەر چىشلىتىمەن!

تاڭمۇ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. كامال ئوت تۇتىشىپ كەتكەن پىچان دۆۋىلىرىنى تۆمۈر ئارىدا ئىتتىپ ئۆي ئەتراپىدىكى ئوت ئېچىگە تاشلىماقتا ئىدى. بۇنداق قىلمىغاندا بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرغان پىچان دۆۋىلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگەيتتى... ئۇ چاغدا پاشىلىق ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. كامال كۆيۈپ كېيگۈدەك ھېچ يېرى قالمىغان يەكتىكىنى سېلىپ تاشلاپ ئوت ئۆچۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كۆيگەن، چاۋۇرۇپ چىققان يەرلىرىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماي ئۆي ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ پىچان بارخانلىرىنى پارچىلايتتى. كەتمەندە قۇم ـ توپىلارنى ئىتتىپ ئوت يالقۇنلىرىنى كۆمەتتى. تۈن يېرىمدىن كۈن چىققۇچە ئوتنى تىزگىنلىۋالغان كامال تەرگە چىلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن، مەيدە، دۈمبىلىرىدىن ئېقىۋاتقان قاپقارا مەينەت تەر ئېرىقچىلىرى غەلۋىردەك ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەن تامبىلىنى لايغا مىلىغاندەك قىلىۋەتتى.

قۇم تاغلىرى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش پاشىلىققا زەپمۇ ئىللىق نۇرلىرىنى يايدى. ھەرخىل كۆيۈندىلەر، ئاچچىق ئىس ۋە قارا ـ قۇرۇلار بىلەن قاپقارا كۆسەيگە ئوخشاپ قالغان كامال توغراق كۆتىكىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆگزىسى گۆمۈرۈلۈپ تۆت تېمى چوقچىيىپ تۇرغان ئۆيىگە، كۆيۈندىلەر بىلەن قاپلانغان پىچانلىققا، ئۇ يەر، بۇيەردە ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆتۈرۈلۈۋاتقان

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

ئىسلارغا قارىغانسېرى چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنى ئۆيمۇئۆي، مەھەللىمۇ مەھەللە قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرغۇسى، قان ئۇيۇتمىسىغا ئايلانغان پاسكىنا تېنىنى قۇملۇقتا تاشلىۋېتىپ قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم قىلىۋەتكۈسى كەلدى. ئۇنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلەپ توغراق كۆتىكىگە بىر مۇشت سالغانىدى. بارماق ئۇگىلىرىنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ، شۇ ھامان قان تەپچىرەپ چىقتى. ئۇ ھازىرلا كەنتكە قايتىش قارارىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى. بىراق، چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار ئىقرار بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن «ئۆزگىرىش مەيدانىدىن قاچتى»، «جىنايىتىگە تەن بەرمەي پاشىلىققا ئوت قويدى» دەپ گەپ تارقىتىشتىن يانمايتتى. ئەڭ ياخشىسى جەۋلان، ھاشىملار مۇشۇ مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسە، ئۇلار كامالنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسە، ھەممىنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىناتتى ئەمەسمۇ. تۇۋا جەۋلان نېمىشقىمۇ كەلمەيدىغاندۇ؟ ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى يىغىندىن تېخى قايتىپ كەلمىدىمىكىنە؟ ياق، پىچانغا كىرگەن مىنىبۇسلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ كەلگىنىگىمۇ 2 ~ 3 كۈن بولۇپ قاپتۇ. كەنتتە ئىشلار شۇنچە ئالدىراش ھەم جىددىيمىدۇ؟ قايتىش كېرەك، ھازىرلا قايتىش كېرەك.

كامال ئورنىدىن تۇردىيۇ، ئىككى ئويلۇق بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ تۇرقى كەنتكە قانداقمۇ كىرەلىسۇن؟ ئۇنىڭ ئالماشتۇرغۇدەك يەكتەك، تامبىلى بولمىسا، تامبىلىمۇ كۆيۈك دەستىدىن يۇلتۇز كۆرۈنگۈدەك بولۇپ كەتكەن تۇرسا. ئۇ قايتقان تەقدىردىمۇ كەچ گۇگۇم بىلەن يولغا چىقسا، يېرىم كېچىدە كەنتنىڭ قارىسىنى ئالالايدۇ. كىم بىلىدۇ، بۈگۈن جەۋلان ئۆزى كېلىپ قالامدۇ؟!

بۇ چاغقىچە قانۇن جازاسىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئاشكارىلىماسلىقنى يېلىنىپ كەلگەن كامال جەۋلاننى ئەسلەپ قالغان شۇ پەيتتە، جەۋلان جىگدىلىك مەھەللىسىنىڭ ئىككى

قاسىنقىنى قاغا جىگدە، يېمىش جىگدە، ئامۇتلار قاپلاپ كەتكەن كوچىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئاقارتىلمىغان لاي سۇۋاق ۋادىكلىك ئۆيلەر، پاكار شور تاملىق باغلار، غاراللىق ۋە قوشاملىق هويلىلار، هويلىلاردىن قۇم توپىلىق كوچىلارغا سايە تاشلاپ تۇرغان شاپتۇللار ئاددىي مەھەللە ئىزناسىنى هاسىل قىلغان بولۇپ، مەھەللە[redacted]نىڭ ئاياغ ئۇچى كۆنىپېتىش قۇم بارخانلىرىغا سىڭىپ كەتكەندى[redacted]ىللە گەرچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئەمما مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىس[redacted]
ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۆي كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغاچقا، بىنا لاپاسلىرىنىڭ نەقىشلىك كۆچۈك چىشلىرى ئىنتايىن نەپىس ئىدى. ئايۋان دېۋەززۇنىنىڭ قاپارتما گۈللىرى، سۇس هاۋارەڭ سىرلانغان بوغما تۈۋرۈكلەر كوچىدىنلا كۆزگە چېلىقاتتى. ئۆگزىگە ئېگىز قىلىپ بېكىتىلگەن پەغەزدە يېقا تىزىلغان ئاق مارجانلاردەك قونۇۋالغان ئاپئاق كەپتەرلەر پەيلىرىنى تازىلىشىپ گۈگۈلدىشىۋاتاتتى. قۇم توپىلىق يوللارغا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان جەۋلان ئۇچرىغان ۋە ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان قېرىلارغا، ياشانغان دېھقانلارغا سالام قىلاتتى، ئەھۋال سوراپتتى. يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرگەن باللارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ قوياتتى.

جەۋلان كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە زىددىيەتلىك خىياللار چىرمىلىپ كېتىۋاتقىنىدا ئىگەمبەردى قوللىرىدا چېكىسىنى قاماللىغان هالدا قىسماقتەك ئېگىلىپ ئالدىدىكى چوڭ تەخسىگە قاراپ ئولتۇراتتى. تاماكا قالدۇقى ۋە كۈل بىلەن توشقان تەخسىدىن تولغىنىپ ئىس كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ گىلەم، تاۋار يوتقان، كۆرپە چوڭ ساندۇق قاتارلىق مۇھىم دەپ قارالغان نەرسىلەرنى يۆتكىۋەتكەن «تاز چىراي» ئۆيىگە ئېغىر خورسىنىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئەندىشە ۋە غەم تورلىرىغا چىرمىلىپ قالغانلىقى ئۇھسىنىپ، چوڭقۇر تىنىشلىرىدىن بىلىنىپ

تۇراتتى.

— بۇ قېتىمقى كەلكۈندىن قۇتۇلماق تەس ئوخشايدۇ، ئۇھ! — ئىگەمبەردى بوش پىچىرلىدى، — كامالنىڭ «سىلى مېنى ئوت ئىچىگە ئەكىرىپ بولغۇچە ئوتقا ئۆزۈم سەكرەيمەن» دېگىنىگە قارىغاندا ئۇ بىزنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ.

ئىگەمبەردى كامال بىلەن بولغان ئاخىرقى سۆھبەتنى ئويلىسىلا يۈرىكى سىرقىرايتتى. بولۇپمۇ كامالنىڭ: «سىلىنىڭ مېنى قاچۇرۇۋېتىشلىرى ئانامنى، لەيلىنى، مېنى ئويلىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى يىللاردىن بېرى كوللېكتىپتىن ئىگىلىۋالغان هارام دۇنيالىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن...» دېگەن يالىڭاچ گەپلىرى ئىگەمبەردىنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان هۆكۈم ئىدى! كامالنى بۇنچىلىك قارام، قاپ يۈرەك، رەھىمسىز قىلىۋەتكىنى زادى كىم؟ توغرا، لەيلى! بۇ قىز پاشىلىقتا بىر نەچچە قېتىم كىرىپ كامالنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتتى! بولمىسا ئۇ بەكمۇ كۆڭۈل ئايايدىغان، يۈزى تۆۋەن بالا ئىدى، لەيلى قانۇن، قائىدە، تۈزۈم، مىزانلارنى سۆزلەپ يۈرەك پەيدا قىلدى، شۇڭا ئۇ تەپتارتماي «ماڭا بەرگەن هارام مەئىشەتلەرگە دېھقانلار شاھىت بولالايدۇ» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. هەي ئىسىت، هەي ئىسىت، «كامال دېھقانلارغا، ئەترەتلەرگە بىر نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپتۇ...» دېگەن گەپلەرگە ئەجەبمۇ سەل قارايتىكەنمەن. تېخى نېۋىخانمۇ تەقۋادار ئايال بولغاچقا، ئۇنداق نەرسىلەرنى «هارام» دەپ بىلىدۇ. غەپلەت باستى دېگەن شۇدە.

دەرۋازىنىڭ قېقىلىشى ئىگەمبەردىنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ قورقۇپقىنا پېشايۋانغا چىقىپ «كىم؟» دېيىشى «مەن!» دېگەن تونۇش ئاۋازدىن تېخىمۇ ئىزتىراپقا چۈشتى. ئۇ «جەۋلان!» دەپ پىچىرلىغىنىچە دەرۋازىنى ئاچتى. ئىگەمبەردى جەۋلاننى كۆرۈپ تېلىققاندەك بولۇپ كەينىگە داجىدى.

— مىجەزىم يوق، تەشكىللىگىمۇ بارالمىدىم، قېنى ئۆيگە كىرەيلى.

جەۋلان قۇرۇقدىلىنىپ قالغان ئۆيگە چاندۇرماي قارىۋالدى. ئىچىدە: قاپاقباش، پەيتى كەلگەندە ھەممىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن پەيدا قىلىسەن، دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئىگەمبەردى سالغان كۆرپىگە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى دېگەندى، ئىگەمبەردىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە، كامالنى قايتۇرۇپ كېلىمسەن، دەمسىلا؟ — ئىگەمبەردىنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، كۆزلىرى چەكچەيدى، — لەيلىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكلىرى بوپتۇ... ئەمما، كامالنى قايتۇرۇپ كېلىمەن، دېگەنلىرى سەل ئېشىپ كەتتىغۇ دەيمەن.

— نەرى ئېشىپ كېتىپتۇ، قېنى دېمەملا؟

— سىلى سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ، قانداق؟ — ئىگەمبەردىنىڭ تەلەپپۇزىدىن قورقاق سېلىش چىقىپ تۇراتتى، — پارتىيە، قانۇن جازالىغان ھاشىمنى مەسلىھەتچى قىلىۋاللا، مانا ئەمدى بۇزغۇنچىلىق ئۈستىدە تۇتۇلغان كامالنى پاشىلىقتىن ياندۇرۇپ ئاچىقماقچى بولۇۋاتىدىلا.

— ھاشىم ھازىرمۇ پارتىيە ئەزاسى، بۇنى ئوبدان بىلىۋالسىلا، بىرنەچچە بەتنىيەتنىڭ سۈيىقەستىگە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاسانلا ئىشىنىپ جازالىمايدۇ.

— بۇ... بۇ... — ئىگەمبەردىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، — مۇنداق گەپكەن ــ دە.

— ئەمدى سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇغان بولسام، مەن جاۋاب قىلىمەن. لېكىن، سىلى دەۋاتقان «بۇزغۇنچىلىق»نى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كامال بولمىسا بولمايدۇ.

— كا... كامالنىڭ خا... خاتالىقى ئېغىر بولغاچقا، پا... پاشىلىقتا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، — ئىگەمبەردى دۇدۇقلاپ كەتتى، — مەن... مەن سىلىنىڭ سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي، كامالنىڭ

ئىشى قانۇنسىزلىق! ھۆكۈمەتنىڭ نە قىزىل قەغىزى، جامائەتنىڭ نىكاھى يوق، ھارامدىن بالا تاپقان تۇرسا.

— مەن كامالىنىڭ ئانىسى بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇمۇ، كامالمۇ، قىزمۇ رازى ئىكەن، بۇ نىكاھ قانۇنىغا تامامەن ئۇيغۇن! — جەۋلان سەل قىزىشىپ قالدى، — لېكىن قورسىقى كۈندىن ـ كۈنگە يوغىنىۋاتقان بىر ئايالنى مال ئېغىلىدا ئىشلىتىش، بېسىم بىلەن قورقۇتۇش، ھەتتا خورلاش... بۇمۇ سىياسەتما؟ ئەگەر ئۇ مال ئېغىلىدا تۇغۇپ قالسا ئۇنىڭغا كىم قارايدۇ، بالىغا كىم ئىگە؟

— بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا، تەشكىل ئىگە. ئوغۇل تۇغسا، ئېتى «خۇدابەردى» بولىدۇ، قىز بولسا دۆلەتخان...

جەۋلان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ ئىگەمبەردىنىڭ چىگىش ساقال باسقان چىرايىغا، قورۇقلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن ھال رەڭ بويىنىغا، بۇرنىنى كوچىلاپ تۇرغان قوپال بارماقلىرىغا قارىدى ـ دە، بىردىنلا غەزىپى تاشتى:

— نېمە، چاقچاق قىلىۋاتاملا ياكى راستمۇ؟ سىلىنىڭ نەزەرلىرىدە ھامىلىدار ئايال ۋە قورساقتىكى بالا ئادەممۇ، ئەمەس، — جەۋلاننىڭ كۆزلىرى ئىگەمبەردىنىڭ خۇنۇك چىرايىغا قادالدى، — تېخى ئوغۇل تۇغسا دادىسى خۇدا، قىز بولسا دادىسى دۆلەت بولىدىكەن ـ دە؟! ئۇنداقتا سىلىمۇ ئاللا ئىگەمنىڭ بالىسى ئوخشىمامدىلا؟ چۈنكى، ئاتلىرى ئىگەمبەردى!

يەنە بىردەملا ئولتۇرسا، ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ھەم سېسىق گەپلەرنى قىلىۋېتىدىغانلىقىنى پەملىگەن جەۋلان ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى. بولۇپمۇ جەۋلاننىڭ ئاخىرقى گېپى بىلگەن ئادەم ئۇچۇن ئىنتايىن ئېغىر ئاھانەت بولۇپ، «سىلىمۇ ھارامدىن بولغانمۇ؟» دېگەن ئۇقۇملىقى ئېنىق ئىدى. جەۋلان ئالدىراپ كەنت تەشكىلىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇنى ئەخمەت گاچا كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ سۇيىكى چىرايلىق ئاق ئات

«ئاقتاش»نى توقۇپ، ئېگەر ئۈستىگە گۈللۈك كۆرپە سالدى. ئۆزىگە قاشقا تورۇقنى ئېگەرلەپ تەييارلاپ تۇرۇشى يان قورۇ ئۆگزىسىدە كۆزىتىپ تۇرغان ھابىل قارا مەدەك ھىجايغىنىچە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەخمەتتىن ئىشارەت ئارقىلىق نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىغان ئىدى، ئۇمۇ «خىزمەت گۇرۇپپىسى» كادىرى جەۋلان بىلەن پاشىلىققا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنداقتىمۇ ھابىل ئاسماقچىلاپ سورىدى:

— كامىلنى ئەپچىقىش ئۈچۈن بارىدىكەنسىلەر، شۇنداقمۇ؟

ئەخمەت نېمىلەرنىدۇر دەپ شەرەتلەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇشى جەۋلان دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ھابىل ئۇپۇل ـ توپۇللا يان قورۇغا كىرىپ كەتتى. پاشىلىققا ئالدىراۋاتقان جەۋلان ئىككى قەدەمنى بىر ئېلىپ دېگۈدەك ئىشخانىغا كىردى. ئاندىن ياتىقىنىڭ قۇلۇپلانغان ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇ قۇلاقلىق تېلېفوننى چۆرۈپ قۇمچاقار يېزىلىق باش ئاپپاراتى ئارقىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنى ئالدى. ئۇ كاتىپ ئوبۇلھەسەنگە ۋاڭ يۈكىنى دەرھال چاقىرىپ بېرىشنى دېيىشى، ئۇمۇ «ۋاڭ زۇجاڭ ئىشخانامدا» دېدى. ئاڭغىچە تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن ۋاڭ يۈكىنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى:

— ھەي، سەن جەۋلانما؟

— شۇنداق، ۋاڭ زۇجاڭ، سىز توغرا پەرەز قىپتىكەنسىز، كامال ھېلىمۇ پاشىلىق دېگەن يەردىكەن. قاچتى دېگىنى يالغان ئىكەن.

— كامالنى پاشىلىققا پالىغانلىق سەۋەبىنى ئوبۇلھەسەندىن ئاڭلىدىم. مەن ساڭا خەۋەر قىلاي دەپ تۇراتتىم.

— مەن ھازىر پاشىلىققا ماڭماقچى، يا، ياق، ئەنسىرىمەڭ، ئەخمەتكام بىللە بارىدۇ. نېمە، سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇ! ۋاڭ زۇجاڭ، قۇرۇق سالامغا ھۆپۈپمۇ ئوسۇرۇپ قويمايدۇ، — بوسۇغىدا پەيدا بولغان كامالەت ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈۋەتتى.

لېكىن، جەۋلان ئۇنى كۆرمىگەچكە سۆزلەۋەردى، — مەن قاراڭغۇ چۈشكۈچە كامالنى ياندۇرۇپ كېلىمەن، ئۆزىڭىز كېلىپ كۆرۈشۈڭ، سىز ئۇنىڭ بىلەن قەدىناس بولغاندىن كېيىن بىر نەچچە ئېغىز نەسىھەت قىلىڭ، بىزگە ماسلاشسۇن.

— ھەي شامالل‍ىق، نېمانداق ئەسكى نېمىسەن؟ مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنى پارچىلاپ ئىشلەتكۈدەك بولغان تۇرسام، تېخى ناھىيىدىن پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا مېڭىشىمنى سۆيلەپ يەنە تېلېفون كەلدى.

— ئىشقىلىپ بۇگۈن كېچە ياكى ئەتە ئەتىگەنگە ئۇنىۇپ بولۇڭ! بەكمۇ ئىنساپسىز، يوغانچى، گىرىي ئادەمكەنسىز، ھاشىمكاممۇ قۇمچاقارغا ئۆزى بېرىپ سىز بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدى.

— ھەي ئەبلەخ... مەن... مەن قەستەن قىلدىمما؟

جەۋلان تېلېفوننى قويۇۋېتىپلا ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈۋەتتى. لېكىن ئۇ ئارقىسىدا بىر كىمنىڭ پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھاللا قاراپ، كامالەتنى كۆردى.

— باشلىقىمۇ شۇنداق قوپال گەپ قىلامدۇ؟ — كامالەت كۆزىدە ئۇردى، — راستىنلا ئەسكىكەنسىز.

— ۋاڭ يۇڭ جۇيجاڭنىڭ مېنى كۆرگۈسى كەپتۇ.

— تېلېفوندا چۈشۈلدىغان ئۇيغۇرچە گەپنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم، — دېدى كامالەت، — ئۇ كۆرگۈم كەلدى ياكى سېغىندىم دېگەندەك قىلمىدىغۇ.

— ئاڭلىغانسىز، ئۇ مېنى «ئەبلەخ» دەپ تىللاۋاتامدۇ، ئۇ بەك ئامراقلىقى تۇتۇپ كەتسە مۇشۇنداق تاتلىقىنا تىللاپ قويىدۇ.

— ئىككىڭلار راستىنلا ئوماق ساراڭلاركەنسىلەر، مەڭ بۇنى، يولدا يەرسىز. قارىسام بەك ئالدىراۋاتقاندەك قىلىسىز.

كامالەت قولياغلىقتا چىگىلگەن تۇخۇمنى، بىر تال قىپقىزىل

ئانارنى تۇتقۇزۇپ ئارقىغا يېنىشى جەۋلان ئۇنى ئاستاغىنا چاقىردى:

— كامالەت، سىز بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزغۇ، دەيمەن.

— نېمىنى؟

جەۋلان كۆزىنى مەنىلىك قىسىپ قويۇشى كامالەت قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئالدى ـ ئارقىسىغا، دېرىزە، ئىشىكلەرگە قارىۋېتىپ ئاستا كەلدى ـ دە، جەۋلانىنىڭ مەڭزىگە بوشقىنا بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى...

## ئون توققۇزىنچى باب

# يەكتا پالۋان

قوش قاناتلىق دەرۋازا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەنسىز ئۇرۇلدى. كۆنلىرى قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان مەتسىدىق ئىشىك كىلىتىنى چىقىرىپ ئۇلگۇرمەيلا چاۋار دەرۋازىنى ئىتتىرىپلا كىرىپ، پۈتى بىلەن جالاقىدە يىپىۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ تىزلىرى پۈكۈلۈپ، كۆزلىرى چۈمۈكلاپ تۇرغان مەتسىدىق قورقىنىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى ئازلا قالدى. چاۋار ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن قامالىلاپ، شارتلا ئۆزىگە قاراتتى. داتلاشقان مىستەك داغ ـ داغ ھۈررەك چىرايىدىن شۇنچىلىك ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتىكى، مەتسىدىقنىڭ پۈتۈن بەدىنى سوغۇق تەرلەپ كەتتى! جۇدۇنى قاتتىق، جىنى بوش بۇ پاكار بەندىنىڭ سۆڭەكلىرى ئېرىپ كەتكەندەك يەر دەسسىيەلمەي تىزلىنىپ قالغاندى، چاۋار ئۇنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— ھابىلنىڭ دېيىشىچە، — شىۋىرلىدى چاۋار، — جەۋلان بىلەن ئەخمەت گاچا پاشىلىقتا مىكىپتۇ.

— ئىش... ئىش، — مەتسىدىقنىڭ چىشلىرى كاسىلدىدى، — چو... چوكىيىپ كېتەرمۇ؟

— كامالىنىڭ كۆيۈپ ئۆلگىنىنى بىلسىلا، جەۋلان ناھىيىلىك، ھەتتا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىدۇ.

— نېمە؟ — مەتسىدىقنىڭ چىرايى پەنجىرە قەغىزىدەك سارغىيىپ كەتتى، — قىلمايلى، قىلمايلى دېسەم ئۇنىماي...

— نېمىگە ھولۇقىسەن؟ — چاۋار مەتسىدىقنىڭ قولىقىغا خېلى ئۇزۇن پىچىرلىدى، — ئۇقتۇڭما؟

— ھەممە، ھەممىنى ئىگەمبەردىگە ئارتىپ قويسا ئۇ... ئۇ ئاچچىقىدا، ئىچى - قارنىنى تۆكۈۋەتسىچۇ؟

— ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئىقتىسادىي ئىشلاردا ئۇ بىزگە ئوخشاشلا شالتاق، — چاۋارنىڭ كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى، — ئىگەمبەردىنىڭ لەيلىگە باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغانلىقى، جىنايىتىنى يېپىش ئۈچۈن لەيلىنى ئېغىلدا ئىشلىتىپ، كامالنى سۈرگۈن قىلىشى، ھەتتا لەيلىنى يوق قىلىش ئۈچۈن «يامان جاڭگال» دا تېنىتىۋەتكەنلىكى، ئۆزىنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن كامالنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكلىرى... بىر - بىرىگە باغلىنىپ كەتكەن قىساس ئېلىشلار تۇرسا.

— ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭمۇ ئاغزى بار چاۋاركا!

— ھەي خام كاللا، ئىككىمىزنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ، باشقىلارغا قەتئىي ئىقرار قىلمىساقلا، بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قولىدا تۇتقۇدەك ساپاق يوق.

— ئا... ئادەم... ئادەمنىڭ خۇنى خۇن تەلەپ قىلارمىش... كا... كامال ئۆلمىگەن بولسىمۇ، كاشكى.

— ھەي ئەرلىك تۈكى يوق ھەزىلەك... خوتۇن كىشىدەك ئىشتانبېغىڭ يانغا ئۆتۈپ قالدىما؟ — چاۋار مەتسىدىقنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن سىلكىدى، — بىر سىقىم كۈلگە ئايلىنىپ بولغان كامالنى ئەمدى ئۇنىڭ داخانىمۇ ئەپسۇن ئوقۇپ تىرىلدۈرەلمەيدۇ.

— جەۋ... جەۋلان، ئۇ... ئۇ... چوقۇم بىلىۋالىدۇ، — مەتسىدىق يىغلىۋەتتى، — ئۇ ئىككى غولاچ يەر تېگىدە كۆشەۋاتقان يىلاننىڭ ئەركەك - چىشىلىقىنى بىلىدىغان جادۇگەركەن.

— دەۋاتىمەنغۇ، ئىككىمىزنىڭ گېپى ئىككى ئاچماق

## تەكلىماكان ئۆتلى (2)

چىقىپلا قالمىسا، تەكشۈرۈپ ـ تەكشۈرۈپ ئاخىر بىخەستەلىكتىن ئوت كېتىپ ئۆلگەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. بولمىسا يەنىلا ئىگەمبەردىگە ئارتىلىدۇ.

چاۋار بىلەن مەتسىدىق ھويلىدىلا دەتالاش قىلىشىۋاتقاندا، چىرايلىق توقۇلغان «ئاقتاش»قا مىنگەن جەۋلان، «قاشقا تورۇق»قا يانتۇ ئولتۇرۇۋالغان ئەخمەت قۇملۇقلار ئارا كېتىۋاتاتتى. ئەخمەت ئىما ـ ئىشارەت، قول، كۆز ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تۈگىمەس ـ پۈتمەس كۆڭۈل سۆزلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردە شادلىنىپ، ئېچىلىپ كەتسە، بىردە غەزەپلىنىپ قىزىرىپ كېتەتتى. تۇرۇپلا ھەسرەتلىك چوڭقۇر تىناتتى. جەۋلان ئۇنىڭ غەيرىي ئاۋازدا گۈڭگىراشلىرىنى، ھەرخىل ئىشارىلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا قانداقتۇر ناھەقچىلىكلەرنى كۆرگەندەك قوشۇمىلىرى تۈرۈلەتتى.

ئۇلار كۈن تىك كۆتۈرۈلۈش بىلەن ئاياغ ـ ئۇچى كۆرۈنمەس، بىر ـ بىرىدىن پەرقسىز قۇم بارخانلىرى، ئاجايىپ ئېگىز قۇم دۆڭلۈكلىرى تىلسىمىغا كىرىپ كەلدى. يۈرەكنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان قۇم ئېدىرلىقلىرى ئارا تىنىمسىز قۇتراپ يۈرگەن شامال ھېلىدىن ھېلى ئىزلارنى كۆمۈپ، يوللارنى تۈزلەپ تۇرغاچقا، جەۋلان قۇم چوققىلىرىغا يول بەلگىسى قىلىپ بېكىتىپ قويغان خادىلارغا، خادىلاردا ساڭگىلاپ تۇرغان تۇلۇم، قوتاز قۇيرۇقى، ئۇزۇن ـ قىسقا شەلپەر لاتىلارغا قارايتتى. شامالدا ئىرغاڭلاپ ۋە ھەرخىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ تۇرىدىغان بۇ يول بەلگىلىرى كۆز يەتكۈسىز يىراقلارغىمۇ كۆرۈنەتتى!

قۇياش باش ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، سايىلار تاپان ئاستىغا يوشۇرۇنغاندا، قۇم دەشتى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى! ئېدىر ـ قاپتاللاردىكى ياۋا قومۇش، قامغاق، قوڭغۇراقتىكەن، تىكەنلىك زاغزاغلار ئاپتاپتا سولىشىپ كەتكەن بولسا، قۇملۇق ھاشاراتلىرى

جانلىنىپ كەتكەندى. گەرچە ئۆكتەبىر ئايلىرى كىرىپ قالغان بولسىمۇ، قىزىق قۇمنىڭ تەپتىگە چىدىمىغان كەسلەنچۈكلەر ھېلى بۇ پۈتنى، ھېلى پۈتنى نۆۋەت بىلەن ئېگىز كۆتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ پەنجىلىرى سۇس ھال رەڭ بولۇپ، كۈن نۇرى كۆرۈنگۈدەك نازۇك ۋە نېپىز ئىدى. تومۇز يەيدىغان كېلەرلەر قىپقىزىل ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىپ قۇم چوققىلىرىدا ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. لەگمەنتاقتاق، پاتمىچۈق، يىلان ۋە قانداقتۇر قۇرت - قوڭغۇزلار پۈتى كۆيگەنسېرى شۇنچىلىك تېز يۈگۈرۈيتتىكى، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولاتتى. قۇم بارخانلىرىدىن ھۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان قىزىق شامال يۈزلەرنى كۆيدۈرۈپ، نەپەسلەرنى بوغاتتى. تەرلەپ چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن جەۋلان بىلەن ئەخمەت كۆڭلەكلىرىنى باشلىرىغا ئارتىپ، ئاتلىرىنى يېتىلىگەن ھالدا كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قۇملۇقلاردا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىقىنىڭ يوقالمىغان ئىزنالىرى «قاقشاللىق»قا يېتىپ كەلدى. جەۋلان قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا نەزەر سالدى:

— پاھ، نېمىدېگەن كارامەت بۇ!

جەۋلان قەدىمىي توغراق ئورمانلىقى «قاقشاللىق»نى كۆرۈپ ھاياجانلاندى. قاقشالغا ئايلانغان، كۆكىرىپ تۇرغان، سارغايغان توغراقلار ئەسىرلەر بويى ئۆسكەن، ياشىغان، قېرىغان، يىقىلغان، شىددەتلىك بورانلار ئۇچۇرۇپ ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلەپ تاغ ھاسىل قىلغانىدى. بۇ ئوتۇن تاغلىرىنىڭ ئەسىرلەر، ھەتتا ئىبرالار مۇقەددەم چەكسىز گۈزەل ئورمان ئىكەنلىكىگە شاھىت بولۇپ يېشىل ياپراقلىق نوتىلار، پاخپاق توغراق شاخلىرى كۆزگە چېلىقاتتى... دەرۋەقە بۇ — ئانا تۇپراقتا چوڭقۇر قانات يايغان يىلتىزنىڭ ئەبەدىلئەبەد ياشناپ تۇرىدىغانلىقىدىن بەرگەن بېشارىتى بولسا كېرەك.

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

جەۋلان بىلەن ئەخمەت ئاتلىرىغا مىنىپ قاقشاللىقنى ئايلىنىپ كۆپ ماڭمايلا ئادەم بىلىدەك بىر ئېقىننى كۆرۈپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. بۇ ئېقىننىڭ ئاخىرى بىر نەچچە تاراملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، سۇ بويلىرىنى يېكەن، قومۇش، يالپۇز، لويلا، ياۋا كەندىرلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. جەۋلان ئېقىن قىرىدا ئولتۇرۇپ قوللىرىنى يۇيۇپ، ئەمدىلا ئۇچۇمداپ سۇ ئىچىپ تۇرۇشى ئاجايىپ يوغان پاشىلار ھۇجۇمىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار ئالىقانلىرىدا ھەم قوللىرىدىكى بۇيىلاردا پاقىلدىتىپ ئۇرغاچ بۇ يەردىن دەرھال كېتىشتى. لېكىن، ئەخمەت تۇيۇقسىزلا غەلىتە ئاۋازدا ۋارقىراپ، ئالدىدىكى كۆز يەتكۈسىز پىچانلىقنى كۆرسەتتى. پىچانلىقنىڭ جەنۇب تەرىپى قاقشاللىقتا، شىمال تەرىپى گۇڭگا قۇم دەشتىگە تۇتاشقان بولۇپ، ئۇدۇلدا ئاجايىپ زور لەھەڭدەك قاتمۇقات قۇم تاغلىرى ياتاتتى. چاتقاللىقلاردا، قىرى توغراق تۇۋلىرىدە قىڭغايغان پاخال ساتما، چۈۋۈلغان قومۇش كەپىلەرنى كۆرگەن جەۋلان بۇ يەرلەردە بۇرۇندىنلا مالچىلارنىڭ، پىچان ئورۇغۇچىلارنىڭ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ كېلىپ، كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان ئۆي ئالدىدا توختاپ بىر ـ بىرىگە ئەنسىزلىك ئىچىدە قارىدى. ئۆينىڭ ئىسلىنىشىپ كەتكەن تۆت تېمى چوقچىيىپ تۇراتتى. ئەتراپ بولسا كۈل ۋە ھەرخىل كۆيۈندىلەر بىلەن تولغانىدى. جەۋلان ئارقىسىدىكى شەپىدىن قايرىلىپ قاراپلا، كۆزلىرى چەكچىيىپ، تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا كۆيۈپ كېيگۇدەك يېرى قالمىغان خام پارچىلىرىنى ئۇستىگە يېپىۋالغان، توخۇ كۆزىدەك كۆيۈك ئىزلىرى بىلەن تولغان، تامبىلىنىڭ ئىككى پۇچقىقى تىزىنىڭ ئۇستىدە، يۈز، بويۇن، مۇرە، بىلەك، مەيدىلىرىدىكى چاۋىرىپ چىققان تېرىلىرى سۇ كۆتۈرگەن... قىسقىسى پۇتۇن بەدىنى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن

بەردەم بىر يىگىت تۇراتتى... جەۋلان ئەخمەتكە قارىغانىدى، ئۇ: «كامال شۇ» دېگەن ئىشارىدە بېشىنى لىڭشىتتى. ئەخمەتمۇ ئۇنىڭ تۇرقىدىن دەھشەتلىك ئىزتىراپتا ئىدى. قورقۇنچلۇق بىر پاجىئەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى دەرھاللا سېزىۋالغان جەۋلان ئىتتىك كېلىپ، كۆرۈشتى ـ دە، ئۇنى توغراق كۆتىكىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

جەۋلان كېچىدىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى بىر جىنايەتكاردەك ھېس قىلدى. ئادەملەرنىڭ مەنپەئىتى، تەقدىرى، ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق كۈرەشلەردە ئۆزىنىڭ تېخى پىشمىغانلىقىغا، تەجرىبىسىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىگە تەن بەردى. ئىگەمبەردى پاشىلىقتا ئۈچ قېتىم كىرىپ قۇتراتقۇلۇق قىپتۇ. تۆتىنچى قېتىم يەنە كىملەردۇر كامالنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ، شۇ چاغقىچە جەۋلاننىڭ بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە ئۇخلىغانلىقىنى كۆرۈڭ! ئەمدى پۇشايمان زەردابىنى ئىچىپ، ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتەنگىنى ئاشتىن كېيىن زاغرا، تويدىن كېيىن ناغرا دېگەندەكلا بىر گەپتە! ھەرقانچە ئالدىراش ھەم جىددىي خىزمەتلەر بولغان تەقدىردىمۇ كامالنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ كەلمىگەنلىكى زور خاتالىققا سەۋەبچى بولغانىدى.

— كامال، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى جەۋلان خىجىللىق بىلەن، — مەن بىخۇدلۇق قىپتىمەن.

— ئۆزلىرىدىن ھەرگىز ئاغرىنمايمەن. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن يالغۇز سىلىلا تۇرسىلا، ھېلىمۇ سۇ سەپسە سىڭمەيدىغان، بىگىز تىقسا ئۆتمەيدىغان ئۈچ بەز كۆتەكنى تەۋرىتىۋەتتىلە.

— بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى جەۋلان كامالنىڭ چىناردەك گەۋدىسىگە قاراپ، — قەدىناس بۇرادىڭىز ۋاڭ زۇجاڭ سىزگە سالام ئېيتتى.

— نىمە، ۋاڭ يوڭ جۈيجاڭمۇ كەلگەنمىدى؟
— لەيلى بىر قانچە قېتىم كەپتۇ، سىزگە دېمىگەنمىدى؟
— ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىچىدە بىر خەنزۇ بار ئىكەن دېگەن بولسىمۇ، ۋاڭ جۈيجاڭنىڭ كېلىشىنى ئويلىماپتىمەن.

كۈن چۈشتىن قايرىلغان ئىدى. ئەخمەت پىچان يەپ، سۇ ئىچىپ بىر ئاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئاتلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئىككى ئاتنى دەملىشىپ مىنىپ قايتماقچى بولۇشتى. كامالغا ئەخمەتنىڭ يەكتىكى ياكى جەۋلاننىڭ چاپىنى خوپ كەلمىگەچكە، ئۇستىگە ئارتىۋالغان كۆيۈندە لاتىلار بىلەنلا ماڭدى. جەۋلان ئۇنىڭ سىياقىغا قاراپ رىۋايەتلەردە تىللاردا داستان قىلىنغان مەجنۇن، پەرھاد، يۇسۇپلەرگە ئوخشىتىپ باقتى، ئەمما كامال ئۇلار ئىچىدە يەكتا تەكلىماكان ئوغلى ئىدى!...

... ... ...

ئاتقۇچىنىڭ زېيىدىن توزۇغان پاختىلاردەك پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار ئارىسىغا بىردە يوشۇرۇنۇپ، تۇرۇپلا سوزۇلۇپ چىققان ئاي قۇمتام كەنتى تەشكىلى هويلىسى، لاپاسلىق ئېغىللىرى، پاكار بىر يورۇش ئىشخانىلارنى دەم يورۇتۇپ، دەم قاراڭغۇلۇققا كېپەنلەيتتى. يان قورۇ ئامبار ئۈستىدە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان هابىل، ئىمىنلار قىزىل كالتەكلىرىنى تۇتۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىزلا چوڭ دەرۋازا ئۇرۇلۇپ كىملەرنىڭدۇر گەپلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. خېلىدىن بېرى پاشىلىقنىڭ يولىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇۋاتقان هابىل ئىمىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپ، ئامبارنىڭ ئارقا تېمىغا يۆلەكلىك ئۇزۇن شوتىدىن چۈشۈپ، دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇ دەسلەپتىلا جۇلدۇر كېپەنلىك كامالنى كۆرۈپ قورققىنىدىن ئارقىسىغا بىر نەچچە قەدەم داجىپ كەتتى. جەۋلان بىلەن ئەخمەت ئۇنىڭ غەيرىي هالىتىدىن گۇمانلىنىپ تىكىلىپ قارىدى. ئەمما، بۇ ئەسنادا

تەشكىل ئىشخانىسىدىن ھاشىم، ۋاڭ يۈڭلار ئىستىك يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار كامالنىڭ تۇرقىغا قاراپ تەئەججۈپ ئىچىدە ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى ياكى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇشتى. جەۋلان تۈنۈگۈن كېچە يۈز بەرگەن ئىشنى قىسقىلا چۈشەندۈردى. غەزىپىنى تەستە بېسىۋالغان ۋاڭ يۈڭ ئاستا كېلىپ كامالنى قۇچاقلىدى ھەم «كۆپ جاپا چەكتىڭ» دەپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى پەپىلىدى. ئەمما، ھەممىسى تەشۋىشلىك سۈكۈتتە ئىدى.

— ئاران بىر كۆرۈشكەندە، — دېدى ھاشىم مەدەت بەرگەن تەلەپپۇزدا، — خۇشال بولماستىن، نېمانداق غەمكىن بولىمىز؟

— ھاشىم گۇڭ توغرا دەيدۇ، — ۋاڭ يۈڭ دەرھاللا چاقچاق قىلدى، — كامال، ئاغزىڭغا سالغان ئېمىزگۈنىڭ سۈتى بارمىكەن ياكى يوقمىكەن؟

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەخمەت ئاتلارنى يېتىلەپ ئېغىلغا كىرىپ كەتتى. ھابىل ۋاڭ يۈڭ، ھاشىم، جەۋلان، كاماللاردىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. بولۇپمۇ ۋاڭ يۈڭنىڭ تەمتىرىمەي ئۇيغۇرچە سۆزلىگىنىگە ئاغزى ئوچۇقلا قالدى.

— ۋاڭ جۇيجاڭ، سىز سالغان ئېمىزگۇ قۇرۇق بولسا سەت تۇرار؟!

كامالنىڭ جاۋابى يەنە كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى.

— كامال ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە: «خىزمەت گۇرۇپپىسى راستىمۇ ياكى قۇرۇق ئېمىزگۈمۇ؟» دەپ ئۇششۇقلۇق قىلاتتى. مانا ئەمدى بۇ ئۇششۇققا، — ۋاڭ يۈڭ جەۋلانغا قارىدى، — بۇ ئۇششۇق قېتىلدى.

كۈلكە باشقىدىنلا كۆتۈرۈلدى.

— ۋاڭ زۇجاڭ، — دېدى جەۋلان، — ئۆزىڭىزنى تاختىسۇيشىغا ئېلىپ قويماي، مېنىڭمۇ ئادەم تىللايدىغان يەرلىرىم بار دېمەمسىز؟

— ھەي كاززاپ، سەن: «گېپىڭىزگە ھۆپۆپمۇ ئۇسسۇرۇپ

قويمايدۇ، ئىنساپسىز، يوغانچى، گىرىي...» دەپ تىللىساڭ بولىدۇق، مېنىڭ بولسىزمىكەن؟

كېچىكى تۈن جىمجىتلىقىدا كۆلكە ئاۋازى يان قۇرۇ ياتاقلىرىدىكى مىنبىگلارنىمۇ ئويغىتىۋەتتى. ئائىگچە ھاشىم چاقچاقتا بەرھەم بەردى:

— چاقچاق ئەتىگىمۇ قالسۇن، جەۋلان، ياتمىغا بىر كارىۋات راسلاپ بەردىم، ۋاڭ يۈك زوجاڭ بىلەن بىللە ئارام ئال، مەن كامالنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياي.

— مەنمۇ بىللە باراي.

— بوپتۇ، جەۋلاننىڭ گېپى بار ئوخشايدۇ، بىللە بارسۇن، — دېدى ۋاڭ يۈك كامالنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — كامال ئەتە ئەتىگەن ئۆيۈڭگە بارىمەن، سېنى مەھلىيا قىلىۋالغان ئاشۇ خەنزۇ قىزىمىزنى مەن بىر كۆرەي.

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى ئايرىلىشتى.

ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالغاچقا، ئاخشاملىرى قۇم چۆللۈكى تەرەپتىن بوش ئۇرۇۋاتقان سوغۇق شامال دولىلارنى قورۇپ ئۆتەتتى. شۇنداقتىمۇ قۇمتام كەنتى يەنىلا يامغۇر بولۇتىدەك بوك - باراقسانلىق ئىسكەتىدىن چۈشمىگەنىدى. ھاشىم يول بويى پەس ئاۋازدا سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ «لەيلىنى» «ياسان جاڭگال»دا ئىزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەبلەخلەر يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنغاندا، جەۋلاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن غەرىزىنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقى قاتارلىق جەريانلارنى بىر قۇر دەپ بەردى:

— شۇڭا، — دېدى ھاشىم تەمكىن ھالدا، — ئۆيۈڭنىڭ ئەتراپىدا كېچە - كۈندۈز مىنبىگلار بار، سەن ھويلىدىكى قازناق ئۆيدە يات، لەيلى ئاناڭ بىلەن بىللە ياتسۇن.

— بۇنى بىلىمەن ھاشىمكا، ھەر قايسىلىرىنىڭ يۈزىنى

سوّرۇن قىلىدىغان ئىشنى قىلارمەنمۇ؟

— مەن، — جەۋلانمۇ ئەنسىرىشىنى تەكىتلىدى، — مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن سۆزلىشىپ، سىزنىڭ لەيلى بىلەن بولغان توي ئىشىڭىز ھەل بولغۇچە، خەقنىڭ ئاغزىدا سۆز - چۆچەك بولۇپ قالماڭ.

— لەيلى ئەتىگەندىن بېرى ئىككى قېتىم كەلدى، — دېدى ھاشىم يول ئاچىلىغا كەلگەندە، — ئۇ بەلكىم ئىشىك ئالدىدا سىنى ساقلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئاناڭنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ قوي.

— ماقۇل، ئەمىسە قايتاي.

لەيلىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغان كامال ھاشىم ۋە جەۋلانغا خوش دەپ قويۇپ ئۆيىگە قايتتى. يىراقتىنلا ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرگەن لەيلى باياتىن بېرى ساقلاپ ئولتۇرغان كۆتەكتىن تۇردى. ئۇ بۈگۈن ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىغا چىمەندوپپا، پۇتىغا ئاق توپلەي كىيىپ بۆلەكچىلا بەرنالىشىپ كەتكەندى. ئاي نۇرى ئۇنىڭ يۈزىدىكى قوڭۇر داغلارنى يۇيۇۋەتكەندەك بادام يۈزلۈك چېھرى جۇلالىنىپ تۇراتتى. لەيلى قارا سايە يېقىنلاشقانسېرى ھاياجانلىنىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ، نەپەسلىرى تېزلىشىپ قولىنى كۆكسى ئۈستىگە قويدى - دە، دەرەخ دالدىسىغا يوشۇرۇندى. ئېرىقتىكى سۇنىڭ شارقىرىشى، سارغىيىۋاتقان ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىكى چېكەتكىلەرنىڭ توختىماي چىرىلدىشى ھەم ئېغىر - ئېغىر تىنىقلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— كامال!

نازۇك ھەم يېقىملىق، سۆيۈملۈك ئاۋاز ئاڭلاندى. تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغان كامال ئەتراپىغا تەلمۈرۈپ قاراپ بوشقىنا: «لەيلى!» دەپ پىچىرلىشى دەرەخ ئارقىسىدىن نازلىنىپ چىققان لەيلى ئۆزىنى كامالغا ئاتتى... بىراق ئۇ كامالنىڭ ئۇچىسىدىكى

# ئەگىلماگان ئۈزلى (2)

ئادەمنىڭ تېنى ئەيمەنگۈدەك سىلىنىپ تۇرغان كۆيۈندە لاتىلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى تارتتى ـ دە، كامالنىڭ گۈرزىدەك بىلەكلىرىنى تۇتۇپ باشتىن ـ ئاياغ قاراپ يۈرىكى ئاغدى!

— لەيلى، ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ — كامال ئېڭىشىپ لەيلىنىڭ مەڭزىگە سۆيدى، — سىزنى يامان جاڭگالدا ئېزىقتۇرۇپ يوقاتماقچى بولغانلار مىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى.

— ئاھ تەڭرىم، — لەيلى كامالنىڭ جاراھەتلىك كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى، — ھېلىمۇ... ھېلىمۇ... مەن... مەن ئۈچۈن سىزنى تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلاپتۇ... كامال... مېنىڭ كامالىم... سىز... سىز بولمىسىڭىز بۇ دۇنيا مەن ئۈچۈن بەجايىكى دوزاخ!

— يىغلىماڭ لەيلى، — لەيلى ئالىقانلىرىدا قىزنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، — سىلەرنى ئەجەبمۇ ئېغىرچىلىقتا قويدۇم.

كامال بىلەن لەيلى بۈككىدە دەرەخلىك قويۇق سايە تاشلىغان قاراڭغۇلۇقتا بىر ـ بىرىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەندە، ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلىپ نېۋىخان چىقىپ كەلدى. ئۇلار ھېچ ئىش بولمىغاندەك موماينىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى... ئەمما، بۇ چاغدا يول ئاچىلىدا تۇرغان ھاشىم بىلەن جەۋلانىڭمۇ مۆڭلىرى ئاياغلىشىپ قالغانىدى:

— جەۋلان، مەن سىزنى تەشكىلگە ئاپىرىپ قوياي.

— بولدى قىلىڭ ھاشىمكا، كەنت تەشكىلى كۆرۈنۈپ تۇرسا.

— ماقۇل ئەمسە، ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

ئىككىسى خوشلىشىپ، ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى. لېكىن، ھاشىم يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا «يامان جاڭگال» دېكى ۋە «پاشىلىقتىكى» سىرلىق ئىككى ئادەم پەيدا بولۇش بىلەن ئارقىسىغا ياندى. ئۇ ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەن

جەۋلاننىڭ قارىسىنى يوقاتماي ئىز بېسىپ ماڭدى. ھەم دەرەخ، ئازغان توپلىرىنى دالدا قىلىپ بارغانسېرى يېقىنلاشتى. لېكىن، قويۇق سۆگەتلىك ئىچىدىن بىر كىمنىڭ زىل ئاۋازدا «جەۋلان!» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. جەۋلانمۇ «كامالەت!» دەپ شىۋىرلىغاچ سۆگەتلىك ئىچىگە كىردى. ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز قۇچاقلاشتى. ھاشىم دەرھاللا يولىغا راۋان بولماقچى بولدىيۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ بەكمۇ شېرىن، تولىمۇ تاتلىق سۆزلىرى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى... ئاپئاق ئايدىڭ كېچىلەردىكى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تۆككەن مۇڭلىرى، سېغىنىش شەربەتلىرى تېمىپ تۇرغان ياسالما قېيىدىشىشلىرى... ئەركىلىتىشلىرى... نازۇك ئىگراشلىرى... بۇ پانىي دۇنيانىڭ جەننىتى شۇ بولسا كېرەك... «غېرىب ـ سەنەم»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا»، «ۋامۇق ـ ھۇزرا» ۋىساللىرىدىن، شېرىن ـ سۇخەن سۆھبەتلىرىدىن قانچىلىگەن داستان، دىۋانلار پۈتمىگەن! ئەدناسى چاھار باغدا ئۆز قىزىنى تونۇماي ئاشىقى بىقارار بولغان شاھى ئاbباسمۇ بىر گۈزەل ئۈچۈن قانداق غەزەللەرنى ئېيتمىغان! قىمارۋازلارنىڭ پىرى بولمىش جەمشىت شاھمۇ مەلىكە دىلسۇزنى لەيلىۋەشكە ئۇتتۇرۇۋېتىپ، شامۇ سەھەرلەردە «مەلىكەم» دەپ بىيىت ـ قوشاق توقۇمىغانمۇ؟! خۇلاسە، كالام، يۇلتۇزلار نېمە ئۈچۈن چىرايلىق؟! چۈنكى، ئۇلار ئايدىڭ كېچىلەردىكى ئەنە شۇنداق شېرىن ۋىساللارنىڭ شاھىتى بولغاچقا...

ھاشىم شەپە چىقارماي جەۋلان بىلەن كامالەتكە يېقىنلاشتى..

— مېنىڭ مىياڭ ـ مىياڭ ئاسلىنىم، — جەۋلان قىزنىڭ يۈزىنى ئالىقانلىرىغا ئالدى، — مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟

— سېغىنمامتىكى، سالپاڭ قۇلاق تۇشقىنىم ! — كامالەت بوش شىۋىرلىدى، — ۋاي خۇدايىم، ساقىلىڭىز سانجىلىپ كەتتى...

— توشقان دېگەننىڭ بۇرۇتى سانجىلىدۇ...

— ئەسكى، قاچانلا بولسا، ئادەمنىڭ غىدىقى كېلىدىغان يەرلەردە قولى يۇرگەن...

— ئەمىسە نېمىشقا خۇشال بولۇپ كۇلمىسىز؟

— خۇشال بولۇپ كۇلمىدىم، غىدىقىم كېلىپ... توختاڭ بىر گېپىم بار دەۋالاي، ۋاي خۇدايىم يۇزلىرىمنى ھۆل قىلىۋەتتىڭىز...

— ھە، قېنى دەڭ، — جەۋلان ھاسىراپ كەتكەنىدى، — بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشمىدى؟

— ئۇرۇمچىگە بېرىپلا ئوقۇش ئىشىمنى ھەل قىلىسىز. بولمىسا سىزنى ئۆمۇر بويى تىللايمەن.

— سىزنىڭ ئىشىڭىزنى ھەل قىلمىسام، ئۆزۇم سېغىنىپ كېتەرمەن...

— راستما؟ مېنىڭ... مېنىڭ ھاشىمانكام جەننەتتىن ئەكېلىپ بەرگەن غۇلمانىم...

بىر تۇپ دەرەخ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ھاشىم كۇلۇپ سېلىپ ئاغزىنى دەرھال تۇتۇۋالدى. ئاندىن ئۇ ئارقىسىغا ئاستا چېكىنىپ كېتىۋېتىپ: «ھەي ياشلىق — بەختىۋاشلىق» دەپ پىچىرلىدى.

بىر يېتىم قىزدىن كۆڭلى تىنغان ھاشىم خۇشاللىقتىن تېنى يايراپ كېتىۋاتقان مۇشۇ كېچىكى تۇندە ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان چاۋارنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئوغۇلخان ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بۇرنىغا پۇۋدەپ ئۇخلاۋاتاتتى. چاۋار ياستۇقنى تامغا يۆلەپ ئولتۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ تاماكا چېكەتتى. ئۇ ھەرقانچە ئويلىماي دېسىمۇ، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر ئايان بولاتتى. قۇم تاغلىرى ئارىسىدىكى ياشلىق، ئاسمانغا كۆتۇرۇلۇۋاتقان قويۇق ئىس، لۇغۇلداپ كۆيۇۋاتقان ئوت، ئىسلىشىپ كەتكەن تۆت تام ئىچىدىن قاپقارا

چۈچۈلىغا ئايلانغان جەسەتنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ساقچىلار، قەلەي باكىنى پۇراۋاتقان بۆرە ئىت، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلاۋاتقان نېۋىخان، غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن ئالىيىپ قاراۋاتقان دېھقانلار قاتارلىق ... لار بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى. شۇنداقتىمۇ چاۋار ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، دىمىغىنى قاقاتتى ھەم كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش چارىلىرى ئۈستىدە ئويلىناتتى. بەلكىم ھازىر ئەخمەت گاچا كامالنىڭ جەسىتىگە ھەمراھ بولۇپ قالغان بولسا، جەۋلان يولدا ئات سېلىپ كېلىۋاتقاندۇر. ئۇ كەلگەن ھامان شەھەردىكى ساقچىلار يامراپ كېلىشىدۇ. گۇمانلىق دەپ قارالغانلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ سوراق قىلىشىدۇ. ئەتتىگىنەي، بۇ ئىشقا مەتسىدىقنى ئارىلاشتۇرۇپ بەك چوڭ خاتالىقتا يول قويغان.. يەنە بىرى ھابىل! چاۋار بۇنداق چوڭ ئىشلاردا تولىمۇ پۇختا، سەۋرچانلىق بىلەن ئويلاپ ئىش كۆرەتتى. بۇ قېتىم ئۇنى ئەجەب قارا باستى! فورمىلىق ساقچىلار سەللا ھەيۋە كۆرسەتسە، بۇ ئىككىسىنىڭ، بولۇپمۇ مەتسىدىقنىڭ تامبىلى ئەڭ بالدۇر سىيرىلىپ چۈشىدۇ... قانداق قىلىش كېرەك؟ ھابىل دېگەن نان قېپىمۇ شۇ كەمگىچە كەلمەيدىغۇ؟ جەۋلان قولىلۇقتا تېنەپ كەتكەنمىدۇ - يا؟! ئۇنداقتا...

چاۋار زەھەردەك كۈلۈۋەتتى. ئۇنداقتا تەلەي ئوڭغا تارتسا، ئىشتان قوڭغا تارتقاندەك خويمۇ ئەپلىك ئىش بولاتتى. قۇمتامدىكى بۇ ساراسىمىلىق كۈنلەر خۇددى چۆلدىكى يانغىن ئۈستىگە ۋاچچىدە ياققان يېشىندەك ئۆزلۈكىدىن جىمىپ كېتەتتى...

چاۋار بىردە قىرتاق، بىردە تاتلىق خىياللىرىنى داۋام ئەتكەنمۇ بولاتتى. ئەمما، دەرۋازىنىڭ ئەنسىز ئۇرۇلۇشى ئۇنى ئىختىيارسىز تۇرغۇزۇۋەتتى. ئۇ ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى. يول بويى يۈگۈرۈپ كەلگەن ھابىل ھاسىراپ،

بىر هازا گەپ قىلالماي قالدى.

— ھە، گەپ قىلمامسەن دەلتە، پاشىلىقتىن خەۋەر بارمۇ؟

— چا... چاۋاركا، جەۋلان، ئەخمەتلەر، كا... كامالنى پاشىلىقتىن قايتۇرۇپ كەلدى...

— جۆيلۈمە، ئۇ... ئۇ... قانداقسىگە...

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆ... كۆردۈم. كامالنىڭ تامبال، يەكتەكلىرى كۆيۈپ، ئىت تالىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ.

هابىل دۇدۇقلاپ، هاسىراپ، هېلىلا كەنت تەشكىلىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلىگەنسېرى چاۋارنىڭ چىرايى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ، چويۇندەك كۆكىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر چېكىتكە قادىلىپ قالغان قىياق كۆزلىرى قىسىلىپ يېرىم يۇمۇق ھالدا قېتىپ قالدى. ۋاڭ دېگەن جۇيجاڭنىڭ كېلىشى ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس ئىدى! ھېلىقى چاغدا ئۇ ئىگەمبەردى بىلەن چاۋارنى قۇتقۇزۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغلاردىن باشلاپلا كامال ئىككىسى ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، مۇشۇ كۈنلەرنى ساقلىغان. ئاقىۋەت چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنى تۇيدۇرماي يار لېۋىگە ئېلىپ كەلگەن!

— ھىم، — چاۋار بوش شىۋىرلىدى، — جەۋلان، كامال، هاشىم، بۇ قېتىم سەنلەر بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەيدىغان ئوخشايمىز!

— چاۋاركا، — دېدى هابىل سەل قورقۇمسىراپ، — كامال تەپتارتماي ۋاڭ جۇيجاڭ دېگەنگە ھەزىل قىلالايدىكەن. تېخى ئۇ خەنزۇ كاتتام جەۋلاننى خېلى بەك چوڭ كۆرىدىكەن.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى سورىمىدىم، — چاۋار تولىمۇ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى، — كامال... قانداق قىلىپ شۇنچە ئۇلۇغ ئوت ئىچىدىن قۇتۇلۇپ قالغاندۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز، چاۋاركا؟

— ھېچ، ھېچنېمە، سەن بېرىپ مەتسىدىق بوغالتىرنى چاقىرىپ كەل، — چاۋار يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ قويدى، — بولدى، ئۆزۈملا باراي.

ھويلىدىن ئىككىسى بىللە چىقىپ، ھابىل كەنت تەشكىلىگە، چاۋار مەتسىدىقنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. چاۋار داۋاملىق زىخچىلاپ تۇرمىسا مەتسىدىق ئاسانلا خىمىغا يېنىۋالاتتى ياكى قورققىنىدىن دۈم يېتىپ يىغلايتتى. توۋا، دۇنيادا زەئىپ مىجەز ئەرلەر غەلىتىلا بولىدىكەن. ئۇلار خوتۇن كىشىدىن بەتتەررەك يۈرەكسىز بولۇپ، ئەدناسى يولدا ئۇچرىغان پۇلغىمۇ ئىككى يېنىغا قاراپ قول سوزالمايدىكەن، خوتۇنىدىن بىسوراق يۆتىلەلمەيدىكەن، ھەتتا ئايدىڭدىكى سايىسىدىنمۇ ئۈركۈپ، چۆچۈپ تۇرىدىكەن. مەتسىدىق مانا شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى رەجەپ چامغۇرچى مەھەللىسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغاچقا، ئوغلىنى تۆت يېشىدىن باشلاپ ئۆزى دىنىي دەرس بېرىپ ساۋاتىنى چىقاردى. ئاندىن مەتسىدىق ئەلئاباد باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قۇمچاقاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. ئالىي كوپىراتسىيە قۇرۇلغان يىلى ئۇنى قۇمتام كەنتىنىڭ كوپىراتسىيە بوغالتىرلىقىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ كوللېكتىپنىڭ بىر تىيىن پۇل، بىر تال ياڭىقىغا كۆز قىزارتىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. لېكىن، چاۋار دەسلەپتە ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇش بىلەن تەڭ ئاز - ئازدىن يېيىشنى ئۆگەتتى. كېيىنچە تالون يىرتىش، ئۆزگەرتىشتەك ئۇسۇللارمۇ قالمىدى. مەتسىدىق بۇ ئىشلارنىڭ «سورىقى» بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، چاۋار: «بۇ يەرلەر ھۆكۈمەت نەزىرىدىن يىراق» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. تېخى:

— ھەي، دېۋەڭ، ئارقاڭدىن دۈرۈت ئوقۇپ تۇرىدىغان داداڭ ئۆلۈپ كەتتى. ئاناڭ بولسا، ئاچاڭنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۆيلىنىپ قالساڭ، ساڭا كىم قولىنى سوزىدۇ؟ —

دەپ ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بولۇپمۇ چاۋار ئوتتۇرىدا يول مېڭىپ يۈرۈپ سائادەتنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن مەتسىدىق ئۇنى بېشىمنى سىلايدىغان شاپائەتچىم، سەجدە قىلىدىغان ماشايىخىم، دەپ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان بولدى. بىراق، توي بولۇپ بىر ياستۇقتا باش قويۇپ بولغۇچە، قانداق ناشايان ئىشلارنىڭ قارار تاپقانلىقى چاۋار بىلەن سائادەت ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈ يېپىق سىر بولۇپ قالدى.

كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئادەملەرگە كۆرۈنمەي، كىچىككىنە شەپىدىنمۇ ئۈزىنى دالدىغا ئېلىپ مەتسىدىقنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان چاۋارنىڭ بىردىنلا تېنى ئوت ئالغاندەك بولۇپ، تامىقىنى تامشىپ قويدى. ھەم «پاھ، ئاق بېلىقنىڭ ئۈزىكەنغۇ!» دېگەن سۆزى يادىدىن كەچتى. ئۇ پۈتۈن ئىختىيارىنى چاۋارغا بېرىپ پۈت ـ قوللىرىنى تاشلاپ ياتقان سائادەتنىڭ ئۇقادەك بەدىنىنى، تولغان يوتىلىرىنى، ئۇچۇشقا تەلپۈنگەن ئاپئاق كەپتەردەك تىترەپ تۇرغان ئىككى كۆكسىنى ئەسكە ئېلىش بىلەن غۇرتىدە يۇتۇندى. تاتلىق ئەسلىمىلەردىن ئېھتىياتنى ئۇنۇتقان چاۋار كوچا دوقمۇشىدىن قايرىلىشى بىر قارا كۆلەڭگە يەردىن ئۈنگەندەكلا ئالدىدا لەككىدە پەيدا بولدى. ئۇ ئۈزىنى قاچۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

— كىمسەن؟— ھۇدۇقۇپ كەتكەن چاۋار ئۈنىگىغا ئېگىشتى، — ھە، ئىمىنمۇ سەن، بۇ كېچىدە نېمىش قىلىسەن؟

— نۆۋەتچىلىكتىن قايتىشىم.

— نۆۋەتچىلىكتىن قايتساڭ بۇ كوچىدا يۈرىسەنغۇ؟

— بوغالتىر مەتسىدىقتا ھاجىتىم چۈشۈپ بارغانىدىم، ئۇلار يېتىپقالغان چېغى، گەپ قىلماي يېنىپ كەلدىم.

— ئىگەمبەردىدىن سورىساڭ بولمىدىمۇ، ئىشى چىقسا ئېشەكتەك ئىشلىتىپ، ھاجىتىڭ چۈشكەندە «سېنى نەدە كۆردۈم» دېسە بولمايدۇ ـ دە.

— ياقەي، — ئىمىن چاۋارغا تىكىلىپ قارىيالمىدى، — ئەمدى شۇ ئىگەمبەردىكامنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق.

— ئەمىسە مەتسىدىق خۇشلۇقتىن ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتىما؟

— بۇ... بۇ... ئەمدى شۇ، بۇغالتىر بولغاندىن كېيىن...

— ئۇ ھازىر پوتلىسىنى تارتالماي تۇرسا، — چاۋار بوش سۆزلەۋاتاتتى، — ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلىپ ئۇنىڭدىن بىر نېمە سورامتىڭ؟ يۈگۈر، ئىگەمبەردىنىڭ قېشىغا بار... مەن تاماق سىڭدۈرگەچ چۆرگىلەپ يۈرىمەن.

ئىمىن «خوش، خوش» دەپ ئۇزاپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە مەتسىدىقتىن پۇل سوراش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يار بەختىنىڭ كەپتىرىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن كەلگەنىدى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن ئۆگزىدىكى كەپتەرخانا ئالدىدا يوغان ئالا ئىت باغلاقلىق تۇراتتى. ئۇ داۋاملىق «قۇماقتى»، «شال توغراق»، «چامغۇرچى»، «جىگدىلىك»، «قوغۇنچى» قاتارلىق كەنت، مەھەللىلەرگە كېچىدە كىرىپ، كەپتەر، توخۇ ئوغرىلاپ، ئازنە بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. ئۇ بۇ ئىشتا شۇنچىلىك چاققان، ئەپچىل ئىدىكى، ھەرقانچە ئېگىز كەپتەرخانا، توخۇ كاتەكلىرىگە ئوغرى مۈشۈكتەك يامىشىپ چىقىپ كېتەتتى. ھەتتا ئۈجمە، سۆگەتلەردە مۈگدەپ قالغان توخۇلارنىمۇ گېلىدىن بىر سىققانچە ئاۋاز چىقارماي تاغارغا پۈرلەپ تىقاتتى.

قۇرۇق قول قايتقان ئىمىن كۆڭلى غەش ھالدا ئۆيىگە قايتتى. «ئادەتلەنگەن ئوغرىلار ھېچنېمە ئوغرىلىيالمىغاندا، بېشىدىكى دوپپىسىنى ئوغرىلاپ قويىنىغا تىقىدۇ...» دېگەن گەپ بار ئىكەن. ئىمىن تازىمۇ بېشىدىكى مايلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى ئوغرىلىغۇدەك بولۇپ كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تۇيۇقسىزلا بىر خىيال كەچتى. ئىگەمبەردى كامالنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن تېخى بىخەۋەر ئىدى. بۇ گەرچە ئۇنىڭ

ئۇچۇن شۇم خەۋەر بولسىمۇ، لېكىن يېڭى خەۋەر ھېسابلىناتتى. كىم بىلىدۇ، كەنت باشلىقى كېچىنى كېچە دېمەي، كەلگىنىدىن خۇش بولۇپ نەشە پۇلى بولسىمۇ «ئال قۇلۇم» دەۋېتەر!

ئىمىن يېرىم يولدىن قايرىلىپ جىگدىلىك مەھەللىسىگە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىگەمبەردىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئەتراپىغا زەن سېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن دەرۋازا ھالقىسىنى شاراقلاتتى. بىر چاغدىلا ھويلا ئىچىدىن ئالدىراپ ماڭغان شەپە ھەم «كىم ئۇ» دېگەن ئۇيقۇلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئىگەمبەردىكا، مەن ئىمىن.

دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن ئىمىن لەپپىدە قىلىپ كىرىۋالدى. ئۆيدە خوتۇن ـ بالىلار ئۇخلاۋاتقاچقا ئۇلار ھويلىدىلا كۇسۇرلىشىپ كېتىشتى.

— ھە، ئالا كېچىدە كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى ئىگەمبەردى ئەندىككەن ھالدا، — پاشلىقتىن بىرەر خەۋەر بار ئوخشىمامدۇ؟ مەنمۇ شۇنى ئويلاپ ياتاتتىم.

ئىمىن جەۋلان بىلەن ئەخمەتنىڭ كامالنى پاشلىقتىن ئېلىپ كەلگەنلىكى، لېكىن كامالنىڭ يالىڭاچ دېگۈدەك سىياقى ۋە يۈز، بويۇن، مەيدىلىرىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى قاتارلىق ھابىلدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، دەپ سۆزلەپ بېرىشى ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرى چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى ھەم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىردىنلا جۇغ ـ جۇغ ئۇلىشىپ، يۈرىكىنى كۆرۈنمەس بىر قول سىقىۋاتقاندەك بولدى. بۇ ئىشنى كىملەرنىڭ قىلغانلىقى ئۇنىڭغا ئاياقتىكى قېتىقتەك ئايان بولسىمۇ، ئېغىزىدىن ھەرگىز چىقىرالمايتتى. بىراق، ئەڭ قورقۇنچلۇقى، بۇ سۇيىقەستنىڭ ئۆزىگە ئارتىلىپ قېلىش خەۋپى ئىدى. چۈنكى، كامالنى قاچۇرۇۋېتىش ئۇچۇن قىلغان ھەرىكەتلىرى ئۆزىگە ئايان بولغاچقا، ئەنسىرىمەي تۇرالمايتتى. ئەگەر چاۋار، مەتسىدىقلار راستتىنلا پەيلىنى بۇزۇپ،

ئىگەمبەردىنى ئوتقا ئىتتىرمەكچى بولسا ئۇمۇ توقۇمنى قارنىغا ئالماي تۇرالمايتتى. ئۇنداقتا بۇ ئۈچ «بۇرادەر»نىڭ ئىشلىرى پايپاقنىڭ يىپىدەك چۇۋۇلۇپ كېتەتتى. بۇ تەۋەككۇلچىلىك ئەڭ خەتەرلىك بولۇپ، ئۇلارنى ئۇدۇل قانۇن جازاسى مەيدانىغا سۆرەپ ئاپىراتتى! ئىگەمبەردى مانا شۇنداق دار ئارغامچىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ، كۆڭلىدىن قانداقتۇر شۇملۇق كېزىپ ئۆتتى ـ دە، ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىپ باقماقچى بولدى.

— كامال تەشكىلدە يېتىپ قالامدىكەن ياكى ئۆيىگە كەتتىمۇ؟— سورىدى ئىگەمبەردى ئىمىننىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، — راست گەپ قىل، بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

— جەۋلان، ھاشىمكام ئىككىسى ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشتى.

— راستما؟

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام.

— بەك ياخشى بوپتۇ، ھۆم... — ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، ـ نىكاھسىز بىر نېمىلەرنى بىر ئۆيدە قىلىپ قويغىنىنى قارا! دېھقانلارنىڭ مۇدۇي قوپۇشىدىن قورقمامدىكىنە؟!

— ئىگەمبەردىكا، — ئىمىن ئىگەمبەردىگە بويۇن قىسىپ قارىدى، — خەج ... خەجلەيدىغان پۇلۇم قالمىغانىدى.

— يالىڭاچ چىققىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەتە ئەتىگەن بولسۇن ـ ھە؟ شۇنداق قىل، ھازىرچە قايتقاچ تۇر.

ھابىلنىڭ ئورىغان نەشىسىنى بىر قېتىم شورىۋالغانچە، ئىككى كۈندىن بېرى چېكەلمەي نەشە خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن ئىمىن تاز ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۆز غېمى بىلەن قالغان ئىگەمبەردى ئاخشامقى ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، ئۇ «يەنە نېمىگە كەلدىڭ؟» دېگەندەك چىرايىغا قارىۋىدى، ئىمىن: «ئاخشام ئەتە ئەتىگەن كەل» دېمىدىڭمۇ،

دېگەچ بارماقلىرىنى ئوينىتقان ئىدى، شۇندىلا ئىگەمبەردى ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، بىر ھەپتە يەتكۈدەك نەشىگە پۇل ئاچىقىپ بەردى.

— ھەي مۇشۇ مەينەتنى چەكمىسەڭ نىمە، چەكسەڭمۇ ئازراق چەك.

— ئىگەمبەردىكا، — ئىمىن دەرھاللا گەپنى ئەپقاچتى، — يولدا كېلىۋېتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كاتتا باشلىقى ۋاڭ دېگەن خەنزۇنىڭ كامالنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

— يالغۇزلىما؟

— ئۆزىلا، باشقا ھېچكىم يوق.

— بولدى، سەن ئىشىڭغا بېرىۋەر.

ئىمىن چىقىپ كېتىشى ئىگەمبەردى ئىت كاتىكى ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇپ ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى. «خىزمەت گۇرۇپپىسى باشلىقى ۋاڭ بىلەن كامال، نىيۇزخان، لەيلىلەر نىمىلەرنى دېيىشىۋاتقاندۇ؟» دېگەن سوئال ئۇنىڭ ئىچىنى چاشقاندەك غاجىلىماقتا ئىدى. بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ باراي دېسە، ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ ھېلىقى باشلىقنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقتى. بارماي دېسە بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئۇنى دەي - دەيگە سالاتتى. تەرەپبال ئەپچىل باھانىدىن بىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ۋىللىدى يورۇتۇۋەتتى. ئەگەر كۆزگە چېلىقىپ قالغۇدەك بولسا، «چاۋار لەيلىنىڭ ئاشلىق نورمىسىنى بېرىۋاتامدۇ - يوق؟» دەپ سورىسىلا بولىدىمۇ، تېخى ھويلىغا ئۇسۇپ كىرىپ سورىسىمۇ، ئۇلار خۇشال بولىدىكىن، ھەرگىز خاپا بولمايدۇ.

ئىگەمبەردى ئۆزىنى ئۆزى بەزلەپ كۆڭلىنى تىنىدۇرغاندىن كېيىن ھويلىدىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراق - يىراقلارغا تىكىلىش بىلەن نىمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا مۇڭلىنىپ قالدى. يۇرىكىمۇ ئالاڭغۇ ئۇرۇپ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. دېمىسىمۇ،

جەۋلان قاچانكىن قۇمتامغا ئۇندى، شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ خۇشاللىقى يوقالدى. ھەيۋىسى سۇندى، ئەمەلدارلىق كىبىرى توزغاقتەك توزۇپ، كۆنلىرى تۈزسىز ئۇماچتەك ئۆتۈۋاتاتتى. مانا كۆز كېلىپ ھەممە نەرسىلەر كىيسەل رەڭگىدەك سارغىيىشقا باشلىۋىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غېرىبلىق، ھەسرەت قاپلىۋالدى. ھازىر ئۇ يىراق - يېقىندىكى ئاشنىلىرىنىمۇ يوقلىمايدىغان بولدى. ئۇنداق كۆڭۈلگە تالىق ئىشلار خاتىرجەم، غەمسىز چاغلارغا يارىشىدىكەن ئەمەسمۇ! ئىگەمبەردى بىپايان سىرلىق قۇم سەھراسىدىكى يېشىل مەرۋايىت ئەلئابادنىڭ يىراق ئىزنالىرىغا، قۇم تاغلىرى ۋە قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىلار، جىلغىلارنى قاپلاپ كەتكەن سۆسۈن رەڭ يۇلغۇنلارغا، كۈنسېرى قۇرۇۋاتقان ياۋا قومۇش، تىكەنلىكلەرگە، ساپسېرىق سارغايغان توغراقلارغا، خىلۋەت ئورمانلارغا، قىزىل ۋە قوڭۇر تاۋلانغان ئۆرۈكلۈك باغلارغا قارىغانسېرى ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئىگەمبەردىنىڭ كۆڭلى نېمىشقا ئەلەمزادە بولمىسۇن؟ باسقان مەنزىلى ئارقىدا، باسمىغىنى ئالدىدا، ئەمەل خۇمارىغا قانمايۋاتقان يېرىم يولدا گۇپپىدە يىقىلسا، كىممۇ ئېچىنمىسۇن؟ ئارزۇ - ئارمان باغلىرىغا بىمەھەل قىرو چۈشسە كىمنىڭمۇ يۈرىكى قان بولمىسۇن! ھەي... ئۆزىدىن ئۆتكەن! نېمىشقىمۇ چاۋارنىڭ شېرىن - شەربەت گەپلىرىگە ئىشىنىپ كەتكەن بولغىيتتى! ئۆز ۋاقتىدا ئۇ كۆرسەتكەن مەئىشەتلىك يوللار ئەمدىلىكتە تىكەن، زاغزاغ قاپلىغان چاتقاللىقلارغا ئايلاندىغۇ... بوۋىلارنىڭ: «ھەر كىم ئۆز پەيلىدىن كۆرسۇن!»، «كىمكى باشقىلارغا ئورا كولىسا، ئۆزى چۈشەر!» دېگەنلىرى بىئەمدۇللا دورۇسكەن...

سېرىق لىباس كىيىشكە ئۈلگۈرگەن تەبىئەت ئىگەمبەردىنىڭ جاراھىتىگە تۇز سەپكەندەك بىئارام قىلىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، كۆجۈم مەھەللىلەر يەنىلا كۆكىرىپ تۇراتتى. بەزى باغلاردا تېخى ئۈزۈلمىگەن بېھىلەر يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ساپسېرىق يالتىراپ

تۇراتتى. قىز ـ چوكانلار ئۇزۇن خادا تاياقلاردا مارجاندەك جىگدىلەرنى، ماك بولغان ياڭاقلارنى قېقىۋاتاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى، باغ ئىچىنى كۈلكە، چاقچاق، ۋاڭ ـ چۇڭغا تولدۇرغانىدى. «قايناق سۇ ئىچ كۆڭلۈڭ تىنچ» دېگەن گەپ ئەجەبمۇ توغرا ئىكەن. ئەمىنلىككە ھېچنېمە يەتمەيدىكەن، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئىگەمبەردى نېۋىخانىنىڭ ھويلىسى ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇ شاخلارنى قايرىپ ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا پاراڭلىشىۋاتقان كامال، لەيلى، ۋاڭ زۇجاڭنى كۆردى. بولۇپمۇ ئۆزىگە ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرغان خەنزۇنىڭ چىرايى تونۇشتەكلا كۆرۈندى. ئىگەمبەردى قايتا زەن سالغاندىن كېيىن چۆچۈپ كېتىپ: «ۋاڭ يۇڭ...» دەپ سالدى. ئۇ قانچە قارىغانسېرى ئون يىل ئالدىدىكى ۋاڭ يۇڭ شۇ ئىدى. ئۇنىڭ: «ئىگەمبەردى، سىز تېتىك، جۇشقۇن، تۇرغۇن ئادەمسىز، ‹كەمبەغەل دېھقان› دېگەن شەرەپلىك نامىڭىزنى ناشايان ئىشلار بىلەن بۇلغىماڭ...» دېگەن سۆزى ھېلىھەم ئەكس سادا بېرىپ تۇرۇپتۇ!

ۋاڭ يۇڭ قومتامغا كېلىپ نېمىشقا ئىگەمبەردىنى ئىزدىمىگەندۇ؟ تېخى شەھەردە چاۋار ئىككىسىنى بازار باشقۇرۇش گۇندىخانىسىدىن قۇتقۇزۇپ بولۇپمۇ كۆرۈشمىگىنىگە قارىغاندا، ئىگەمبەردىنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار ئىكەن ـ دە... ۋاڭ يۇڭ ئاچچىقىدا «چىرايىنىمۇ كۆرمەي» دېگەنلىكى ئېنىقلا تۇرمامدۇ؟ ئەمدى ئىگەمبەردى قايسى يۈزى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قارىسۇن؟! ئۇ: «كەمبەغەل دېھقان تەلەتى يوق ئازغۇن! سىنىپىدىن ياتلاشقان ئۇنسۇر!» دەپ تىللاشتىن يانمايدۇ.

ئىگەمبەردى تىۋىش چىقارماي كەينىگە يېنىپ كېتىپ قالدى. يول تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان ۋاڭ يۇڭ ئۇنىڭ قارىسىنى غىل ـ پاللا كۆرگەن بولسىمۇ، كىم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. لېكىن ئۇ چاندۇرماي گېپىنى داۋام قىلىۋەردى:

— كامال، ساڭا دەيدىغانىنى دەپ بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن جەۋلانغا ھەممىنى قالدۇرماي ئېيت، شۇندىلا تۇرمۇش ئىشىڭ ۋە باشقا سەۋەنلىكلىرىڭ ياخشى بىر تەرەپ بولىدۇ، — ۋاڭ يۇڭ لەيلىگە تىكىلدى، — لەيلى، سىزگە دېگەن گەپلىرىم قاتتىق كەتمىگەندۇ؟

— ياق، ياق، — لەيلى بېشىنى چايقىدى، — ئاتا - ئانامدۇ ماڭا بۇنداق كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلىپ باقمىغان.

— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بارغان خەنزۇلار شۇ مىللەت تىلىنى ئۆگىنىشى كېرەك، — ۋاڭ يۇڭ بەزى گەپلەرنى قايتا تەكرارلاۋاتاتتى، — بۇ مېنىڭ گېپىم ئەمەس، ماۋجۇشىنىڭ، ئۇقتىڭىزما؟ ئاندىن موماي ياشنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئاسراش، ئېغىرىنى يېنىك، يىراقنى يېقىن قىلىش سىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىڭىز.

— بىلىمەن ۋاڭ جۇيجاڭ.

— كامال، يۇقىرىدىن مېنى پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىشىمنى ئۇقتۇردى. شۇڭا، مەن ئەتىلا شەھەرگە قايتىمەن، — دېدى ۋاڭ يۇڭ، — شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن جەۋلانغا ئىشىنىشىڭ، ئۇنى قوللىشىڭ كېرەك.

— بولىدۇ، ۋاڭ جۇيجاڭ، ئۇنداقتا خىزمەت گۇرۇپپىسىغا كىم رەھبەرلىك قىلىدۇ؟

— ئەيسايۇپ بار، ئۇ مېنىڭدىنمۇ قاپىقى يامان، كەسكىن ئادەم.

ۋاڭ يۇڭ داستىخانغا تىزىلغان قوغۇن، شاپتۇل، ئۈزۈملەردىن ئاز - تولىدىن ئېغىز تېگىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنى نېۋىخان، كامال، لەيلىلەر ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى. ۋاڭ يۇڭ كېتىشى بىلەن لەيلى نېۋىخاننى قولتۇقلاپ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويدى. لېكىن، موماي قىزنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ سۇپىدا

ئولتۇرغۇزدى. يېرىم يىلدىن بېرى نېۋىخان ئانا بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بىللە بولغان لەيلى ھازىر ئۇيغۇرچە سۆزلەپ ئۆز مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— قىزىم، ۋاڭ باشلىق نېمىلەرنى دېدى، — سورىدى موماي قىزىقسىنىپ، — ئۇ كامال ئىككىڭلار توغرىسىدا بىر نېمە دېمەي قالمىغاندۇ؟

— ئۇ... ئۇ... — لەيلى قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — توي... تويدىن ئەنسىرىمە... مەن بارنىياز شۇجىغا دەيدۇ، ئۇ... ئۇ... كىزىل كەگەز ئېلىپ بېرىدۇ... دېدى.

— ھەببەللى، يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقىنىڭ گېپى پىچاقتەك كېسىدۇ، — موماي ئالىقىنىنى پىچاقتەك شىلتىدى، — قىزىل قەغەز ھەل بولسا، ئەجەبمۇ بەلەن بولاتتى. ئەمدى شۇ مەشەدىكى شۇم ئېغىزلارنىڭ ۋىت ـ ۋىت گەپلىرىنى توسىدىغان ئامال بولسا...

لەيلى دۇدۇقلاپ، تەستەرەك، كەمتۈك سۆزلىگىنى بىلەن، بولۇنغان گەپلەرنى خېلىلا ئوبدان چۈشىنەتتى. بولۇپمۇ نېۋىخان ئانىنىڭ ئېيتىلىق، ئالدىرىماي، ھەرىكەت بىلەن قىلغان ھەربىر سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەتتى.

— ۋاڭ جۇيجاڭ سىز... سىلەر قورقماڭ... بارى شۇجى يوغان ئاخۇنغا دەڭ... دېدى.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ، بۇ ئىشقا ئاخۇنلىرىمىز پەتىۋا بەرسە، ھەممىسىنىڭ زۇۋانى ئېتىلىدۇ.

— ئانا، — لەيلى خېلىلا يوغىناپ قالغان قورسىقىنى كۆرسىتىپ قولىدا سەكرىگەننى ئىما قىلدى، — مۇنداق، مۇنداق، كېلىڭ دېسە... — موماي كۈلۈۋەتتى.

— بالىنىڭ بۇنداق پات ـ پات تەۋرىگىنىگە قارىغاندا ئوغۇل تۇغىدىغان ئوخشايسىز، قىزىم.

— ئوگۇل... ئوگۇلما؟!

ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ بىر ھازا كۈلۈشتى. ئاندىن موماي ئېغىر بوي ئاياللارنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى، نېمىلەرنى قىلىپ، نېمىلەرنى قىلماسلىق ھەققىدە خېلى بىر چاغقىچە كۆسۈرلىدى.

## يىگىرمىنچى باب

# ئاچچىقتىن چىققان ئويۇن

ۋاڭ يۇڭ كامال ۋە لەيلى بىلەن سۆھبەتلىشىپ كەتكەن كۈنى چۈشتىن كېيىن نېۋىخان ئانىنىڭ خىلۋەت بېغىدا جىددىي سۆھبەت بولدى. قېلىن ئوت ئۈستىگە سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە تۆت چاسا شىرە قويۇلغان بولۇپ، كاتىپ كامالەت كامالنىڭ سۆزلىرىنى زېھىن بىلەن ئاڭلايتتى ھەم قالدۇرماي يازاتتى. ھاشىمنىڭ بەزى سوئاللارنى ئارىلاپ سوراپ قويۇشلىرىنى دېمىگەندە، كامالدىن باشقىسى جىمجىت ئاڭلىماقتا ئىدى. مۇھىم دەپ قارالغان نۇقتىلارنى جەۋلان خاتىرىسىگە قوندۇرۇپ قوياتتى. گاھىدا نائېنىق، چىگىش ھەم چۈشىنىكسىز ئىقتىسادىي مەسىلىلەر يولۇققاندا سوراپ ئېنىقلايتتى. كامالنىڭ سۆزلەۋاتقانلىرى گەرچە چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ نەچچە يىللىق بۇلاڭ ـ تالاشلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى بولسىمۇ، جەۋلان، ھاشىم، كامالەتلەرنى غەزەپ ئىزتىراپىغا سالماقتا ئىدى. گويا ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ياكى ئۇ دۇنيانىڭ سورىقى يوقتەك بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، مەنمەنلىك، غالجىرلىق بىلەن غاجاپ، قۇمتام دېھقانلىرىنى نامراتلىق، قاششاقلىق گىردابىغا ئەكېلىپ قويغانىدى. ئۇلار بارا ـ بارا ياۋۇزلىشىپ، ھېچكىمدىن تەپ تارتماي قىپيالىڭاچ خامپىغا سەكرەپ ئوغرىلىق، خىيانەت، چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىگىلەشتە قۇمتام كەنتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىرغىتسا

تەڭگە تۆكۈلىدىغان دەرىخكە، ئىچىل داستىخانغا، گۆھەر تۆغىدىغان توخۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى.

كامال نەچچە يىللاردىن بۇيان، ھەتتا ھاشىم شۇجىلىق ئەمىلىدىن قالدۇرۇلمىغان چاغلاردىن بىرى تۆت - بەش كۈندە، ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم شەھەرگە مال ئېلىپ كىرگەنلىكى، لېكىن ھەر نۆۋەتتە چاۋار، ئىنگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس زاڭ ماللىرى ھارۋا ئاستىغا بېسىلىدىغانلىقى، ھەتتا كوللېكتىپنىڭ يۇقىرىغا ئۆتكۈزگەن ماللىرىنىڭ پۇللىرىغىمۇ تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئىسپات بەرمەيدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سۆزلەپ، قاچانلاردا گۇگۇم چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى.

— كامال، — دېدى جەۋلان خاتىرىسىنى شىرەگە قويۇپ، — سىز بۇ مەسىلىلەرنى يىل، ئاي، كۈنلىرى بىلەن يېزىپ چىقالامسىز؟

— مەن بۇ ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ يېزىپ ماڭغان.

— بەك ياخشى قىپسىز، — جەۋلان خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ قاراپ قويدى، — سۆزىڭىزدىن قارىغاندا، مەتسىدىق بوغالتىرنىڭ زاڭ مال ساتقۇزغان قېتىم سانى باشقىلاردىن ئازدەك قىلىدۇ. ئۇ چاۋار، ئىنگەمبەردىلەرگە قارىغاندا سەل ئېھتىياتچان ئوخشىمامدۇ؟

— ئېھتىياتچان؟ ھېھې، — كامال دىمىغىنى قاقتى، — ئاشلىق، ياغلىق دان، چارۋا، ئۆچكە تىۋىتى، قورۇق يەل - يېمىش، گىلەم، خورجۇن، تاغار قاتارلىق قوشۇمچە كىرىم مەنبەلىرى چاۋار، ئىنگەمبەردىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغىنى بىلەن ئۇلاردىن كىرگەن نەق پۇل مەتسىدىقنىڭ ئالىقىنىغا چۈشىدۇ. ئۇ تالونلاردىكى سانلارنى ئۆزگەرتىش، يالغان تالونلارنى پەيدا قىلىش، بەزىلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ ئورنىنى يوقىتىش، تالون

نومۇرىنى ئۆستىلىق بىلەن توغرىلاش ئارقىلىق قان شورايدۇ.

— بۇلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، — دېدى ھاشىم جىددىي ھالدا، — يۇقىرى - تۆۋەن چېپىپ، سودا ئىدارىسى، ئاشلىق سالىكى. ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، ماي زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى تالون كۆتەكلىرىنى تېپىپ نەقلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— بۇ ئىشتا كامالكام ئۆزى ماڭسا ئوبدان بولامدىكىن دەيمەن.

— كامالەتنىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى جەۋلان، — يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى كۆرسە ئۇلارمۇ ھەمكارلىشىدۇ.

— تاماق پىشىپ قالدى، قورسىقىڭلارمۇ ئېچىپ كەتكەندۇ؟

قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتكەچكە ئۇلار لەيلىنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قېلىشقانىدى. شۇڭا، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ھويلىدىكى سۇپىغا كېلىشتى. لەيلى سۇپىغىلا داستىخان سېلىپ، بىر قاچىدىن ئۇگرە ئېلىپ كەلدى. ئاشنىڭ ئۈستىگە سېپىلگەن ئاشكۆكىنىڭ ھىدى ئاچ قورساقلارنى غىدىقلاپ، ئىشتىھانى بىردىنلا ئېچىۋەتتى. بەزىلىرى ئېشىغا قوشۇقلاپ قېتىق ئارىلاشتۇرسا، يەنە بەزىلىرى زاغرا چىلاپ يېيىشتى. ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كامال جەۋلان، ھاشىم، كامالەتلەرنى ئۇزىتىپ ھويلا ئالدىغا چىققاندا، قۇم دېڭىزىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئاي قول يەتكۇدەك يەردىلا ئېسىلىپ تۇراتتى.

— جەۋلان، سىزگە بىر تەلىپىم بار ئىدى، — دېدى كامال خىجىل بولغان ھالدا، — ھازىرچە مەن ئاكتىپلار گۇرۇپپىسىغا قاتناشماي تۇرسام دەيمەن.

— سىزنىڭ نېمىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن، — جەۋلان دەرھاللا جاۋاب بەردى، — شۇڭا ئەڭ ئالدى بىلەن سىزنىڭ تۇرمۇش ئىشىڭىزنى ھەل قىلىمىز.

— بۇ مۇمكىن بولارمۇ؟ ئۇ بولسا خەنزۇ قىز... بۇ يەردە...

— نىكاھ قانۇنى بويىچە ئېيتقاندا، تامامەن مۇمكىن، — جەۋلان ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا تەمكىن ئىدى، — ئەمما بۇ يەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ خاتىرجەم بولۇڭ. ئەمما بەزى ئىشلارغا دىققەت قىلىڭ.

— جەۋلاننىڭ دېگىنىنى چۈشەنگەنسەن، — ھاشىمنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — لەيلى بىلەن بولغان ئىشلارغا سەل قارىما، بولۇپمۇ كېچىلىرى ئۇ ياتقان ئۆيگە كىرمە.

ھاشىمنىڭ يالىڭاچ تەنبىھىدىن ئىزا تارتقان كامالەت تەتۈر قارىۋالدى.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئىگەمبەردىگە قۇيرۇقۇمنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. لەيلى بىلەن ئانام ئىككىسى ئىچكىرىكى ئۆيدە بىللە ياتىدۇ. مەن قازناقتا ياتىمەن.

كامال ھاشىم، جەۋلان، كامالەتلەرنى ئۇزىتىۋېتىپ قايتىپ كىرىشى ھويلىدا لەيلى ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. باغدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتمىسە ئەتىسى ئەتىگەنچە ئاپئاق توپا ئاستىدا قالاتتى. كامال كىگىز، شىرەلەرنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. لەيلى يەل - يېمىش سېلىنغان لېگەن، داستىخانلارنى يىغىشتۇرۇپ مېڭىشى كامال يۆگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئالدى. ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغان بولسىمۇ بىر - بىرىگە قىيمىغان ھالدا ھويلا ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قېلىشتى. لەيلى ئاستا كېلىپ كامالنى قۇچاقلاپ بوش پىچىرلىدى:

— باغنىڭ ھاۋاسى نېمىدېگەن ياخشى، قارىڭا ئايغا، بىزگە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ.

— بىردەم مۇڭدىشايلى، دېسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟ ھاۋا، ئاي دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسەتمەي.

# ئەكلىماكان ئۇغلى (2)

ــ ئادەم ئىزا تارتىدىكەن.

ــ كۆڭلىڭىزدىكىنى دېمىدىڭىز، ــ كامال كۈلدى، ــ ساپ ھاۋا، سىرلىق ئاق كېچە، تولۇن ئاي، ئىزغىرىن شامال... مانا بۇلار بىر ـ بىرىگە ئىنتىزار بولغان ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئىشتىياق بەخش ئەتكۈچى دوستلىرى.

ــ ئەسكى، ئۆزىڭىز بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نەدىكى گەپلەرنى قىلىسىز.

ــ خاپا بولماڭ، سىز بىلەن چېقىشقۇم كېلىپلا تۇرىدۇ، ــ كامال قىزنىڭ ئېگىكىدىن سىلىققىنا كۆتۈردى، ــ لەيلى، ۋاڭ جۇيجاڭ بىلەن جەۋلاننىڭ گەپلىرىدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. مەندىكى ئەندىشە، غەم ـ غۇسسىلار نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى.

ــ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم توق، يۈرىكىم خۇشال...

ئۇلارنىڭ باشلىرى ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ، لەۋلىرى بىر ـ بىرىگە تېگەي دېگەندە، يېقىنلا بىر يەردىن نېۋىسخاننىڭ كالتە يۆتىلى ئاڭلاندى. ئۇلار ئىككىسى كۈلۈمسىرەپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى.

بۇ چاغدا جەۋلان بىلەن ھاشىم سالقىن ماڭغاچ پاراڭلىشىپ كېتىۋاتتى. بەزىدە توختاپ خېلىغىچە گېپى تۈگىمەيتتى. جەۋلاننىڭ بىر نەچچە ئېغىز تاتلىق ـ ئاچچىق گەپلىرىنى ئاڭلاش كويىدا ئۆرتىنىۋاتقان كامالەت ئاخىر ئۇلارنىڭ قۇرتتەك مېڭىشىدىن، تۈگىمەس مۇڭلىرىدىن ئىچى پۇشۇپ، ئالدىدا ئۇزاپ كېتىپ قالدى. جەۋلان بىلەن ھاشىم كوچا دوقمۇشىدىن ئەمدىلا قايرىلىشى قېرى ياغاچ ئارقىسىدا بىر نەرسىنىڭ لىپ قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى. جەۋلان دەرھاللا ۋارقىرىدى:

ــ كىمسەن؟

ــ بۇ.. بۇ مەن، ئىگەمبەردى، ــ ئىگەمبەردى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككىسى ئۇنىڭ ئۆمسۆرۈن تەلەتىگە قارىدى.

ھاشىم ئاچچىقى بىلەن سورىدى:

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىلا؟ — ئىگەمبەردى دۇدۇقلاپ دەمال بىر نېمە دېيەلمىدى.

— ھە... مۇنداق ئىشتى، خوتۇن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن، قوماقتىغا بېرىپ قايتىشىم.

— بۇ ياڭاق تۇۋىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرغانمىدىلە، — جەۋلان گۇمان بىلەن سورىدى.

— يوغسۇ... يوغسۇ، بۇ يەردە زەرە قىلاي دەپ... ھەر قايسىلىرىچۇ؟

— كامالنىڭ ئۆيىدىن كېلىشىمىز، — دېدى جەۋلان.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئىگەمبەردى، — نېۋىخان ئوبدان تۇرغاندۇ؟

— شۇنداق، — جەۋلان توڭلا تەگدى، — موماي لەيلى بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيدە يېتىۋېتىپتۇ، كامال قازناقنى ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. سىلى شۇنى تەكشۇرۇپ ماڭغانغۇ دەيمەن.

— يا... ياق، ئۇنداق بولامدىغان.

— ئىگەمبەردىكا، مەندىن قۇسۇر ئىزدەپ، كېچىلەردە تولا تىمىسقىلاپ يۇرمىسىلە، ئەمما ئىككىمىز تۇتۇشۇپ قالساق، سىلىگە ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ.

— بۇ... بۇ... نېمە دېگەنلىرى؟ مەن... مەن... شۇ... قوماقتىغا بارغان...

ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن بولغىنىدەك تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىگەمبەردى تۇنجۇقۇپلا كەتتى. چۈنكى، جەۋلان ئۇنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى يۈز - خاتىر قىلماي ئاشكارىلىۋەتكەنىدى. ئۇ نومۇستىن ۋە قورقىنىدىن غىپپىدىلا كېتىپ قالدى. ھاشىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنلۇك تىللىۋەتتى:

— قارا بۇ بەتنىيەتنى! كامالنى «ئىش» ئۇستىدە تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن بىزنىڭ كوكۇلىمىزدىن تۇتماقچى بوپتۇ - دە...

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

ھاشىم جەۋلاننى كەنت تەشكىلى دەرۋازىسىدىن كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل غەزەپ ـ نەپرەت ئورىۋالغان جەۋلان ھويلا ئوتتۇرىسىدا غېرىبسىنىپ تۇرۇپ قالدى. يان قورۇدىكى ئاشلىق ۋە مەنقۇلات ئامبىرى، گىلەم كارخانىسى، بوغالتىرىيە ئىشخانىلىرى جىمجىت سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. پەقەت ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ھەممىدىن ئېگىز چوقچىيىپ تۇرغان ئۆگزىسىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغان مىنبىگىنىڭ غۇۋا سايىسى بىلەن تەسكەيدىكى ئامبارغا تىكلەنگەن ئۇزۇن شوتىنىڭ قارا كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىغانى ئۆرلەپ قالغان جەۋلاننىڭ بىردىنلا ئاشۇ ئېگىز ئۆگزىگە چىقىپ يىراقلارغا قارىغۇسى كەلدى! ئۇ ئىككى بادرا ياغاچ ئۇلىنىپ ياسالغان كېلەڭسىز ھەم ئۇزۇن شوتىغا ياماشتى. ھەربىر بالداققا قەدەم ئالغاندا غىرىسلاپ تۇرغان شوتا بىر خىلدا لىڭشىپ ئادەمگە ئەنسىزلىك تۇيغۇسى بېرەتتى. ئۇ ئۆگزە قىرىغا كېلىش بىلەن مىنبىگلار باشلىقى مەتسېلىم قىزىل كالتىكىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ 35 ~ 36 ياشلاردىكى قاتاڭغۇر يىگىت ئىدى.

— ۋۇي ئۆگزىگە چىقىپ نېمە قىلالا، ئىش بولسا پەستىنلا ۋارقىرىسىلا بولمىدىمۇ، — مەتسېلىم جەۋلاننىڭ قولىدىن تارتىپ ئۆگزىگە چىقىرىۋالدى، — بۇ ئۇلانما شوتا ئۇزۇن بولغاچقا خەتەرلىك. بېشى قايىدىغان ئادەم تەكپۈكلۈقىنى يوقىتىپ، ئاسانلا غۇلاپ چۈشىدۇ.

— باشقا ئىش يوق، تەكلىماكاننىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاي دەپ چىقىشىم. ھە، مەتسېلىم ئاكا، ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرۇپسىزغۇ؟

— بۈگۈن ئازنە بولغاچقا، مىنبىگلار دەم ئالدى. لېكىن، سىلىنىڭ ئىشخانىلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىردىن ئىككى مىنبىگ بار.





— ئىشخانام ئەتراپىغا مېنىڭ قويمىساڭلارمۇ بولاتتىغۇ.

— بۇ ھاشىم شۇجىنىڭ بۇيرۇقى، — دېدى مەتسېلىم جىددىي تەلەپپۇزدا، — جەۋلان زۇجاڭ، ئەسلىدە مەن سىلىنى ئىزدىمەكچى ئىدىم. مىنبەگلەرنى بىرقۇر رەتكە سېلىش مۇھىممىكىن دەيمەن.

— گەپ بولسا ئوچۇق دەڭ، بىرەر چاتاق بار ئوخشىمامدۇ؟

— ھابىل بىلەن ئىمىن مىنبەگلار ئارىسىدا ئۆسەك گەپلەرنى تارقىتىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ.

— بەلكىم ئۇلار «جەۋلان كېتىدۇ، كەنت ئاكتىپلىرىنىمۇ قۇم باسىدۇ. كىمگە ئەگىشىش، كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ئۆزۈڭلارغا باغلىق، كېيىنكى ئاقىۋەتنى ئويلاپ قويۇڭلار...» دەيدىغاندۇ؟

— مانا، ئۆزلىرىمۇ بىلىدىكەنلىغۇ.

— مەتسېلىم ئاكا، بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىڭ، بۇ ئىشلار ناھايىتى تېز ھەل بولىدۇ، مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنەمسىز؟

— لاتىمۇلات ئىشىنىمەن.

جەۋلان ئاستا قەدەملەر بىلەن ئامبار ئۆگزىسىنىڭ چېتىگە كەلدى. بۇ يەردىن نە ـ نەلەر ئايدىڭلىك كۆرۈنەتتى. تولۇن ئاي تەكلىماكاننىڭ نىل رەڭلىك ئاسمىنىدا سەيلانە ئۈزۈپ يۈرەتتى. ساپسېرىق سارغايغان توغراقلار، قىزارغان يۇلغۇنلار، قومۇشلۇق، تىكەنلىك ۋە چاتقاللىقلار... ئەگرى ـ بۈگرى كەنت كوچىلىرى... ۋادەكلىك ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى... قاراڭغۇ باغلارنى ئاھادا قىلغان پاخال ساتمىلار... يۇلغۇن قاشالىرىدىن ئارتىلىپ چۈشكەن جىگدە، ياڭاق، ئامۇتلار، قۇم توپىلىق يوللار... ئۆگزىلەرگە تىزىۋەتكەن قوغۇن، كاۋىلار... باراڭلاردا ئېسىلىپ تۇرغان نوگاي ۋە بوغما قاپاقلار... خامانلاردا دۆۋىلەنگەن قوناق چەشمىلىرى، ئايپاقا سېلىنغان ھەرخىل قاقلار ئاي يورۇقىدا گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. ناگان ـ ناگاندا

ئاڭلىنىۋاتقان ئىتلارنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ قاۋاشلىرى... تۈن قۇشلىرىنىڭ ئۈيقۇلۇق چۇرۇقلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جەۋلان پايانى يوق، مانانلار قوينىدا غايىب بولغان قورقۇنچلۇق قۇملۇققا قاراپ چوڭقۇر تىندى ۋە بوش شىۋىرلىدى:

ـــ ئاھ دەرىخا، تەقدىر ـ قىسمىتىم مېنى نەلەرگە ئەكېلىپ تاشلىدى؟ يۇرتۇم نەدە؟ مەن نەدە؟! ئاتا ـ ئانام، قېرىنداشلىرىمچۇ؟! بۇ سۇرلۇك قۇملۇقنىڭ پايانسىز كائىناتتەك ئاخىر چېكى يوقمىدۇ؟!

يۇرتى، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى ئەسكە چۈشكەن جەۋلان ئېغىر ھاردۇق يەتكەندەك ئاستا كەينىگە ياندى. ئۇ مەتسېلىمنىڭ ياردىمى بىلەن شوتىدىن چۈشۈپ، ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. جەۋلاننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىشخانىنىڭ دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئېچىۋېتىپ ئايغا قارىغىنىچە تىكىلىپ قالدى. دېرىزە تەكچىسىدىكى كۇرۇشكىدىن كۆتۈرۈلگەن سۇس پار تاماكا ئىسىغا قوشۇلۇپ سىرتقا كۆتۈرۈلەتتى. جەۋلاننىڭ چىرايى غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن جىددىيلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياش تۆكۈپ سۆزلەۋاتقان لەيلى، قاپقارا كۆيۈندە لاتىلار ئارتىلغان كامال ۋە مۆمىن، بىچارە دېھقانلار دەممۇدەم پەيدا بولاتتى. بولۇپمۇ لەيلى ۋە كامالنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەر جەۋلاننى تۈۋسىز خىياللار قايىنىمىغا سۆرەيتتى. «ئۇلار نېمانچە رەھىمسىز ۋە ياۋۇزدۇ؟» دېگەن سوئال خۇددى سىگمىگەن لوقمىدەك ئۇنى بىئارام قىلاتتى. مەنپەئەت ۋە ھوقۇقنىڭ دۇنيادا تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتىگە ھەيران بولاتتى. چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار كىچىككىنە ھوقۇقى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مال ـ دۇنياسى ۋە پېشانىسىدە چاقناپ تۇرغان ئەمەل يۇلتۇزى ئۇچۇن قاتىللىق قىلىشتىن، ئوت قويۇشتىن، بارلىق ياۋۇزلۇقلارنى قىلىشتىن يانمىدى. پۇت ـ قولى باغلانغان، كۆزى تېڭىلغان لەيلىنى ئات ئالدىغا ئېلىپ





«يامان جاڭگال» دا ئىزىقتۇرماقچى بولغان ئىككى نىقابلىق ئادەم زادى كىم؟ پاشىلىقتا كامالنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىككى كۆلەڭگىچۇ؟

جەۋلاننىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىن ئىچىنىش، قورقۇنچ، رەزىللىك ئارىلاشقان ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر ئۆتۈشكە باشلىدى:

... تاڭ شەپىقى قىزارغان قومۇلۇقلار ئارا يۈز ۋە قوللىرى قانغا بويالغان لەيلى «ئىزىتقۇ 8» يۈنىلىشى بويىچە يۈگۈرۈۋاتىدۇ... قوم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ يەنە ئۆز جايىغا كېلىپ قالغان لەيلى قوملارغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىماقتا...

... كىچىككىنە تۇندە ئات يېتىلىگەن ئەخمەت گاچا لەيلىنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ... ئۇ ياتىقىدا كۆزى قىيمىغان رومالنى يىرتىپ قىزنىڭ باش، بىلەكلىرىنى تېڭىۋاتىدۇ.

... ئاغزىغا كۆشۈك سىلىنغان كامال ۋە لەيلىنى مىنبەگلار گەجگىلىرىدىن بېسىپ كەنت ھويلىسىدا كۆرەش قىلماقتا...

... ئىگەمبەردى لەيلىگە زورلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئاغزى – بۇرنى قانىغان ئەخمەت كىچىككى تۇندە غەلىتە ئاۋازدا توۋلىماقتا.

... پاشىلىقتا كۆيۈۋاتقان ئوت ئەتراپىنى قىپقىزىل يالقۇنغا تولدۇرغاندى. ئۆي ئىچىدىن كامالنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان، تىللىغان ئاۋازلىرى ئاڭلانماقتا.

... چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار بۆلۈشۈۋالغان پۇللارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سانايتتى. ھارۋا، ئۇلاغلاردا زاڭ ماللارنى نەگىدۇر توشۇيتتى، تالونلارنى سۆكۈپ، كۆيدۈرۈپ، ئورنىنى يوق قىلاتتى... زاڭ پۇللارنى مەيدىسىگە بېسىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى...

— دېھقان تەلەتى يوق مۇناپىقلار، — جەۋلان غەزەپ بىلەن تىللىدى، — قومتام دېھقانلىرىنى بۇلاپ – تالىغان ئاغزى قان بۆرىلەر! ئىنسانسىز تۇزكورلار، ھەي كامال، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ھېلىمۇ قورسىقىڭ يېرىلىپ كەتمەپتۇ.

كامال، لەيلىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن جەۋلان

شۇنى ھېس قىلدىكى، قۇمتامدىكى ھالال ئەمگەكچىلەر بىلەن تەييارتاپ ھارامخورلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۈن - تىنسىز كۈرەش خېلىدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرىنى تۈزۈك بىلمىگەچكە، كەنت ئەمەلدارلىرىنىڭ يولسىزلىقلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىگەن. بىچارىلىك، چارىسىزلىق، ياۋاشلىق كىچىككىنە ئەمەل تاجىسىنى كىيىۋالغان ئاچ كۆزلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، بارا - بارا كەنتنىڭ قارا كۆڭۈل ھۆكۈمدارلىرىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ سېلىۋاتقان زورلۇق - ستەملىرىنى تەڭرىدىن، قىسمەتتىن كۆرۈپ كەلگەچكىمۇ ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىگە ئىگە بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى خورلۇقتىن، يوقسۇزلۇق گىردابىدىن بېرى كېلەلمىگەنىدى. قۇمتام دېھقانلىرى چاۋارغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى. بولۇپمۇ پېشقەدەم شۇجى ھاشىم ۋەزىپىسىدىن سۈيىقەست، ھىيلە - مىكىر بىلەن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار چاۋارنىڭ زىتىغا تېگىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار گۇلدۇرى بار، يامغۇرى يوق پوپاڭ ئادەملەر بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە بىر - ئىككى قېتىملىق سوئال - سوراققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئەمما، چاۋار ئۇلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ھاياتلىق دەپ ئاتالغان داش قازاندا پىشىپ يېتىلگەن، كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن، ئىسسىق - سوغۇقلار بېشىدىن ئۆتكەن ئادەمدەك قىلاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ مىسرەڭ سېمىز يۈزىدىن، قىياق كۆزلىرىدىن، كۆتەكتەك بەستىدىن بىر خىل سۇرلۇك چېقىنلار چېقىپ، بەئەينى جاللاتقىلا ئوخشايتتى.

جەۋلان ياستۇققا باش قويۇپ ياتقاندىمۇ، ئەينى يىللاردا كېرىم شۇجى قۇمتامغا سانجىپ قويغان چاۋاردىن ئىبارەت تۆمۈر قوزۇقنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكى، بۇرۇن قەيەردە تۇرۇپ، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئويلا - ئويلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئەتىسى

ئەتىگەندە يۈزلىرىنى يۇيۇپ، مىنىبىگلار ئاشخانىسىدا ناشتا قىلغاندىن كېيىن ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. جەۋلان يىرتىلغان، كونىرىغان، كىرلىشىپ تىتىلغان ھۆججەت ـ تالونلارنى كامال پاش قىلغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، كونا ـ ئايلىرىنى نەقلەشتۇرۇپ، پەرقلەرنى خاتىرە قالدۇرۇۋاتقاندا ئىشىك چېكىلىپ ئىشخانىغا ھاشىم، زۇلال، مەتنىيازلار كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ئىشلارنىڭ ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، چىرايىڭلاردىن ئىشلىرىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. شۇڭا، سىلەردىن گەپ سورىماي، — جەۋلان خاتىرىنى ئۇلارغا سۇندى، — بۇنىڭغا يېزىلغان پاكىتلارنى كۆرۈپ بېقىڭلار، ھاشىمكام ئىككىمىز تۈنۈگۈنلا كۆرگەن.

زۇلال بىلەن مەتنىياز خاتىرىگە تەڭلا كۆز يۈگۈرتۈپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى، ھاشىم جەۋلانغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ سىرتقا بىللە چىقىپ كېتىشتى. ھاشىمنىڭ چىرايىدىن بىر خىل غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— ئۇلار بىزدىن بالدۇر چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى ھاشىم ئاچچىقى بىلەن، — بۇ ئەبلەخلەر پەقەتلا پېتىندىن چۈشمەيۋاتىدۇ.

چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار ھابىل، ئىمىن تاز قاتارلىق ئون نەچچە مىنىبىگنى باشلاپ ئىككى كېچە ئۇخلىماي دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بۆلۈنۈپ كىرىپ تەشۋىق ئېلىپ بارغانىدى. ئۇلار: «خىزمەت گۇرۇپپىسى بەربىر كېتىدۇ، يەنىلا سىلەر بىلەن بىز قالىمىز» دېگەندەك قورقاق سېلىشتىن باشقا: «دىنىمىز، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز ئوخشىمايدىغان بىر دىنسىزدىن بالا تاپقان كامالنى مەسىلە پاش قىلساڭ، قانۇنىي جازادىن كەچۈرۈم قىلىمىز، دەپ قورقۇتۇپ سۆزلىتىۋاتىدۇ. كامالمۇ

ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۇچۇن ياخشى ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ...» دېگەندەك ئىغۋالارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تارقاتقانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىن قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بولۇپ، دېھقانلارنى قايمۇقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئەپلىك چارىسى ھېسابلىناتتى.

— ئۇلار «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر» دېگەندەك راستلا قۇتراپتۇ، — دېدى جەۋلان، — مەن مۇشۇ كاۋاكتىن پايدىلىنىپ كېتەرمۇ؟ دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، دېگىنىمدەك بولدى.

— بۇنىڭغا بىرەر ئامال ـ چارە ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— ھاشىمكا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئالدى بىلەن كامالنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ھەل قىلمىساق بولمىغۇدەك.

— مۇمكىن بولارمۇ؟

— قانۇنىي جەھەتتىن تامامەن مۇمكىن. لېكىن، بۇ يەردە تەستەك تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ چوقۇم بىر ئامالىنى قىلىمىز.

— ھەي تاڭەي...

— ئۈمىدلىك بولۇڭ ھاشىمكا، ئۈمىدسىزگە ھايات زىندان دېگەن گەپ بار... يۈرۈڭ ئەمدى كىرىپ كېتەيلى.

ئۇلار ئىشخانىغا قايتىپ كىرگەندە، زۇلال ھەم مەتنىياز خاتىرىدىن باش كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. ئۇلار سېلىشتۇرما ئارقىلىق نەقلەشتۈرۈپ يېزىلغان ئىقتىسادىي پاكىتلارنى ئوقۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. چۈنكى، بىر نەچچە يىللاردىن بېرى شەھەردە شەخسىي ھېسابىغا سېتىلغان ياغلىق دان، بۇغداي، قوناق، قۇرۇق يەل ـ يېمىش، ئۆچكە تىۋىتى، ئوغۇت، گىلەم، تاغار، ھەتتا يوتقان ـ كۆرپە، كىگىزلەرگىچە ئېنىق يېزىلغانىدى. بولۇپمۇ ھەر قېتىم كەنت ھېسابىغا سېتىلغان بۇغداي، قوناق، ياغلىق دان، قۇرۇق يەل ـ يېمىش، كالا ـ قوي (سودا ئىدارىلىرىنىڭ گۆش ۋەزىپىسى) قاتارلىقلارنىڭ پۇل سانى مەتىسىدىق بوغالتىر تاپشۇرغان تالون، ھۆججەتلەردىكى پۇل

سانىغا يېقىنمۇ كەلمەيتتى، ھەتتا كامال تاپشۇرغان دەپتەردىكى پۇللارنىڭ تالونلىرى يوق ئىدى. قىسقىسى قۇمتامدىكى ئۈچ بۆرە دېھقانلارنىڭ ئەجىر - مېھنەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالغانىدى.

— پاھ، ئۇلاردىكى يۈرەك ئەمەس، ئاتنىڭ كاللىسىمۇ نېمە، — دېدى مەتنىياز كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ھېلىمۇ ياخشى قۇمتاملىقلار خۇرجۇن كۆتۈرۈپ قەلەندەر بولۇپ چىقىپ كەتمەپتىمىز.

— ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ قاقشىغىنى بىكار ئەمەسكەن - دە، — زۇلال خاتىرىنى كۆرسەتتى، — قاراڭلار بۇلارنىڭ نەپسىنىڭ يامانلىقىنى، نەچچە يىللاردىن بېرى قۇمتامغا تەقسىم قىلىنغان ئاق ئوغۇتنى ئۈچ ئادەم بۆلۈشۈپ سېتىپ خەجلەپتۇ ئەمەسمۇ.

— تېخى ھاشىمكام شۈجىلىقتىن قالغان يىلىدىكى نۇرغۇن ئىشلار خاتىرىلەنمەپتۇ، — دېدى جەۋلان، — بۇنى شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەردىن ئېنىقلاش كېرەك. مەتنىياز، سىز ئىگەمبەردىنى دەرھال چاقىرىپ كېلىڭ، ھاشىمكام ئىككىمىز ئۇلار ئۈچى بىلەن سۆھبەتلەشمەكچىمىز.

— قۇمتامغا ھەر يىلى تەقسىم قىلىنغان ئاق ئوغۇتنى، — دېدى ھاشىم مەتنىياز چىقىپ كېتىشى بىلەن - يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئېنىقلىساق ھەممىسى ئاشكارا بولىدۇ.

— بۇ توغرۇلۇق مەن بىر نەرسە يېزىپ قويغان، — جەۋلان بىر پارچە تىزىملىكنى زۇلالغا بەردى، — مەتنىياز ئىككىڭلار مۇشۇ تىزىملىكتىكى ئادەملەردىن كوللېكتىپ باغ، ئورمان، پىچانلىقلارغا يىلدا نەچچە قېتىم، ھەر قېتىمدا قانچە خالتىدىن ئاق ئوغۇت چاچتى، ئېنىقلاپ چىقىڭلار.

— ئەگەر چاۋار، ئىگەمبەردىلەر ئوغۇت چاچقانلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىۋەتكەن بولسىچۇ؟

— ئۇنداقتا يىللاردىن بېرى ئۇلارنىڭ شەھەردە ساتقان ئوغۇتلىرى ئاسماندىن چۈشۈپتىمۇ؟ ئۇلار راست گەپ قىلمىسا ئۆزلىرى زىيان تارتىدۇ.

— جەۋلان، يەنە بىر ئىش، — دېدى ھاشىم، — ھەر يىلى قۇتقۇزۇش ئائىلىلىرىنىڭ قولىغا زادى قانچىلىك بىر نېمە تەگدى؟ بۇنىمۇ تەكشۈرۈپ كۆرسەك.

— ھاشىمكا، بۇ ئىشلارنى ئۆزىڭىز ئورۇنلاشتۇرۇڭ. لېكىن، ئاشلىق مەسىلىسىگە تەگمەڭلار، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ مەسىلە. ئۇلارنى مەن ئايرىم چاقىرىپ، چېتىلىپ قالغان تەرەپلىرى، بېسىم بىلەن ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك، قورقۇشتىن سادىر قىلغان خاتالىقلىرى... قىسقىسى يۈز بەرگەن ئىدىيەۋى بوپىلىرىغا قارىتا تەربىيە بېرىپ باقاي.

— ئۇلارنى يەنىلا ئىتتىپاقلىشىشقا تېگىشلىك كۈچلەر، دەپ ئاياپدىكەنسىز - دە؟ — دېدى زۇلال كۈلۈپ قويۇپ، — سىزمۇ چاۋاردەك ھېيلىگەركەنسىز.

ئۇلار كۈلۈشۈپ تۇرۇشى مەتنىياز ئىگەمبەردىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. زۇلال جەۋلاننىڭ كۆزىگە قاراپلا مەتنىيازنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئىگەمبەردىنىڭ چىرايى تاتىرىپ قالغان بولۇپ، سەل قورقۇپ تۇرغانلىقى كۆزلىرىنىڭ غىل - پالىلىشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. جەۋلان ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ئىگەمبەردى ئولتۇرغاندىن كېيىن ھاشىم بىلەن جەۋلانغا تىكىلىپ قارىيالمىدى.

ئىگەمبەردى بىلەن بۇ ئۇچىنچى قېتىملىق سۆھبەت ئىدى. ئۇ بۇ چاغقىچە ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش ئىستىلى جەھەتتىكى خاتالىقلىرىغا ئىقرار بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەكمۇ قاتتىقلىق بىلەن رەت قىلىپ كەلدى. ھەتتا لەيلىنى يامان چاڭگالدا ئېزىقتۇرۇش، كامالنى پاشىلىقتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشتەك

جىنايى قىلمىشلارنى ئاڭلىغاندا چىچاڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ جەۋلان بىر - ئىككى قېتىم كېچىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سەممىي پاراڭلاشتى. ئۇ يەنىلا جاھىللىق قىلىۋىدى، جەۋلانمۇ يۈز - خاتىر قىلماي، ئۇنىڭ بەزى ئوغرىلىق، خىيانەت، باشقىلارغا يالا چاپلاپ جازالاشتەك خاتالىقلىرىنى ئېچىۋەتتى. ئىگەمبەردى ھەرقانچە قىلىپمۇ جەۋلانغا تەڭ كېلەلمىدى. بولۇپمۇ ھېلىقى كېچە جەۋلاننىڭ: «ئىگەمبەردىكا، مەندىن قوسۇر ئىزدەپ كېچىلەردە تولا تىمىسقىلاپ يۈرمىسىلە، ئەمما ئىككىمىز تۇتۇشۇپ قالساق سىلىگە ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ...» دېگەن سۆزىدىن كېيىن ئۇ بىردىنىلا ھورىدىن چۈشۈپ ياۋاشلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن خاتالىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا يەنىلا جاھىللىق قىلىۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ جەۋلان پارتىيىنىڭ ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، جاھىللىق قىلغۇچىلارغا قاتتىق بولۇش دېگەن سىياسىتىنى، شۇنداقلا خاتالىق ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن پوزىتسىيە ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈردى. ئەمما، ئىگەمبەردى بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ پەس ئاۋازدا غۇدۇڭشىدى:

— ماڭغان پۇتقا توپا يۇقىدۇ. خىزمەت قىلغان ئىكەنمىز، ئۇنداق - مۇنداق سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ - دە.

— سەۋەنلىك؟ — جەۋلان ئىگەمبەردىگە مىختەك قادالدى، — مېنىڭ دەۋاتقىنىم چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش، خىيانەت قىلىش قاتارلىق خاتالىقلار، ھەتتا جىنايى قىلمىش!

ھاشىم ئاچچىقىدا چېچىلىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— سىلىنىڭ ھازىرغىچە يېزىپ تاپشۇرغانلىرى تۇرمۇشتىكى ئۇنداق - مۇنداق كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلەر، قولىمىزدىكى پاكىت - ئىسپاتلارغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ.

— كۆپنىڭ خىزمىتىنى قىلغانىكەنمىز، — ئىگەمبەردى

بىردەم تۇرۇۋالدى، ــ دېھقانلارنى تىللاپ سېلىش، بەزىدە بىر-ئەر شاپىلاق ئۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرىدىكەنمىز، ئەمما مەندە خاتالىق ھەم جىنايەت نېمىش قىلىسۇن؟

ــ ئىگەمبەردى، تولا جاھىللىق قىلما، ــ جەۋلان ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتتى ـ دە، قولىدىكى خاتىرىنى ئۇستەلگە تاشلىدى، ــ مانا بۇنىڭدا ھەممىسى ئاي، كۆنلىرى بىلەن يېزىلغان.

ئىگەمبەردى خاتىرىگە بويۇنداپ قاراپ، مەنسىتمىگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

ــ سىلى ناھىيىدىن كەلگەن كادىر تۇرۇقلۇق، بىر قىزنى قانۇنسىز خوتۇن قىلىپ بالا تاپقان كامالنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، كادىرلارغا ئۇۋال قىلسىلا بولامدۇ؟

ــ ئۇۋال قىلىش؟! ــ جەۋلان ئۇستەلگە ئۇردى، ــ كامال بىلەن لەيلىغۇ ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ قاپتۇ، بۇنى قانۇن توغرا بىر تەرەپ قىلىدۇ، لېكىن كىچىككىنە بىر قىزغا باسقۇنچىلىق قىلىش نىيىتىدە زورلۇق ئىشلىتىش بۇ جىنايەت ئەمەسما؟

ــ بۇ... بۇ تۆھمەت! ــ ئىگەمبەردى بېشىنى كۆتۈردى، ــ بۇ دېگەن كادىرلاردىن ئۆچ ئېلىش، مەن ئۇلارغا قىزىل قەغەز ئېلىش ئۈچۈن تونۇشتۇرۇپ قىلىپ بەرمىگەنلىكىم ئۈچۈن كامال مەندىن ئۆچ ئالغان گەپ.

ــ ئەمىسە كامال بىلەن لەيلىنى «مال ئېغىلىغا ئوت قويدى» دەپ سىلىمۇ تۆھمەت قىپتىلىمىدە؟

ــ بۇ... بۇنىڭغا تۆت مىنىبىك گۇۋاھ تۇرسا.

ــ مانا، گۇۋاھچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىق ئىسپاتى! ــ ھاشىم قىزىل سۇرۇختا بارماق باسقان بىرمۇنچە ئىسپاتلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، ــ تېخى نەق مەيداندىكى دېھقانلارنىڭمۇ گۇۋاھلىقى بار.

ئىگەمبەردى ئۇستەلدە يېيىلىپ تۇرغان ئىسپاتلارغا قاراپ

ئېغىر پۇشۇلداپ جىمىپ قالدى. بىراق، جەۋلانىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قىلغان ئاخىرقى سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋەتتى:

— كەنت باشلىقى، سىلىنىڭ خاتالىقلىرى ئېغىر جىنايەت شەكىللەندۇرگەن. مەن سىلىنى مەجبۇرلىمايمەن. چۈنكى، ئۆز تەقدىرلىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيلا... ئەمما ئۇششاق باللىرىنى ئويلىسىلا... مەڭگۈ جاھىللىق قىلىسىلىمۇ، پاكىت ـ پاكىت بويىچە قالىۋېرىدۇ...

ئىگەمبەردى چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلىدا كېتىۋېتىپ تۈز يەردىمۇ پۈتلىشىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئوچۇق دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان جەۋلان بىلەن ھاشىم مىيىقىدا كۈلۈپ، باش چايقىدى. ئۇلار بۇ قېتىم ئىگەمبەردىنىڭ ئوبدانلا چۆچۈگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. سوراق جەريانىدىمۇ ئۇنىڭ چىرايى دەممۇدەم ئۆزگىرىپ قول ـ پۇتلىرى توختىماي تىترەپ تۇردى. ھاشىم ئۇنىڭ بۇرۇن تۇرمۇش مەسىلىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتە پاكلىقى، خىزمەتتە تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا مەتسىدىقنىڭمۇ ھاراملىقنى بىلمەيدىغان، كوللېكتىپقا كۆيۈنىدىغان كادىرلىقىنى ماختاپ سۆزلەپ بەردى. بىراق، ھەر ئىككىسىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا چاۋارنىڭ دامىغا چۈشۈپ بارغانسېرى پاتقاققا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ خېلىلا قايناپ قالدى. چاۋارنىڭ ئىسمىنى ئېغىزغا ئېلىش بىلەن كەيپى ئۆرلەپ ئۆزىنى بېسىۋالالمىغان ھاشىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان جەۋلاننى يەنە بىر قېتىم «چاۋار دېگەن بۇ چايان زادى قانداق ئادەم؟!» دېگەن سوئال غەزەپلىك ئويغا سالدى.

جەۋلان بىلەن ھاشىم پىلان بويىچە چاۋاردىن مەسىلە ئېنىقلاش ئۈچۈن خاتىرە دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قىسقىلا پىكىر بىرلىككە كېلىۋالغاندىن كېيىن ئىشخانىسىدىن چىقىشتى. ئۇلار كىچىك ئەگۈن ئارقىلىق يان قورۇغا كىرىپ،

## ئەكىلماكان ئوغلى (2)

كۆتۈرۈپ سىلىنغان ئامبارغا قەدەم ئېلىشتى. ئامبار ئالدىدىكى پاكار، لېكىن ئۇزۇن بىر يۇرۇش گىلەم كارخانىسىدىن «گۈپ، گۈپ، گۈپ...» قىلىپ ئۇرۇلغان پەنجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئامبارغا كىرىشى بىلەن بۇرنىغا گۈپپىدە ئاشلىق ھىدى ئۇرۇلدى. تورۇسى خېلىلا ئېگىز ئامبار كارىدورىغا قاتىرىسىغا قويۇلغان تولىمۇ يوغان ئۈچ دانە كاجۇ[1] ساندۇقنىڭ ھەربىرىدە بۇغداي، قوناق، ئارپا ئۇنلىرى قاچىلانغان بولۇپ، ماي تۇڭلىرى ئۇستىدە ئۈچ سەرلىك، بەش سەرلىك كەمچەنلەر تۇراتتى. تورۇسنىڭ لىمىدىن ئېسىلىپ تۇرغان ئاسما تارازا يۇمشاق، يىرىك ئۇنلارنى تاتىسۆرگەچكىمۇ كۆز چاقىدەك پارقىرايتتى. كارىدورنىڭ سول تەرىپىدە قارا قۇلۇپ سېلىنغان قوش قاناتلىق ئىشىك يىرىك ئاشلىق ئامبىرى ئىدى. كاجۇ ساندۇقلارنىڭ ئارقىسىدىكى كىگىز سېلىنغان كاتتا يانتۇ يېتىپ كونا گېزىتنى كۆرۈۋاتقان چاۋار جەۋلان بىلەن ھاشىمنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەنىستىمەسلىك، كۆڭۈل قارىلىق، زەھەرخەندىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا «كېلىشسىپتىلا» دەپ قويدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى يوغانچىلىق، تۇرقىدىكى مەنمەنلىكتىن گەجگىسى قورۇغان جەۋلان قوپاللىق بىلەن بۇيرۇق قىلدى:

— قۇلۇپنى ئاچ، ئامبارنى كۆزدىن كەچۈرىمىز.

جەۋلاننىڭ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك سەنلەپلا چۈشۈشى چاۋارنى بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈردى. ئۇ تامدىكى ياغاچ قوزۇقتا ساڭگىلاپ تۇرغان ئاچقۇچنى ئېلىپ قارا قۇلۇپقا سالدى. لېكىن ئۇنىڭ قولىنىڭ سۇس تىترىگەنلىكى جەۋلان بىلەن ھاشىمنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. چاۋارنىڭ بۇ ھالىتى قورقۇشقا قارىغاندا زەھەردەك ئاچچىقتىن بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

يىرىك ئاشلىق ئامبىرى ئادەمگە بىر خىل سوغۇق تەسىر

① كاجۇ — ئاشلىق قاچىلايدىغان چوڭ ساندۇق.

بېرەتتى. بۇ بەلكىم ئېگىز بېسىلغان ئاشلىقلارنىڭ تىنچىقىپ كۆكىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئامبارنىڭ ئاستىدا شامال ئۆتۈشمە يوللىرى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. يېرىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن كارىدور بويلاپ بىر قانچىلىغان بۆلۈنمە «ساڭ»لار بولۇپ، ھەربىرىگە قوناق، بۇغداي، ئارپا، ياغلىق دان، ماش قاتارلىق ئاشلىق بېسىلغان ئىدى. ئاشلىقنى چاشقان، سېرىق قۇيرۇق، لەگمەنتاختاقلارنىڭ توشۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ساڭلارنىڭ ئاستى - ئۈستىگە، ھەتتا تاملارغا زىچ قېقىلغان قېلىن تاختايلار سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، سىلىق ھەم پارقىراپ تۇراتتى.

جەۋلان ئالدى بىلەن بۇغداينى، ئاندىن قوناقنى قولىدا سوزۇپ پۇۋلىشى بىلەن توپا ۋە قوقان پۇررىدە ئۇچۇپ چىقتى. ھاشىممۇ سوزۇپ بېقىپ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. چاۋار دىمىققاندەك بولۇپ كۆزلىرى ئالايدى:

— تەكشۈرۈپ كۆرۈشۈمچە، — دېدى جەۋلان قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەترەتلەر قوناق، بۇغداي، ئارپىنى قۇرۇتۇپ ھەم سوزۇپ ئۆتكۈزىدىكەن، سىلەرمۇ قۇرۇق، پاكىز قىلمىغۇچە قوبۇل قىلمايدىكەنسىلەر.

— شۇنداق، — چاۋار بېشىنى گىلدىڭلاتتى.

— ئاشلىق ھۆل ياكى ياخشى قۇرۇمىسا ئامباردا نەمدىشىپ كۆكىرىپ بۇزۇلىدۇ. پاكىزلىمىغاندا ئاشلىقتىكى توپا تارازا بېسىپ كېتىدۇ، شۇنداققۇ؟

چاۋار ھاشىمنىڭ سۆزىگە پىسەنتمۇ قىلمىغان بولاتتى، ئەمما جەۋلاننىڭ تىكەندەك قادىلىپ تۇرۇشىدىن ئەندىكىپ «ھىم...» دەپ دىمىغىدا زەردە بىلەن خىڭىلداپ قويدى. ئۇلار «پىششىق» ئاش ئامبىرىدىكى چاۋارنىڭ دۇكىنىغا قايتىپ چىقىپ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. چاۋار ئوغرىلىقچە جەۋلان ھەم ھاشىمغا ئالىيىپ قويدى. جەۋلان تامدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويغان چوڭ دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرۈشى بىلەن

چاۋارنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆگۈپ، تاتىرىشى جەۋلاننى گۇمانغا سېلىپ قويدى. شۇڭا، دەرھاللا سورىدى:

— بۇ دېھقانلارنىڭ ئايلىق نورما ئاشلىق ئېلىش خاتىرىلەش دەپتىرىكەن ـ دە؟

— خوش.

— چاۋاراخۇن، — دېدى ھاشىم جەۋلاننىڭ ئىشارىتىدىن كېيىن، — سىلى بۇلتۇر يازلىق يىغىم ـ تېرىمدىن بۇ يىل سەككىزىنچى ئايغىچە شەھەردە قانچە قېتىم ئاشلىق ساتتىڭلار؟

چاۋار شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ھاشىمغا گۆلەيدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا «گەپ قىلمامسەن؟» دېگەندەك ئۆزىگە كۆزىنى تىكىپ تۇرغان جەۋلاننى كۆرۈپ ئېغىر پۇشاڭشىدى:

— ئۇ... ئۇچ قېتىمغۇ دەيمەن.

— ئۇچ قېتىم؟ — جەۋلاننىڭ قاپقارا قاشلىرى مىژژىدە يىغىلدى، — چاۋاراخۇن، قولىمىزدا ئىسپات بولمىسا بۇنچىلىك زىغىرلاپ كەتمەيتتۇق. سەن بىز بىلەن تولا مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىما. قېنى دەپ باقىنا، زادى قانچە قېتىم؟ قانچىلىك ئاشلىق ساتتىڭ؟

— بەلكىم، — چاۋار بىر ھۆرپىيىپ جىمىقتى، — تۆت ـ بەش قېتىمدۇ. ساتسام ئۆزۈمنىڭ ئېشىنغان ئاشلىقىم.

— سېنىڭ قانچىلىك قالدۇرۇق يېرىڭ بار؟

— تۆت پۇڭ.

— بۇ تۆت پۇڭ يەر، — جەۋلاننىڭ پوزىتسىيىسىدىن جانلانغان ھاشىم قورقمايلا ۋارقىرىدى، — بىر يازدا ئون قېتىم ھوسۇل بەرگەن تەقدىردىمۇ، بىر يىل ئىچىدە 11 قېتىم ئاشلىق ساتالامسىلە؟ تېخى ھەر قېتىمدا ھارۋىغا 15 ~ 20 چارەك ئاش بېسىپ بەردىڭلار.

— ئۇ ئاشلىقلار، — غەزىپى تاشقان جەۋلان سۆلكەت قىلىپ

ئولتۇرمىدى، — ئاسماندىن چۈشكەنمۇ ياكى مۇشۇ ساڭدىن ئوغرىلانغان؟

چاۋارنىڭ سىمىز يۈزى ھۆپپىدە ئىسسىلىپ ھايال ئۆتمەي قارىداپ كەتتى. ئاچچىقىدا كالپۇكلىرى تىترەپ، زاڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغان ھالدا كېكەچلەپ كەتتى:

— س... سىلى پارتىيىنىڭ كادىرى تۇرۇپ، كامالدەك قانۇننى دەپسەندە قىلغان، نىكاھسىز بالا تاپقان بىر زىناخورنىڭ ماۋۇنىڭغا ئوخشاش، — چاۋار ھاشىمغا قولىنى جۆنىدى، — ھۆكۈمەت جازالىغان بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ سىنىپىي ئۆچ ئېلىشىغا يول ئېچىپ بەرسىلە توغرا بولامدا؟

— كامال ۋە ھاشىم ماڭا بەش قولدەك ئايان! — جەۋلان ئۆزىنى بېسىۋالغانىدى، — لېكىن بىلمىگەن بولساڭ بىلىۋال، ھاشىمكامنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومدىن يېزىلىق پارتكومغىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دېگەن نامى ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. پارتىيە قانداقتۇر سۇيىقەستچىلەرنىڭ تۆھمىتىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ... ئەڭ ياخشىسى، ھوشۇڭنى تېپىپ مەسىلىلىرىڭنى داۋاملىق، تولۇق تاپشۇر... مەن سېنىڭ سەممىيىتىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي! ئىككىمىزنىڭ گېپى، ئويلىغانلىرى بىر يەردىن چىقامدۇ، يوق؟

— مەن... مەن ئىككى قېتىم ئاغزاكى، بىر قېتىم يېزىپ تاپشۇردۇم... ئەمدى...

— ئەمدى تۈگىدى دېمەكچىمۇ سەن؟ — جەۋلان تۇيۇقسىزلا قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىۋەتتى، — ھەي چاۋار! بىر قانچە قېتىم سىلىق - سىپايە سۆزلەشكەنلىرىم ساڭا سوغۇق كەپتۇ! چېكىدىن ئاشقان قەبىھ جىنايەتلىرىڭ بولسىمۇ، چىقىش يولى قالدۇرۇپ، ئۆزۈڭنىڭ تاپشۇرۇشىنى كۈتۈپ كەلدۇق. ئەمما، ھوشۇڭنى تاپمىدىڭ! ئاددىيسى، ئاسماندىن قىر دەريا سايلىقىغا چۈشكەن

ئىككى تونىنا ئاشلىقتىنمۇ خەۋىرىڭ يوقمۇ دەيمەن؟ ئۇنى يۆتكىگەن خوجايىن ئىككى ئات، بىر هارۋىنىڭ پۇلى ئۈچۈن پوتلىسىنى تارتالماي قالدى!

جەۋلان چاۋارغا، چاۋار جەۋلانغا بىر هازا تىكىلىپ قېلىشتى. چاۋارنىڭ تەلەتى سۇپسۇر تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، يۈرىكىنىڭ ئۇرۇشىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ جەۋلان بىلەن هاشىمنىڭ قاچانلاردا چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي ئامبار ئوتتۇرىسىدا ئەگرى قوزۇقتەك دۈمچىيىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىچىدە قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

— ئۇ چاغدا بۇ تۈكباش قۇمتامغا تېخى شۇمبۇيىدەك ئۈنمىگەن تۇرسا، نەدىن بىلىدىغاندۇ؟ — چاۋارنىڭ قاپقارا كالپۇكلىرى مىتىلدىدى، — ئاشلىق ۋە ئات، هارۋىلارنى بۇلاش قۇمچاقارلىقلارنىڭ ئويۇنىمۇ ياكى قۇمتام دىۋانىلىرىنىڭ ئىشىمۇ؟ ئەگەر جەۋلان قۇمچاقاردىن ئاڭلاپ كەلگەن بولسا، خاس خادىم نەسرۇللانىڭ ئىشى چاتاق! ئۇنىڭغا ئۇششۇك تەگسە بالا ــ قازانىڭ ئەڭ چوڭى چىقىدۇ، كۆزگە ئىلمىغان تارىشا قاڭشارنى يارىدۇ، دەپ جەۋلان دېگەن بۇ كۈچۈك كارنايدىن ئالامدۇ، نېمە؟

چاۋار ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ، نەسرۇللادىن ۋايىسىم يەپ، جەۋلاننى غايىۋانىسىگە تىللاپ تۇرغىنىدا، ياندىكى بۇغالتىرىيە بۆلۈمىدىن مەتسىدىقنىڭ ئەسەبىيلەرچە توۋلىغىنىنى ئاڭلاندى. ئۇ ئۈستەلدىكى تالونلارغا قولىنى شىلتىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى:

— بۇ تالونلارنىڭ هەممىسى راست، بۇلارنى ئۆزگەرتكەنلىكىمگە نېمە ئىسپاتىڭلار بار؟

— نېمانچە سەكرەيسەن؟ — دېدى جەۋلان، — كېيىنچە كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالما يەنە.

— جېنىم باشلىق، كامال بۇزۇق ئۇنسۇر مەندىن ئۆچ ئاپتۇ، — مەتسىدىق ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — ئۇ نەچچە قېتىم ئانىسىنى





داۋالىتىش ئۈچۈن پۇل سورىغاندا مەن بەرمىگەن. ئەنە شۇنداق قانۇننى، تەشكىلنى، ھۆكۈمەتنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىر بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئادەمگە ئۇۋال قىلىسىلا بولامدۇ؟

— بولدى ۋارقىرىما، — جەۋلانىنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى، — تالونلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك رەقەملىرى ئۆزگەرتىلگەن. مەن سېنىڭ ئۇيقۇڭنى ئېچىپ قوياي. بۇلتۇر 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىگە ئۆتكۈزگەن قورۇق يەل ـ يېمىشنىڭ ئەسلىي پۇلى بىر مىڭ يەتتە يۈز سوم. لېكىن سېنىڭ تالونىڭدا يەتتە يۈز سوم تۇرىدۇ. ئالدىدىكى بىرنى نەگە يوقاتتىڭ؟ بىرنى ئۆچۈرگەن ئىكەنسەن، خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلغان «بىر مىڭ يەتتە يۈز سوم» دېگەن خەتنىمۇ ئۆچۈرسەڭ بولماسمىدى. نېمانداق دۆت نېمىسەن.

مەتسىدىق خۇددى كاتەك ئىچىدە تۇتۇلۇپ قالغان توخۇ ئوغرىسىدەك ئاغزى ئېچىلىپ، چەكچىيىپلا قالدى. ئۇ نېمەدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي ھاڭقىيىپ تۇرغاچقا ھاشىمنىڭ ئۇستىلەپ سورىغان سوئالىنى پەقەتلا ئاڭقىرالمىدى. شۇڭا، مەتسىدىق ياندۇرۇپ ھاشىمدىن سورىدى:

— نې... نېمە دېدىلە؟

— تالون نەچچە بىرلەشمە بولىدۇ، دەپ سوراۋاتىمەن.

— ئۆ... ئۈچ بىرلەشمە.

— بۇنىغۇ بىلىدىكەنسەن، — دېدى جەۋلان زەردە بىلەن، — ئەمىسە ناھىيىدىكى ئاشلىق ئىدارىسى، ئۇرۇقچىلىق پونكىت، سودا كوپىراتىپى، ماي زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتلىرىدىكى تالونلارنى ئەكېلىپ كۆرسەتسەك ئىقرار بولامسەن؟ تېخى يىللاردىن بېرى سېتىلغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ تالونى يوق، سەن ئۇنى يوقىتىۋەتكىنىڭ بىلەن باشقا ئورۇنلاردىكىسى بار ـ دە! بۇگۈندىن تارتىپ ياۋاشلىق بىلەن مەسىلەڭنى يېزىپ تاپشۇر. ھېلىگەرلىك قىلىمەن دېسەڭ ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن.

جەۋلان بىلەن هاشىم بوغالتىر ئىشخانىسىدىن چىچىلغان هالدا چىقىپ كەتتى. ئۇلار كىچىك ئەگۈن ئارقىلىق كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىغا يېتىپ كىردى. هەر ئىككىلىسىنىڭلا چىرايىدىن خىلىلا خاپا بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى، چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، كامالدىن ئىبارەت ساپاقنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ زادىلا قويىرۇق تۇتقۇزمىدى. ئۇلارچە بولغاندا، كۈرەش ئوبيېكتلىرى ئۆزلىرى ئەمەس، بەلكى جەۋلان، هاشىم، كاماللاردەك، يوغانچىلىق بىلەن قورقاق سالدى، تەپتارتماي «بىزدە خاتالىق، جىنايەت نېمە ئىش قىلىسۇن؟»، «قانۇننى كۆزگە ئىلمىغان بۇزۇق»، «كادىرلاردىن ئۆچ ئالدى»، «پارتىيىسىنىڭ كادىرى تۇرۇقلۇق بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ سىنىپىي ئۆچ ئېلىشىغا يول ئېچىپ بەردى» دېيىش ئارقىلىق كەنت ئاكتىپلىرىغا، جەۋلانغا جەڭ ئېلان قىلدى. بۇ تەتۈر ئېقىم تاسادىپىي بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەندە تۇرۇشلۇق خوجايىنلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— جەۋلان، هېس قىلدىڭىزمىكىن، — دېدى هاشىم ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ئۇلار پېتىدىن چۈشمەي تۇرۇۋاتىدۇ. خىيالىدا «تاش چىشلەپ تۇرۇۋالساق هېچنېمە قىلالمايدۇ» دەيدىغان ئوخشايدۇ.

— مېنىڭچە ئۇلار ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىكى كېرىم بىلەن يېزىلىق هۆكۈمەتتىكى خاس خادىم نەسرۇللاغا ئىشىنىپ يوغانچىلىق قىلىۋاتسا كېرەك.

— مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز.

— مەن ئۇلارنى شۇنداق ئەپلەيكى، — جەۋلان بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالدى، — بېشى ئۈزۈلگەن يىلاندەك تولغىنىپ كەتسۇن.

جەۋلان هاشىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ گېپىنى دەپ بولغۇچە

ئۆزى كۈلۈپ سالدى. لېكىن، سەل ئەندىكىپ قالغان ھاشىم قورقۇپقىنا سورىدى:

— بۇ ئۇسۇلىڭىز بولامدۇ؟

— قورقمىسىلا، «بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەن گەپمۇ بارغۇ. ئەگەر سىلىلا ماڭا ماسلىشىپ بەرسىلە، قالغىنىنى ئۆزۈم جۆندەيمەن.

— ئەگەر، — دېدى ھاشىم خىيال بىلەن، — چاۋارنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرگىلى بولسا، قالغانلىرى قۇيرۇقىنى قىساتتى.

— ئۇنى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك قىلىۋېتىدىغان بىرلا ئۇسۇل بار، — جەۋلان نېمىنىدۇر ئەسكە ئالدى، — مەن ئاشلىق ئامباردىكى دېھقانلارغا نورما ئاشلىق تارقىتىش دەپتىرىنى ئەپكەلگەندىن كېيىن بىلىپ قالدىلا.

— ئۇنداقتا، بايىقى پىلانىڭىز بويىچە يىغىن سائەت تۆتتە ئېچىلامدۇ؟

— جەزمەن.

ھاشىم جەۋلاننىڭ سائەت تۆتتىكى يىغىنىدا ئوينىماقچى بولغان ئويۇنىنى ئويلاپ ئاچچىقىنا كۈلۈپ قويدى. بۇنىڭدىن جەۋلاننىڭ چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارغا خېلىلا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ: بىردەملىك ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش، بىردەملىك قورقۇتۇش، ھەيۋە كۆرسىتىش ئارقىلىق ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇشلارنىڭ قانچىلىك ئۈنۈمى بولار؟ دېگەن خىيال ھاشىمنى ئويغا سېلىپ قويغانىدى. بىر تەرەپتىن كۆڭلىدە: «ئوقۇغان ئادەم ئۆزى بىلەر» دەپ ئاقلىسىمۇ، يەنىلا «ياشلىق، قان قىزىقلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ بىلەتتى.

چىگىش خىياللار يېپىغا چىرمىلىپ قالغان ھاشىم ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىق ھەم ئەترەت كادىرلىرى،

ئاكتىپلىرىغا خەۋەر قىلىش ئۇچۇن ئورنىدىن تۇردى. جەۋلان ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ، چوڭ ئىشخانا ئىچىدىكى ياتىقىغا كىردى. ئۇ ۋاڭ يۇڭ ئوقۇغۇچىسى كەتكەندىن كېيىن ئەيسايۇپنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىشلەۋاتاتتى. جەۋلان تېلېفوننىڭ قولىقىنى تولغاپ قۇمچاقاردىكى باش ئاپپارات ئارقىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىبات ئىشخانىسىنى ئالدى. كاتىپ ئوبۇلھەسەن ھايال ئۆتمەيلا ئەيسايۇپنى چاقىرىپ قويدى. ئۇ ھازىر قۇمچاقار، ئەلئابادلاردىكى «چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. جەۋلان تېلېفوندا مەقسىتىنى سۆزلەپ بولۇشى ئەيسايۇپ ئاچچىقلاپ، «بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟» دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن جەۋلان دېگىنىدە چىڭ تۇرۇۋالدى:

— ئەيسايۇپكا، «يۇرىكىڭ مەن» دېگەن گېپىڭىز يادىڭىزدىمۇ؟ ئەمدى نېمىگە ئىنجىقلايسىز؟ ماڭا ماسلىشىپ بەرسىڭىزلا بولدى. ۋاي — ۋۇي، زىغىرلاپ سوراۋېرەمسىز؟ ئىنقىلابىي خىزمەتكە پايدىلىق ئىش؟ ماقۇل، رەھمەت، ئۇنتۇپ قالماڭە؟ تېلېفوننى سائەت تۆت يېرىم ئەتراپىدا ئۇرۇڭ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىغا ھاشىم، زۇلال، مەتنىياز، كېرىمۇللا، يار بەختى، ئايشەم، كامالەت قاتارلىق ئەترەت كادىرلىرى ۋە يېزا ئاكتىپلىرى بولۇپ ئون بەشتەك ئادەم يىغىلدى. ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلار ئالدىدىكى ئورۇندۇقلاردىن ئورۇن ئالغانىدى. چاۋار پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قەلەمتىراچتا تىرنىقىنى ئېلىپ، ئېتىكىگە چۈشكەن تىرناقلارنى بەخىرامان پۈۋلەپ قويۇۋاتاتتى. مەتسىدىق بارمىقىنى بۇرنىغا تىقىپ ھەدەپ كوچىلايتتى. ئۇلار جەۋلاننىڭ ئوقۇۋاتقان ماتېرىيالىنى زېرىككەندەك ئەلپازدا ئاڭلاۋاتاتتى. بىردىنلا مەجلىسخانىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ياتاقتىن تېلېفون ئۇزمەي سىگنال بېرىپ ھەممىسىنى دىققىتىنى چېچىۋەتتى. جەۋلان بىزار بولغان

قىياپەتتە ھاشىمغا قارىدى:

— ھاشىمكا، تېلېفوننى ئېلىڭا، ھەرقانچە جىددىي ئىش بولسىمۇ كېيىن بەرسۇن، يىغىن ئېچىۋاتىمىز دەڭ.

ھاشىم جەۋلاننىڭ ياتىقىغا كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى.

— ئابلىز ھاكىمكەن، ناھىيىدىن بېرىپتۇ.

ھاشىم پەس ئاۋازدا دېگەن بولسىمۇ، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى. جەۋلان ياتىقىغا مېڭىشى ئۇلارنىڭ باشلىرى بىردەك ئۇنىڭغا بۇرالدى. بولۇپمۇ ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك، سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. ياتاقنىڭ ئىشىكى ۋە ئىشخانا ئىچىگە قارىغان چوڭ دېرىزىسى بولغاچقا، جەۋلاننىڭ ئادەتتىكى پەس ئاۋازىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى:

— ۋەي، ئابلىز ھاكىمما؟ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تېخى تۈنۈگۈنلا تېلېفون بەرگەن ئىدىڭىز، نېمە، يەنە شۇ ئىشمىدى؟ ھاكىم، مېنىڭ ئەنزە ئىشلەيدىغان، ئەرزىيەت ئىشلىرىنى تەكشۈرىدىغان يەردە ئىشلىگۈم بولسا، جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىدە قالغان بولاتتىم. ئۆتكەندە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن لى شۇجى ئىككىسى مېنى «سىياسىي قانۇندا ئوقۇپسەن، ساقچى ئىدارىسىدە ياكى سوت مەھكىمىسىدە ئىشلىسەڭمۇ بولىدۇ» دېگەندە مەن رەت قىلغان ئىدىم. شۇڭا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدا ئىشلىگۈم يوق، ئاڭلىسام ئۇ يەردە گومىنداڭ ۋاقتىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن قارا قورساق، ساۋاتسىز، ساپاسىنىڭ تايىنى يوق كېرەم دەيدىغان بىر بيۇروكرات كادىر بارمىش... نېمە، يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىگە ئاددىي كادىر قىلىپ يۆتكىۋېتىدىغان بولدۇق؟ يا، ياق، ئۇنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغۇم يوق! نېمە دېدىڭىز، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن ئىنتىزام

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ بىرىنى تاللايمەنما؟ ئەمىسە قۇمتامدىكى ئىشلار ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل بولمىغۇچە ناھىيىگە قايتمايمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، ئاساسلىق پاكىتلارنى ئىگىلەپ بولدۇم، ئابلىز ھاكىم، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، مۈشۈك چىشىدا تۇتۇۋالغان چاشقاننى ئوينىماپ، قىيناپ، ئىچ پۇشۇقى چىققاندا يەۋېتىدىكەن، مۈشۈكچىلىك روھ بولمىغان ئەرنى ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ شۇڭا، كونىلار قەھرىسىز ئەر ئەر ئەمەس! دېگەنىكەن. يا... ياق، ھازىرچە ۋەدە بېرەلمەيمەن، كېيىنچە بىر گەپ بولسۇن... خەير ئابلىز ھاكىم، يىغىن ئېچىۋاتاتتۇق، رەنجىمەڭ...

جەۋلان بىر پەردە ئويۇن ئويناۋەتتى: «جەۋلان بۇ ئويۇننى ئۆزى ئۇچۇن ئوينىدى، ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولدى» دېگۈچىلەر ئۇزۇنغا چىقسۇن! ئۇ بۇ چاغقىچە سىرتتىكى تەتۈر تەشۋىقاتلار تۈپەيلىدىن «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» كۈرىشىگە، ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي كېلىۋاتقان ئەترەت كادىرلىرى ۋە بىر قىسىم ئاكتىپلارغا ئىشەنچ، غۇرۇر، ئىرادە ئاتا قىلىش ئۇچۇن بولسا، نوغۇچ يۇتۇۋالغاندەك گىدىيىپ يۈرگەن ئۇچ زوراۋاننىڭ ھەيۋىسىنى نەق جەرەستاندا ئورۇپ سۇندۇرۇش ئۇچۇن شۇنداق قىلدى! مانا قاراڭ! كادىرلار، ئاكتىپلار گەۋدىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەشتى. ھۇپپىدە ئېسىلىپ كەتكەن چاۋار قەلەمتىراچىنى قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، جىممىدە يەر باقتى. مەتسىدىق بۇرۇن تۆشۈكىگە كەپلىشىپ قالغان بارمىقىنى شاتلا تارتىۋېلىپ، تورۇسقا ئالايدى. ئىگەمبەردى چىگىش ساقاللىرىنى تاتىلاپ تۇنجۇقۇپ كەتتى. جەۋلان ۋە باشقىلار يېنىككىنە تىن ئالدى...

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# قوزغىغان دۈشمەن

قومچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ دەۋا ئىشلىرى ــ كەنتلەر ئارا ئېلىم - بېرىم جېدەللىرى، سىياسىي - ئىقتىسادىي ئەنزىلەر، خىلمۇخىل تالاش - تارتىش، قىستقىسى ئائىلە ماجىرالىرىغىچە داتاڭ - سوراقتا تارتىدىغان ئامانلىق ساقلاش ئەمەلدارى «خاس خادىم» نەسرۇللا گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنغان مېھمانخانىسىدا چاۋار بىلەن كۇسۇرلىشىۋاتقىنىغا بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن ئۆتتى. ئىككى قات تاۋار كۆرپىدە بەدەشقاننى قۇرۇپ، يۇمشاق نانىنى قېنىق چايغا تۇگۇرۇپ يەۋاتقان چاۋارنىڭ باياتىن بېرى دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان نەسرۇللا راستىنلا قورقۇپ قالدى. ئۇ گىلەمگە چاپلىشىپ قېتىپ قالغان چۆپتەك بىر نېمىنى تاتىلىغاچ: «قانداق بولۇپ بۇ چايانىنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىنىپ قالغاندىمەن؟» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەندە، بولۇپ ئۆتكەن كونا ئىشلار لەپپىدە ئەسكە چۈشتى...

چاۋار بۈگۈن سەھەردىلا قومچاقارغا كېلىپ، قاشقا تورۇق ئېتىنى ئازنە بازاردىكى بارات بودەكنىڭ دېڭىگە قويۇپ، ئۆزى نەسرۇللانىڭ بازار سىرتىدىكى قورۇسىغا غىپپىدە كىرىۋالدى. قورقۇپ كەتكەن خاس خادىم دەرھاللا كوچىغا چىقىپ ئەتراپقا راسا قارىۋەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى يېپىپ ئىچىدىن كىلىتاننى سالدى. ئۇ چاۋارنىڭ ئەزرائىلدەك چىرايىغا قاراش ئەمەس، ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ تەرلەپ كېتەتتى. ئەمدىلىكتە «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ غوللۇق «ئۇنسۇرى» بولۇپ

قالغىنىدا، ئۇ تېخىمۇ قورقۇنچلۇقتە! ئۇنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئەۋەتىپ تۇرىدىغان ئاشلىق، ماي، قۇرۇق يەل ـ يېمىش، پۇل ـ پۈچەكلىرى بۇ چاغقىچە تاتلىق تېتىغىنى بىلەن ھازىر بوينىغا چۈشكەن سىرتماق، پوكىنىنى ئەسكەن زەھەر ـ زوقۇمغا ئايلانغانلىقىنى نەسرۇللا ئوبدان بىلىدۇ. يەنە تېخى يەر ئىسلاھاتى ئاياغلاشقان ئاشۇ يىللىرى ئۇنى ئۆز ئۆيىدە تۆت ئايدەك ساقلىغانىدى. بۇ تۆت ئاي نەسرۇللا ئۇچۇن تۆت يىلدەك بىلىنىپ، كۆڭلىرى قورقۇش، ئەندىشە، ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكەنلىكى بىر خۇدا، بىر ئۆزىگە ئايان! چاۋار كىچىككىنە زىتىغا تەگكەن، ئەدناسى سەن ـ پەن دېيىشىپ قالغان ئادەمنىمۇ «ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپلا تۇراتتى. ئەگەر شۇ چاغلاردا كېرىم مۇدىر «ئاتۇشتىن كەلگەن تۇغقىنىم» دەپ زورلاپ تاڭمىغان بولسا، ئۇنى ئۆيىگە يولاتمىغان بولاتتى. كېيىن كېرىم مۇدىر چاۋارنى قىر دەرياسىنىڭ ئۇ قانىتىدىكى خىلۋەت ۋە پىنھان قۇمتام كەنتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا نوپۇسىغا ئالدى. ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي چاۋارنىڭ تەلپى بويىچە «ئامبارچى»لىقتىن ئىبارەت «تۆگىمەس كان» ھوقۇقىنى ئېلىپ بەردى. كېرىم شەھەرگە يۆتكىلىپ، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاخىرىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىنمۇ نەسرۇللاغا تېلېفون بېرىپ، بەزىدە ئۆزى كېلىپ چاۋارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، تېگىشلىك يوليورۇقلارنى بېرىپ تۇردى. بارا ـ بارا نەسرۇللا چاۋارنىڭ تورىغا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى ئۆزى تۇيماي قالدى. ئۆمۈچۈك ئولجىسىنى قاتمۇقات تورغا ئورىۋالغاندەك، كېيىنچە نەسرۇللانىڭ پۈتۈن ئىختىيارى چاۋارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. ئۆمۈچۈك ئەسىرىنىڭ قارنىغا نەشتىرىنى تىقىپ شورىسا، چاۋار قۇمتاملىقنىڭ قېنىنى شوراپ، نەسرۇللانى سەمرىتتى. دەسلەپتە قورققان خاس خادىم

ئاستا ـ ئاستا ئۆزىمۇ دەندەپ قالدى. ئۇنىڭ قارنى بارغانسېرى يوغىناپ ھايانكەشلىك خالتا كوچىسىغا قەدەم ئالدى. بىراق، بۇ يول ئۇنى ئويلىمىغان يەردىن ئوڭدا قويدى. چاۋارنىڭ ئىككى تونىدىن ئارتۇق ئاشلىقىنى ئالغان نەسرۇللا قانداقتۇر نىقابلىق بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ ھازىرغىچە ئىككى ئات، بىر ھارۋىنىڭ پۇلىنى تۆلەش ئۇچۇن ساتمىغان ھېچ نەرسىسى قالمىدى. ئۇ بۇ چاغقىچە ئات ۋە ھارۋىنىڭ ئىگىلىرىگە «ئانامنى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئاپارغان. ئاتلار بىلەن ھارۋىنى دوختۇرخانا ئالدىدىن ئوغرى ئالدى» دەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ كەلدى. ئەگەر ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلسا، ئىش چىڭغا چىقىپ كېتەتتى. ئۆلگەنىنىڭ ئۇستىگە بىر پەنجە دېگەندەك، نەسرۇللا بۇ كېلىشمەسلىكلەرنى تارتالماي تۇرغىنىدا مۇنۇ قارا ئېيىقنىڭ كۆتۈرۈپ كەلگەن گەپلىرى ئۇنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. بولۇپمۇ جەۋلانىنىڭ: «قىر دەريا سايلىقىدىن ئىككى تونىا ئاشلىقنى يۆتكىگەن خوجايىن ئىككى ئات، بىر ھارۋىنىڭ پۇلى ئۇچۇن پوتلىسىنى تارتالماي قالدى...» دېگىنى ئادەتتىكى قورقاق سېلىش بولماي، بەلكى نەسرۇللانىڭ تەقدىرىنى ۋەيران قىلغۇدەك ئېغىر تەھدىت ئىدى! ئەگەر بۇ خەۋەر يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا نەسرۇللانىڭ تۈگەشكىنى شۇدە!

— چاۋار، بۇ سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى نەسرۇللا چىرايى تاتارغان ھالدا، — تۇن نىسپىدە بولغان ۋەقەنى جەۋلان كىمدىن ئاڭلىدى، نىقابلىق بۇلاڭچىلار زادى كىم؟

— ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى مۇھىم مەسىلە، — چاۋار بېشىنى كۆتۈردى، — بۇ ئېنىقلانسا، جەۋلانىنىڭ نەدىن خەۋەر تاپقانلىقى ئاشكارىلىنىدۇ.

— ئەگەر بۇلاڭچىلار قومچاقارلىق مىنبىگلار بولغىنىدا نىقابلانمايدۇ، بىلىكىگە قىزىل پەتتىنى باغلىۋېلىپ ئاشكارا

بۇلاۋېرىدۇ. ئازنە بازار ئىچىدىمۇ بىردەمدىلا گەپ ـ سۆز تارقىلىپ كېتىدۇ، ــ نەسرۇللا خىيالغا پاتتى، ــ تېخى بۇرادەرلىرىم، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئەل ـ ئاغىنىلەرمۇ ئالىلىقاچان يەتكۈزگەن بولاتتى، ھەتتا رەھبەرلىك بۇنى تەكشۈرۈشۈمنى ئېيتاتتى. قىسقىسى بۇ ھەقتە قۇمچاقار كۆل سۈيىدەك تېپتىنچ.

ــ ئۇلار چوقۇم قۇمتاملىقلار، ــ چاۋار قولىنى شىلتىدى، ــ كېسىپ ئېيتقاندا، قېرى تۇلكە ھاشىمنىڭ ئادەملىرى.

ــ بىراق، ــ نەسرۇللا ئىككىلەندى، ــ ئاشلىق يۆتكىگەن ئادەملىرىمنىڭ دېيىشىچە، بۇلاڭچىلار قۇمچاقار تەرەپتىن ئات سېلىپ كەپتۇ.

ــ بۇ ھاشىمنىڭ ئېزىقتۇرۇش ھىيلىسى، قولىۇپ ياسىغان ئادەم ئاچقۇچ ياسىيالامدا؟ قۇمتاملىقنى گۇماندىن خالاس قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن.

ــ ھۆم! ــ نەسرۇللا بېشىنى لىڭشىتتى، ــ جەۋلان نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتماي «خوجايىن» دېگەندۇ؟

ــ چۈنكى، ئۇمۇ ئاش يۆتكىگەن ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بىراق گۇمانى بار.

ــ ئۇنداقتا «قەرز ئۈچۈن پوتلىسىنى تارتالماي قالدى» دېگىنىچۇ؟

ــ بۇ پەرەز بىلەن دېيىلگەن گەپ، ــ چاۋارنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ــ چۈنكى، بۇنداق چوڭ هارۋا بىلەن ئاتلار كەنت ھەم ئەترەتلەرنىڭ ئىلكىدە بولىدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. شۇڭا، ئات ـ ھارۋىلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ئاغزىنى ئىلاج بار قاتتىق تۇۋاقلاش كېرەك. ئاشلىققا مەنلا ئىقرار بولمىسام، سىلى ئاشكارىلىنىپ قالمايلا.

ــ شۇ چاغدا قىلمايدىغانمۇ ئىشكەندۇق، ــ دېدى نەسرۇللا باش چايقاپ، ــ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قېلىشتىن سىرت بىر

مۇنچە زىيان.

— ھازىر پۇشايمان قىلىدىغان، پايدا - زىياننى زىغىرلايدىغان چاغ ئەمەس، — چاۋار ئاچچىقىدا گېلىنى قىرىپ قويدى، — كېرىم مۇدىردىن خەۋەر يوقمۇ؟

چاۋار جەۋلان بىلەن ئابلىز ھاكىمنىڭ تېلېفوندا قىلىشقان گەپلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى نەسرۇللانىڭ يالپا يۈزلىرى پۈرۈشۈپ، قاش - كىرپىكىنىڭ تايىنى يوق پىت كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى. ئۇ قورقۇپقىنا چاۋارنىڭ خۇنۇك چىرايىغا تىكىلدى.

— كېرىم مۇدىرنىڭ يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىگە ئادەتتىكى كادىر بولۇپ يۆتكەلگەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق. خېلىدىن بېرى تېلېفونمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ھۆم، مۇنداق دېسىلە، شۇڭا، جەۋلان يوغان سۆزلەپتىكەن - دە، — چاۋارنىڭ كەيپى بىردىنلا ئۆرلىدى، — ئەقلىم زادىلا يەتمەيدۇ. باشقا كەنت، مەيدان، باشقۇرۇش رايونلىرىغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرىغا يەرلىكتىن ئىككى - ئۈچ كادىر قېتىپ بېرىپسىلەر، قۇمتامغا بىرسىمۇ يوققۇ؟ ئەڭ بولمىسا كامالنى پاشىلىقتىن ئاچىقماسلىقىڭلا ئەسقاتار ئىدى.

— دېمەيدىغان ئىش بولامدۇ، مەن بېرىشنى تەلەپ قىلغان، — دېدى نەسرۇللا، — لېكىن ۋاڭ يۇڭ «جەۋلان يالغۇز ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇ يەر ئىسلاھاتتا قۇمتامدا تۇرۇپتىكەن، ئۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئوبدان بىلگەچكە جەۋلاننى پۈتلىكاشاڭسىز دادىل ئىشلىسۇن دېگەن ئوخشايدۇ.

— كادىر قوشۇپ بېرىشنى «قۇم ئارىلاشتۇرۇش» دەپ خاتىرجەم بولالماپتۇ - دە.

— ئېھتىمال.

ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش، جەۋلان، ھاشىملارغا تاقابىل تۇرۇش، كامالنى دىنىي پەتىۋالار بىلەن سېسىتىپ دېھقانلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈش قاتارلىقلار ھەققىدە

مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن چاۋار ئورنىدىن تۇردى. نەسرۇللا ئۇنىڭ كوچىدا بىرەر كىمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشىدىن قورقتى بولغاي، بېغى ئارقىلىق ئېلىپ ماڭدى. نەسرۇللانىڭ ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەن چاۋارمۇ بۇنداق مېڭىشنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. باغنىڭ ئىچىدىكى ھەرخىل مېۋىلەر ساپسېرىق سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئۆرۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىلا قىپقىزىل تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئاياغ ئاستىدا شالدىرلاپ تۇرغان ھەرخىل رەڭدار غازاڭلار كۆڭۈللەرنى يېرىم قىلىپ، كەچ كۈزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. باغ ئەتراپىدىكى كۆملاچ تام بويىلاپ قويۇلغان جىگدىلەر گىرەلىشىپ تەبىئىي چىتلاقتەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۈمۈش رەڭ ياپراقلىرى ئارىسىدىكى ئاق، سېرىق، قىزغۇچ جىگدىلەر مارجاندەك ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنى يىغىۋېلىشقا ھەپىلىسى يوق ئۆي ئىگىلىرى-تېخى قاقمىغانىدى.

نەسرۇللا چاۋارنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئارقىدىكى ئازغانلىققا چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ ئازغانلىق باھار ئايلىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتسە، گويا قۇمچاقارغا سۈزۈك بولۇتلار ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك ئاپئاق لىباس ئىچىدە قالاتتى. گۈلخۇمار ھاشاراتلار غىڭشىلدىغان، ۋىڭشىلدىغان، بوغۇق غۇڭۇلدىغان نەغمە ـ ناۋاغا تولدۇرۇپ، چېچەكلەر ئارا توپ ـ توپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. چاۋار ئازغانلىق ئىچى بىلەن ئازنە بازارنىڭ ئاخىرىغا چىقىپ، بارات بودەكنىڭ دېڭىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ دەڭچاغا دەڭ ھەققىنى بەرگەندىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ قىر دەريا سايلىقىغا قاراپ يول ئالدى.

چاۋار قاشقا تورۇقنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ئېغىر خىياللار ئىسكەنجىسىدە بوغۇلۇپ يىراقلارغا تىكىلىپ قارىدى. ئالدىدا ئەلئاباد قارا بۇلۇتتەك كۆكۈچ يېيىلىپ ياتاتتى.

ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدا سۇس كۆك رەڭ قۇم تاغلىرى، بىپايان قۇملۇق ۋە توغراقلىقلار مانانلار ئارىسىدا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىر دەريا سايلىقىدىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇلاغ يوللىرى، چىغىر يوللار، كىرپە، پاتمىچۇق، كەسلەنچۈك، چۆل كىرپىلىرى سالغان گۈلدار ئىزلار قاياقلاردىندۇر باشلىنىپ، نەلەردىدۇر غايىب بولاتتى. 7 ~ 8 يىللار ئىلگىرى بولسا كېرەك. ئىگەمبەردى چاۋارنى ئۇلاغقا مىندۈرۈپ مۇشۇ يوللاردىن ئېلىپ كەتكەنىدى. كېرىم مۇدىر ئۇنى «كۆزدىن نېرىراق، پىنھانراق، خىلۋەترەك ئەترەتلەرنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي» دەپ شەپە بەرگەچكە، ئىگەمبەردى چاۋارنى شال توغراق كەنتىدىكى ۋاسىل بەگنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ قورۇ كوپېراتسىيە تەشكىلى بولغاچقا، ئادەملەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. شۇڭا، چاۋار: «مېنى بۇ يەردىن يۆتكىۋەت» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئىگەمبەردى ئۇنى ۋاسىل بەگنىڭ ئىچكىرىكى قورۇسىدىكى چوڭ بىر ئېغىز ئۆيگە يۆتكەپ قويىدى. بۇ ئۆي ئەينى يىللاردا ۋاسىل بەگنىڭ تۆتىنچى خوتۇنى گۈلۋەرىخاننىڭ ھۇجرىسى بولۇپ، ئەمدىلىكتە كوپېراتسىيىنىڭ مەنقۇلاتلىرى ساقلىنىدىغان ئامبار ئىدى. چاۋار مۇشۇ چوڭ ئۆيدە قىشنىڭ تاڭ ئاتماس تۈنلىرى، يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرى ئۇرغۇن – ئۇرغۇن شېرىن خىياللارنىڭ ساھىبى بولدى. كوپېراتسىيىنىڭ مۇدىرى، قۇمچاقاردىكى «شاڭ» (يېزا)نىڭ شاڭجاڭى بولۇش ئوخلىسا چۈشى، ماڭسا خىيالى بولۇپ قالدى. بىراق، بۇ تاتلىق خىياللار ئوغۇلخانغا پۇتلاشقاندىن كېيىن سۇغا چۈشكەن چالمىدەك ئېرىپلا كەتتى. ئوغۇلخان ۋاسىل بەگنىڭ ئېرىقىنىڭ نېمىچىلىك شىرەم تۇغقىنىنىڭ قىزى بولۇپ، ۋاسىل بەگ كۆرەشكە تارتىلغاندا، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى «نەيزىنى ئارقىغا قارىتىپ ئۇرغان»لىقىدەك كۆرسەتكەن «خىزمىتى» ئۈچۈن ئىچكىرى قورۇدىن ئىككى ئېغىز ئۆي

بىرىلگەنىدى.

چاۋار گەدەنگە چۈشكەن ئوغـۇلخاننى نىكاھىـغا ئېلىپ بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەي بېشى ئاغرىغان باھـانە بولدى ـ دە، ئىسسىتمىسى بىر يولىلا ئۆرلەپ ئورۇن تـۇتۇپ يېتىـپ قالـدى. ئۇ ئوت ـ كاۋاپ بـولـۇپ راسا قىـزىـپ كەتكەندە، ئاغزىدىن نېمە چىققانلىقىنى بىلمەي جۆيلۈپ سالـدى. ئۇنىڭغا كاشكاپ قاينىتىپ كىرگەن ئوغۇلخاننىڭ قورقىنىدىن قولىدىكى كورا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، چاۋار ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىگە تەئەللۇق قارا داغلارنى دەۋەتكەن ئىدى. كېيىن بۇنداق جۆيلۈش يەنە بىرقېتىم تەكرارلاندى. بىر كۈنى ئوغۇلخان ئورۇندا يېتىپ تۇرۇپ:

— سىز ئادەم ئۆلتۈرگەنمۇ؟ — دەپ سورىشى چاۋار ئورنىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە خوتۇنىغا ئالايدى. لېكىن، ئوغۇلخاننىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بىر ھازا بۇتتەك قېتىپ قالدى. ئاندىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— بولدى، ئۇخلا، مېنى قارا باسقان ئوخشايدۇ، — دەپ قويدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى بۇ تۇغماس خوتۇن ئۇنىڭ پۇتىغا يىلاندەك چىرماشتى.

چاۋار كۆڭۈلسىز خىياللار ئىلكىدە ئەلئابادنىڭ پاسىل قىرغىقىغا بېرىپ قالغانىدى. ئۇ كەنت ئىچى ئارقىلىق مېڭىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، دەريانىڭ يۇقىرىسىغا ئۆرلەپ «شال توغراق» كەنتىنىڭ «ئۈۋىلىق» جاڭگاللىقىغا قايرىلدى. پاكار ـ پاكار قۇم دۆڭلۈكلىرى، كېلەر، كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق، لەڭمەنتاختاق، كىرپىلەرنىڭ سانسىزلىغان ئۇۋىلىرى، قامغاق، قوڭغۇراقتىكەن، شىۋاق، چىغىرتماق، بۆرە تاۋۇز، سۆكسۆك، يەنە قانداقتۇر تۈكلۈك غوللۇق سېسىق ئوتلار بىلەن قاپلانغان بۇ چاتقاللىقتا كۆڭۈلگە تالىق ئىشقى كەچمىشلەر يۈز بەرگەن دېسە كىممۇ ئىشىنەر؟! شۇنداق! بىر زامانلاردا ئەخمەت ئوماق قىز

نۇربانۇمغا ئات مىنىشنى ئۆگەتكەن ئەمەسمىدى! ئۇلار كېچىلىرى قۇملۇقتا يېتىپ ئايغا باققىنىچە مۇڭداشمىغانمىدى! ئاشۇ كىچىك ناتىۋانىنىڭ غۇنچە يۈرەكلىرى مۇشۇ قۇملۇقتا ئېچىلمىغانمىدى!!...

چاۋار ئۇۋىلىقتىن ئۆتۈپ يۇلغۇنلۇق تەرەپكە ئات سالدى. ئۇ قۇم يېيىغ ئارقىلىق ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆيىگە كىرىۋالماقچى ئىدى. قاشقا تورۇق پېتىق قۇم، چاۋار – چاتقاللىق قاپتاللاردىن يورغىلاپ ئۆتكەندىن كېيىن ئانچىمۇ ئېگىز بولمىغان، تەكشى قۇم بارخانلىرى ئىچىگە كىرىپ كەلدى. بۇ بارخانلار ئارىلىقلىرىدا دېھقانلار قۇم يۆتكەپ ئۆزلىرى ئېچىۋالغان پارچە – پارچە ئېتىزلار بولۇپ، ئۇلارغا چامغۇر، چىلگە قوناق، ئاق يەر قونىقى، ماش تېرىۋېتىلگەن ئىدى. چاۋار ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ، ساپسېرىق قۇرۇغان قوناقلىق ئىچىدە قوناق ئۇزۇۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار خەنزۇ تىلىدا نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كامال بىلەن لەيلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالغان چاۋار ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئاتنىڭ پۇشقۇرۇشىنى ئاڭلاپ قالغان كامال چۆچۈپ قارىغان بولسىمۇ، پەقەت غىل – پاللا بىر ئاتلىقنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئېگىز قۇم دۆڭلۈكى ئۈستىگە چىقىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى. لېكىن، يانباغىرغا بېكىتكەن يۇلغۇن قاشاردىن ئۇ تەرەپكە ئۆتكىلى بولمايتتى. لەيلى قاشارغا تىكىلىپ قالغان كامالنىڭ قېشىغا كەلدى.

— كامال، بۇ نەرسىنى سىز قىلغانمۇ؟ — سورىدى لەيلى يۇلغۇن چىۋىقلىرىدا توقۇلغان قاشارنى كۆرسىتىپ، — ئەگەر بۇ بولمىغان بولسا بۇ ئېتىزنى قۇم بېسىپ كەتكۈدەك.

— شۇنداق، بۇ بىر تاختا ئېتىزنى مەن قۇم يۆتكەپ ئاچقان، — كامال قولىدىكى قوناقنى لەيلىگە بەردى، — قۇمتامدىكى

ئاغىنىلەرمۇ ياردەملەشكەن. شۇ چاغدا قۇم ـ بورانىنى توسۇش ئۈچۈن بىكىتكەندىم.

— ئائىلىمىزدە ئاشلىق ئۆكسۈپ قالمىغاچقا، مەن سىزدىن ئەنسىرىگەندىم.

— نېمىشقا؟

— چاۋارنىڭ «تاپسان ھەقىقى» دەپ بەرگەن بۇغداي، قوناقلىرىنى ئالغانمىكىن دەپ.

— سىزنىڭ ئويلىمايدىغانلىرىڭىز يوق، قالدۇرۇق يەر ھەم بۇ بىر تاختا ئېتىز بولغاچقا، ئاشلىقتىن ئانچە قىينالمايمىز. بولمىسا نورما ئاشلىق يەتمەيدۇ.

— مانا ئەمدى مەن قوشۇلدۇم.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ. بىز مۇسۇلمانلاردا «مېھمان ئۆز رىزقى بىلەن كېلىدۇ» دېگەن گەپ بار. سىزنىڭ بىزنىڭ ئائىلىمىزدە يەيدىغان رىزقىڭىز بولغاچقا، سىزنى خۇدايىم ئۆزى ئەۋەتكەن.

— سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار ئەجەب ياخشىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنىڭ خۇدايىڭىزغا سېغىنىمەن!

— ياخشى، — كامال لەيلىنى باغرىغا باستى، — لەيلى، سىزگە دەيدىغان بىر مەسلىھەت بار. مەن تەشكىلگە بېرىپ، ئاكتىپلار سېپىغا قېتىلايمىكىن دەيمەن.

— يەنە بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىڭ، — دېدى لەيلى خىيال بىلەن، — ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلار «سىلەر كامال، لەيلىدەك قانۇنسىزلار، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ بىز كادىرلارغا زەربە بەردىڭلار» دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئاكتىپلارغا ئۆكتە قوپۇپتۇ.

— سىز نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— كامالەتتىن. ئۇ قىز تۈنۈگۈن ئانامنى يوقلاپ كەپتىكەن، — لەيلى قولىدىكى قوناقلارنى تاغارغا سالدى، — ئۇنىڭ دېيىشىچە،

جەۋلان بوُگوُن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە ئىككىمىزنىڭ ئىشنى يۇقىرى بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلغۇدەك.

— يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن ئەجەب جىگەرلىك بالىكەن.

— نېمىلا دېگەنبىلەن ستۇدېنت ـ تە.

لەيلى سارغىيىپ قۇرۇشقا ئۇلگۇرگەن بىر تاختا ئېتىزغا قاراپ، تەرەپبال بىر قىزىق ئىشنى ئەسكە ئالدى. ئۇ نېۋىخان ئانا بىلەن قوشقىراق بولغان قوناقلارنىڭ تۇۋىگە توپا يۆلەپ، ئوتىنى ئوتاۋېتىپ، يىراقتىكى شەھەر يوللىرىغا تەلمۇرۇپ قارىدى. ئۇ كامال سۆيگەن مەڭزىنى تۇتۇپ، تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈپ تۇرۇشى، گېپىنى ئۇقتۇرالمىغان نېۋىخان ئانا: «ۋىلىڭ... ۋىلىڭ... ۋىلىڭ... پاشا ھام قىلدىما؟» دەپ سورىغاندا، لەيلىمۇ پاشىنىڭ ئۇچقىنىنى دوراپ «ڭي... ڭي... ڭي...» دېگىنىچە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ «ھام» دېگەندى، نېۋىخان ئانا چۆچۈپ كەتتى. مانا، ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن. شۇ چاغلاردا بىر غېرىچ كېلىدىغان قوناقلار قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنىپتۇ... قورسىقىمۇ يوغىناپ بەش ئايدىن ئېشىپ قالدى.

ئۇلار پاسارىدىن سوزۇۋالغان ساپسېرىق قوناقلارنى تاغارغا سېلىپ تۇرۇشى ياربەختى يىراقتىنلا ۋارقىراپ يېتىپ كەلدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگەچكىمۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى.

— كامال، جەۋلان سىنى يىغىنغا قاتناشسۇن، دەيدۇ، دەرھال ماڭايلى.

ئىككى تاغارغا بۆلۈپ قاچىلانغان باش قوناقنى كۆتۈرگەن كامال بىلەن ياربەختى ئالدىدا، لەيلى ئارقىدىن مېڭىپ مەھەللە ئىچىگە كىرىشتى. ئۇلار تاغارلارنى ھويلىدىكى سۇپىغا قويۇپ تۇرۇشى نېۋىخان ئانا قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ كايىپ كەتتى.

— بارماڭ، بارماڭ دېسە ئۇنىمايدۇ. ئېغىر بوي ئايالغا ئېتىزغا بېرىپ نېمە كەپتۇ، مانا چىرايى شوراپ تاشلىۋەتكەن شوخلىدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

# ئەكىلىماكان ئوغلى (2)

لەيلى كامالغا تىلىنى چىقىرىپ قويۇشى ئۇمۇ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ياربەختى بىلەن ئالدىراپ ھويلىدىن چىقتى. ئۇلار كەنت تەشكىلىگە كەلگەندە، مەجلىسخانىدا ئادەملەر پەۋەس ئولتۇراتتى. جەۋلان قوللىرىنى شىلتىپ ھاياجان ئىلكىدە سۆزلەۋاتاتتى. ھاشىم، زۇلال، مەتنىياز،كېرىموللا، ياربەختى، ئايشەم، كامالەت، مىنبىگلار باشلىقى مەتسېلىم يەنە بىر قانچىلىغان يىزا ئاكتىپلىرى جىددىي كەيپىياتتا زىھىن قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. بەزىلىرى خاتىرىلىرىگە نېمىلەرنىدۇر يازاتتى.

— يولداشلار، — دېدى جەۋلان جاراڭلىق ئاۋازدا، — بىز بۈگۈن «خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىككە زەربە بېرىش» جەڭگىۋار گۈرۈپپىسىنى قۇردۇق. يولداشلار ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ھاشىمكام بۇ گۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق، يەنە ئامانلىق خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۈنىڭدىن كېيىن مىنبىگلار ھاشىمكامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇيرۇق چۇشۇرۇش ھوقۇقى يوق!

— يولداشلارنىڭ ماڭا ئىشەنگەنلىكىگە رەھمەت، — ھاشىم ئورنىدىن تۇردى، — جەۋلان «خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىككە زەربە بېرىش» جەڭگىۋار گۇرۇپپىسىنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى ھەققىدە توختالدى. يولداشلارمۇ ئۆز ئىرادىلىرىنى بىلدۈردى. ئەمما، يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەن دېھقانلىرىمىز قورقۇش سەۋەبىدىن ئويغانمايۋاتىدۇ. شۇڭا، چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلىمىغۇچە دېھقانلار يۈرەكلىك بولالمايدۇ.

— مەن قوشۇلىمەن.

كۆپچىلىكمۇ ئايشەمگە ئەگىشىپلا «قوشۇلىمىز!» دەپ بىردەك ۋارقىراشتى. جەۋلان ئاخشامدا مۇشۇنداق قىلىشنى ئويلىغان بولۇپ، بۈگۈنكى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ دەرھاللا ئورنىدىن تۇردى.

— كۆپچىلىك بىلەن مىنىڭ ئويلىغىنىم بىر يەردىن چىقتى، — دېدى جەۋلان، — ئۇنداقتا ئەتە چوڭ يىغىن ئېچىپ چاۋار بىلەن مەتسىدىقنى دېھقانلار ئالدىدا ئەمەلدىن قالدۇرايلى. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئارىمىزدىن ئىككى ئادەم ۋاقىتلىق ئۈستىگە ئالسۇن. ئىگەمبەردى مەسىلىسىنى يۇقىرىدىن يولىيورۇق سوراپ كۆرسەك. چۈنكى، ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن بېكىتكەن كەنت باشلىقى.

— بۇ گەپمۇ يوللۇقتەك قىلىدۇ، — كېرىمۇللا دەرھاللا قوشۇلدى، — ئىگەمبەردى ئاچچىقى يامان، جېنى بوش پوپاڭ نېمە. ئاۋۇ ئىككىسىنىڭ مۈڭگۈزى سىرقىرىغان ھامان ئۇنىڭمۇ تۈيىقىغا دەز كېتىدۇ.

— ئەگەر ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ بىرەرىنى قولغا كەلتۈرۈۋالساق، كامالمۇ بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار ئېچىلىپ كېتەتتى، — دېدى كامالەت.

— كامالەت قالتىس جۇمۇڭ سىز، — دېدى جەۋلان كۈلۈپ تۇرۇپ، — تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگەن باشقىچە ئەقىللىق ـ تە.

كامالەت قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ ناز بىلەن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇنىڭ بۇنداق تاتلىق خۇلقىغا زوقلانغان كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشكەن ئىدى، ئۇ تېخىمۇ قىزىرىپ ئالىقانلىرىدا يۈزىنى يېپىۋالدى. بىردەملىك كۈلكە ـ چاقچاقلاردىن كېيىن يىغىن كەيپىياتى يەنە ئەسلىگە كەلدى. چاۋارنىڭ ئامبارچىلىق ۋەزىپىسىنى زۇلال، مەتسىدىقنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىنى كامالەت ئۈستىگە ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى گەرچە ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرى بولسىمۇ، خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ھالدا يېڭى ۋەزىپىلەرنى بىللە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەتىكى چوڭ يىغىندىن كېيىنلا ھاشىم، ئايشەم، مىنىبگۈلار باشلىقى

مەتسپلىم يەنە بىر نەچچە ئاكتىپ ياشلار ئامباردىكى ئاشلىقنى تاسقاپ، تارتىپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، مەتنىياز، كامالەتلەر بوغالتىر ئىشخانىسىدىكى ۋە مەنقۇلات ئامبىرىدىكى بارلىق خام ئەشيا، گىلەم، خۇرجۇن، تاغار، ئۆچكە تىۋىتلىرىغىچە تىزىملاپ، مەتىسىدىقنى قول باستۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بولۇپ تارقىلىشتى. ئامبارىدىكى ئاشلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بەلگىلەنگەن بەزى ياشلار: «ئاشلىقنىڭ يېرىمى توپا چىقىپ كەتسە، چاۋارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرەمدۇق؟» دېسە، يەنە بەزىلەر «تىل ـ ئاھانەتكە كۆنۈپ قالغان تۇگمەنچى ئەمدى خاپا بولامدىكىن؟» دېگەندەك چاقچاق ـ كۈلكىلەر بىلەن ئۇزاشتى. كامال، كېرىمۇللا، يار بەختىلەر جەۋلاننىڭ ئىشارىتى بىلەن قېپقالدى.

— يار بەختى، كېرىمۇللا سىلەر، — جەۋلان چوڭ دەپتەرنى كېرىمۇللاغا بەردى، — بۇ نورما ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش تىزىملىكى، دېھقانلارنىڭ ھەر ئايدا تەمىنلىنىۋاتقان ئاشلىقىنى دەپتەردىكىگە سېلىشتۇرۇپ، ئارىلىقتىكى پەرقىنى تېپىپ چىقىڭلار، ئۈچ كۈن يېتەرمۇ؟

— كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، — كېرىمۇللا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويدى، — ھازىردىن تارتىپلا باشلىساق بوپقالا.

— بۇنىڭ ئۇنۇمى چوقۇم ياخشى بولىدۇ، — دېدى يار بەختى، — چۈنكى بۇ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

— ئەتە يىغىندىن كېيىن زۇلال ئىككىمىز چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتىسىدىقلارنى نۆۋەت بىلەن سوراق قىلىمىز، — جەۋلانغا ھاردۇق يەتكەنلىكى ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — ئاندىن كامالنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ھەل قىلىمەن. شۇڭا، سىلەرگە ياردەملىشەلمەيدىغان بولدۇم.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — يار بەختى ئورنىدىن تۇردى، —

ئۆزىمىز ھۆددىسىدىن چىقىمىز.

كېرىمۇللا بىلەن يار بەختى تىزىملىكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. جەۋلان ئالدىدا ئولتۇرغان كامالغا قارىدى.

— كامال، سىز شەھەرگە كىرىپ يىللاردىن بېرى ئالاقىلىشىپ كېلىۋاتقان ئىدارە، زاۋۇتلاردىن سودىلاشقان ماللارنىڭ تالون كۆتەكلىرىنى ئېلىپ كەلسىڭىز.

— ئۇلار بەرمەسكىمىن، تالون يىتىپ كەتسە، مۇناسىۋەتلىك ئادەم بالاغا قالىدىغان گەپ.

— دېگىنىڭىز توغرا، — جەۋلان تامغا بېسىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئۇستەلگە قويىدى، — بۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى كۆرسەتسىڭىز، بەلكىم ۋاقىتلىق بېرىشى مۇمكىن. تالونلارنىڭ نومۇرى، تۈرى، پۇل سانى، يىلى ھەم قاچان قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئېنىق يېزىپ ھۆججەت يېزىپ بېرىلىڭ. مەن ئەخمەتكە دەپ قويدۇم. ئەتە ئەتىگەن ئاتنى توقۇپ بەرمەكچى.

جەۋلان كامالنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئەيسايۇپقا تېلېفون قىلدى. خېلى بىر چاغدىلا ئۇلانغان تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن ئەيسايۇپنىڭ «كىم سەن؟» دېگەن بوم ئاۋازى ئاڭلاندى. جەۋلان سۆزنى قىسقىلا بايان قىلدى:

— ئەيسايۇپكا، مۇھىم ئىش بولمىسا سىزنى ھەرگىز ئاۋارە قىلمايتتىم، بارنىياز شۇجىنى باشلاپ كەلگەن بولسىڭىز، نېمە؟ بىر نەچچە كۈنلۈك جىددىي ئىش بار دەمسىز؟ ئەمىسە قاچان كېلەلەيسىز؟ بولىدۇ، مەن ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلايمەن.

سەھەردىن بېرى مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ھۆججەت ـ تالونلارنى سېلىشتۇرۇش، كىچىك ئەترەتلەرگە بېرىپ كادىر ۋە دېھقانلار بىلەن سۆھبەتلىشىش، باشقىلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ھەم ۋەزىپە تاپشۇرۇش، بىرىنى جىملەش، كىمنىدۇر ماختاش دېگەندەك قۇيرۇقى ئۈزۈلمەس ئىشلار بىلەن چارچاپ كەتكەن جەۋلان «ئۇھ...» دەپ چوڭقۇر تىنىدى. ئۇ دېرىزە راملىرىنى

## ئەكلساكان ئوغلى (2)

ئېچىۋېتىپ تاماكا تۈتاشتۇردى. قۇمتام ئاسمىنىدا تۈنجى يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ كۆز قىسقاندەك قىلىشاتتى. پايانسىز قۇملۇقتىن كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى ئېسىپ تۇراتتى. قەيەردىندۇر ئاڭلانغان مۇزاينىڭ سوزۇپ مۆرىشى كۆڭۈللەرنى خىرە قىلاتتى. گاھىدا توپ ـ توپ جىگدىچى قۇشلار تۈن ئاسمىنىدا «چىۋ... چىۋ...» قىلىپ ئۇچۇشۇپ ئۆتەتتى. تاش پەنەرنى كۆتۈرگەن ئەخمەت مال ئېغىلىدا تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى بىر دەستە غوۋا نۇر ئۇ نەگە بارسا شۇ يەرگە لەپەڭلەپ ئەگىشىپ باراتتى. يان قورۇنىڭ قوش قاناتلىق ئەگۈنى غارىلداپ ئېچىلىپ بىردىن تىزىلغان ئون نەچچە مىنىبنىڭ رىتىم بىلەن «گۈپ، گۈپ، گۈپ...» يۈگۈرۈپ تەشكىل ھويلا ئوتتۇرىسىدا توختىدى. ئۇلارغا «بىر، ئىككى، ئۈچ...» دەپ كوماندا بېرىۋاتقان مەتسېلىم «دىققەت!» دەپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن ھاشىم ئالدىغا چىقتى. ئۇ ھابىل، ئىمىنلارنىڭ مىنىبىڭلار سېپىدىن ھەيدەلگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ بولۇپ، ئارقىدىكى باغ ۋە باغقا قارىغان ئىشخانا دېرىزىسى ھەم ئىشخانا ئالدى تەرەپلىرىگە ئىككىدىن قاراۋۇل نۆۋەتلىشىپ تۇرىدىغانلىقى، كىسمكى ئۇخلاپ قالسا، قاتتىق چارە كۆرۈلىدىغانلىقى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئېلان قىلدى. مەتسېلىممۇ بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىم نۆۋەت ئالمىشىدىغانلارنىڭ ئىسىملىرىنى بېكىتتى. جەۋلان غاراسلىغان تورۇسقا قاراپ قويۇپ، ئۆگزىدىمۇ قاراۋۇللارنىڭ بارلىقىنى بىلدى. يان قورۇنىڭ ئامبار ئۆگزىلىرىدىمۇ مىنىبىڭلارنىڭ قاپقارا سايىسى كۆزگە چېلىقاتتى.

جەۋلاننىڭ كۆڭلىدىن: بۇ جىددىيچىلىك قاچانغىچە داۋاملىشار؟ دېگەن ئېغىر ئوي سازاڭدەك سۇرۇلۇپ ئۆتكىنىدە، ھەپتىدىن بېرى ئېنىقلانغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۇنى راستىنلا چۆچۈتۈپ قويىدى. بۇ تېخى ئاق ھۆججەت ۋە

تالونلاردىكى ئۆزگەرتىلگەن، ئۆچۈرۈلگەن ھەم كامالنىڭ يېزىپ ماڭغان دەپتىرىدىكى كەم چىققان ھېساباتلار ئىدى. دەپتەردە نومۇر، تور، پۇل، يىل، ئاي بويىچە ئېنىق يېزىلغان خېلى كۆپ تالونلار مەتسىدىقنىڭ ھېساباتىدا يوق بولۇپ، بۇ ئادەم چۆچۈگۈدەك ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيتتى. جەۋلاننى تەقەززا قىلمىۋاتقىنى بۇلا بولماستىن، ھاشىم شۇجىلىقتىن قالغان يىلىدىكى يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئاشلىق، ياغلىق دان، قۇرۇق يەل - يېمىش، ئۆچكە تىۋىتى، گىلەم، خورجۇن، تاغار، گۆش ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنىڭ تالون - ھۆججەتلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەگەر كامال شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى سېتىلغان ماللارنىڭ ئىسپاتلىرىنى ئېلىپ كەلگىنىدە، بۇ ئۈچ ئاچ كۆزنىڭ خىيانەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەستەك قىلاتتى. بىر قانچە يىللاردىن بېرى يېگىنى، ئىچكىنى، بۇلاپ - تالىغىنى، قاقتى - سوقتى قىلغىنى، ئوغرىلاپ توشۇغىنى ئۆزلىرىگە ئايان بولغاچقىمۇ، ئۇلار قاپ يۇرەكلىك بىلەن شۇنچە قۇترىغان! يىغىۋالغان، تويلىغان، ھارام مەئىشەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ۋاستە تاللىماي جىنايەت يولىغا ماڭغان! لەيلىنى ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، كامالنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش، ئەخمەتنى كالتەك بىلەن يارىلاندۇرۇش، قاراڭغۇ، كېچە دېمەي باغ، ئۆگزىلەردە تىمىسقىلاش، نايمىگۇل ئارقىلىق جەۋلاننى قاپقانغا دەسسىتىشكە ئورۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى چىرىكلىشىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر، چوڭقۇر ۋە رەزىل ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

جەۋلان قۇمتامدىكى ئۈچ مەرەزنىڭ «قاپ يۇرەكلىك بىلەن قۇتراش» سەۋەبلىرىنى قېزىۋاتقان شۇ پەيتتە، چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار پۇت ئېتىپ جان تالىشىۋاتقان يىرتقۇچلاردەك «يۇلغۇنلۇق»قا يىغىلغان ئىدى. ئۇلار قىزارغان يۇلغۇنلار ئارىسىغا چۆكۈپ كۇسۇرلىشىۋاتقانغا خېلى ۋاخ بولۇپ

قالدى. چاۋارنىڭ ئىككى بۇرادىرىنى بۇ يەرگە چاقىرىپ ئەكېلىشىمۇ بۇگۇن جەۋلان ئاچقان يىغىن توغرۇلۇق بولۇپ، ھاشىمنىڭ ئىشخانا ئەتراپىغا قاراۋۇل قويغانلىقى يىغىندا قارار قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ قەتئىي مەخپىي ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەرگەن چاۋار «ئالدىمىزدا چوڭ ھەرىكەت بار» دەپ باشقىلارنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويىدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن مەتسىدىق دەرھاللا سورىدى:

— نېمە ھەرىكەتتۇ ئۇ؟ ئادەم قورقۇتماڭا، چاۋاركا.

— بەلكىم ھەممىمىز ئەمەلدىن قېلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى چاۋار پەس ئاۋازدا، — ئۇ چاغدا دېھقانلار بىر يولىلا قوزغىلىدۇ، بۇ ئەڭ خەتەرلىك.

— جەۋلان، — مەتسىدىق تىترەۋاتاتتى، — تالونلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بەزىلىرىنى يىرتىۋەتكەنلىكىمىزنى نومۇرى، تورى، يىل، ئاي، پۇللىرىغىچە بىلىۋاپتۇ.

— نېمە دېدىڭ؟ — چاۋارنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئۇ... قانداقلارچە بىلىۋالسۇن؟

— شەھەردىكى ئىدارە - ئورگان، زاۋۇتلارنىڭ تالون كۆتەكلىرىنى كۆرسەتسەم، ئاندىن ئىقرار بولامسەن؟ دەۋاتامدۇ.

— ئۇنداقتا ئىشلار بىز ئويلىغاندىنمۇ چاتاق.

ئۇلار يۇلغۇنلۇقتا «كالتە يىغىن» ئېچىۋاتقىنىغا بىر ئاش پىشىم ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىگەمبەردى بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى. چاۋار ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، بىراق ئۇ «ئاسىيلىق قىلارمۇ» دەپ دەرگۇماندا بولۇپ قالغاچقا، ئىلاج بار ئۆزىنى بېسىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئېغىر پۇشۇلداپ ئالايغان بولسىمۇ، يەنىلا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. ئۇ مەتسىدىققا ئىككىنى سىلكىپ ئىشارەت قىلغانىدى، سەپرايى ئۆرلەپ تۇرغان مەتسىدىق ئىگەمبەردىگە چېچىلدى:

— ئىگەمبەردىكا، سىزمۇ زۇۋانىڭىزنى ئېچىپ بېقىڭ، پۇل بۆلۈشكەندە بىر تىيىن كەم ئالمىغاندىن كېيىن.

— مېنىڭ گۇمانىم، — دېدى ئىگەمبەردى ئىنجىقلاپ، — كامال شەھەردە ساتقان نەرسىلەرنى يېزىپ ماڭغانلىقى ئېنىق. بۇ دەپتەر، يەنە شەھەردىكى ئىدارە، زاۋۇتلاردىن ئەكەلگەن ھۆججەت - تالونلار جەۋلاننىڭ قولىدا... بىزنىڭ تونىمىزنى ئاللىبۇرۇن پىچىپ، ئىسكەنجىگە ئېلىپ بولدى. شۇڭا، ئۇ قورقماي قىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

— ئىگەمبەردى توغرا دەيدۇ، — چاۋار پىچىقنىڭ دەستىسىنى سىلىدى، — جەۋلاننىڭ چوڭ سۆزلىشىدە ئاساسى بار ئىكەن. ئۇنى يۇقىرى - تۆۋەن رەھبەرلەر قوللايدىكەن. يەنە كېلىپ ساپلا قانۇن ھەم دىكتاتورا ساھەسىدىكىلەر! شۇڭا ئۇ كېرىم جۇرىن، خاس خادىم نەسرۇللا دېگەندەكلەرنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدىكەن.

باياتىن بېرى ئۆزىنى تىڭشاپ قالغان مەتسىدىق ئىگەمبەردى ھەم چاۋارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى:

— ئاپلا، خۇدايىم، شۇنداقلا بولسا، ماڭا ئۆلۈم جازاسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. شەھەردىكى تالونلار ئاز دۇنيا بولمىسا يا. لېكىن، ئۇ پۇللارنى ئۇچىمىز تەڭ ئۆلەشكەن تۇرساق. ھەممىگە مەن ئىگە بولامتىم؟ بۇ ئاز پۇل ئەمەستە! قۇمتامىلىقنىڭ نەچچە يىللىق كىرىمى!

— مەن بۇگۇن سىلەرنى بۇ يەرگە جەم قىلىشىمدىكى سەۋەب، بېشىمىزغا بالا تىغى ياغسىمۇ بىر - بىرىمىزنى چىشلەيدىغان، ساتىدىغان ئىشنى قىلمايلى... بۇ دېگەن خائىنلىق، ئاسىيلىق، مۇناپىقلىق بولىدۇ، — چاۋار قولىنى مەتسىدىقنىڭ مۈرىسىگە قويدى، — مەتسىدىق، سەن ۋىجدانلىق، دىيانەتلىك، دۇرۇس يىگىتسەن. ھەرگىز يېقىنلىرىڭنى سېتىۋەتمەيسەن. ئەگەر

# ئەكىلىساكان ئۆتلى (2)

بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالسا، ئائىلە ـ باللىرىڭغا مانا بىز قارايمىز، ماڭا ئىشەن!

ــ مېنى خاتىرجەم تۇرمىگە كېتسۇن دېمەكچىما؟ ھىھ... ــ مەتسىدىق ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، ــ پۇلىنى سىلەر خەجلەڭلار، مەن تۇرمىدە ياتاي، نەدە شۇنداق سوپۇرگە زىيانكەش بار ئىكەن؟ كۆرۈپ تۇرۇڭلار، ۋاقتى كەلگەندە، مېنىڭمۇ ئامال ـ تەدبىرىم بار...

مەتسىدىق دىمىغىنى قاققىنىچە شاپاشلاپ كېتىپ قالدى. ئىگەمبەردىمۇ «ھاي توختا، مەتسىدىق توختا...» دېگەن بولۇپ، ئۇمۇ قوپىرۇقىنى خادا قىلدى... ئۇلار ئىككىسى قۇم بارخانلىرى ئارا كېلىۋاتقاندا ئىگەمبەردى «ئامال ـ تەدبىر» ھەققىدە كوچىلاپ سورىغانىدى، مەتسىدىق ئۇنىمۇ «سەنمۇ ھوشۇڭنى تاپ» دېگەن نىيەتتە راست گېپىنى قىلدى. ئەسلىدە مەتسىدىقنىڭ يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن كۆك سۇلياۋ تاشلىق خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا نەچچە يىلدىن بېرى ئۇچى تەڭ ئۇلەشكەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنىڭ سانى، تۈرى، كۆيدۈرۈلگەن ياكى يىرتىپ تاشلانغان تالونلارنىڭ نومۇرى، ۋاقىت ـ سائىتى، ئورنى قاتارلىقلار يېزىپ قالدۇرۇلغانىدى. دۇنيادا مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇق، بۇرادەرلىك كەمىرى ھەرقانچە ئالتۇن ھەل بىلەن بېزەلگەن بولسىمۇ، تولىمۇ ئاجىز ۋە زەئىپ بولىدۇ! بۇنداق مەنپەئەت كەمىرىنى باغلىغان ئادەملەردىن ۋىجدان، غۇرۇر، ئىنساپ ـ دىيانەت، پىداكارلىق تەمە قىلىش خۇددى شەيتاندىن ئىمان تىلىگەنلىك بىلەن باراۋەردۇر. چۈنكى، مەنپەئەت كەمىرى تاڭدىكى تۇمان، سۇدىكى كۆپۈك، باھاردىكى كۆلتۈك قاردەك ئازغىنا ھارارەت ۋە سەلكىنگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئىگەمبەردى غال ـ غال تىترىگىنىچە، مەتسىدىقنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ سىلكىشلەپلا كەتتى.

ــ سەن... سەن باشقا كۈن چۈشكەندە بىزنى ساتماقچىكەنسەن ـ

دە؟

— سى... سىلەرنىڭ ھەممىنى ماڭا ئارتىپ قويۇشۇڭلاردىن قورقۇپ... مەن.. مەن ھازىرلا بېرىپ ئىشخانىدىن ئەكېلىۋالاي.

— يوق يەپسەن ئىست پاكار... — ئىنگەمبەردى ھېلىھەم تىترەۋاتاتتى، — بۈگۈن كەچتىلا ئاشلىق ئامبار بىلەن بوغالتىر ئىشخانىسىغا مىنبىلىڭ قويۇلۇپ بولدى.

— ئەمما، ئۇلار خاتىرىنى يوشۇرغان يېرىمنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيدۇ.

جەۋلان قۇمتامغا كېلىپ، مەكتەپتە يېتىۋاتقان كۈنلەردە، مەتسىدىق ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭىنى كولاپ، ئاستىغا ئالىقاندەك تاختاي قويغاندىن كېيىن قاتمۇقات ماتاغا ئورالغان خاتىرىنى كامارغا جايلاشتۇردى ـ دە، ئۈستىگە يەنە تاختاي قويۇپ كۆمۈۋەتكەندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىنگەمبەردى «ئۇھ» دېگىنىچە يۈرىكىگە قولىنى قويۇپ، چىرايىغا قان يۈگۈردى.

— نېمىلا بولسا ئەقلىڭنى جورۇپسەن، — ئىنگەمبەردىنىڭ كۆڭلى ئاز بولسىمۇ تەسكىن تاپتى، — سەنلا ئاغزىڭ بوشلۇق قىلىپ دەپ قويمىساڭ، ئۇلار ئىشخانىنى ھەرگىز كولاپ يۈرمەيدۇ.

— دەيدىغانغا ساراڭمۇ مەن، — مەتسىدىق ئىنگەمبەردىگە بويۇنداپ قارىدى، — ئىنگەمبەردىكا، دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ چاۋاركامنىڭ قولى تىترەپ، پىچىقنىڭ دەستىسىنى تۇتسا، ئۇ بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى.

— مەن چاۋاردىن ھەزەر ئەيلىدىم، ئۇنىڭ كېچىكىگە كىرىپ قالغىنىمدىن شۇنچە پۇشايمان يەيمەن.

— مەنمۇ شۇ، — مەتسىدىق بۇرنىنى تارتىپ قويدى، — لېكىن ئەمدى كېچىكتۇق، كەينىمىزگە يانىمىز دەپمۇ يانالمايمىز.

— چاۋار كېرىم جۇرىنىنىڭ زادى نېمىسى، ساڭغۇ دەپ

بەرگەندۇ؟

— چاۋارنىڭ ئاغزى خۇددى شامىگۈرنىڭ داتلاشماس قۇلۇپى، — دېدى مەتىسىدىق، — لەھەتتىكى ئۆلۈك گەپ قىلسا قىلىدىكىن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن سادا چىقمايدۇ. لېكىننزە، كېرىم جۇرىن بىلەن بەك يېقىن ھەم ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى تولىمۇ سىرلىق.

ئۇلار ئىككى يول ئاچىلىغا كەلگەندە، ئايرىلىپ ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. لېكىن «چاۋار زادى كىم؟ تەكتى راستتىنلا ئاتۇشلۇقمۇ؟ كېرىم جۇرىن ئۇنىڭغا نېمىشقا قانات ياپىدۇ، ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نېمانچە سىرلىق؟» دېگەن مەۋھۇم سوئاللار يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىۋالغان ئىگەمبەردى جىمجىت قاراڭغۇ كوچىلارغا قورقۇپقىنا قاراپ قويدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ساپسېرىق كۆرۈنگەنىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس، دەپ كونىلىرىمىز توغرا دەپتىكەن، راست ئەمەسمۇ، نىجاسەتمۇ، ئادەم چاقىدىغان سېرىق ئېشەكمۇ سېرىققۇ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

تەكلىماكان ئاسمىنى يۇلتۇز تونىللىرى بىلەن تولدى. پايانسىز قۇملۇق دىيارىدىن كۆتۈرۈلگەن يېرىم ئاي قۇمتام كەنتىنى غۇۋا نۇر پەردىسى بىلەن ئوردى. ئىگەمبەردى ۋەھىمە ۋە ئەندىشە ئىچىدە چاۋارنى ئويلاپ كېتىۋاتقان مۇشۇ جىمجىت كېچىدە يۈزىنى قارا پوتىدا يۆگىۋالغان نىقابلىق بىر كۆلەڭگە كەنت تەشكىلى ئالدىدىكى كوچىغا بىر بېسىپ، بىر توختاپ، ھەم ئەتراپقا نەزەر سېلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قاراڭغۇ تام دالدىسىدا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ كەنت تەشكىلى دەرۋازىسىغا، مال ئېغىلى ئۈستىدىكى لاپاسقا دۆۋىلەنگەن پىچان، زىغىر پاخاللىرىغا، يان قورۇدىكى ئامبار ئۆگزىلىرىگە خېلى قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تامغا چاپلىشىپ تۇرغان دوڭغاق ئۇجمىگە يامىشىپ، دەرۋازا يېنىدىكى كىچىك ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالدى. ئۇ يەنە بىردەم ئەتراپقا زەن سېلىپ تېڭىرقاپ تۇردى. ئاندىن تەشكىل ھويلىسىغا چۈشۈشكە ئەمدىلا تەمشىلىپ

تۇرۇشى جەۋلاننىڭ ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا پاللىدە يانغان تاماكا ئوتىنى كۆرۈپ قالدى ھەم كىملەرنىڭدۇر گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. نىقابلىق كۆلەڭگە ئارقىغا يانغاچە ئۇجمىدىن يامىشىپ چۈشۈۋاتقاندا ئۇنىڭ يانپىشىدىكى يوغان غىلاپلىق پىچاقنىڭ كۇمۇچ دەستىسى ئايدىڭدا ۋىللىدە چاقنىدى. سىرلىق كۆلەڭگە كوچا بويلاپ مېڭىپ يان قورۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى - دە، تېز - تېز مېڭىپ كەنت تەشكىلى بېغىنىڭ ئارقىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ باللار مېۋە ئوغرىلاپ شور قىلىۋەتكەن تامغا يامىشىپ، باغ ئىچىگە سىيرىلىپ چۈشتى، نىقابلىق ئادەم سارغايغان مېۋىلىك كۆچەتلەر، ئۈزۈم باراڭلىرىنى دالدا قىلىپ جەۋلان ياتقان ئىشخانا تەرەپكە قەدەملىرىنى ئاستا ئېلىپ ئىلگىرىلىدى. سۇس يورۇپ تۇرغان ئىشخانا دېرىزىسى كۆرۈنۈش بىلەن ئۇ غىلاپتىن پىچىقىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. لېكىن، كۇتۇلمىگەندە، ئىككى ئادەمنىڭ «كىم سەن؟» دەپ تەڭلا ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن ئۇ تۆكۈلگەن غازاڭلار شالدىرلىتىپ باغ ئىچىگە تىكىۋەتتى. ئىككى مىنبىنىڭ «توختا!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنى قوغلاپ باغنىڭ ئاخىرقى پاسىل تېمى تۇۋىگە كەلدى. ئۇلار تام ئۈستىگە چىقىپ قولچىراغنى توپىدىكى ئاياغ ئىزىغا ۋە كەنت ئىچىگە قېچىپ كېتىۋاتقان كۆلەڭگىگە توغرىلىدى.

— بۇ ھېلىقى غالجىرلاشقان ئۇچ بۆرىنىڭ بىرى، — دېدى تۇردى ئىسمىلىك مىنبىك، — ئۇنىڭ توغراق كۆتىكىدەك بەستى مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ.

— شۇنداق، — مەتسېلىم بېشىنى لىڭشىتتى، — چاۋار چاياندەك قىلىدۇ.

بۇ ئەسنادا باغ ئىچىدە قولچىرىغىنىڭ يالت - يۇلت يورۇشى بىلەن تاڭ جەۋلان يېتىپ كەلدى. ئۇ «كىم سەن؟»، «توختا!» دېگەن ئەنسىز ئاۋازلارنى ئاڭلاپلا، قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ

چىققانىدى. جەۋلان تۇردى بىلەن مەتسېلىمنىڭ ھودۇقۇش، تەمتىرەش ئىچىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە: دۈشمەن قۇترىدى، دەپ ئويلىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ھوشيار بولساق بولغۇدەك، — دېدى مەتسېلىم جەۋلانغا قاراپ، — مەن بايىلا دەرۋازا يېنىدىكى ئۆگزە ئۈستىدە بىر كۆلەڭگىنى غىل - پاللا كۆرگەندەك قىلىۋىدىم، كېيىن ئۇ يوقاپ كەتتى. شۇڭا، تۇردىدىن ئەنسىرەپ باغقا ئۆتۈشۈم ئىدى.

— ھېلىمۇ ھاشىمكام بىلگەندەك، — تۇردىنىڭ ھېلىھەم كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇراتتى، — ئىشخانىنىڭ ئالدى - كەينىگە قاراۋۇل بەلگىلەپتىكەن. بولمىسا ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

— ھاشىمكام تەجرىبىلىك ئادەم بولغاچقا، — دېدى جەۋلان، — بۈگۈنكى يىغىندىن كېيىنلا ھابىل بىلەن ئىمىننى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئىشەنچلىك باللاردىن قاراۋۇل قويۇپتىكەن. قۇترىغان بۇ دۈشمەننىڭ كىملىكى ماڭا ئايان!

ئۇلار ئۈچى دۈشمەن چۈشۈپ كەتكەن شور تامغا بىردەم قاراپ قېلىشتى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

# چاۋار چايانىنىڭ ھەسرىتى

چوڭ يىغىندا چاۋار بىلەن مەتسىدىقنىڭ ئەمىلى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئاشلىق، مەنقۇلات ئامبارلىرى، بوغالتىرىيە ئىشخانىلىرى ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئىگەمبەردى ۋاقىتلىق سىناقتا قالدۇرۇلدى. قۇمتام دېھقانلىرى يىغىندا تەلپەك، دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ خۇشاللىقتا چۇمگەن بولسىمۇ، ئىگەمبەردىنىڭ ئۆمۈچۈك تورىغا ئېسىلىپ قالغانلىقى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يەنىلا خىرە قىلىپ قويىدى. جەۋلان چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ داۋاملىق مەسىلە تاپشۇرىدىغانلىقىنى، كىمكى ھوشىنى تېپىپ خاتالىقلىرىنى ئۆزۈل - كېسىل تاپشۇرسا، يەنىلا چىقىش يولى بېرىلىدىغانلىقى، جاھىللارنى قاتتىق زەربە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى. قۇمتام كەنتى غەلىبە تەنتەنىسىگە چۈمۈپ، دېھقانلار گەجگىسىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندەك يېنىك تىن ئېلىشتى. يىغىندىن كېيىن ھاشىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە باشچىلىقى بىلەن جەۋلان، زۇلال، ئايشەملەر پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بېرىپ پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىردى. ھاشىم بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا يېزىلىق ھۆكۈمەت، پارتىيە ياچېيكىسىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ تولدۇرۇلغان ئانكىتلىرىنى تەستىقلىتىپ كەلگەنىدى.

بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى جەۋلاننىڭ ئىشخانىسى سۈرلۈك سۈكۈتكە چۈمگەن بولۇپ، جەۋلان، زۇلال، ھاشىملار چاۋارنى

سوراق قىلىنىۋاتاتتى. كامالەت كاتىپلىق جوزىسىدا ئولتۇرۇپ سوئال - جاۋابكارنى قالدۇرماي خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى. چوڭ ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان يالغۇز كىشىلىك بىر ئورۇندۇق كىشىگە تەرگاۋخانىدەك تەسىر بېرەتتى.

— ئۆزۈڭ ئۈستىدە قاراپ تۇردۇڭ، — دېدى جەۋلان ئورۇندۇقتا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان چاۋارغا، — قوناق ئامبىرىدىن 1452 جىڭ، بۇغداي ئامبىرىدىن 1260 جىڭ توپا چىقتى. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

— ئاشلىق قۇرۇۋغانسېرى، — چاۋار بېشىنى كۆتۈرۈپ كارتىدە كېكىرىپ قويدى، — تېگىدە توپا ھەم قوقان توپلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

— ئەقلىڭگە سىغقۇدەك گەپ قىل، — ۋارقىرىدى ھاشىم، — ھەرقانداق كۆپ بۇغداي ساڭلىرىدىن توپان ياكى قوقان چىقمايدۇ. پەقەت قوناق ئامبىرىنىڭ ئاستىدىلا ئاز - تولا قوقان، مەدەك ئۇۋاقلىرى قالىدۇ. بۇنى ئادەتتىكى دېھقانمۇ بىلىدۇ. قوقان ۋە مەدەك ئۇۋاقلىرى يېنىك ۋە پورپاڭ بولغاچقا، 30، 40 جىڭ چىقسىمۇ بىر گەپ، مىڭ نەچچە يۈز جىڭمۇ چىقامدا؟

زۇلال ۋە ھاشىم ئارقا - ئارقىدىن دېھقانچىلىقتىكى ئىش رىتىملىرىنى سۆزلەپ چاۋارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى. يازلىق ۋە كۈزلۈك ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزۈلگەندە قۇرۇق ۋە پاكىز بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇڭا، دېھقانلار خامانغا يېيىلغان بۇغداي، بولۇپمۇ قوناقنى قۇرۇغىچە ئاپتاپقا سېلىپ، شامالدا سورۇپ پاكىزلايتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جەۋلان چاۋارنىڭ قاپقارا پارقىراپ تۇرغان قورۇقسىز يۈزىگە، تىزلىرىغا قويۇۋالغان بوغۇرساقتەك بودەك بارماقلىرىغا، كۆنجۈردە بودىغان بۇقىدەك سېمىز تۇرقىغا قاراپ: بۇنىڭ نەدىمۇ دېھقان تەلەتى بولسۇن، دەپ ئويلىدى - دە، تەرەپبال بىر سوئال ئارقىلىق ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولدى.

— چاۋار، مەن سىنىڭ تېگى - تەكتىڭنى سۈرۈشتۈرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، سەن دېھقان بالىسىدەك قىلمايسەن، — جەۋلان ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى، — پەممىچە بېشىڭدىن جىق ئىشلار ئۆتكەن ئادەمدەك قىلىسەن.

چاۋار شارتلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرى غىل - پاللىدىيۇ، يەنە دەرھاللا يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ قورققانلىقتىنمۇ ياكى زەھەرلىك ئاچچىقى كەلگەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر بويۇن تېرىلىرى قارىلىقتىن بېغىررەڭ داغلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ جەۋلاننىڭ سوئالىدىن ئۆزىنى قاچۇردى.

— كەم چىققان ئاشلىقنى تۆلەپ بەرسەم بولىدىغاندۇ؟ — چاۋارنىڭ ئاۋازى بىردىنلا مۆلايىملاشتى، — بولدى، تۆلەپ بېرەي، ئامبارچى ئىكەنمەن، ئەلۋەتتە ئىگە بولىمەن.

چاۋارنىڭ ئۆتمۈشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىردەمدىلا ياۋاشلىق، سەممىيلىك تونىنى كىيگەنلىكىدىن جەۋلان راستىنلا گۇمانلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى خاس خادىم نەسرۇللادىن ياكى كېرىم مۇدىردىن ئېنىقلاش كېرەكمۇ؟ ئۇلار ئەلۋەتتە «ئاتۇشتىن كەلگەن تۇغقىنىم» دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا ئاتۇشقا بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كۆرمىسىڭ ئۆتكەللەردىن ئۆتىدىغان قىيىن ئىش ئىدى.

— سىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلەڭ تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى، — دېدى جەۋلان تەمكىن ھالدا، — جىنايى قىلمىشىڭ ھەققىدە تېخى ئېغىز ئاچمىدىڭ.

— ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاشلىقتىن كەم چىققىنىغا مەن ئىگە، دېدىم، لېكىن مەندە جىنايى قىلمىش نېمە قىلسۇن؟

خىيانەتكە ئىگە بولۇش، تۆلەپ قايتۇرۇش خىيانەتچىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ئەلۋەتتە. لېكىن، تەكشۈرۈشكە تۇتقان پوزىتسىيە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. جەۋلان بۇ قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈپ، چاۋارنىڭ جىنايى

قىلمىشىنى ئالدىرىماي سۆزلىدى. لەيلىنى «يامان جاڭگال» قۇملۇقىدا ئېزىقتۇرۇپ زىيانكەشلىك قىلىش، كامالنى پاشىلىقتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش، ئەخمەتنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈش، بۇزۇق ئاياللار ئارقىلىق خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزاسىنىڭ ئاغزىنى ئەتمەكچى بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغۇچە چاۋار ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— مەن لەيلىگە باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنمىسام، كامال مېنى ئۇرۇپ چىشىمنى سۇندۇرۇۋەتكەن بولسىكەن كاشكى، ئۇ ماڭا قاچانكىن، قەيەردىلىكىن بولسا قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلايمەن، دەپ تەھدىت سالمىغان تۇرسا، — چاۋار قوللىرىنى شىلتىپ قايناپ قالدى، — ياكى مېنىڭ ئۇلار ئالدىدا تىلىم تۇتۇق بولمىسا، ئۇلارنى نېمىشقا ئۆلتۈرگۈدەكمەن، قىزىق گەپ بولدى - دە، بۇ.

— ئۇنداقتا، — زۇلال قولىدىكى خاتىرىنى ئۈستەلگە قويدى، — پاشىلىققىمۇ كىرمەپسەن - دە؟ شۇنداقما؟

— ياق، — چاۋار ئويلانغان قىياپەتكە كىردى، — توغرا بىر كۈنى ئىگەمبەردى «پاشىلىققا كىرىپ كامالنى قاچۇرۇۋېتىمەن، خىزمەت گۇرۇپپىسى كەتكۈچە بىر نەچچە ئاي ياقا يۇرتلاردا تۇرۇپ كەلسۇن» دېگەندەك قىلغان. بۇنىڭغا مەتسىدىقمۇ گۇۋاھ.

— چاۋار، بۇ ئىشلارنى بىز تېگى - تەكتىدىن ئېنىقلاۋاتىمىز، — دېدى جەۋلان تەمكىن تەلەپپۇزدا، — قېنى دەپباققىنا، سېنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە مەتسىدىق بىلەن قانداق چېتىشلىق يەرلىرىڭ بار، زادى قانچىلىك؟

چاۋار يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىزتىراپقا چۈشكەنلىكى، قورققانلىقى تىزلىرىنىڭ، قوللىرىنىڭ تىترەشلىرىدىن، كالپۇكلىرىنىڭ مىتىلداشلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. چىرايىمۇ سۇپسۇر تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، قىياق





كۆزلىرىدىن دۈشمەنلىك ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتاتتى. جەۋلان «ئولتۇر» دەپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن ئۇ پۇشۇلداپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، خېلىغىچە ھاسىراپ، ئاچچىقىنى باسالمىدى.

— نېمىگە بۇنچىلىك چىچاڭشىيسەن؟ — ھاشىم قولىنى جۇندى، — چېتىلىپ قالغان يەرلىرىڭ بولسا دەۋەتسەڭ بولمىدىمۇ؟

— مېنى ھۆل كېسەككە دەسسەتمە، — چاۋارمۇ قولىنى شىلتىدى، — مەتسىدىق بولسا بوغالتىر، مەن دېگەن ئامبارچى، قانداقلارچە ھېساباتتا چېتىلىپ قالىدىغان ئىشلار بولسۇن.

— نېمە پوكانلىرىڭنى ئاسىسەن؟ — جەۋلان ئۈستەلگە ئۇردى، — خىيالىڭدا مەنلا ئىقرار بولمىسام، بىزنى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دېمەكچىمۇسەن؟ خام خىيال قىلما. پاكىت، ئىسپاتلار قولىمىزدا، پەقەت بىز سېنىڭ سەممىيىتىڭنى كۆرۈپ باقماقچى.

ئىككى سائەتتىن ئارتۇق سوراق قىلىش جەريانىدا چاۋار ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن ئىقتىسادىي ۋە جىنايى قىلمىشلىرىغا تەن بەرمىدى. ئۇنىڭ تاشتەك قاتقان تۇرقىدىن بۇنداق تەرگاۋ سوراقلاردا پىشقان ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇنى مىنىبىگلار ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ياندىكى ئىككى ئىشخانىغا ئايرىم - ئايرىم سولانغان ئىگەمبەردى بىلەن مەتسىدىق ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ مەسىلىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. جەۋلاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى مىنىبىگ مەتسىدىقنى ئېلىپ كىرىشتى. ئۇ بوسۇغىغا قەدەم ئېلىپلا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، يالغۇز كىشىلىك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ھاشىم جەۋلاننىڭ قولىغا پىچىرلاپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. بوغالتىر ئىشخانىسى، مەنقۇلات ۋە ئاشلىق ئامبارلىرىنى رەتكە سېلىۋاتقان كېرىمۇللا، ياربەختى، ئايشەم يەنە يېزا ئاكتىپلىرى ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. ھاشىم چىقىپ كېتىشى بىلەن جەۋلان زۇلال، كامالەتكە باش

لىگىشىتىپ قويۇپ، سوراقنى باشلىدى. ئۇ مەتسىدىققا «ئويلاندىڭمۇ؟» دەپ ئۇنلۇك خىتاب قىلدى، مۆكچۈپ ئولتۇرغان مەتسىدىق بىچارىلەرچە بېشىنى كىلدىڭلىتىپ سۆزىنى باشلىدى:

— مەن چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلىگەن ھەم خىيانەت قىلغان خاتالىقلىرىمنى سۆزلىدىم، بۇلارنى يېزىپمۇ تاپشۇردۇم.

— ئۇنداقتا سېنىڭدىن ئوغۇت، يوتقان، كۆرپە، ئۇچكە تېۋىتلىرى ئۈچۈن گەپ سوراپ ئولتۇرۇپتۇق ـ تە، — جەۋلان تونجى خۇلاسىدە بېكىتىلگەن خىيانەتنى ئېلان قىلدى، — شۇنچە كۆپ پۇلنى ئۆزۈڭ خەجلەپ تۈگەتكەنلىكىڭگە ئىشەنمەيمەن. بۇ تېخى ئۆزۈڭنىڭ، كامال، ئىگەمبەردىنىڭ، ئامىنىڭ پاش قىلغىنى ھەم بىزنىڭ ئېنىقلاپ چىققىنىمىز، ئەگەر شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتلار كەلسە خىيانىتىڭنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. سەن باشقىلار ئۈچۈن پىداكارلىق قىلماقچىمۇسەن؟

يەر بېقىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرغان مەتسىدىقنىڭ دولىسى تىترەۋاتاتتى. جەۋلاننىڭ سۆزى ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك تەسىر قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا زۇلال ئۇنى تېخىمۇ ئويغا سېلىپ قويۇشنى لايىق كۆردى.

— سەن باشقىلارنىڭ يۈكىنى ئارتىۋېلىپ، پىداكارلىق قىلغىنىڭ بىلەن، ئۇلار ساڭا خەيرخاھلىق قىلارمۇ؟ قۇسماق تەس كېلىپ سۈيىقەست قىلمىسىلا بولاتتىغۇ.

— مەتسىدىق، زۇلالنىڭ گېپىنى دەڭسەپ كۆر، — جەۋلان زۇلالنىڭ گېپىنى يالىڭاچ شەرھلىدى، — مەنپەئەت دېگەن تولىمۇ تاتلىق نېمە، ئۇنىڭ ئالدىدا كىشىنىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنى!...

— ئۇ... ئۇ پۇللارنى ئۆزۈم تۆلەي... مەن تۆلەپ قايتۇراي... — ئۇ يىغلامسىرىدى، — چۈنكى، ئۆزۈمنىڭ دېۋەڭلىكىدىن، ھېساب ئىشلىرىغا چولتىلىقىمدىن، ھېسابتا خاتالىق كۆرۈلدى.

— بۇ ھېسابتا كېتىپ قالغان خاتالىق ئەمەس، — جەۋلاننىڭ

ئاۋازى بىردىنلا كۆتۈرۈلدى، — تالونلارنى ئۇيالماي، قىزارماي، نومۇس قىلماي ئۆزگەرتىپ، يىرتىپ ھەم كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ پۇللىرىنى بۆلۈشكەندە، بۇ تالونلارنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدا يەنە ئىككى بىرلەشمە نۇسخىسى بارلىقىنى، شۇنداقلا ھارامنىڭ سورىقى بولىدىغانلىقىنى خىيالىڭلارغا كەلتۈرمىگەن، دىۋەڭلىك دىسە مۇشۇنى دىسە بولىدۇ.

— ئەمىسە ئۆزۈڭنىڭ شورى، — دىدى زۇلال كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بۇ پۇللارنى قاچانغىچە قايتۇرۇپ بولىسەن؟

— بىر ئايغىچە قايتۇرۇپ بولاي.

— بولمايدۇ، — زۇلال كۆزىنى قىسىپ قويدى، — بىر ھەپتە ئىچىدە قايتۇرىسەن. ئەگەر ۋاقتىدا تۆلىيەلمىسەڭ، قانۇننىڭ «خىيانەت مۇنچە پۇلغا يەتسە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ...» دىگەن ماددىسى بارغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، — جەۋلانمۇ كۆزىنى چۈمچۈكلىتىپ قويدى، — مەتسىدىقنىڭ خىيانىتى ئۇنى ئۈچ قېتىم ئېتىشقا يېتىدۇ...

— ئىسىت، — زۇلال يىغلاۋاتقان مەتسىدىقنى ئېڭىكىدە ئىشارەت قىلدى، — باشقىلار ئۈچۈن جېنىڭنى سېلىپ بېرىدىغان بولدۇڭ ـ دە.

مەتسىدىقنىڭ ئايىغى ئاستىغا ياش تامچىلىدى. بىراق، ئۇ «لەيلىنى يامان جاڭگالدا ئېزىقتۇرۇش»، «كامالنى پاشىلىقتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش»، "ئەخمەتنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇش»، «نايىمگۈلنى سەتەڭلەر ھېيلىسىگە سېلىش» قاتارلىق مەسىلىلەردە، چاۋارغا ئوخشاشلا جاۋاب بېرىپ ھەممىنى ئىگەمبەردىگە ئارتىپ قويدى. چاۋار ئىككىسىنىڭ جاۋابى خۇددى بىر قېلىپتىن قۇيۇلۇپ چىققاندەك ئوخشاش ئىدى. مەتسىدىق «باسقۇنچىلىق»، «ئاغزىغا كۆشۈك سېلىپ كۈرەش قىلىش»، «مال ئېغىلىغا ئوت قويدى دەپ تۆھمەت چاپلاش» قاتارلىق جىنايەتلىرىدىن قورقۇپ كەتكەن ئىگەمبەردى «ئىز ئۆچۈرۈش»

ئۇچۇن قاتىللىق قىلىشتىن يانمىدى دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇردى.

مىنىبىڭلار مەتىسىدىقنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئىگەمبەردىنى ئېلىپ كىردى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىپلا توغرا قويۇلغان ئۇستەللەردە ئولتۇرغان جەۋلان، زۇلال، كامالەتلەرگە قاراپ، سۇسقىنا ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئاندىن ئىشخانا ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. جەۋلان سوراقنى دەسلەپتىلا لەيلىنىڭ يامان جاڭگالدا ھادىسىگە ئۇچراش ۋەقەسىدىن باشلىدى. ئۇ قۇمتامدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر - بىرىگە باغلاش ئارقىلىق، ئىگەمبەردىنىڭ ئىمىن تاز بىلەن بىرلىشىپ، لەيلىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى دەلىللىدى. لېكىن، ئىگەمبەردى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۆزىنى ئاقلىدى. لەيلىنىڭ جەۋلاننىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىزلىككە چۈشكەن چاۋار، مەتىسىدىقلار ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئىگەمبەردىگە بىر قانچە قېتىم بېسىم ئىشلەتتى. تەڭلىكتە قالغان ئىگەمبەردى كېچىدە بىر نەچچە قېتىم كېلىپ لەيلىگە يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇ كەتكىلى ئۇنىمىدى. چارىسىز قالغان چاۋار بىلەن مەتىسىدىق بىر كۈنى يۇلغۇنلۇققا يىغىلىپ لەيلىنى يامان جاڭگال قۇملۇقىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىشنى ئېيتقاندا، ئىگەمبەردى قەتئىي قوشۇلمىغانىدى.

— بۇنىڭغا ئىسپاتلىرى بارمۇ؟ — سورىدى جەۋلان دەرگۇماندا بولۇپ.

ئىگەمبەردى تام - تورۇسلارغا تىكىلدى، ئاندىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ، بىردەم تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا گەۋدىسىنى رۇسلاپ، چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى:

— توغرا، لەيلى يوقاپ كەتكەن كۈنى مەن بىر كېچە جۇۋازخانىدا بولدۇم، بۇنىڭغا ئىنىمىز زۇلال ھەم ئۇنىڭ دادىسى گۇۋاھ.

— ئۇنداقتا، — جەۋلان دەرھاللا سورىدى، — پاشىلىقتا

كامالنىڭ ئۆيىگە ئوت قويغان ئىشچۇ؟

— ئۆزلىرى لەيلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار كامالنى مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق يوقىتىش كويىغا چۈشۈپ ماڭا ئارقا - ئارقىدىن بېسىم قىلدى.

— نېمە ئۈچۈن ئۇلار سىلىنىڭ قوللىرى ئارقىلىق كامال، لەيلىلەرنى يوقاتماقچى بولىدۇ.

— چۈنكى، مەن بىرىنچىدىن كەنت باشلىقى، ئىككىنچىدىن، لەيلىنى ئۆز ۋاقتىدا «قارا نوپۇس» دەپ ھەيدىۋەتمىگەن گۇناھ مەندە. ئۈچىنچىدىن، لەيلىگە ئاشلىق نورما بەلگىلەپ بېرىپ كەنتتە ئېلىپ قالدىم. لېكىن، ئۇ كامالدەك ياۋاش يىگىتنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتتى. شۇڭا، مېنىڭ ئۇلار ئالدىدا تىلىم تۇتۇق!

— قېنى داۋاملاشتۇرسىلا!

— مەن پاشلىقتا كىرىپ كامال بىلەن سودىلاشتىم، ئۇمۇ قوشۇلدى، — دېدى ئىگەمبەردى ئېغىر تىنىپ قويۇپ، — مەن ئىككىنچى قېتىم پۇل ۋە ئاشلىق بېلەتنى ئېلىپ كەلسەم كامال ئاقسۇغا كېتىشتىن يالتىيىپ قاپتۇ. مەن ھەتتا چاۋارنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن قاشقا تورۇقنى بەرمەكچىمۇ بولدۇم، لېكىن كامال ئۇنىمىدى. لېكىن، خۇدا گۇۋاھ، كىملەرنىڭ ئوت قويغانلىقىنى بىلمەيمەن.

— بىراق، چاۋار ھەم مەتسىدىقلار، — دېدى جەۋلان ئاچچىقى بىلەن، — «لەيلى ھەم كامال ھادىسىلىرىنى ئىگەمبەردى ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ قىلغان» دەيدۇ، مېنىڭچە بۇ پاكىتلار يوللۇقتەك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار لەيلىگە يامان نىيەتتە بولمىغان - دە.

— چاۋار بىلەن مەتسىدىق بىر - بىرىگە باجا كېلىدۇ، — ئىگەمبەردى جەۋلان تۇتاشتۇرۇپ بەرگەن تاماكىنى قولىغا ئالغاندا، كۆزىگە ياش كەلدى، — سائادەت ئوغۇلخاننىڭ نەۋرە سىڭلىسى. ئۇ ئىككىسىنىڭ مەندىن يوشۇرۇن قىلغان

خىيانەتلىرى كۆپ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنىڭ ئاچقۇچى لەيلى بىلەن كامال ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

— ئىگەمبەردىكا، سىلى پاكىتلارنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋاتىدىلا، — زۇلال خاتىرىسىگە كۆز تاشلىدى، — ئۇلار ھەتتا ئاق ئوغۇت، قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى، كامال سېتىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ پۇلىنىمۇ ئىگەمبەردى ئۆلەشتۇرۇپ بېرەتتى، ئۆزى بىزدىن كۆپ ئالاتتى، دەۋاتسا.

ئىگەمبەردى ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتىيۇ، لېكىن جەۋلانغا قاراپ بېشىنى چايقىغىنىچە ئاستاغىنا ئولتۇردى.

— راست، ئۇلار ھازىر بارلىق شالدىر ـ شاپىلاقنى ماڭا ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۆزۈم بىلگەن، ئېسىمدە قالغان خىيانەتلىرىمنى تاپشۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، — ئىگەمبەردى چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — جەۋلان، ئۆزلىرى ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن كادىر، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتقىنىنىڭ تېگىگە يېتىدىلا. قېنى تەكشۈرۈپ كۆرەلا.

جەۋلان، زۇلال، كامالەتلەر بىر ـ بىرىگە قاراپ باشلىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇشتى. دەرۋەقە ئىگەمبەردى مەسىلە تاپشۇرۇشتا باشقىلارغا قارىغاندا خېلى سەممىي بولۇۋاتاتتى. ئۇ يېزىپ تاپشۇرغان بىر نەچچە قېتىملىق غوللۇق پۇل بۆلۈشۈش باشقىلارنىڭ تەكشۈرۈشنامىلىرىدە يوق بولۇپ، كامال يېزىپ قالدۇرغان تالونلاردىكى پۇلنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەمما، بۇلارنى نەچچە يىللىق قۇمتام كەنتى كىرىمىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. شۇڭا، جەۋلان «تەكشۈرۈش مەشەگىچە بولسۇن» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن ئىگەمبەردىگە سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن نەسىھەت، تەنبىھ ۋە تەھدىت پۇرىقى كېلىپ

تۇراتتى.

— ئىگەمبەردىكا، ئۆزلىرى كەنتىنىڭ ئاتىسى، بۇ ھوقۇقنى خەلق بەرگەن. ئەمما، ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ چىرىكلەشتىلە. دېھقانلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويدىلا. مانا ئەمدىلىكتە سىلى ئىشەنگەن ئادەملەر مەيدىلىرىگە تېپىپ گۆرگە ئىتتىرىۋاتىدۇ. پارتىيە، خەلق قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قولىنى سوزسا ئىشەنمەيۋاتىدىلا، قېنى، سىلى يەنە قاچانغىچە جاھىللىق قىلىدىكەنلا، كۆرۈپ باقايلى.

ئىككى مىنىبىڭ ئىگەمبەردىنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. جەۋلان، زۇلال، كامالەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ ياندىكى ئىشخانىغا كىرىشتى. جەۋلاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن چاۋار بىلەن مەتسىدىقنى ئېلىپ كەلدى. چاۋار ياۋاشلىق بىلەن باش ئېگىپ تۇرغان ئىككى بۇرادىرىگە يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا ئالىيىپ تۇراتتى. جەۋلان ئۇلارغا ئۆيىگە قايتىشنى، لېكىن قالايمىقان سىرتلارغا چىقماسلىق، بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلەشمەسلىك، ئەگەر تۇزۇمگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار بايقالسا، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇپ بەردى. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن دەرۋازىدىن چىقىپ ئۇزاپ كېتىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا كېتىۋاتقان مەتسىدىق يېڭىلا كېزىكتىن قوپقان ئاغرىقتەك سەنتۈرۈلۈپ - پۇتلىشىپ ئۆيىگە ئارانلا كېلىۋالدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپلا پۇتلىشىپ يىقىلدى. تاراق - تۇرۇقتىن چۆچۈپ كەتكەن سائادەت ئۆيدىن ئوقچۇپ چىققىنىچە ئاللا - توۋا دەپ ۋارقىراپ ئېرىنى يۆلىدى. مەتسىدىقنىڭ تىزلىرى پوكولۇپ بىر خالتا گۆشتەك مىلىق - سىلىقلا بولۇپ قالغانىدى.

سائادەت ئېرىنى ئىككى قات كۆرپىدە ياتقۇزۇپ، چۆپ ئاش ئىچۈردى. لېكىن، مەتسىدىق بېشىنى ئىككى ياققا چايقاپ، ھۆ تارتىپ يىغىنى باشلىۋەتتى.

— مەن تۇگەشتىم، مېنى ئاتىدىغان بولدى، قىزىم بىلەن

# ئەكلساكان ئۆتلى (2)

ئوغلۇم يېتىم بولۇپ قالارمۇ، سائادەت، ياخشى ـ يامان دېيىشكەن بولساق مەندىن رازى بول، ــ دەپ ناله ـ پەريادنى باشلىۋەتتى. ئۇ يىغلا ـ يىغلا ئۆزىمۇ هالىدىن كەتتى. ئاخىر چىدىيالمىغان سائادەت قولىدىكى چىنىنى شىرەگە قويدى ـ دە، ئۇمۇ يىغلىغانچە ۋارقىرىدى:

ــ نېمانداق تۈگىمەيدىغان يىغا بۇ، توۋا، سىلىمۇ ئەر بولۇپ قاپتىلا.

تولا يىغلاپ كاكىراپ قالغان مەتسىدىق غارالڭ ـ غۇرۇلڭ ئاۋازدا بوگۇنكى سوئال ـ سوراق جەريانىنى ئېسىدەپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. بىرىنچى قېتىملىق خۇلاسىدە بىكىتىلگەن خىيانەتنى ئاڭلىغان سائادەتمۇ ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. بۇ تېخى ئۆزگەرتىلگەن تالون، ئاق هۆججەتلەردىكى ساختىلىق هەم كامال، ئىگەمبەردىلەرنىڭ تاغدىن ـ باغدىن پاش قىلىشلىرى ئىدى. ئەگەر شەهەردىكى سودا ئىدارىسى، ماي زاۋۇتى، ئاشلىق ساڭ، گىلەم كارخانىلىرىنىڭ، ئاشلىق، ياغلىق دان، ئۆچكە تىۋىتى، قۇرۇق يەل ـ يېمىش، گىلەم ـ خۇرجۇن، پاختا، چىگىت، گۆش سېتىۋالغان تالون كۆتەكلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ پۇللىرى مەتسىدىقنى ئۇدۇل دار ئالدىغا سۆرەپ باراتتى. چۈنكى، نەچچە يىللاردىن بېرى كۆيدۈرۈپ، يىرتىپ ئورنىنى يوقاتقان تالون ـ هۆججەتلەر ئاز ئەمەس ـ تە!

ــ خوتۇن، ــ دېدى مەتسىدىق يىغلامسىراپ، ــ شۇنچە كۆپ پۇلنى قانداق تۆلەيمەن؟ جەۋلان قىلغان خىيانىتىنىڭ سېنى ئۈچ قېتىم ئېيتىشقا يېتىدۇ، دەۋاتسا.

ــ ۋاي خۇدايىم، هەممىنى سىلى خەجلىمىسىلە، ــ سائادەت چالۋاقاپلا كەتتى، ــ چاۋار، ئىگەمبەردىلەر سىلىدىن كۆپ ئالغان تۇرسا. ئۇلارنىڭ ئۇلۇشنى تۆلەشكە بىزنىڭ بېشىمىزنى ئېشەك غاجىلىۋالمىغان.

— ھەر قېتىم بۆلۈشكەن پۇللارنى يېزىپ ماڭغان خاتىرە بار ئىدى...

— پاھ، پاھ، ئەۋلىيادەك ئىش قىپتىلا، شۇنى ئاپىرىپ كۆزىگە تىقسىلا، ئۇلار يەيدىغاننى يەپ - يەۋېلىپ، ئەمدى قۇسىدىغان ۋاقىتتا قىيامەتنىڭ مۆشۈكىدەك كۆزىنى يۇمۇۋالسا بولامدا؟

— ئۇ... ئۇ خاتىرە ئىشخانامدا كۆمۈكلۈك ئىدى.

— ۋاي خۇدايىم، — سائادەت كالپۇكىنى چىشلىدى، — ئەمدى قانداق قىلارمىز، ئۇلار ئىشخانىغا قۇلۇپ سېلىۋالغاندۇ؟

— بۇغالتىر ئىشخانىسىدىكى مەنقۇلاتلارنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە بىر تال ئاچقۇچنى ئېلىۋالغاندىم.

— راستىما؟ — خۇشاللىقتىن سائادەتنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، — ئەمىسە نېمىگە قاراپ تۇرىدىلا، ھازىر ھەممە خەق سۈت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتىدۇ...

ئەر - خوتۇن ئۆزئارا بىر پەس قۇلاق يېقىشىۋالغاندىن كېيىن مەتسىدىق ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى قارا پوتىدا ئوراپ ئۆيدىن چىقتى. تېخى ئاي تۇغمىغاچقىمۇ ھويلا ئىچىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغان ئىدى. بىراق، يۇلتۇزلار شۇنچە روشەن چاقناپ تۇراتتى. مەتسىدىق ئەتراپتا كۆزىتىۋاتقان مىنبەڭلار بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغاچقا، باغ تېمىدىن ئارتىلىپ، چوڭقۇر ئېرىق ئىچى بىلەن چوڭ يولغا چىقىۋالدى. ئۇ يول بويى بولجالىق، سۆگەتلىك، جىگدىلىكلەر ئارىسىدىن مېڭىپ كەنت تەشكىلى كوچىسىغا يېتىپ كەلدى. ئاندىن دوڭغاق ئۇجمە ئارقىلىق پىچان دۆۋىلەنگەن ئۆگزىگە يامىشىپ چىقتى. ئەمما، جەۋلاننىڭ ياتىقىنى قوغداۋاتقان ئىككى مىنبەڭنىڭ گىرىمسەن سايىسىنى كۆرۈپ ھويلىغا شوتا ئارقىلىق چۈشمەي تامدىن سىيرىلىپ چۈشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەتراپنى راسا كۆزەتكەندىن كېيىن قاراڭغۇ تام دالدىلىرى ئارقىلىق يان قورۇنىڭ ئەگۈنىگە

شىپىلداپ بېرىۋالدى. مەتسىدىق يان قورۇ هويلىسىغا غىپپىدە كىرىۋالغاندىن كېيىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بوغالتىر ئىشخانىسىغا ئەمدىلا كېلىشى ئۆگزىدىكى مىنبىڭ «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىدى. هودۇقۇپ ۋە قورقۇپ كەتكەن مەتسىدىق پالاق ـ پۇلۇق ئارقىغا قېچىپ، ئۆگزىگە ياماشتى ـ دە، كوچىغا سەكرەپ چۈشۈپ كەلگەن يولى بويىچە تىكىۋەتتى. ئۇ كەنت هويلىسىدىن كېلىۋاتقان ئەنسىز ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي، تېخىمۇ تېز يۈگۈردى. ئۇ جىگدىلىك مەھەللىسىنىڭ ئاچال يولىغا كەلگەندىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ بىر تۈپ پاخپاق ئازغاننىڭ تۈۋىدە دالدىلاندى.

مەتسىدىق خوتۇنىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە «خاتىرىسىنى كۆزىگە تىقىش» ئارقىلىق ئىگەمبەردى، چاۋارلاردىن كۆپ پۇل ئۇندۇرمەكچى ئىدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن مىنبىڭلار تۇيۇپ قېلىشتى. بۇ ئەھۋالنى ئەتىلا جەۋلان، هاشىملار ئاڭلىسا بوغالتىر ئىشخانىسىنى تېخىمۇ قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالىدۇ. ھەتتا ئىشخانىنى قايتىدىن ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىپ ئاختۇرۇشتىن يانمايدۇ. مەتسىدىق ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا ئاخىر يەنىلا ئىگەمبەردىگە يېلىنىپ باقماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشىدىكى «كەنت باشلىق»لىق تاجىسىنى ئېلىۋەتمىگەچكە، ھەرقانداق ئىشخانىغا كىرىپ ـ چىقالايتتى. ئاددىيسى، «بوغالتىر ئىشخانىسىدا مەسىلىمگە تەييارلىق قىلىۋالسام» دېسە جەۋلان «بوپتۇ» دېيىشىمۇ مۇمكىن.

لىڭگىرتاقتاق خىياللىرىدىن كۆڭلى تەسكىن تاپقان مەتسىدىق ئۆيىگە قايتماي، ئىگەمبەردىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ هالقىسىنى ئېھتىيات بىلەن شاراقلىتىپ ھەم دەرۋازا يوچۇقىغا تۇمشۇقىنى كەپلەپ ئاستا ۋارقىرىدى:

— ئىگەمبەردىكا، هاي ئىگەمبەردىكا! كەنت باشلىقى، ئىشىكنى ئاچسىلا.

ئىچكىرىدىن خېلى بىر چاغدىلا «ئو...» دېگەن بوشقىنا ئاۋاز ئاڭلىنىپ، دەرۋازا ئېھتىيات بىلەن ئاستا ئېچىلدى. ئەمما، ئىگەمبەردى نىقابلانغان ئادەمدىن قورقۇپ ئارقىغا داجىدى:

— كىم سەن؟ نېمە... نېمە ئىشىڭ بار؟

مەتسىدىق ئاغزى - بۇرنىنى يۆگىمۇالغان قارا لاتىنى چۇشۇرۇۋېتىپ، هويلىغا لىپپىدە كىرىۋالدى. ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان ئىگەمبەردى قورقىنىدىن زەردە بىلەن شىۋىرلىدى:

— هەي ئىت پاكار، جان ساقلىغىلى قويامسەن، يوق؟ — ئىگەمبەردى كوچىغا قارىۋېتىپ دەرۋازىنى ياپتى، — نېمانداق لالما ئىتتەك سوكۇلداپ يۈرىسەن؟ بايا جەۋلاننىڭ «ئالاقىلەشسەڭ قاتتىق تەدبىر قوللىنىمىز» دېگەن گېپىنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

مەتسىدىق نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتقىلى كاسىلدىغان هالدا دەپ بولۇشى ئىگەمبەردى قوللىرىنى شىلتىگەن هالدا چېچىلدى:

— كېچىكتۇق، ئەمدى كېچىكتۇق.

تۇنۇگۇن چۈشتىن كېيىن كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىدا مەسىلىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىگەمبەردى كامالەتتىن قەغەز ئېلىش ئۈچۈن بۇغالتىر ئىشخانىسىغا كىرگەن ئىدى. ئىشخانىدىكى ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنىڭ ئورنى رەتلىنىپ، يوغان هەم كېلەڭسىز ماتېرىيال ئىشكاپى خاتىرە كۆمۈلگەن بۇلۇڭدا چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇنى ئاز بولغاندا تۆت ئادەم ياكى ئالتە ئادەم ئارانلا يۆتكىيەلەيتتى. ئىگەمبەردى بىردىنلا مەتسىدىقتىن گۇمانلىنىپ قالدى.

— هەي مەتسىدىق، ئۇ خاتىرە ئارقىلىق بىز بىلەن هېساب - كىتاب قىلماقچىمىدىڭ؟

— ئەمىسە پۇلنى بۆلگەندە تەڭ ئېلىپ، مەن جېنىمنى سېلىپ بېرەيما؟ — مەتسىدىق بوينىنى تولغىدى، — بىر ئۆلۈش

سىلى، يەنە بىر ئۇلۇشنى چاۋار، قىسقىسى ئۇچىمىز تەڭ تۆلەيمىز.

ئىگەمبەردى راستتىنلا قورقتى! ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ هالا بىر كۈنلىرى بويىنىغا سىرتماق بولۇپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرىگەن مەتسىدىق هەر قېتىم بۆلۈشكەن پۇل، مەنقۇلات ئامبىرىدىن ئالغان نەرسىلەر، قۇمتام كەنتىنىڭ قان — تەرىنى بۇلاپ يېيىشلەر ئەدناسى هۆكۈمەت تەرىپىدىن تەقسىم قىلىنغان قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىغىچە، يىرتىلغان، كۆيدۈرۈلگەن تالونلارغىچە يېزىپ ماڭغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، مەتسىدىق هەممە بالايى — بەتتەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭلا زىممىسىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن هەزەر ئەيلەيدۇ — دە! ئۇنىڭ كۆك تاشلىق خاتىرىسى بولسىلا، شەهەردىن ئېلىپ كېلىدىغان ئىسپاتلارنىڭ نېمە كېرىكى!! ئەڭ قورقۇنچلۇقى، بۇ خاتىرە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلسا، خاتالىقلارنىڭمۇ خاراكتېرى بىر يولىلا ئۆزگىرىپ، هەممىسى مەسچىتقا چىچقان قارا ئىت بولۇپ قالاتتى. ئەمدى مەتسىدىقنا يېلىنىپ، بىر ئامالالاپ ئۇنى ئۆز كېچىكىگە كىرگۈزمىسە بولمايتتى.

— مەتسىدىق ئىنى، ماڭا تېگىشلىك پۇلنى بېرەي، — ئىگەمبەردىنىڭ ئاۋازى بىردىنلا يۇمشىدى، — بىراق، مەن پۇللىرىمنى شەهەردىكى بانكىغا قويغان، ئون نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرساڭ.

— بولمايدۇ، ئۇلار بىر هەپتە ئىچىدە تاپمىساڭ ئاتىمىز دەۋاتسا...

— ماقۇل، ماقۇل، — ئىگەمبەردىنىڭ بەللىرى پۈكۈلدى، — مەن شەهەرگە بىر كىمنى كىرگۈزۈپ هەپتە ئىچىدە تەييارلاپ بېرەي، لېكىن شەرتىم، مېنى ئارىغا قاتمىساڭ.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ، هەممىنى مەن خىيانەت قىلغان دېسەم، گۇناهىم تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتمەمدۇ؟

— قارا ئۇكا، كەنتىمىزگە تراكتور ئېلىش ئۈچۈن بانكىغا، —





ئىگەمبەردى يەنىلا ئويلىنىپ قالدى، — يا، ياق بانكىغا دېسەڭ بولمىغۇدەك. كىچىك ئانامنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويغان، بۇنىڭغا ئىگەمبەردى، چاۋارلار گۇۋاھ دېسەڭ بولىدىغۇ.

— ئۇلار كىچىك ئاناڭنىڭ ئۆيىگە ھازىرلا بارىمىز، دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمەن؟

— بىرەر باھانە كۆرسەتمەمسەن؟ «كىچىك ئانام ناھىيىگە تويغا ياكى نەزىرگە كېتىپتۇ، بۈگۈن ـ ئەتىگىچە كېلىدۇ» دېگىن، ئاڭغىچە ئۆزۈمگە تېگىشلىك پۇلنى تەييارلاپ بەرمەمدىم.

— بۇمۇ بوپقالغۇدەك، لېكىن پۇلنى ۋاقتىدا تەييارلاپ بەرمىسىلە، مەن چىرىكلىككە زەربە بېرىش گۇرۇپپىسىغا خاتىرىنى پاش قىلىمەن.

— خاتىرجەم بول، چوقۇم تەييارلايمەن.

ئىگەمبەردى مەتسىدىقنى چىقىرىۋېتىپ، دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ ئۆيىگە كىردى. باياتىن بېرى دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان نىساخان ھەممە گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئېرى سۇپا ئۈستىگە چىقىپ بولغۇچە كايىپ كەتتى:

— مەن بۇرۇنلا بۇ خەقتە يۈز يوق دېمىگەنمىدىم. مانا ئەمدى ئالا كېچىدە پۇل دەپ كەپتۇ.

— راست دەيسەن خوتۇن، ئىككى قېتىملىق ئادەم قەستلەش ئىشىنىمۇ ماڭا ئارتىپ قويدى ئەمەسمۇ.

— بۇ ئىشلارنىڭ مىزەممىتى ئارتىلىپ قېلىپ — نىساخان يىغلىدى، — سىلىگە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئۇششاق باللار بىلەن قانداقمۇ قىلارمەن؟

— خوتۇن، قاقشىغان بىلەن بىكار، — ئىگەمبەردى تاماكا ئورىغاچ باش چايقىدى، — ئاۋۋال مەتسىدىققا بېرىدىغان پۇلنى تەييار قىلايلى، بولمىسا ئۇ چاۋىمىزنى چىتقا يايىدىغان يۈزسىزلەردىن.

— سىلى شەھەرگە كىرەلمىسىلە، ئۇ پۇلنى كىم ئەكېلىدۇ؟

— ئوكاڭ بەردىقۇلنى كىرگۈزەيلى، شۇ ئەكېلىپ بەرسۇن.

— بېشىڭنى يەيدىغان نەس باسقۇر پاكار، پوتلىشىپ ئۆلەرسەن! گۆرۈڭگە ئوت كېتەر! پۇل دېگەن ئاغزىڭغا مۇنىاق چىقار ئىلاھىم!

نىساخان مەتسىدىقنى راسا قارغاۋاتقاندا ئۇ چاۋارنىڭ هويلىسىدا ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتتىپ، ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغانسېرى چاۋارنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى خۇددى مۇز ساقىدەك سوغۇق يالتىراپ بىر چېكىتكە قادىلىپ قالدى. قاپقارا سېمىز چىرايى بولسا ئادەم چېچىش ئالدىدا تۇرغان جاللاتنىڭ ۋەھشىي چىرايىدەك سۇرلۇكلىشىپ كەتكەندى.

— ھىم... كۆك تاشلىق خاتىرەم بار، دېگىن، — چاۋارنىڭ بوش تىترەۋاتقان قوللىرى پىچىقنىڭ دەستىسىنى سىلىشى مەتسىدىق ئارقىغا چېكىندى، — بولىدۇ، ئىگەمبەردىدەك مەنمۇ بىر ئۆلۈشنى بەرسەم بولىدىغۇ؟

— ئەمىسە قاچان؟

— شەھەرگە كىرىپ بانكىدىن پۇل ئاجرىتىش ئۇچۇن بىرەر ئەپلىك پۇرسەت بولمىسا بولماس.

— بىر ھەپتىدىن ئېشىپ كەتسە، — مەتسىدىق ئارقىغا يەنە چېكىندى، — مېنى يۈز - خاتىر قىلمىدى دەپ قالمىسىلا، «چىرىكلىككە زەربە بېرىش» گۇرۇپپىسىغا خاتىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ گۇناھىمنى يېنىكلىتىمەن.

— بولىدۇ دېدىمغۇ، مۇناپىق، — چاۋار ئۆزىنى تۇتۇۋالمىدى، — پۇل تەييار بولغاندىن كېيىن مەن سېنى ئىزدەيمەن، ئەمما بىر شەرت، مېنىڭ پۇل بەرگەنلىكىمنى ئىنس - جىنغا، ھەتتا خوتۇنۇڭغىمۇ تىنمايسەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— نېمىشقا دېگىنىڭ نېمىسى؟ ھازىر ئىككىمىزلا قاشقىسى

بار بۆرە تۇرساق، ئۆزئارا بىر ـ بىرىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پۇل بېرىشكەنلىكلىرىمىزنى ئۇلار بىلىپ قالسا، ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئىگەمبەردى دېگەندەك «تراكتور ئالىدىغان پۇل» دەپلا تۇرۇۋال. ئەگەر بىر كىمگە دېسەڭ مەندىن پۇلنىڭ سۇنۇقىنىمۇ ئالالمايسەن. ماڭ ئەمدى چىقىپ كەت.

چاۋار مەتسىدىقنىڭ دۈمبىسىدىن بوشقىنا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى تاقىدى. ئاندىن ئۇ پەلەمپەيگە قەدەم ئېلىپ بولۇپ، توختاپ قالدى. ئوغۇلخان تورۇسنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك خورەك تارتمىغىنى بىلەن ئۇنىڭ توختىماي بۇرنىدا پۈشتەك چېلىپ پۇشۇلداشلىرى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ قوياتتى. خىيال، ئوي ـ پىكىر ۋە نازۇك پىلانلارنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئويلاش ھەم ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن چاۋار بەكمۇ تىمتاسلىقنى خالايتتى. شۇڭا، ئۇ ئارقىغا يېنىپ باغقا كىرىپ كەتتى. پايانسىز قۇم دەشتىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي باغدىكى بىر توپ قېرى ئامۇتنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالغانىدى. يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن نازۇك شۇڭلاردا ھاياتقا تويمىغان بىر نەچچە تال قورۇلۇپ كەتكەن ئامۇت قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ھەرخىل مېۋىلەرنىڭ رەڭگارەڭ يوپۇرماقلىرى باغ ئىچىدىكى چىغىر يوللارنى باغاشلىۋالغانىدى. لېكىن، زەپىران ياپراقلار ئارىسىدىن ساپسېرىق بېھىلەر ماراپ قارايتتى. كېچە ئاپئاق ئايدىڭ بولۇپ، نەرسىلەرنىڭ ئېنىق بولمىغان ئىزنالىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تېخىچىلا ئۈزۈلمىگەن بېھىلەرگە، ناسۋال قاپىقىدەك ئېسىلىپ تۇرغان ئاندا ـ ساندا قورۇق ئامۇتلارغا، پىلدىرلىشىۋاتقان تەنھا ياپراقلارغا قاراپ: شۇلار چېغىدا ھاياتقا قانمايدۇ... دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن چاۋار ئېغىر خورسىنىپ، ئايىغى ئاستىدىكى غازاڭلارغا قاراپ قويدى. ئەجەب ئىش، چاۋار شۇ ياشلىق بولغۇچە بۇنداق غېرىبسىنىپ، ئاھ

ئۆرۈپ باقمىغانىدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇنىڭمۇ ھايات قىسمەتلىرىگە «كۆز» كېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. لىللا گەپنى قىلغاندا بۇ «كۆز» نى ئۆزى چىللاپ كەلدى. ئۇ «ئىشەنچسىز دوستتىن، ئىشەنچلىك دۈشمەن ياخشى»، «چالا مۇسۇلماندىن، شەيتان ياخشى» دېگەن بوۋىلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ئىشەنچسىز ئادەملەرگە سىرىنى بېرىپ قويىدى. دانالار:

ھەر سىرنى دىلدا ساقلىسا دانا،
ئۇ يوشۇرۇن بولسۇن مىسالى ئەنقا.
سەدەپنىڭ ئىچىدە قاتار دۇر بولۇر،
سىر قىلىپ يوشۇرغاچ قەلبىدە دەريا...

دەپ بىكار ئېيتمىغان ــ دە. مانا ئەمدىلىكتە ئىگەمبەردى، مەتسىدىق، ھابىللار ئۇنىڭ گۆرىنى قازىدىغان گۆركارلار بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ... شۇنداق، بۇ لەنىتىلەر نۇرغۇن ئىشلارنىڭ شاھىتى ۋە ئاسىيسى!

چاۋار باغ ئىچىدىكى غازاڭ باسقان چىغىر يوللاردا ئاستا مېڭىپ تۈۋسىز خىياللار قاينىمىغا پاتقان ئىدى! كەم چىققان ئاشلىق، ئاق ئوغۇت، قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى، بىرقانچە پارچە گىلەملەر قانۇندا تارازا باسقۇدەك چوڭ ئىشلار ئەمەس. ئەمما، مەتسىدىقنىڭ سېسىق ئاغزى ئېچىلدىيۇ، ھېلىقى بۆلۈشكەن كۆپ پۇللار ئۆلۈم بوسۇغىسىغا ئېلىپ بارمىسىمۇ، خېلىلا قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ، نەم ــ نەمگە ئۇسسۇل ئوينىتىدۇ. تۇۋا، ئادەمنىڭ گول، نادىنى يوقكەن! شۇنچە يىللاردىن بېرى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، ھەممىنى خاتىرىلەپ كەلگىنىنى قارا! ئۇ ئەسلىدە ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان، ياۋاش، مۆمىن بىر ساياق ئىدىغۇ! چاۋارنىڭ ئۇنى «بىر قوللۇق تەربىيىلىدىم...» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويغانلىرى قېنى؟

چاۋار قېرى ئامۇتنىڭ غولىغا يۆلىنىپ ئاسماندىكى ئايغا قارىدى. ئايمۇ ئۇنىڭغا مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ: «كۆرگۈلۈكۈڭ ئالدىڭدا» دېگەندەك قاراپ تۇراتتى. راست ئەمەسمۇ، لەيلى دېگەن ئالۋاستىنى يامان جاڭگالدا ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، كامالنى كۆيدۈرۈپ چۈچۈلىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۆزى ئۇدۇل دوزاخقا ئاپىرىدىغان دەھشەتلىك يول!... ئەگەر مەتسىدىقلا ئىقرار قىلمىسا، ئىگەمبەردىگە ئارتىپ قويۇپ، قۇتۇلغىلى بولاتتى. چۈنكى، بۇ لەيلىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار تۇرسا! بىراق مەتسىدىقتا زەررىچە ئۈمىد قالمىدى. ئۇ ھازىر چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىدىن پۇل ئۇندۇرۇشنىڭ كويىدا، ھەممىنى دوغا تىكمەكچى!

چاۋارنى ئەنسىزلىككە سېلىۋاتقان يەنە بىر ئادەم ھاشىم ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى شۇجىلىق تاجىنى ئېلىپ تاشلاپ، بىر كېچىدىلا ئوغرى قىلىپ قويۇشتەك سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر، تۆھمەتلەر ئادەتتىكى جىنايەت ھېسابلانمايتتى. سىنىپىي كۆرەش تۇتقا قىلىنىۋاتقان ئىنچىكە ۋەزىيەتتە «ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىنقىلابىي كادىرلاردىن سىنىپىي ئۆچ ئېلىشى» دەپ قارىلىپ ئېغىر جازاغا تارتىلاتتى. ھاشىمنى قەستلەش، لەيلى بىلەن كامالنى ئۆلتۈرۈشكە مەتسىدىق، ھابىللارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغىنىنى كۆرمەمدىغان! قانداق بولۇپ سەۋەنلىك يۈز بەردى؟ ھەي دەرىخا... ئادەمنى خاتا مۆلچەرلەش، توغرا باھا بېرەلمەسلىكتىن تۆلەيدىغان بەدەل ئۆمۈر شامىڭنى ئۆزۈڭ پۈۋلەپ ئۆچۈرۈشتەك پاجىئەكەن ئەمەسمۇ! ئەۋلىيالار: «قورقۇنچاق ئادەم ئاللانىڭ ئەڭ ناباب بەندىسىدۇر...» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. مانا ھازىر مەتسىدىق قورقىنىدىن تامبىلى بېلىدە توختىمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا بىر ئۆلۈش پۇلنى بېرىپ ئاغزىنى ئېتىش كېرەكمۇ؟ زادى شۇنىڭ بىلەن بالا ـ قازانىڭ ئاغزى ئېتىلەمدۇ، يوق! ھەي مۇناپىق پاكار، زۇۋانىڭنى مەڭگۈ

ئىپچىلماس قىلىۋەتكىنى بولسا كاشكى...

چاۋارنىڭ قىياق كۆزلىرى قىسىلىپ، قانداقتۇر بىر شۇملۇق كۆز ئالدىدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى...

چاۋار باغنى ئارىلاپ، ئىغىر خىياللار ئىلكىدە قالغاندىن سەل ئىلگىرى، يەنى مەتسىدىق كەنت تەشكىلىدىن قىچىپ كەلگەندىن كىيىن مىنبىگلارنى تەكشۈرۈپ كەلگەن ھاشىم بىر نىقابلىق ئادەمنىڭ بۇغالتىر ئىشخانىسىغا كىرمەكچى بولۇپ قىچىپ كەتكەنلىكىنى مىنبىگلاردىن ئاڭلاپ، جەۋلاننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. لىكىن، جەۋلان كىمگىدۇر جىددىي تىلىفون قىلىۋاتقاچقا، ھاشىم ئورۇندۇققا كىلىپ ئولتۇردى.

— ئەيسايۇپكا، — دىدى جەۋلان ھاشىمغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — قۇمتامدا ئىنىقلىنىۋاتقان خىيانەتنى ئاڭلىسىڭىز ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، قۇمچاقار يىزىلىق ھۆكۈمەت، يىزىلىق، ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك بانكىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ مەسىلىسى بىر تەرەپ بولغۇچە بانكىلاردىكى پۇللىرى توڭلىتىۋىتىلسە... رەھمەت، ئەيسايۇپكا، يەنە بىر گەپ، ئۆتكەنكى ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟ ئەمىسە بارنىياز شۇجىنى ئىلىپ قاچان كىلەلەيسىز؟ نىمە، بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە دەمسىز؟ بولىدۇ، مەن ساقلايمەن.

— يائاللا، كاللىڭىز زەپ ئىشلەيدۇ جۇمۇڭ، — دىدى ھاشىم جەۋلان تۇرۇپكىنى قويغاندىن كىيىن، — ئۆتكەنكى ئاتقان پورىڭىزنىڭ خىلىلا ئۇنۇمى بولدى. ئاۋۇ ئۈچ بۆرە قۇيرۇقىنى قىسىپ تۇنجۇقۇپلا كەتتى.

— ئاساسىم بولمىسا ھاكىمنىڭ نامىدىن پايدىلىنىشقا ھەددىمۇ، — جەۋلان تاماكا تۇتاشتۇردى، — مىنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى تالاشقانلىقى، لىكىن ئابلىز ھاكىم ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنى، سوت مەھكىمىسىنى

سايە قىلغانلىقى راست. ئەمما، كېرىم جۇرىنىنى يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىگە يۆتكىمەكچى بولغانلىقىنى ھاكىمدىن ئاڭلىغان.

— شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلارنى ئېپى - جېپى بىلەن قۇراشتۇرۇپ، رەقىبىڭىزنىڭ يۈرىكىگە ئىسكەنجە سالماق ئاسان ئەمەس - تە.

— مانا بۇ تاكتىكا، — ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىشتى، — ھاشىمكا، تېخى بايىراقتا ھويلىدا ۋارقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ چىقسام، مىنبىگلار يۈزىنى ئورۇۋالغان بىر ئادەمنىڭ بۇغالتىر ئىشخانىسىغا كىرمەكچى بولغانلىقىنى دېيىشتى.

— مەنمۇ شۇ گەپنى ئاڭلاپ يېنىڭىزغا كىرىشىم، — ھاشىم جەۋلانغا ئېگىشتى، — ئۇ چوقۇم مەتسىدىق.

— مىنبىگلارنىڭ «پاكار، دىقماق» دېگىنىدىن مەنمۇ شۇنداق گۇمانلاندىم. ئۇ... نېمىشقا كەلگەندۇ؟

— ئۇنىڭ مۇھىم بىر نەرسىسى ئىشخانىدا ئۇنتۇلۇنۇپ قالغان.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، — دېدى جەۋلان سەل ئويلىنىۋېلىپ، — كامالەت، مەتنىياز، زۇلاللار ئىشخانىنى ھەم ماتېرىياللارنى يەنە بىر رەت قىدىرىپ چىقسا بولغۇدەك.

— بولىدۇ، ئەتە ئەتىگەنلا ئۇقتۇرۇۋېتەيلى، — ھاشىم ئورنىدىن تۇردى، — بولدى، ۋاقىت خېلى بولۇپ قاپتۇ. سىزمۇ ئارام ئېلىڭ.

ھاشىمنى ھويلىدىلا ئۇزىتىپ قويغان جەۋلان ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدى بولغاي، ئىشخانىنى كۆزىتىۋاتقان مىنبىگلاردىن بىرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا قىسقىلا پىچىرلىدى. مىنبىگمۇ دەرھاللا ھاشىمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى...

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# كۈلۈپ قارىمىغان بەخت

ئاتلىرىنىڭ ساغرا، بويۇن ۋە قۇلاق تۈۋلىرى تەرلەپ كەتكەن ئەيسايۇپ بىلەن بارنىياز شۇجى قۇمتام كەنتى تەشكىلى ئالدىدىكى كوچىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى تېلېفوندىن ئاڭلىغان جەۋلان ۋە ئەخمەت گاچا ئىككىسى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئاڭغىچە بىر قانچە دېھقان ۋە باللار توپلاشتى. ئۇلار شەھەردىن ياكى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئادەم كەلدىيۇ، ھەممىنى «رەھبەرلەر» دەپ بىلگەچكە، بىرەر «خۇش خەۋەر»، «يېڭىلىق» ئاڭلاش كويىدا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولاتتى. ئەيسايۇپ، بارنىياز ئاتتىن چۈشۈشتى. ئەخمەت ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ ئېغىلغا ئېلىپ ماڭدى. جەۋلان ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھويلىغا باشلىدى.

— ھە، شاماللىق، — ئەيسايۇپنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، — نېمانداق تېلېفون ئۇرىۋېرىسەن، سەنزە، سەنزە... يا بىزگە بېرىدىغان زىياپىتىڭ بارمىدى؟

— شۇنداق، — دېدى جەۋلان كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزگە ھېكايە زىياپىتى، بارنىياز شۇجىغا پاقلان زىياپىتى بار.

— ئۇنداقتا ھەممە پايدا بارنىياز شۇجىغا بولغۇدەك.

ئۇلار كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئىشخانىغا كىرىشكىلا ئەخمەت بىلەن يەنە بىر مىنىبىڭ ئالدىن تەييارلانغان لۆڭگە، چۆگۈنلەرنى كۆتۈرۈپ كىلىشتى. بارنىياز بىلەن ئەيسايۇپ

سىرتقا چىقىپ توپا باسقان يۇزلىرىنى يۇيۇپ كىرگۈچە جەۋلان يوغان كۆكچى قوغۇننى تىلىپ ئۇستەلگە تىزىپ قويدى. ئاڭغىچە ئەخمەت ئىككى لېگەندە قىزىل ئۇزۇم ھەم شاپتۇل ئېلىپ كىردى. ئەخمەت رەھبەرلەر ئالدىدا تۇرۇشنى بىئەپ كۆردى بولغاي جەۋلانغا «مەن چىقاي» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. ئەخمەتنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن ھاشىم «ھارماڭلار»، «قەدەم مۇبارەك» دېگەندەك تەكەللۇپلارنى قىلىپ كىرىپ كەلدى ـ دە، بارنىياز، ئەيسايۇپلارغا قول بېرىپ كۆرۈشتى. ئۇلار شەربەتلىرى تېمىپ تۇرغان كۆك ئەتلىك قوغۇننى يەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. «ئۈچ يىلدا بىر كۆلمەس» بارنىياز شۇجىمۇ تاماقلىرىنى تامشىپ: «پاھ... پاھ... زەپ تاتلىقكىنا، ئۇسسۇزلۇقنى باستى» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن قاپىقى ئېچىلمىدى.

— ھەي، جەۋلان، نېمانداق باشتۇلۇڭ نېمىسەن — دېدى ئەيسايۇپ ياسىما ئاچچىقلاپ، — ئامبارچى بىلەن بوغالتىرنى ئەمىلىدىن ئېلىۋېتىپ، ئاندىن بىزگە دوكلات قىلىغىنىڭ نېمىسى؟

— دېھقانلار قورقۇپ زادىلا ھەرىكەتكە كەلمىدى، — چۈشەندۈردى ھاشىم، — كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن بىر قارارغا كەلدۇق.

— بۇمۇ ياخشى بوپتۇ، — بارنىيازنىڭ تەلەپپۇزى ئېغىر ئىدى، — ئۇلار ئۇستىدە ئەرز ـ شىكايەت بەك كۆپ. نەپسى يوغىناپ كەتكەن، ئەمدى ئىگەمبەردىنىمۇ خىزمەتتىن ئايرىپ تەكشۈرۈش كېرەك.

جەۋلان باشقىلار قوغۇن يەۋاتقاندا، قۇمتامنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىلا تونۇشتۇردى. كامال بىلەن لەيلىنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە كەنتنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان بولغاچقا، كەنت ئەمەلدارلىرى ئۇلارغا ۋاستە تاللىماي زىيانكەشلىك قىلغان

ئىدى. جەۋلان ئەگەر كامالنىڭ تورمۇش ئىشى توغرا ھەل قىلىنمىسا قۇمتام كەنتىنىڭ «پاش قىلىش، ئېنىقلاش، بىر تەرەپ قىلىش»تىن ئىبارەت «قاپقاقنى ئېچىش»، «چىرىكلىككە زەربە بېرىش» كۆرىشىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى دەلىللەپ ئۆتتى. ئەيسايۇپ ھەم بارنىيازمۇ لەيلىنى يامان جاڭگالدا تېنىتىش ۋەقەسى بىلەن پاشىلىقتىكى ئۆيگە ئوت قويۇش ئارقىلىق كامالنى كۆيدۈرمەكچى بولغانلىقى ھەم خىيانەتنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىشتى.

— بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، — دېدى ئەيسايۇپ ئاچچىقلىغان ھالدا، — لەيلى ۋەقەسىنىڭ چىققىنىمۇ ئوبدان بوپتۇ. جەۋلانغا يول ئېچىلىپتۇ ئەمەسمۇ.

— بىراق، بۇ ئۆچ ئەبلەخ، — ھاشىم دەرھاللا قوشۇپ قويدى، — لەيلى ۋەقەسىنى دىنغا باغلاپ، كامالنىڭ ئىسپاتلىرىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

— بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلساق بولار؟ — ئەيسايۇپ بارنىيازغا قارىدى، — قېنى، سىلى بىر نېمە دەپباقسىلا شۇجى.

بارنىياز «ھۆم» دېگىنىچە بىر ھازا جىمىپ كەتتى. قۇمتامدا دىنىي ئەقىدىلەر چىڭ بولۇپ، ئەگەر توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىسىغاندا، دېھقانلارنىڭ ئېڭىدىن ئۆتكۈزمەك تەس ئىدى. بۇنداقتا ئۆچ زومىگەرنىڭ ھەيۋىسىنى چۇشۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ ئاكتىپلارنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىپ ئالاتتى. جەۋلان، ئەيسايۇپ، ھاشىملار بارنىيازنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارمۇ تۇنجۇقۇپ كېتىشتى. لېكىن، بارنىيازنىڭ قاتاڭغۇر، ئات يۈزلۈك چىرايى تۇرۇلۇپ، بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى:

— مەن بۇرۇنلا بۇ ئۆچ ئادەمدىن بىزار بولغان، مۇنداق قىلايلى، بۇ كەنتتە مەنسۇرخان ھاجىم دېگەن بىر زات بار. قۇمچاقار، ئەلئابادلىقلار ئۇ كىشىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ

بەيئەت قىلىشىدۇ. شۇ زاتقا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ پەتىۋا ئالساق، كۆمەچىنىڭ ئىككىلا يۈزىنى كۆيدۈرۈۋەتمەيمىز.

— ئۇ كىشىگە بىر ئاز سوۋغات ئېلىۋالساق قانداق؟ — دېدى جەۋلان خۇشاللىقىدا.

— بولمايدۇ، — بارنىياز دەرھاللا رەت قىلدى، — ئۇ زات «بىر بەندىنىڭ ھاجەت يۈزىسىدىن ئېلىپ كەلگەن نېمىتى بىئاماللىقتىندۇر، بۇنداق نېمەت ھارام بولۇر» دېگەندەك ئېتىقادى چىڭ ئادەم.

راسا بامەسلىھەت قىلىنىۋاتقاندا ئىشخانىغا زۇلال، مەتنىياز، كېرىموللا، يار بەختى، ئايشەم، كامالەتلەر كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار بارنىياز شۇجى، ئەيسايۇپلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، خۇشاللىقىنى باسالماي قېلىشتى. ئەيسايۇپ ئەتىگەن تېلېفوندىلا كىچىك ئەترەت كادىرلىرى ۋە ئاكتىپلار بىلەن كۆرۈشمەن، دەپ قويغاچقا، ئۇلار ياندىكى ئىشخانىغا چىقىپ كەتتى. جەۋلان، ھاشىم، بارنىيازلار يەل - يېمىش يېگەچ قۇمتامنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە پاراڭلاشتى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىلا ئەيسايۇپ ئەترەت كادىرلىرى بىلەن يېنىپ چىقىشتى. ھاشىم زۇلال، مەتنىياز، كامالەتلەرگە مەتىسىدىقنىڭ كېچىدە نىقابلىنىپ كەلگەنلىكى، لېكىن مىنبەڭلار تۇيۇپ قالغاچقا قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، بوغالتىر ئىشخانىسىدىكى ماتېرىياللاردىن تارتىپ، تام - تورۇسلارغىچە قىدىرىپ تەكشۈرۈشنى بۇيرۇدى. زۇلال ئەترەت كادىرلىرىنى باشلاپ چىقىپ كېتىشتى. ئەيسايۇپ، بارنىياز، جەۋلان، ھاشىملار مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە يول ئالدى. ئۇلار «قوغۇنچى» مەھەللىسىنىڭ يول ئاچىلىغا ئەمدىگە كەلگەندە كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن چاۋارنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان بىر توپ دېھقانلار ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار چاۋارنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ نوقۇيتتى، بەزىلىرى تىللايتتى. دېھقانلار بارنىياز

شۈجى بىلەن ئەيساپنى كۆرۈپلا، تېخىمۇ ۋارقىرىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— كادىرلىرىمىز، بۇ ئىشنى سوراپ بەرسىلە، — دېدى چار ساقال دېھقان، — مەن بەش جان ئادەم، ھەر ئايدا ئامباردىن 84 جىڭ ئاش بېرىدۇ. مانا ئەمدى دەپتەردە، ئائىلىمىزنىڭ ئايلىق نورما ئاشلىقى 104 جىڭكەن ئەمەسمۇ، نەچچە يىلدىن بېرى ھەر ئايدا 20 جىڭ ئاشلىقىمىزنى قايرىۋاپتۇ.

— جېنىم شۈجى، بىز 9 جان، — 50 ياشلاردىكى قارىمۇتۇققىنا بىر ئايال يىغلاپ كەتتى، — ھەر ئايدا نورمىمىزنى يېتىشتۈرەلمەي توپا يېگۈدەك بولۇپ كېتىمىز، ئەمما بۇ لەنتى رېزىنكا قورساق، مىس كاناي، ئۆلگۈر ئاچ پاقا ھەر ئايدا ئوتتۇز جىڭ ئاشلىقىمىزنى ئۆزى يەپتۇ ئەمەسما.

— يۇرتداشلار، چاۋاراخۇننى قويۇۋېتىڭلار، — دېدى جەۋلان ئارىغا چۈشۈپ، — بىز ھازىر ھەرقايسىڭلارنىڭ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئىشلىرىڭلارنى تەكشۈرۈۋاتىمىز، چوقۇم زىيىنىڭلارنى تولدۇرۇپ بېرىمىز.

— ئۇز كادىرىمىز، — شاپاق دوپپىلىق، ئورۇق دېھقان ئالدىغا چىقتى، — لەۋزىلىرىدە تۇرالىما؟ بولمىسا خۇيمۇ تاتلىق گەپ قىلدىلا ئەينا.

— كادىر غوجام، — ئاپئاق چاچلىق موماي جەۋلاننىڭ بىلىكىدىن ئۇچلىدى، — بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قۇرۇق ئېمىزگۈنى سېلىپ قويۇپ، بىر كېچىدىلا غىپپىدە تىكىۋەتمەيدىغانلا؟

— ئىشەنمىسەڭلا ھەممىڭلار نۆۋەتلىشىپ شەھەر يولىدا قاراۋۇللۇق قىلىڭلار!

جەۋلاننىڭ سۆزىدىن ھەممە پاراققىدە كۈلۈشتى. چاۋار «قويۇپ بېرىڭلار» دېگەندىلا قويرۇقىنى خادا قىلغانىدى. دېھقانلار: «ئەددەسسىز ئۇز گەپ قىستقان كادىركەيپا» دېسە، يەنە بەزىلىرى: «تۇرۇلغۇدەك سايراپلا كېتىدىكەن ئان، شۇنداقتىمۇ گېپىنى

ئۇققىنى بوتكەنيا» دېيىشىپ تارقىلىپ كېتىشتى. بارنىياز بىلەن ئەيسايۇپ پاراڭلاشقاچ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، ھاشىم بىلەن جەۋلانلا قېپقالغان ئىدى.

— ھەقىقەتەن ئىلمىي ھېيلىگەركەنسىز، — دېدى ھاشىم كۈلۈپ، — «چاۋارنى دېھقانلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرگىنى بولسا» دېگەن گېپىمنى ئاڭلاپلا كاللىڭىزغا دېھقانلارغا نورما ئاشلىق تارقىتىش دەپتىرى كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان. ئۇنىڭ ئاجىزلىقى قانداقلارچە يادىڭىزغا كەلدى؟

— ئېسىڭىزدىمۇ، ئىككىمىز ئامبارنى تەكشۈرگىلى بارغاندا، تامدا ئېسىلغان دەپتەرنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرۈشۈم بىلەن چاۋار ئالاقزادە بولۇپ كۆزلىرى ئالچەكمەن بولۇپ كەتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئاشلىق نورما تارقىتىشتا مەسىلە بارلىقىنى پەملەپ بولغان.

— راست، — دېدى ھاشىم بېشىنى چايقاپ، — دېھقانلارنىڭ نورمىسىدىن قاسىمسا شۇنچە نۇرغۇن ئاشلىقنى قانداقمۇ خىيانەت قىلسۇن؟

— كۆردىڭىزمۇ ھاشىمكا، مەنپەئەتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى، دېھقانلار ئەيمىنىپ قارالمايدىغان چاۋارنى موللام مۇشۇك قىلىۋېتىپتۇ.

— چاۋار قانچە، سىزمۇ شۇنچە، — ھاشىم كۈنگە قاراپ قويدى، — جەۋلان، مەن ئۈچىنچى ئەترەتكە باراي، ئەيسايۇپ بىلەن بارنىياز سىزگە قالدى.

— راست، قېچىپ كەتكەن 3 - ئەترەت باشلىقى روزى كاتاڭ، بۇغالتىرى بەكرى سونجاقلارنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق ئادەم بېكىتىپ قويدىڭىزمۇ؟

— بۈگۈن دېھقانلار بىلەن سايلام ئۆتكۈزمەكچى.

جەۋلان ھاشىمدىن ئايرىلىپ مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. يول بويلىرىدا سارغايغان قىڭغىر -

سىڭغىر توغراقلار، قىپرى ئاموت، دوڭغاق جىگدىلەر، يالىڭاچلىنىپ قالغان سەگۆ تېرەكلەر زەپىران ياپراقلىرىنى قوم توپىلىق يوللارغا تۆكمەكتە ئىدى. جازىلىرىدىن چۈشۈرۈلگەن ھۆل تاللار ئېتىزلىرىدا ئاپتاپسىنىپ ياتاتتى. سۆگەت، ئۈجمىلەرگە ياماشتۇرۇۋېتىلگەن ئايمقى تاللارنىڭ بوي يەتمىگەن يالاڭ شاخلىرىدا ساپ ئۈزۈملەر مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇراتتى. غاراللىق ھويلىدىن يوگۇرۇپ چىققان بىر كۇچۇك زىل ئاۋازدا قاۋىماقتا ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ۋادەكلىك ئۆيلەر، باغلار پاكار كۆمىلاچ تام بىلەن ئاھادا قىلىنغان بولۇپ، ئۆگزىلەردىكى پەغەزلەردە كەپتەرلەر گۇگۇلايتتى. ھويلا ـ ئارامىلارغا تىزىۋەتكەن قوغۇن ـ كاۋىلار ئاپتاپتا يالتىرايتتى. قايسىدۇر ھويلىدىن كەكلىكنىڭ ۋاقىلدىشى ئاڭلانسا، تۇخۇم قويغان توخۇلار توختىماي قا ـ قاقلايتتى.

ئەتىرەتلەرنى رەتكە سېلىش، دېھقانلارنى ئويغىتىش، ئىقتىسادنى ئېنىقلاش، رەتكە تۇرغۇزۇش، يېرتىلغان، تىتىلغان توپ ـ توپ تالونلارنى تەكشۈرۈش، ئۈچ خىيانەتچى بىلەن بولغان كۈرەش قاتارلىق ئايغى ئۈزۈلمەس خىزمەتلەر بىلەن بۇ ئىككى يېرىم ئاينىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالغان جەۋلان ئەتراپقا تويماي قارىغىنىچە مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ قورۇسى ئالدىغا كەلگەندە، بارنىياز بىلەن ئەيسايۇپ پاراڭلاشقاچ ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇراتتى. جەۋلان ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتتى:

— سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇم.

— كۇنلىرىڭ ئالدىراش ئۆتۈۋېتىپتۇ، — دېدى ئەيسايۇپ، — دېھقانلار يوللاردىمۇ ئاراملىق بەرمەيدىكەن.

بارنىياز يېشىل سىرلانغان قوشقاناتلىق دەرۋازا ھالقىسىنى بىر نەچچە قېتىم شاراقلاتقان ئىدى، ھويلا ئىچىدىن «كىم؟» دېگەن كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، ھايال ئۆتمەيلا دەرۋازا ئېچىلىپ 12 ياشلاردىكى شاپاق دوپپىلىق بالا بوسۇغىدا

پەيدا بولدى. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن مۆلۈلدەپ قارىشى بارنىياز ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۆيدە كىم بار، بالام؟

— بوۋام بىلەن دادام باغدا تال پۇتاۋاتىدۇ، — دېدى بالا چۆچۈلداپ، — ئۆيگە كىرىشسىلە.

بالا پېشايۋانلىق كۆتۈرمە ئۆينى ئايلىنىپ، باغقا كىرىدىغان كىچىك ئىشىكنى ئاچتى. باغدا بىر دېھقان يىگىت بىلەن ھاجىمنىڭ ئوغلى تال كۆمۈۋاتاتتى. بېشىدا ئاق شاپاق دوپپا، تىزلىرىغا چۈشۈپ تۇرغان ناۋات رەڭ چۇنچەن كەمزۇلى ئۈستىدىن شايى پوتا باغلىغان، چىرايلىق ياسالغان ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان مەنسۇرخان ھاجىم قەلەمتىراچ بىلەن تالنىڭ خام شۇڭلىرىنى قىيىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھاجىم، تەنلىرى ساق، ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمىكى.

بارنىياز قوش قوللاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەيسايۇپ بىلەن جەۋلانمۇ ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن ئېگىلىپ سالاملاشتى.

— خەۋەرلىرىدە بارمىكىن ھاجىم، — دېدى بارنىياز ئەيسايۇپنى كۆرسىتىپ، — بۇ كىشى يۇرتىمىزغا كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئەيسايۇپ بولىدۇ. بۇ ياش يىگىت بولسا، قۇمتامنىڭ خىزمەتلىرىنى تۇتۇۋاتقان جەۋلان.

— ئاڭلىغان، ئاڭلىغان، — ھاجىم باش لىڭشىتتى، — قەدەملىرىگە تەشەككۇر.

— ھاجىم، — بارنىياز كېسىلگەن شۇڭلارغا قاراپ قويدى، — تالنى بەكلا پۇتىۋەتتىلىمۇ قانداق؟

— قارىسىلا يۇرت بېشى، — ھاجىم كۈلدى، — تال ئىگەم جىگەرلىك ھەم رەھىمسىز بولسا، پىچىقى پولاتتىن بولسا، مېنى ئايىماي پۇتاپ تۇرسا، كۈز كەلگەندە سېۋەتنىڭ يوغىنىنى چېنەپ كەلسە... دەيمىش.

ھەممىسى كۈلۈشتى. ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملەر ئالدىدا بارنىيازنىڭ چىرايى بىلەن ئېغىزى تەڭ ئېچىلدى. ئۇ يەنە سۆزگە تۇتۇندى.

— كۆزدە تالنى كۆمۈش، ئەتىيازدا ئېچىپ باراڭغا ئېلىشنىڭ ئۆزى بىر ئاۋارىچىلىككەن، شۇڭا مەن تاللىرىمنى ئايىمقى قىلىۋەتتىم قارىسىلا.

— ئۇمۇ بولىدىغان چارە، — دېدى ھاجىم قەلەمتىراچنى قاتلاۋېتىپ، — كاللەك ساپ چۈشمىگىنى بىلەن ئۈزۈمى رەڭ تۈزۈپ، بەكمۇ تاتلىق بولىدىكەن.

— ئايىمقى دېگەن قانداق ئۈزۈم ئۇ؟ — جەۋلان ئەيسايۇپنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— دەل - دەرەخلەرگە ياماشتۇرۇۋېتىلگەن تالنى ئايىمقى دەيدۇ. دەرەخ غوللىرىدىن نەملىك يېتىپ تۇرغاچقا قىشتا ئۇششۇمەيدۇ.

— ئۇياتلىق مېھمانلارنى باغدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويغىنىم بولماپتۇ، — ھاجىم ئۆزرە سورىدى، — قېنى، ئۆيگە ئىلتىپات قىلىشسىلا.

ھاجىمنىڭ ئوغلى بىلەن كېلىنى مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان داستىخاننى بىردەمدىلا توغاچ، لېگەنلەردە قوغۇن، شاپتۇل، ئۈزۈملەر بىلەن گۈللىتىۋەتتى ھەم ئېلىشسىلا، بېقىشسىلا دېگەندەك ئىلتىپاتلاردىن كېيىن ھەممىسى نېمەتلەرگە بېقىشتى. بارنىياز ئۆزلىرىنىڭ نېمە ھاجەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ئالدىرىماي سۆزلىدى. ئەيسايۇپمۇ كامال ھەم لەيلى ۋەقەسىنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىنى چۈشەندۈردى. مەنسۇرخان ھاجىم بارماقلىرىدا ئاپئاق ساقاللىرىنى تارىغاچ زېھىن قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ بىر چاغدىلا سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن: «خەۋىرىم بار» دەپ قويدى. شۇڭا، بارنىياز دەرھاللا سورىدى:

— ئۆزلىرىمۇ خەۋەر تېپىپىلا - دە؟

— شۇنداق، كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭچە بولغاندا، مەن كامال بىلەن ھېلىقى مەسۇمەنى ئەل - جامائەت ئالدىدا شەرىئەت نىزاملىرى بويىچە جازالاپ بەرسەم بولغۇدەك، — ھاجىم ئاچچىقتىن كۈلۈمسىرىدى، — لېكىن، پەقىر ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرۇ پەرمانلىرى بويىچە ئىش كۆرۈش، قورساقنى كەڭ تۇتۇش، كۆڭۈل ھۆكمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل - ئىدراك بىلەن ئىش قىلىشنى ئېيتىپ قايتۇردۇم.

— ئۇنداقتا، ھاجىم، — دېدى جەۋلان، — كامال بىلەن لەيلىنىڭ نىكاھ ئىشىنى شەرىئەت قائىدىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلغىلى مۇمكىن بولارمۇ؟

— تامامەن مۇمكىن، ئوغلۇم، ئۆزلىرى ئېيتقان «مۇھەببەت» ئاللاھتائالا تەرىپىدىن بەندىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىلاھىي تۇيغۇدۇر. بۇ ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. تەڭرى نەزىرى چۈشكەن بەندىسىنىڭ كۆڭلىگە سىڭىپ ئۇنى نۇرغۇن مۇشكۇلاتلار كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتكۈزىدۇ!

— ھاجىم، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سورىغۇم كەلدى، — جەۋلان يەنە سورىدى، — كامال بىلەن لەيلىنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى ئوخشىمايدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا ئاللا سالغان ئىشقى سەۋدامۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئوغلۇم، ئاللا بەندىلىرىنى تۈرلۈك - تۈمەن ياراتتى، — ھاجىم ساقاللىرىنى سىيپىدى، — مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىدئەت تۇپرىقىغا ئىسلام ئۇرۇقىنى چېچىش ساۋاب ئىشتۇر. لەيلى قىز ئىمان ئېيتىپ، پاك ئىسلام نىزاملىرىغا بەيئەت قىلىپ، بىر مۇسۇلمان يىگىتكە ھالال جۈپ بولۇپ قوشۇلسا ئۇنىڭغا ئاللامۇ رازى.

قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن جەۋلان ئورنىدىن تۇرۇپ قايتا ئېگىلىپ سالام قىلدى.

# ئەكىلساكان ئۆزلى (2)

— تەشەككۈر ھاجىم سىلىگە، مىلىڭ مەرتەم تەشەككۈر!

— ئۇنداقتا توي ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرساق ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ، نىكاھىنى ئوقۇشقا قەدەم تەشرىپ قىلىپ بېرەلەمسۇ؟ — دېدى بارنىياز.

— بۇنداق ساۋابلىق ئىشقا جان تەسەددۇق يۇرت بېشى! — ھاجىم بارنىيازغا بېشىنى ئەگدى، — جامائەت كۆپرەك قاتناشسۇن، مەن ئۇلارغا ئىككى كەلىمە سۆز قىلاي.

ئۇلار يەنە بىردەم كەنت ئەھۋالى، چاۋار، ئىنگەمبەردى، مەتىسدىقلارنىڭ ھارامدىن قورقماي قىلغان خىيانەتلىرى ھەققىدە بىردەم ھەمسۆھبەت بولغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. مەنسۇرخان ھاجىم ئۇلارنى ئىشىك ئالدىدا ئۇزىتىپ قويدى. بارنىياز، ئەيسايوپ، جەۋلانلار توي كۈنىنى بېكىتىش ئىشىنى ئىشخانىدا مەسلىھەتلىشىشنى دېيىشىپ قايتىۋاتقىنىدا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تالون كۆتەكلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتكەن كامال ھويلىسىغا ئاتلىق كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەمدىلا ئاتتىن چۈشۈپ تۇرۇشى باغدىن ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان لەيلى ئېتىكىنى قويۇۋېتىپ يۈگۈرۈشى ساپسېرىق مەرۋايىتتەك جىگدىلەر يەرگە چېچىلدى. ئۇ ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كېلىپ كامالنىڭ باغرىغا تاشلاندى. كامالمۇ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

— ئانام نەدە؟

— باغدا جىگدە تېرىۋاتىدۇ.

— مەن ئاتنى ئېغىلغا ئاپىرىۋېتەي.

— مەن ئاپىرىۋېتىمەن، — لەيلى ئاتنىڭ بوجىسىنى قولىغا ئېلىۋالدى، — مېنى تېز يۆلەپ قويۇڭا، ئانام چىقىپ قالسا ئۇنىمايدۇ.

خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان لەيلىدىن ئەنسىرىگەن كامال بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ

ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى. لېكىن، لەيلىنىڭ قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئېھتىيات قىلىڭ.

— بىلىمەن، مەن ئات مىنمىگەندەك ئەنسىرەيدىكەنسىز، — لەيلى كامالغا لەپپىدە كۆز تاشلىدى، — خوش كامال، مەن پاشىلىققا كەتتىم...

كامال ئاتنى يېتىلەپ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن لەيلى قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ تىزگىنىنى سىيرىدى. ئوچۇق چىراي سۆيۈملۈك قىزنى سىغىنغان قۇملۇق ئوغلى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە قاراپ تۇردى. بىر چاغلاردا پات ـ پاتلا پاشىلىققا كىرىپ ئات مىنىشنى خۇمادىغان لەيلى ئۇزاقىراق مىنىۋېلىش ئۈچۈن جىگدىلىك مەھەللىسى تەرەپكە قايرىلدى. ئۇ بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا، تار كوچا ئىچىدە توپلىشىۋالغان بىر توپ دېھقانلارنى كۆرۈپ، ئېتىنى دېۋىتىپ يېقىن كەلدى. تېخى بايىلا قوغۇنچى مەھەللىسىنىڭ دېھقانلىرى ئالدىغا سېلىۋالغان چاۋارنى ئەمدى جىگدىلىك مەھەللىسىنىڭ دېھقانلىرى ئارىغا ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قوۋناق بەرمىگەن ئەلپازدا ۋارقىرىشاتتى. سەت تىللار بىلەن تىللايتتى:

— مېنىڭ ئۈچ يىللىق كەم بەرگەن ئاشلىقىمنى بەر، بولمىسا ئانا ـ ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن!

— ھەي تويماس ئوغرى، قۇمتامدىكى شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاشلىقىنى يەپ قارنىڭ ئېتىلىپمۇ كەتمەپتۇ...

— چاۋار كاززاپ، ھەي تويماس چايان، مېنىڭ نەچچە يىللىق بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش جىڭ ئاشلىقىمنى بەرمىسەڭ ئۆيۈڭگە ئوت قويۇۋېتىمەن!

بۇ چۇقان ـ سۈرەن ئىچىدە بىر دېھقان چاۋارنى قەھرى بىلەن ئىتتىرگەنىدى، ئۇ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ، قامچا تۇتۇپ ئۆزىگە دەھشەتلىك قادىلىپ تۇرغان لەيلىنى كۆرۈپ قالدى. لەيلى

كۆزىگە خەنجەر تۇتۇپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان چەۋاندازدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن چاۋار توپنى يېرىپ قاچتى. دېھقانلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىشتى. لەيلى مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ، ئېتىنى تەشكىل تەرەپكە قايرىدى.

لەيلى تەشكىل ھويلىسىغا كىرىپ كېلىشى ئەخمەت ئېغىلدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئاتتىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى. ئۇ باشمالتىقىنى چىقىرىپ، ئېغىزىنى كۆرسىتىپ، ئىككى بارمىقىنى ئالماشتۇرۇپ، «خۇش خەۋەر» دېگەن مەقسىتىنى ئۇقتۇردى ھەم جىقلا ئىما ـ ئىشارەتلەرنى قىلىپ «ئاخۇنۇم»، «توي» دېگەنلەرنى ئۇقتۇرۇپ تۇرۇشى ئەخمەتنىڭ ياردەمچىسى مىنىبىڭ تۇردى يېتىپ كەلدى. ئۇ بارنىياز، ئەيساپۇپ، جەۋلانلارنىڭ مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كەتكەنلىك سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بەردى. خۇشاللىقنى باسالماي قالغان لەيلى ئۇلارغا «رەھمەت» مۇ دېمەي ئالدىراپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، كامال ئۆرۈك ئاستىدىكى سۇپىدا ئانىسىنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ، گەپلىشىپ ئولتۇراتتى. لەيلى ھاياجان شادلىقىدا ۋارقىرىۋەتتى:

— ئانا، كامال، خۇش خەۋەر!

لەيلى «خۇش خەۋەر»دىن مومايمۇ تەڭ بەھرىمەن بولسۇن، دېدىمۇ ئىشقىلىپ دۇدۇقلاپ قىينالسىمۇ ئاڭلىغانلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ مەقسىتىنى ئۇقتۇردى. ھاياجانلانغان كامال مومايىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— ئاڭلىدىلىمۇ ئانا، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن بارنىياز شۇجى، يەنە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى كەپتۇ. جەۋلان ئۇلارنى مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

— خۇدايىم بىزگە ئاسايىشلىقنى بېرەر...

نېۋىرخان ئانا بالىلىرىغا ئاسايىشلىق تىلەپ دۇئا قىلىۋاتقاندا، كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىدا ئەيساپۇپ، بارنىياز، جەۋلانلار

ئىگەمبەردى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن بىر مىنىبىگىنى ئەۋەتىۋېتىپ توي مەسلىھەتىگە چۈشكەن ئىدى. جەۋلان تويىنى قانچە بالدۇر قىلساق، خىزمەتلىرىمىزگە ئاسانلىق تۇغۇلىدۇ، دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن بارنىياز شۇجى توي دېگەننىڭ ھەشەمىتى كۆپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەندۇردى. قىز ـ يىگىتنىڭ ھۇجرىسىنى جابدۇش، تويلۇق يوتقان ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەك تەييارلاش، توي راسكالىقى دېگەندەك تەييارلىقلارنى قىلمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭدىن قالسا كامالنىڭ قانچىلىك تەييارلىقى بار، بۇمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.

ــ 10 ـ ئايمۇ چىقىپ كەتكىلى بىر نەچچە كۈن قالدى، ــ دېدى ئەيسايۇپ جەۋلانغا، ــ شۇڭا، تويىنى 11 ـ ئاينىڭ 7، 8 ـ كۈنلىرىگە توغرىلىساق بولامۇ؟

ــ بوپقالىدۇ، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ــ بارنىياز دەرھاللا قوشۇلدى، ــ لېكىن، جەۋلان كامالنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقسۇن، ئۇ نېمە دەيدۇ. يەنە بىر گەپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن بىر قوي، ئەللىك جىڭ گۈرۈچ ھەم يېتەرلىك ماي ياردەم قىلىشقا مەن ئىگە بولاي.

ــ رەھمەت، بارنىياز شۇجى، ــ جەۋلان خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ مەنمۇ كەنتتىن بىر قوي ھەم پاراۋانلىق پۇلىدىن پۇل ياردەم قىلاي.

ــ قىزىل قەغەز ئالغىلى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغاندا، كامال قىزنىڭ نوپۇس ئىشى توغرۇلۇق كەنت تەشكىلىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىنى قوشۇپ ئاپارسۇن، مەن يېزا نوپۇسىغا ھەل قىلىپ بېرەي.

بارنىيازنىڭ بۇ ئىلتىپاتى جەۋلاننى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى. بۇ ئەلۋەتتە كامال بىلەن لەيلىنىڭ تويىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىك سوۋغات ئىدى. ئەمدى لەيلى قارا

نوپۇس دەيدىغان ئاھانەتلىك نامدىن بىر يولىلا قۇتۇلىدىغان بولدى. شۇڭا، جەۋلان بارنىيازغا يېنىش - يېنىشلاپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇنچىلا خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئەيساپۇپ دەرھاللا چاقچاق قىلدى:

— ۋاھ، مانىڭ خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى قارا، بارنىياز شۇجى سېخىي ئادەمكەن، دەپ ئەلئابادتا سەنمۇ ئۆيلىنىۋالما يەنە.

ئۇلار كۈلۈشۈپ تۇرۇشى ئىشىك چېكىلىپ بىر مىنىبىنىڭ يىگىت ئىگەمبەردىنى باشلاپ ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بارنىياز ئۇنى «ئولتۇر» دەپ ئورۇندۇقنى سۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن ئاچچىقىدا خېلىغىچە گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىر چاغدىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا خەنجەردەك قادالدى. خىيانەت، چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ: «قۇمتاملىقتا ئۆتكۈزۈپ قويغىنىڭ بارمىدى نومۇسسىز» دەپ تىللىۋەتتى. بارنىياز ئىگەمبەردىنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ زەھەردەك ئاچچىق تىللارنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزى تۇيماي قالدى. ئۇ لەيلى، كامال ۋەقەلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئۈستەلگە بىر ئۇرغاندى، ئىگەمبەردى دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى.

— يېشىڭ ئەللىككە تاقاشتى، نېمانداق ئىززەت - ئابرۇيىڭنى ساقلىمايدىغان نېمىسەن؟! مۇشۇ قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈنلا ساڭا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقى ئېنىقلىغۇ!

— بارنىياز شۇجى، — ئىگەمبەردى بېشىنى كۆتۈرەلمىدى، — مەن... مەن قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزمىدىم. مېنىڭ تۇرمۇشتىكى يامان ئادەتلىرىم قارا نىيەتلەر ئۈچۈن تۇتىدىغان ساپاق بولدى.

— شۇنداق ئىكەن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى پاش قىلىپ چىقىش يولى تاپساڭ بولمامدۇ، — بارنىياز قولىنى شىلتىدى، — چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ

دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئون قېتىم ئىپتىلساڭمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۆز تەقدىرىڭنى، ئۇششاق بالىلىرىڭنى ئويلاپ خىزمەت كۆرسەت.

ئىگەمبەردى ئۈنسىز ياش تۆكتى.

— بولدى، ئەمدى چىقىپ ياخشى ئويلانغىن - ھە؟ — دېدى ئەيسايۇپ يۇمشاق تەلەپپۇزدا، — جاھىللىق قىلىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەرمەنمىكىن، دېگەن خام خىياللاردا بولما.

ئىگەمبەردى چىقىپ كېتىپ كۆپ ئۆتمەيلا مىنبېگلار باشلىقى مەتسىلىم بىر لېگەن گۆش ئېلىپ كىردى. ئارقىدىنلا قاچىلاردا شورپا، ئارپا كۆمىچى، توم ناكلار كەلتۈرۈلدى. لېگەندە تىترەپ تۇرغان گۆشنىڭ پۇرىقى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ، ئىشتىھانى غىدىقلىماقتا ئىدى. بىر مىنبېگ ئۆرۈق بىلەن چىلاپچىنى ئېلىپ كېلىپ ئەيسايۇپ بىلەن بارنىيازنىڭ قولىغا سۇ ئالدى. ئەيسايۇپنىڭ قورسىقى ئاچقانمۇ نېمە، ئۇ گۆشنى كۆرۈپلا كەيپى كۆتۈرۈلۈپ چاقچاقنى باشلىدى:

— بارنىياز شۇجى، سىلى تويغا بىر قوي، گۇرۇچ، ماي ياردەم قىلاي، دېگەندىن كېيىن پەيدا بولغان گۆش بۇ، بولمىسا بۇ پىخسىقتىن بىر لېگەن گۆش چىقامدا؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى بارنىياز، — مەنسۇرخان ھاجىمغا سوۋغات ئاپىرايلى دېگىنىگە قارىغاندا، خېلى قولى ئوچۇق يىگىتتەك قىلىدۇ.

— بارنىياز شۇجى، ئەيسايۇپكامنىڭ گېپىگە «ھە»لا دەپ قويسىلا، بۇ ئادەم «پىخسىق» دەپ تىللىسام، قومچاقارغا ئېلىپ كەتكىلى يەنە بىر لېگەن گۆش چىقارمىكىن، دېگەن تەمەدە قىلغان گېپى بولمامدۇ.

بارنىياز بىلەن ئەيسايۇپ كۈلۈۋەتتى. ئۇلار قىزىق شورپىغا نان توغۇراپ يېگەچ گۆشكە تۇتۇش قىلدى. جەۋلان ئەتىگەنلا مىنبېگلار باشلىقى مەتسىلىمگە ئېغىلدىكى ئوغلاقلاردىن

# ئەكلساكان ئوغلى (2)

سېمىزرەكىنى سويۇپ شورپا سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇغانىدى. ئوغلاق گۆشى يۇمشاق ھەم مەززىلىك پىشقاچقا، ئۇلار ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەۋلانمۇ چاقچاققا ئۇرۇق سالدى.

— قارىسام، ئەيساپۇپكامنىڭ سوغۇقى ئېشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. شۇڭا، قىرقىمىغان ئوغلاقتىن سويۇڭلار، دەپ قويغانتىم، — دېدى جەۋلان كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ، — ئەيساپۇپكا، جىقراق يەۋېلىڭ.

— ھەي گەپ ئۇرۇقى شاماللىق، مېنىڭ نەدە سوغۇقۇم ئېشىپ كېتىپتۇ، — ئەيساپۇپ چاقچاقنى راست دەپ چۈشەنگەندەك قىلاتتى، — قارا، بۇنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپلا تاپقان گېپىنى.

— دەيمىنا، سوغۇقى ئېشىپ كەتكەن ئادەملەر ئادەم تىللىغاق بولۇپ قالىدۇ، دەيدىكەن.

ئۇلار بىردەم كۈلۈشمەك قىلغاندىن كېيىن ئەيساپۇپنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىزلا بىر ئىش كەلدى بولغاي، سۆزلەك غاجىلاۋېتىپ جەۋلانغا قادالدى:

— ھەي، ئۆتكەندە تېلېفوندا مېنى «ئابلىز ھاكىم» قىلىپ قويۇپ نېمە ئويۇنلارنى ئوينىدىڭ - ھە؟

— ئويۇن ئەمەس، — جەۋلان كۈلدى، — ئۇ دېگەن ھالقىلىق پەيتلەردە رولى بار سىياسىي رەڭۋازلىق...

— ۋۇي، مانىڭ قورقمايلا دەۋاتقان گېپىنى قارا، سىياسىي رەڭۋازلىق دېگەننى ئەكسىيەتچىلەر ئىشلىتىدۇ.

— ئەيساپۇپكا، ئەكسىيەتچىلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە بەزى ھاللاردا سىياسىي رەڭۋازلىق ئىشلەتمەيمۇ بولمايدۇ. چەت ئەللىكلەر سىياسەتنى «پالىتكا» دەپ ئاتىشىدۇ. «پالىتكا» «ھىيلە - مىكىر» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، سىياسەت بىلەن ئادەم قورقۇتىدىغانلارنى «پەلىتكەڭنى ئىشلەتمە» دەپ قويىدۇ.

خىزمەت ئېھتىياجىدىن ئازراق «پەلتىكە» ئىشلەتسەك نېمە بوپتۇ؟

— ۋاي – ۋويى، ساڭا گەپ تېپىپ بەرمەك تەس جۇمۇ، — ئەيسايوپ قوللىرىنى سۈرتتى، — بەزى گەپلىرىڭ پىشقان سىياسىئون، بەزى قىلىقلىرىڭ كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا. بۇنىڭدىن كېيىن «پەلتىكە» دېگەن ھىيلە – مىكىرلىرىڭنى ئىشلەتمە.

بارنىياز ۋە ئەيسايوپلار قوللىرىنى يۇيۇپ قايتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقاندا، جەۋلان ئىشىك ئالدىدىكى مىنبېگلارغا ئاتلارنى توقۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ يېنىپ كىردى. ئەيسايوپ چىرىكلىككە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ئۈچ ئادەمنىڭ خىيانىتىنى ئېنىق بېكىتىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىش، يۇقىرىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرۇش، ئۈچ ئادەمگە ئالاھىدە كۆز – قۇلاق بولۇش، بولۇپمۇ چاۋارنى قاتتىق كۆزىتىش قاتارلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى جىددىي جېكىلەپ تاپىلىدى. بارنىيازمۇ مىنبېگلار ئىنتىزامىنى چىڭىتىش، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، بىخەتەرلىكنى قوغداش، ئوت قويۇش، زەھەر تاشلاش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك پاجىئەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە كونكرېت ئىشلارنى سۆزلىدى.

— مىڭىچە، — دېدى بارنىياز ئەيسايوپقا، — ئىگەمبەردىنىڭ خىزمىتىنى توختىتىپ تەكشۈرسەك بولامدىكىن؟

— ئەترەت كادىرلىرىمۇ مۇشۇ پىكىردە چىڭ تۇرۇۋالدى. بولمىسا دېھقانلار دادىل پىكىر قىلالمىغۇدەك، — ئەيسايوپ جەۋلانغا قارىدى، — سەن ئەتىلا يىغىن ئېچىپ ئەزالارغا ئۇقتۇرۇۋەت.

ئۇلار سومكا، پوپكىلىرىنى قولتۇقلاپ ھويلىغا چىقىشى ئەخمەت توقۇلغان ئاتلارنى يېتىلەپ ئېلىپ كەلدى. ئاڭغىچە بىر

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

قانچىلىغان مىنبىلارمۇ يىغىلدى. ئۇلار رەھبەرلەرنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. مىنبىلار بارنىياز بىلەن ئەيسايۇپنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى.

— جەۋلان، — دېدى بارنىياز چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ، — توي ئىشىدىن كامالنى دەرھال خەۋەرلەندۇرۇۋېتىڭلار.

— خاتىرجەم بولۇڭ بارنىياز شۇجى، مەن ھازىرلا بارىمەن. سىلەرمۇ توي كۈنى بالدۇرراق كېلەرسىلەر.

— جەۋلان، — ئەيسايۇپمۇ ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىدى، — مەن تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنى ئەكەلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي. لېكىن، بەكمۇ ئۈمىدلىنىپ كەتمە.

— ئەيسايۇپكا، ئۇنداق ئىغى بىلەن بىغىنىڭ تايىنى يوق ۋەدىنى قىلماي، تىكىچ باسقۇدەك گەپ قىلىڭا.

— ۋاي ـ ۋۇي، مۇشۇ شاماللىقنىڭ ئاغزىنىزە...

بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈۋەتكەن مىنبىلار ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىدا ئۇزىتىپ قويۇشتى. جەۋلان مىنبىلار باشلىقى مەتسېلىمغا ئىشخانىنى تازىلاپ، ئورۇندۇقلارنى رەتلەپ قويۇشنى تاپىلاپ كامالنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ تويى بولىدىغاندەك خۇشال ئىدى. ئەگەر بىر ئائىلە كىشىلىرى ئالدىدا خۇش خەۋەرنى ئاڭلىسا زادى نېمە بولۇپ كېتەر؟ تۇمەنمىنىڭ يىللىق ئىزا ـ ئاھانەتلەر بىر يولىلا يۇيۇلۇپ كەتكەندەك باشلىرى كۆككە يېتەرا بولۇپمۇ نوپۇسنىڭ ھەل بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن ئۆيلىرىگە شۇۋە قەدرى نۇرى چۈشكەندەك ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتۇ! «قارا نوپۇس» دېگەن قارا تامغىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى خورلۇق نادامەتلىرىنى تارتقان ئادەملەرلا بىلىدۇ!

باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇرغان جەۋلان

ئەنە شۇنداق تاتلىق ھېس - تۇيغۇلاردىن روھلىنىپ كېتىۋاتقاندا، ئۆرۈك ئاستىدىكى سۇپىدا نېۋىخان، كامال، لەيلىلەر غەم - ئەندىشە تورلىرىغا چىرمىلىپ ئولتۇراتتى. كامال شەھەردە بېجىرگەن خىزمەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىشنى باھانە قىلىپ باراي، دەپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، لېكىن رەھبەرلەر جىددىي يىغىن ئېچىۋاتقان بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەگەر جەۋلان خىجىللىق ئىلكىدە: «كەچۈرۈڭ كامال، ئامال بولمىدى» دەپ سالسا، بۇ... بۇ... نېمىدېگەن دەھشەت! جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتكەندەك ئاجايىپ دەھشەتتە!! نېۋىخان، لەيلىلەرگە قارىغاندا ئېيتقۇسىز ئىزتىراپتا قالغان كامال ئۈمىدسىزلىق ئىچىدە يوللارغا قارايتتى. مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ پەتىۋاسى گويا بەخت - ئامەت ئاتا قىلىدىغان سۇرەيىيا يۇلتۇزىدەك تۇتىيا بىلىنمەكتە ئىدى.

— ئۇلار مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپمۇ بولغاندۇ، — ئاستا پىچىرلىدى كامال، — جەۋلان نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟

— ئەگەر خۇش خەۋەر بولغان بولسا، — لەيلىمۇ غەم ئىچىدە قالغانىدى، — جەۋلان ئاكام شۇ زاماتلا كېلىپ بولاتتى.

— نېمانداق ئاغزىڭلارنى ئۇششۇتىسىلەر، — نېۋىخان ئانا بىردىنلا چېچىلدى، — ئۇلار كەنتنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ خالىزىم بولۇپ قالغاندۇ، ۋاي - ۋۇي، يوپۇرماقتەك تىترىشىپلا تۇرغان.

كامال بىلەن لەيلى ئوڭايسىزلىنىپ بىر - بىرىگە يوشۇرۇن قاراپ قويۇشتى. نېۋىخان ئانا يەنە گەپ قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن، جەۋلان كوچىدىنلا «خۇش خەۋەر» دەپ ۋارقىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئورىۋالدى. ئۈمىد بىلەن تولغان كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. جەۋلان سۇپىدىكى كىگىزدىمۇ ئولتۇرماي ئۆرە تۇرغىنىچە، مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن گەپ باشلاپ، كەنت ئىشخانىسىدا بولۇنغان با

مەسلىھەتكىچە ھەممىنى ھاياجان بىلەن بايان قىلدى. بولۇپمۇ «نوپۇس» توغرۇلۇق خەۋەر نېۋىخان، كامال، لەيلىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ياشقا تولدۇردى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ ئانا، مەنسۇرخان ھاجىسىم ئۆزى نىكاھ ئوقۇيدىكەن، — كامالنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزارغان ئىدى، — تېخى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن قوي، گۈرۈچ، ماي ياردەم قىلىدىكەن.

— ئۇقتۇم بالام، ئۇقتۇم، ئادىل ھۆكۈمەت، ئادىل ئەمەلدار دېگەن ئاشۇنداق يوقسۇلنىڭ غېمىنى يەيدۇ.

خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان لەيلى ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ يىغلىغانچە باغقا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. جەۋلان كامال بىلەن مومايغا «سىلەر بارماڭلار» دېگەندەك ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باغقا كىرىپ كەتتى. لەيلىنىڭ چوڭ ئامۇتقا يۆلىنىپ يىغلاۋاتقانلىقى، جەۋلاننىڭ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقانلىقى ياپراقسىز شالاڭلىشىپ قالغان مېۋىلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. موماي بېشىنى چايقاپ:

— بۇ ئاجىزە كۆپ ئازا يېدى، ياش جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقىمۇ تاسلا قالدى. لېكىن، خورلۇقلارغا چىدىدى... — دەپ رومىلىنى كۆزلىرىگە باستى. يۈرىكى چوغ چۈشكەندەك ئېچىشىپ كەتكەن كامالمۇ يۈزىنى قاچۇرۇپ نەلەرگىدۇر قارىۋالدى. باغ ئىچىدىن قىزنىڭ ئېسەدەۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قويۇق كىرپىكلىك كۆزلەردىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار شەبنەم تۆكۈلگەن گۈلدەك، سۈزۈك ئاق يۈزلەرنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ خېلىلا ئۆسۈپ قالغان قاپقارا چاچلىرى يۇمىلاق مۈرىلىرىنى تامام يېپىۋالغان بولۇپ، تومپىلاق ھال رەڭ لەۋلىرى ئۆمچىيىپ، قىياقتەك قاشلىرى يالتىرايتتى. ئۇنىڭ بۇ مىسكىن ھالىتى جەۋلاننىڭمۇ كۆڭلىنى ئەلەمزادە قىلىۋەتتى.

— لەيلى، مال ئېغىللىرىدا ئىشلەپ جاپا چەكتىڭىز، يامان

ئادەملەر تەرىپىدىن خارلاندىڭىز، بۇلار ئۈچۈن مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن.

جەۋلاننىڭ سۆزلىرىدىن ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆڭلى بۇزۇلغان لەيلى ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى:

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، — لەيلىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى قىزىرىپ قالغانىدى، — ماڭا كامال، نېۋىخان ئانا، ئەخمەت ئاكام، ھەۋزىنىيازخان ئانام ھەم نۇرغۇن دېھقانلار خەيرخاھلىق قوللىرىنى سۇندى. ئۇلارنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن.

— بولدى، يىغلىماڭ، كامال ئەمدى سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ۋاپادارىڭىز، جۈپتىڭىز بولىدۇ. ئىناق ئۆتۈڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى، قەدىر - قىممىتىنى قىلىپ، مومايىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە خىزمىتىنى ياخشى قىلىڭلار.

— جەۋلان ئاكا!...

لەيلى ياش تۆككىنىچە جەۋلاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، باش ئۇرۇشى جەۋلان ئۇنى دەرھال يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— بۇ... بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— سىز ماڭا ھاياتلىق بەردىڭىز، بەخت بەردىڭىز، سىلەر ئۇيغۇرلار باھاسىز مىللەت ئىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ كۆڭۈل - كۆكسۇڭلار ئالەم پاتقۇدەك كەڭ ئىكەن.

— يۇرۇڭ، نېۋىخان ئانام بىلەن كامال ساقلاپ قالمىسۇن.

جەۋلان لەيلىنى باشلاپ باغدىن چىققاندا، ئانا - بالا ئىككىسى توي غېمىنى قىلىشىپ سۇپىدا ئولتۇراتتى. نېۋىخان موماي جەۋلاننىڭ بويىنغا ئېسىلىپ پېشانىسىگە سۆيۈۋېتىپ يىغلاپ سالدى:

— خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلىپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزەر، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، — نېۋىخان لەيلىنىڭ قولىدىن تۇتتى، — لەيلى قىزىم، يۇرۇڭ، بىز

تاماق تەييارلىقىنى قىلايلى، بۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى.

موماي لەيلىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئولتۇرۇپ كەتكەن كۆننىڭ قىزىللىقى قۇمتام باغلىرىنى بىنەپشە رەڭ نۇر ئىلكىدە بېزىگەن بولۇپ، ساپسېرىق، قىزغۇچ، قوڭۇر ياپراقلار ئېرىنچەكلىك بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن لەيلەپ چۈشمەكتە ئىدى. ئالدىراپ تۇرغان جەۋلان كامالنىڭ قولىغا قاتلانغان پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ـــ كامال، بۇ مېنىڭ تويىڭىزغا ئاتىغىنىم بولسۇن، ئەتە ئەتىگەن مەن سىلەرگە پاراۋانلىق پۇلىدىن ئىككى يۈز سوم ئېلىپ بېرىمەن.

ـــ بۇنداق قىلسىلا مەن خىجىل بولىمەن، ـــ كامال قولىدىكى پۇلنى ياندۇرماقچى بولغانىدى، جەۋلان ئالغىلى ئۇنىمىدى، ـــ كەنتتىن بەرگىنىنى قەرز ھېسابىدا ئالاي، لېكىن سىلىنىڭكىنى ئالالمايمەن.

ـــ كەنتتىن بەرگىنى ياردەم، ـــ جەۋلان كامالنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى، ـــ لېكىن، مېنىڭ كۆڭلۈمنى قايتۇرسىڭىز مەن رەنجىيمەن، ئەتە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قىزىل قەغەز ئالغىلى بارغاندا، لەيلىگە تويلۇق ئالارسىز. ئۇنى ئوبدانراق جابدۇپ قويۇڭ.

ـــ ئانامۇ شۇنداق دېگەن.

ـــ يەنە قانداق قىيىنچىلىقلىرىڭىز بار؟

ـــ يوق، ئۆزۈمنىڭمۇ توي ئۈچۈن يىللاردىن بېرى يىغقان ئاز ـ تولا پۇلۇم بار.

ـــ شەھەردىكى ئىشلىرىڭىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدىمۇ؟

ـــ بەك ياخشى، ئابلىز ھاكىم ياردەم قىلمىغان بولسا تەس بولاتتى، ـــ كامال تۇيۇقسىزلا بىر ئىشنى ئەسلىدى، ـــ يەنە بىر گەپ، مەن ئىگەمبەردىنىڭ قېينىنىسى بەردىقۇلنىڭ بانكىدىن خاپا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— شۇنداقمۇ؟ — جەۋلان ئاچچىققىنا كۈلدى، — چۈشىنىشلىك، مەتسىدىق چاۋار، ئىگەمبەردىلەرنى يار لېۋىگە قىستاۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلار بانكىدىن پۇل ئالالمايدۇ. چەكلىرىنى ئاخىرقى ھېساباتتا بىزگە تاپشۇرماي ئامالى يوق. بولىدۇ، ئەتە ئەتىگەن تالونلارنى ئېلىپ ئىشخانىغا كېلىڭ.

جەۋلان كامالىنىڭ «تاماق يەپ كېتىڭ» دېگىنىگە ئۆزرە ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى بەكلا يېنىك ھېس قىلىۋاتاتتى. ئىشلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى نېمىگىدۇر تەلپۈنەتتى. توغرا كامالەت! ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانغىنا مۇڭدىشىپ، ئۇرۇشمىغىنىغا ھەپتىدىن ئېشىپ قاپتۇ. ئەجەبمۇ خۇماداپ كەتتا بۇ يۈرەك! ئەگەر بۇ يەردىكى ئىشلار قارار تاپسا، بۇ مۇلايىم، ساددا، ئوچۇق - يورۇق ئوماق قىزنى سېغىنىپ كەتسەم قانداقمۇ قىلار؟ ئەتىگەن ئەترەت كادىرلىرى بارنىياز، ئەيساپۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىش بىلەن جەۋلانىنىڭ يۈرەكلىرى تېپچەكلەپ كەتتى. كامالەتنىڭمۇ ئاي يۈزىدىن، چولپان كۆزلىرىدىن، ھەتتا لەۋلىرىدىن قېيىدىغانلىق، سېغىنغانلىق ئۇچقۇنلىرى يېلىنجاپ تۇرغانلىقى راستقۇ... ھازىر... نەق ھازىرنىڭ ئۆزىدە كامالەت تۇرۇۋاتقان تۈل خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقسۇنمۇ - يا؟ بۇ كەچتە خەقلەر كۆرۈپ قالسا نېمە دەپ ئويلىشار؟ قانداق سۆز - چۆچەكلەر تېرىلىپ كېتەر؟!

سېغىنىش ئامبۇرىنىڭ قىسمىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن جەۋلان «بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەيمۇ - يا...» دېگەندەك ئىككىتايىن بولۇپ كېتىۋاتقىنىدا، يول چېتىدىكى يوغان بىر تۈپ ئازغان گۈلى ئارقىسىدىن بەكمۇ سۆيۈملۈك ئاۋاز ئاڭلاندى:

— غۇلمان!...

يۈرىكى بىردىنلا توسۇن ئاتتەك ئويناپ كەتكەن جەۋلان

# ئەكىلماكان ئوتلى (2)

قايرىلىپلا كامالەتنىڭ كۆلۈپ تۇرغان چىھرىنى كۆرۈپ قالدى.

— قۇملۇق گۈلى! — جەۋلان پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — مېنىڭ قۇملۇق گۈلۈم!...

— مېنىڭ غۇلمانىم!...

ئىككىسى تىنۋش چىقارماي بىر - بىرىگە يېقىنلاشتى...

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# بورانلىق كېچىدە

ئىگەمبەردى ئۈچ كۈندىن بېرى تالا ـ تۈزگىمۇ چىقماي، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا، ئىككى چېكىسىنى قاماللاپ، ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى. ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى ئەڭ چارىسىز قەلەندەرنىڭ خورجۇنىدىنمۇ قۇرۇق ئىدى. ئۇ شەھەردىن بەردىقۇل پۇل ئېلىپ كەلسە، مەتسىدىققا كۆپرەك پۇل بېرىپ ئۆزىنى خىيانەتكە چاتماسلىق، كەنتكە تراكتور ئېلىش ئۈچۈن يوشۇرۇلغان پۇل، دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇش، ئەگەر ۋەدىسىدە تۇرمىسا پۇلنى قايتۇرۇش ھەققىدە توختاملىشىمەن، دەپ چوت سوققان ئىدى. كىم بىلىپتۇ، بانكىدىكى پۇللارنى توڭلىتىۋېتىشنى! شۇنداقتىمۇ كىگىز ئاستىدىكى، ساندۇق تېگىدىكى ھەم تۇغقانلاردىن يىغىلغان پۇللارنى قېتىش ـ قوراش قىلىپ تەييارلاپ قويدى. ئاغزىنى كېلەردەك يوغان ئېچىپ تۇرغان مەتسىدىقنىڭ تويماس نەپسىگە بۇ پۇللار ھوندىگە ـ سوندە بولامدۇ؟ بارنىيازنىڭ: «مۇشۇ قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈنلا ساڭا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقى ئېنىقلىنغۇ؟»، «چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ پاش قىلىنغانلىرىغا ئاساسلانغاندا ئون قېتىم ئېتىلساڭمۇ ئازلىق قىلىدۇ!...» دېگەن سۆزلىرىدىنلا ئىگەمبەردى ئۆزىنىڭ ھاڭ لېۋىگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. لېكىن، كېچىكتى. كېچىككەندىمۇ خېلىلا ئۇزاپ كەتتى... زادى باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ كۆپىنىڭ رىزقىغا قارا سانىغانلارنىڭ خۇشاللىقى،

# ئەكىلىساكان ئۆتلى (2)

ئامىتى، ھۆزۈر ـ ھالاۋىتى ئوچاقىنىڭ ئىسىدەك بىردەملىكلىكەن... ئازغىنا سەلكىنگە بەرداشلىق بېرەلمەي توزۇپ كېتىدىكەن! ھارام دۇنيا ئاشنالىرىنىڭمۇ رىشتى خۇددى ئۆمچۈك تورىدەك ئاجىزكەن ئەمەسمۇ!... مانا چاۋار، مەتسىدىقلار قىلىشقان قانخورلۇقلىرىنى ئىگەمبەردىگە ئارتىپ قويۇپ ئۆزلىرى ئاق باللىخان بولۇپ قىرغا چىقماقچى! پەندىيات! مىسلى پەندىيات! باللىسىدىن باللىسىغا نەسىھەت ۋە ساۋاق ـــ ھالال مېھنەتسىز، ئۆزۈڭگە تېگىشلىك بولمىغان مەئىشەتكە قول ئۇزاتما! ھېرىس قىلما!... ئۇ سېنىڭ يۈزۈڭنى سۆرۈن قىلىپ، خەلقىئالەم ئالدىدا شەرمىسار بولىدىكەنسەن!... بۇنداق دۇنيا يۈز سىيپىغۇچىلىك پۇرسەتتە خۇش قىلغىنى بىلەن مەڭگۈلۈك لەنەت تامغىسىنى بېسىپ، قارا كېپەنگە ئوراپ قويىدىكەن! قىسقىسى، زەررىچە ھارامغا ھېرىس قىلىش ھەقىقىي ئادىمىيلىك خىسلەتنى خىرەلەشتۈرۈپ، نىجاسەت ئەۋرەزلىرىگە سۆرەپ ئاپىرىدىكەن! شۇڭا، دانا پازىللار: «ھېرىس كۆزى گۆر تۇپىسىدىن باشقا نەرسىدە بولماس...»، «ھېرىس قىلغۇچى بىگۇناھلىقتىن تەمە قىلماسلىقى كېرەك»، «كىشىگە ھەرقانداق بالا يەتسە ھېرىس ۋە تەمە سەۋەبىدىن يېتىدۇ!...» دېگەن پەند ـ نەسىھەتلەرنى بىكار قالدۇرمىغان!

ئىگەمبەردى مىچىلداپ يىغلىدى. ئالدىدا لۈڭگە تۈتۈپ ئولتۇرغان نىساخان ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرتەلمىدى. دالاندىكى چوڭ ـ كىچىك تۆت قىز، بىر ئوغۇل بەش بالا قىسىلىشىپ، ئىشىك يوچۇقىدىن مارىماقتا ئىدى. دادىسىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن يۈمران يۈرىكى سىمابتەك تىترەپ تۇرغان باللارنىڭ بەزىلىرى يىغلىسا، يەنە بەزىلىرى ئۆمچىيىشىپ بۇرۇنلىرىنى تارتىشاتتى. لېكىن، ئىگەمبەردىنىڭ نالە ـ پىغانلىرى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ـــ مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟ ئاھ خۇدايىم، مېنىڭ جېنىمنى

ئالساڭچۇ. كۆرۈنە ـ كۆرۈنمەس بالا ـ قازالارنى ماڭا بەرسەڭچۇ، بۇنداق رەسۋايى ـ ئالەم بولغۇچە بىر يولىلا ئۆلۈپ تۈگەشسەمچۇ...

— ھەي مۇسۇلمان، نېمانداق شۇم ئېغىزلىق قىلىدىلا؟ بەش نارەسىدىنى ئۆيلىسىلا بولمامدۇ، — نىساخان تاقەت قىلالمىدى، — بارنىياز شۇجى «مەسىلىلەرنى پاش قىلىپ چىقىش يولى تاپ» دەپتىغۇ.

— مېنى شۇنداق قىلغۇسى يوق دەمسەن؟ — ئىگەمبەردى بېشىنى توختىماي چايقايتتى، — ئۇ ئىمانسىزلارنى پاش قىلسام، ئۆزۈممۇ سۆرۈلۈپ چىقىدىكەنمەن، ئەگەر مەتسىدىقنىڭ مېزىنى چوۋۇسام مېنىڭ گۇناھىم ئېغىرلىشىپ كېتىدىكەن... ئۇنداقتا ھۆكۈمەت ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

— ئەمسە پوتلا ـ مىشقىرىقلىرىنى ئېقىتىپ ئولتۇرسىلا ئىش تاڭاتامدا، — نىساخاننىڭ كۆڭلىدىن بىر ئىش كەچتى بولغاي، ئېرىنىڭ تېزىغا قولىنى قويدى، — ھەي ئادەم، كامالەت سىڭىللىرىنىڭ قىزى تۇرسا، ئاڭلىساق ئۇ جەۋلان بىلەن...

ئىگەمبەردىنىڭ يىغىسى توختاپ، ياش يۇقى كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. راست، بۇ ئىش نېمىشقا بالدۇرراق ئېسىگە كەلمىگەندۇ؟ ئۇ بىر تۇغقان بولمىسىمۇ ئۆگەي سىڭلىسىنىڭ قىزى ـ دە! بىر زامان ئاش ـ نان بېرىپ باقتى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئەڭ بولمىسا يېگەن تۇزىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بولار! جەۋلانغا ئىككى ئېغىز لەۋزى قىلىپ، بىر نايناقلىۋەتسە، بۇ بويتاق يىگىت مومدەك ئېرىپ كېتەر... بىراق! مانا مۇشۇ «بىراق» ئىگەمبەردىنىڭ تىلىنى باغلاپ، پۇتىنى چۇشەپ قويدى. ھېلىقى بىر چاغلاردا تاقىلداپ كەتكەن ھايۋانىي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلىپ قويغان رەسۋاچىلىقى ئادىمىيلىك ئەمەستە! ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئاتا يوللۇق ئاتا تۇرۇقلۇق 14 ~ 15 ياشلىق قىزغا قانات سۆرەپ يۈرسە، ئۇنىڭ

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

نەرىنى شاپائەتچى دېگىلى بولسۇن! بولدىلا ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى تەگىمەيلا قويايلۇق، ئەدناسى كامالەت ئۆيدىن قاڭقىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھاشىمنىڭ ھۇزۇرىدا تۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ قىمارۋاز ئوغلى ساتتار ئۇنىڭغا كۈن بەرمىدى. ھەممىلا يەردە قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرگەن بۇ يېتىم قىز ئاقسۆەت ساراڭقېتىش ھۆرىخان سەپرا دېگەن تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىنى ماكان تۇتتى. بۇ كىچىككىنە ناتىۋاننىڭ قىسمىتى خۇددى باللار تاش، چالما ئېتىپ، ئۇرۇپ، قوغلاپ، يۈگۈزلىنىپ ھالسىدىن كەتكەندىلا، ئۇتتۇر كەلگەن بىر كامارغا ئۆزىنى ئۇرغان كۈندۈزى كۆرمەس قارىغۇ ياپىلاقنىڭ بىچارە تەقدىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ۋاقىت گويا ئاتقان ئوق، ئاققان سۇدەك تېز ئۆتتى! ئىگەمبەردى مۇشۇ 6 ~ 7 يىل ئىچىدە كامالەتنى «ھالىڭ نىچۈك» دەپ باقتىمۇ؟ ھېلىغۇ ئۇ چوڭ دادىسىكەن، يات بىراۋلارمۇ ئاتا ـ ئانىسى يوق قارا يېتىم قىزغا ھىممەت قولىنى سۇنىدىغۇ! شۇنداق ئىكەن، يۈزىنى داپتەك قىلىپ كامالەتنىڭ ئالدىغا قانداقمۇ بارار؟! تەقدىرى ئەزەلنىڭ ئويۇنلىرىغا ئادەمنىڭ ئەقلى لال بولىدۇ. بۇ دۇنيادا بىر كىمنىڭ بىر كىمدە قالمايدىكەن! خۇددى تاز قوچقارنىڭ ئەنتى مۈڭگۈزلۈكىدە قالمىغاندەك، ھامان بىر كۈنى يانىدىكەن... قاراڭ، ئىگەمبەردى خورلۇق يۈندىسىنى چېچىپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەن بىر قىزغا يېلىنماقچى! گەپنى ئوچۇقراق قىلغاندا ئىنسان بالىسى ھاياتلىق دەپ ئاتالغان بىر غوۋغالىق جاھانغا تويمايدىكەن، تۆت كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرسەم، بەھۇزۇر ياشىسام، دۇنيا دەپىنە يىغسام، خامانىنىڭ مومىسىدەك ھەممىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرسام... دېگەندەك خام تەمەلەر بىلەن كۈنلىرى ئۆتىدىكەن... بۇ يولدا ئىزا ـ نومۇس چۈمپەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدىكەن. مانا ئىگەمبەردىمۇ «يۈز ـ ئابرۇي دېگەن قانچە سەر، نەچچە مىسقال كېلەتتى...» دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئاي تۇغمىغاچقا، ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. ئەلىيانتقۇ ۋاقتى تېخى بالدۇر بولۇپ، كان ئوچاقتا زاغرا چاپلاۋاتقان، ئوماچ قوچۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن قويۇق ئىسلار تولغىشىپ چىقىۋاتاتتى. كۆڭۈلسىز خىياللارغا چىرمىلىپ قالغان ئىگەمبەردى قوغۇنچى مەھەللىسىگە كىرىپ كەلگەندە ھويلا ـ ھويلىلاردا ئىتلار «مەن سەندىن قالامدىم» دېگەندەك بەس ـ بەستە قاۋاشماقتا ئىدى. ھۆرىخان سەپرانىڭ ھويلىسى مەھەللىنىڭ چەت ياقىسىدا بولۇپ، ئۇ تەرىپى يۇلغۇن، جىغان، قىياق قاپلىغان قۇم چاتقاللىقى ئىدى. ئىگەمبەردى دەرۋازا ئورنىدا توسالغان غازالدىن ئاتلاپ ھويلىغا كىردى. ئۇدۇلدىكى ھۆرىخان سەپرا پالەچ قىزى بىلەن ئولتۇرىدىغان ئۆي جىمجىت ھەم پەنجىرىلىرى قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن، ياندىكى كامالەت تۇرۇۋاتقان بىر ئېغىز ئۆينىڭ قەغەز چاپلانغان پەنجىرىلىرى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئاپتاپتا قاغجىراپ يېرىقلىرىغا ماز تىقىلغان كونا ئىشىك ئاستا چېكىلىشى بىلەن جەۋلان بىلەن كۆرۈشۈپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن كامالەت «كىم؟» دېگەچ ئىشىكنى قورقۇپقىنا ئاچتى، ئاچتى ـ دە، يەنە دەرھاللا يېپىۋالماقچى بولدى. ئەمما، ئىگەمبەردىنىڭ: «جېنىم قىزىم، رەھىم قىلىڭ» دېگەن يېلىنچىسىدىن گەپ قىلالمىدى. ئۆزىگە تەتۈر قاراپ سۇپىدا ئولتۇرغان كامالەتتىن ھېيىقىپ تۇرغان ئىگەمبەردى توپا تامغا دۈمبىسىنى يۆلەپ يەردىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كارنىيىنى رۇسلاپ گەپكە تۇتۇندى:

— كامالەت قىزىم، ئاڭلىسام جەۋلان بىلەن يېقىن ئوخشايسىز... نېمىلا بولسا بىز تۇغقانغۇ، مەن ئۇچۇن ئىككى ئېغىز...

— بولدى قىلىسىلا، سىلىدەك نومۇسسىز، قارا نىيەت تۇغقىنىم يوق، — كامالەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ

تۇراتتى، — مېنى ھاشىمكام ئوقۇتۇپ، بېقىپ قاتارغا قاتقان.
— سىز... سىز كىچىككىنىزدىلا ئەدەبىيسىز ئۇز، ھەممىنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك مۇلايىم ئىدىڭىز... ئامراقلىقىم كېلىپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىڭىزنى تۇتۇپ، سىلاپ قويسام ئۆيدىن چىقىپ كەتتىڭىز...
ئىگەمبەردىنىڭ نومۇس قىلماي ئۆزىنىڭ كونا بۇزۇقچىلىقىنى ئەسكە سالغانلىقىدىن كامالەت ئوت ئىچىدە قالغاندەك قىزىرىپ كەتتى. يۈرىكىدىكى بۇ ئىپلاس داغنى ئۇ ھازىرغىچە ئۇنتالماي كېلىۋاتقاچقىمۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، قاتتىق ۋارقىرىدى:
— بولدى كۆڭلۈمنى ھۆ قىلماي ئۆيدىن چىقسىلا... — كامالەت ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋەتتى، — چىقسىلا دەيمەن، بولمىسا قوشنىلارنى چاقىرىمەن...
— بولىدۇ، بولىدۇ، — ئۆي ئوتتۇرىدا قولىنى جوڭنۇپ تۇرغان كامالەتنىڭ تاشتەك قاتقان چىرايىدىن ئەندىككەن ئىگەمبەردى ئورنىدىن تۇردى، — مەن چىقاي... مانا چىقتىمغۇ...
— ھايۋان! — كامالەت ئىشىكنى گۈپلا قىلىپ يېپىۋالدى، — شەھۋانىيەت يۇندىسىغا چىلىشىپ قالغان مەرەز، ھايا قىلماي ئىپلاسلىقلىرىنى قايتا يۈزۈمگە سېلىۋاتىدا...
ھويلا ئوتتۇرىسىدا دىۋانىدەك ئېڭىشىپ تۇرغان ئىگەمبەردى كامالەتنىڭ ئاچچىق تىلىدىن ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈۋەتكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. ئۇ غارالدىن ئارانلا ئاتلاپ چۈشكەندىن كېيىن يولدا كېتىۋېتىپ: «راست، نېمىشقىمۇ ھېلىقى ئىشلارنى تەكرارلاپ يۈرگەندىمەن» دەپ پىچىرلىدى. بىراق، بۇ ئۇنىڭ مەيلى ئەمەستە! ئىگەمبەردى سۇپىدا ئولتۇرغان كامالەتنىڭ تولغان يوتىلىرىغا، جۇپ ئالمىدەك كۆتۈرۈلگەن كۆكسىلىرىگە، نازۇك بەل، چىرايلىق ساغرىلىرىغا قارىغانسېرى ئۆزىنى ئۇنتۇپ، قىزنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى بەرنالىقى،





ئوماق، مۇلايىملىقى، شۇنداقلا دەس كۆتۈرگەن چاغدىكى تېپچەكلەشلىرى كۆز ئالدىدا ئايان بولغاندى... شۇڭا، ئۇ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، نەدىكى تېتىمەي گەپلەرنى قىلىپ سالدى. ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە دېگەن گەپ شۇ دە.

ئىگەمبەردى قوغۇنچى مەھەللىسىدىن جىگدىلىك مەھەللىسىگە قايرىلىدىغان ئاچا يولغا كەلگەندە، ئالدىدا بىرىنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى دەرھال دالدىغا ئېلىپ تۇرۇشى ھابىل تۆت ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇل چاۋارنىڭ ئۆيىگە ماڭغانلىقىنى كۆرگەن ئىگەمبەردى: بۇ لالما ئىت ئىگىسىگە خەۋەر يەتكۈزگىلى مېڭىپتۇ - دە، دەپ ئويلىدى. راست، ھابىل بۇ كېچىدە چاۋارنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەنە نەگىمۇ بارسۇن؟ ئۇ دەرۋازا ھالقىسىنى بوشقىنا بىر - ئىككى قېتىم شاراقلىتىشى بىلەن چاۋار ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتقانچە ھويلىغا ئەكىرىۋالدى - دە، پىچىرلىغانچە چېچىلىپ كەتتى.

— ھەي دەلتە، ئەتراپتا مىنىڭلار تۇرسا، غاز بوينۇڭنى سوزۇپ كېلىۋەردىڭما؟ — چاۋار ئادەم بار دېگەندەك ئۆينى ئىشارەت قىلىپ قويدى، — بۈگۈندىن كېيىن بولجاللىق ئىچىدىكى چوڭ ئېرىق ئىچىدىن ئۆمىلەپ، بېغىمنىڭ ئارقىسىدىكى سۆڭگۈچتىن كىر.

— ئەم... ئەمىسە بىر كىم تۇسىدىغۇ؟

— ئۇلار مەن، ئىگەمبەردى، مەتسىدىق ئۈچىمىزنى نازارەت قىلىدۇ. نەگە بېرىپ كىم بىلەن ئۇچراشقىنىمىزنى يۇقىرىغا يەتكۈزىدۇ، — چاۋارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ پەسلەپ كەتتى، — ھە، قېنى دېگىنە، نېمە خەۋەرلەر بار؟

ھابىل ئۆيگە كۆز تاشلىۋالغاندىن كېيىن چاۋارنىڭ قۇلىقىغا

خېلى ئۇزۇنغىچە نېمىلەردىندۇر كۇسۇرلىدى. ئۇ كۇسۇرلىغانسېرى چاۋارنىڭ كۆزلىرىنىڭ پاختىسى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئاي نۇرىدا قىزغۇچ يالتىرىدى.

— مەنسۇرخان هاجىم پەتنۇۋا بەرگەن بولسا، هىم... — چاۋار ئېغىر تىندى، — ئەمدى دىن ئارقىلىق ئىسكەنجىگە ئېلىشىمىز سۇغا چىلىشىپتۇ. هە، توي قاچانغا تايىن تېپىپتۇ؟

— ئۇنى ئۇقمىدىم، لېكىن پات ئارىدا بولىدىغان ئوخشايدۇ. هە، راست، مەتسىدىق ئىككى كېچە يىغلاپ چىقىپتۇ.

— نېمىشقا؟

— جەۋلان: «سېنىڭ خىيانىتىڭ سېنى ئۇچ قېتىم ئېتىشقا يېتىدۇ...» دەپتىكەن.

— بۇ راستمۇ؟

— مەن ئاشلىق نورمامنى ئالغىلى ئامبارغا بارغان، — دېدى هابىل توكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ، — سائادەتمۇ بېرىپتىكەن. ئۇ نورما ئالغىلى بارغان ئاياللارغا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

— جەۋلان راستتىنىلا شۇنداق دەپتۇما؟ — چاۋارنىڭ كاللىسىدىن ئىنتايىن نازۇك بىر ئوي ئىيۇل چاقمىقىدەك لىپ قىلىپ ئۆتتى، — يالغاننى ئارىلاشتۇرما!

— ۋاي چاۋاركا، سىلىنى ئالداپ نېمە قىلاي، مەتسىدىق «قوم دەشتىگە كىرىپ كېتىمەن»، «ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن» دەپ زار ـ زار يىغلاپتۇدەك.

— هىم جەۋلان... جەۋلان، سېنىڭمۇ كەتكۈزۈۋېتىدىغان ئاجىزلىقلىرىڭ بار ئىكەن...

— نېمە دەۋاتىدىلا، چاۋاركا؟

— هېچ... هېچنېمە، هابىل، ئەمدى مەن سىرتقا چىقالمايمەن. بىر نەچچە كۈنگىچە كېچىدە كېلىپ تۇرغىن. لېكىن، هېلىقى ئېرىق ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ، يەر بېغىرلاپ جۇمۇ.

— ئۇقتۇم چاۋاركا، — ھابىل بارماقلىرىنى ئوينىتىپ سەتلا ھىجايدى، — چاۋاركا...

— ئۇلۇشكۇنلا پۇل بېرىۋىدىمغۇ، چېكىدىغان نەشەڭ يەنە تۈگىدىما؟

چاۋار قوينىغا قولىنى تىقىپ، يەكتىكىنىڭ قولتۇق يانچۇقىدىن قاتلانغان پۇلنى ئېلىپ، ھابىلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇۋىدى، ئۇ خۇشاللىقىدا نەچچە پوكولۇپ تەزىم قىلغىنىچە چىقىپ كەتتى.

ھابىل مىنبىنىڭ ئەترىتىدىن قوغلانغاندىن بېرى بىكارلىق تاماق، ھەر كۈنى بېرىلىدىغان 21 نومۇردىن قۇرۇق قالدى. بۇ چاغقىچە تەييارغا ھەييار بولۇپ كەلگەچكىمۇ، ئىشقا ھەپىلىسى يوق، ھۇرۇن، لايغەزەل پاتقىقىغا تېخىمۇ پاتتى. ئەمما، جۇدۇنى كۆپ ئۆرلەيدىغان بولۇپ كەتكەچكىمۇ نەشىنى كۆپ چېكىدىغان بولۇپ كەتتى. بىر نەپەس تۈتۈندە ئورۇق تېنى ھۇزۇرلانسىلا بەس، جاھاننى سۇ باسامدۇ، كۆيۈپ كۈل بولامدۇ، بىر پاي غەم يېمەيتتى. لېكىن، مۇشۇكىنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئامراق دېگەندەك نەشە بىلەنلا ئۆرە تۇرۇۋاتقان بۇ پاسىق بەندە بىر چېكىم نەشە ئۈچۈن غۇرۇرىنى، ۋىجدانىنى، ئىمانىنى سېتىشقا تەييار ئىدى. شۇڭا ئۇ كوچا – كويلاردا لاغايلاپ يۈرۈپ باللارنىڭ، سادda دېھقانلارنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ گەپ ئالاتتى. ئىگىلىگەن «مەلۇمات» لىرىنى چاۋارغا ساتاتتى. بەزىدە خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ ئۆلگۈدەك ھالەتتە قالغانلىرىدا ئۇدۇل ئىمىن تازنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ نەشىسىگە داخىل بولاتتى. دېگەنبىلەن ئىمىن تازنىڭ ئىشى ساز بولۇپ، دېھقانلارنىڭ توخۇ، كەپتەر، پاقلانلىرىنى ئوغرىلاپ قومچاقاردىكى ئازنە بازاردا پۇل قىلاتتى، ھەتتا ئۇ ئۆگزىلەرگە يېيىپ قويغان گۆلەقاق، كاۋا، قوغۇن، قاپاقلارغىچە ئالا قويماي تاغىرىغا تىقاتتى. تۈن نىسپىدە قىر دەريا سايلىقىدىن ئۆتۈپ، بىرەر پىنھاندا ياكى يۇلغۇن تۈۋلىرىدە ئۇخلاپ بازار

قىزىغاندا چۆپقەتلىرىگە ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. بىراق، ھابىل سەل كالاڭپاي بولغاچقا، بۇ «ھۈنەر»نى زادىلا ئۆگىنەلمىدى. شۇڭغا قارىغاندا ئوغرى بولۇش ئۈچۈنمۇ چاققانلىق، چەبدەسلىك، ھىيلە ــ مىكىرلىك، يۈرەكلىك، زېھنىياتلىق بولمىسا بولمىغۇدەك. ئىمىن تاز ھەتتا بىلىكىگە قىزىل پەتتىنى چىگىۋېلىپ بازار كۈنلىرى رەستىلەرنى ئارىلايتتى. بىر نەچچە توخۇ قولتۇقلىغان ياكى قوي ــ ئۆچكە يېتىلىگەن، بادىرا كۆتۈرگەن بەزى ئادەملەرگە قورقمايلا: «ھەي، بۇنەرسىلەرنى نەدىن ئوغرىلاپ كەلدىڭ؟» دېگەن ھامان ئۇ ئادەملەر نەرسە ــ كېرەكلىرىنى تاشلاپ ئالدى ــ كەينىگە قارىماي قاچاتتى. ھابىل كۆڭلىدە: ئىمىن تاز ئوغرى بولغاچقىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلارنى تونۇيدىكەن ــ دە، دەپ ئويلىدى. بىراق ئىمىن تاز: «ھەي ئەخمەق، ئۇنداق خۇدۇكى بارلار بازارغا كىرگەن ھامان ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ ماڭىدۇ. كىچىككىنە شەپىدىنمۇ چۆچۈپ تۇرىدۇ. چىرايى ئۆمسۈرۈن، قانسىز بولىدۇ» دەپ كۈلۈپ كەتتى.

ھابىل كېتىۋېتىپ: ئەگەر بۇ قېتىم چاۋاركام تۇتۇلۇپ كەتسە، ئىمىن تازغا شاگىرت كىرسەم بولغۇدەك، دېگەننى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ بولجاللىق ئورمانلىققا كەلگەندە خۇمارى تۇتتى بولغاي، بىر تۈپ سۆگەت تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، دوپپىسىنىڭ يىرتىق ئەستىرى ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان قوناقتەك نەشىنى ئالدى. ئاندىن ئۇنى ئۇششاق ئۇزۇپ تاماكىغا ئارىلاشتۇردى. ئۇ ئەمدىلا گېزىت قەغىزىنى ئېلىپ ئوراپ دەپ تۇرۇشى چوڭقۇر ئېرىق ئىچىدىن شاپۇر ــ شۇپۇر قىلىپ بىر قارا كۆلەڭگە ئۆملەپ چىقتى. قورققىنىدىن «ۋاي ئانىمەي» دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن ھابىلنىڭ ئەجىر بىلەن تەييارلىغان تاماكىسى يەرگە چېچىلدى.

ــ ھابىلمۇسەن، ــ دېدى پاكار گەۋدە تۇمشۇقىنى يېقىن ئەكىلىپ، ــ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟

— ۋۇي... بۇ... بۇ... مەت... مەتسىدىققۇ!

بىردىنلا ھابىلنىڭ قۇلىقىدا ئەمىن تازىنىڭ «خودوكى بارلار...» ھەققىدە دېگەن گەپلىرى تەكرارلانغاندەك بولدى. ئۇلارغا قارىغاندا مەتسىدىقنىڭ خودوكى تۇرماق «مودىكى»مۇ تۇرسا! ئۇنىڭ مۇشۇ ئېرىق ئىچى ئارقىلىق قېچىپ كەلگەنلىكى ئوچۇقلا تۇرمامدۇ. ئەگەر ئۇنى «ھەي ئوغرى» دېگەن ھامان، ئازنە بازاردىكى ئوغرىلاردىنمۇ بەكرەك قاچارا! لېكىن ئۇنىڭ تاشلاپ قاچقۇدەك زادى نېمىسى بار؟ ھابىل ئۆزىنى بىر سىناپ باقماقچى بولدى:

— بۇ يەردە نېمىشقا تۇراتتىم؟ — ھابىلنىڭ ئاۋازى بەكلا قاتتىق ئىدى، — ھەر قايسىڭنى كۆزىتىپ بولمامدۇ!

— نې... نې... نېمە دېدىڭ، سەن... سەن مىنىبىڭ بولمىساڭ يا...

— تېخى ئۇقمىدىڭما، مەن ۋەدىنامە يېزىپ گۇناھىمنى تونۇدۇم. شۇڭا، خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن مەشەدە ھەر قايسىڭنى نازارەت قىلىۋاتىمەن. ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ. ھېلى ۋارقىرىسام، ئىشىك ئالدىڭدىكى مىنىبىڭلار يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ. ئۇ چاغدا دومبا - تېپىكتىن قۇتۇلالمايسەن.

تۆكۈلۈپ كەتكەن بىر چېكىم نەشىسىنىڭ «ئوت - پىراق» يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان ھابىل قوپاللىق بىلەن مەتسىدىقنىڭ گەجگىسىدىن قاماللىدى. قورقۇپ كەتكەن مەتسىدىق غال - غال تىترىگىنىچە ئىشتىنىغا سىيىۋەتتى.

— جېنىم ئوكام ھا... ھابىل... مېنى قويۇۋەت... مەن سېنىڭدىن خوش بوپقالاي...

— مېنى مىنىبىڭلىققا سىناقتا ئېلىپ قالدى، — مەتسىدىقنىڭ بىچارە ھالىتىدىن ھابىلغا جان كىردى، — مۇشۇ پۇرسەتتە خىزمەت كۆرسەتمىسەم قانداقمۇ رەسمىيلىشىمەن؟ ماڭ دېدىم ماڭ...

— جېنىم ئۇكام ھابىل، — مەتسىدىق قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ بىر سىقىم پۇلنى ئېلىپ ھابىلنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، — ئەم... ئەمدى قويۇۋەت.

— سېنىڭ بۇنچىلىك پۇلۇڭنى ئالغىنىمدىن— ھابىل تېخىمۇ قېتىۋالدى، — يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ رەسمىي مېنىڭ بولغىنىم تۈزۈك، يۇرۇ دەيمەن، بىكار ھېلى ۋارقىرايمەن.

— ئوبدان ئۇكام، ۋارقىرىما، بولدى ۋارقىرىما، — مەتسىدىق يانچۇقلىرىنى كولاپ قالغان - قاتقان پۇلنىمۇ ئالدى، — مانا بۇنىمۇ ئال، قەسەم قىلىپ بېرەي، ئەمدى قالمىدى.

ھابىل ئالىقىنىدىكى پۇللارنى ئاي يورۇقىغا تۇتۇپ ئانچىكىملا سانىغان بولدى - دە، كۆلۈپ سالغىلى تاسلا قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: ھىم، ئىمىن تاز دۇنيادا مەنلا دېمىگىن، ھابىلمۇ سەندىن قېلىشمايدۇ... دېگەن ئوي كەچكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پېتىنى بۇزماي:

— بوپتۇ، كونا بۇرادەرلىكنىڭ يۈزىنى قىلىپ سېنى قويۇپ بېرەي، بۇنىڭدىن كېيىن كېچىلەردە قۇتراپ، ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىنى بويىغۇچى بولما... — دېدى.

— ھەرگىز... ھەرگىز... شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ؟

تامبىلى ھۆل بولۇپ كەتكەن مەتسىدىق ئىككى پۇتىنى كېرىپ ماڭغىنىچە كېتىپ قالدى. ھابىلمۇ قولىدىكى پۇلنى چوككىدا سۆيدى - دە، يانچۇقىغا سالدى.

خۇددى قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ، دەپ بىرى قۇتۇلغىنىغا، يەنە بىرى قاقتى - سوقتى قىلغىنىغا خۇشال ئىدى. بولۇپمۇ مەتسىدىق «ئۇھ، خۇدايا شۈكۈر» دەپ مەيدىسىگە قولىنى قويۇپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇنداق قىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندا مىنبەرلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ئۆيدىن قېچىپ چىقىش، يەنە كېلىپ «ئالاقىلەشمەڭلار» دېگەن ئادەملەر بىلەن

يوشۇرۇن ئۇچرىشىش گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلىش ھېسابلىناتتى. ھېلىمۇ ياخشى يېنىدىكى پۇل بىلەن ئاران قۇتۇلدى. بولمىسا تەشكىلنىڭ بىرەر ئۆيىگە سولىنىپ، سوئال – سوراق، مىنبەرلەرنىڭ دۆشكەلەشلىرىدىن قۇتۇلالمايتتى. توۋا، ئادەمدەك ئوسال نېمە يوقكىنا! تۈنۈگۈنلا قاپقارا ھابىل، بۈگۈن بوياقچىنىڭ تۆگىدىن چىققاندەك قىپقىزىل بولۇۋالغىنىنى قارا! تېخى بۇنداقلار قامچىسىدىن قان تامىدىغان تېخىمۇ ۋەھشىي بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ھىم، ئەمدى بىلدىم، بىر خوجايىندىن يۈز ئۆرۈپ يەنە بىر خوجايىنىنىڭ تاپىنىنى يالىغانلار ئەڭ خەتەرلىك ياۋۇزغا ئايلىنىدىكەن! ئۆزىنىڭ سادىق ئىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كونا خوجايىنىغا ئېغىز سېلىشتىن يانمايدىكەن... ھەتتا تېرىسىدىن تاسما تىل دېسە، ئىككى يېنىغا قارىمايدىغان ئوخشايدۇ. توۋا، مەتسىدىق بىر پۇلنىڭ كۆزىدىن مىڭ ئۆتۈۋاتقان مۇشۇنداق قاتىلاڭ پەيتتە ئاۋۇ ھاراملىقنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقداپ قويغىنىنى كۆرۈڭ! ئەگەر قەسەم قىلىپ بېرەي دېمىگەن بولسا، سالجىدەك چاپلىشىپ، ئۇدۇل تەشكىلگە تۇتۇپ بېرىدىغان چېغى. مەتسىدىق بايىلا خوتۇنى سائادەت بىلەن چاۋار، ئىگەمبەردىلەردىن ئالماقچى بولغان پۇل توغرۇلۇق خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئۆتكەندە كۆك تاشلىق خاتىرىدىن ئەنسىرىگەن چاۋار «جېنىم ئۇكام، نېمىلا بولسا بىز تۇغقانغۇ» دەپ يېلىنىدى. ئىگەمبەردى: «سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، لېكىن مېنى خىيانەتكە چاتمىساڭ...» دەپ كۇچۇكلەندى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سائادەت باشقىچىلا روھلىنىپ:

— كۆك تاشلىق خاتىرە ئەمدى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، بىز مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلاردىن كۆپرەك پۇل ئۈندۈرۈۋالايلى، — دەپ ئېرىنى دەيدەيگە سالدى. شۇنداقتىمۇ سائادەت چاۋارنىڭ چىرايىدا ئەزرائىلنىڭ تۈكى باردەك سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

مەتسىدىقمۇ:

— ئۇنى بىر دېمە خوتۇن، خۇددى كۆزىنىڭ ئارقىسىدا كۆزى، يۈزىنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر يۈزى باردەك بەكمۇ سىرلىق، مۆلۈك ئادەم، ھەزەر ئەيلىمەي بولمايدۇ، — دەپ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن سائادەت ئېرىنىڭ باغ ئىچىدىكى سۇڭگۇچ ئارقىلىق سىرتقا چىقىشىغا ياردەملەشتى. ھېلىمۇ ياخشى بولجالىقتىن باشلانغان چوڭقۇر ئېرىق چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ باغلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتەتتى. مەتسىدىق ئۆمۈلە ـ ئۆمۈلە بولجالىققا كەلگەندە ھابىلغا تۇتۇلۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان.

مەتسىدىق ئالچاڭلاپ مېڭىپ ئىگەمبەردىنىڭ بېغىنىڭ ئارقىسىدىكى شورتام ئارقىلىق ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. تاراق ـ تۇرۇق، كالتە يۆتەلگەن شەپىلەردىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان ئىگەمبەردى مەتسىدىقنى ئۆيىگىلا باشلاپ كىردى. نىساخان باللىرىنى ئېلىپ قومتامدىكى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدى. بۇ ئۇچرىشىشنىڭ تېگى ـ تەكتى ھەر ئىككىسىگە ئايان بولغاچقا، ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ بولۇنمىدى. ئىگەمبەردى ساندۇقتىن ئىككى باغلام پۇلنى ئېلىپ كىگىز ئۈستىگە قويدى.

— نەچچە يىلدىن بېرى ئۇچىمىزنىڭ ئۇلۇشكەن پۇلى ئۆزلىرىگە ئايان تۇرۇپ، بىر ئۇلۇش دەپ بەرگەن پۇللىرى مۇشۇما؟ — مەتسىدىق پۇلغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى، — يالىڭاچ سۇدىن قورقمىغاندەك، خاتىرىنى پاش قىلىسام بولغۇدەك...

— جېنىم مەتسىدىقاخۇن، بانكىدىكى پۇللارنى توڭلىتىۋېتىپتۇ. مۇشۇ پۇلنىمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلەردىن يىغىپ ئارانلا مۇشۇنچىلىك قىلدىم.

— ئۇنداقتا سىلى قىلغان خىيانەتنى مەن تۆلىشىم كېرەكما؟

— ئەمدى بۇ... بۇ...

— جەۋلان كەنتىمىزگە كەلگەندىلا، مەن خاتىرىدىكى ھېسابنى جەملەپ، ھەربىرىمىزنىڭ ئالغان ـ پۇتكىنىنى ئېنىق يېزىپ قويغان، — دېدى مەتسىدىق ئىشەنچلىك ھالدا، — سىلى يەنە مۇشۇنداق باغلامدىن بەشنى ئالدىمغا قويسىلا ئاندىن يېتىپ قوپيا بوپقالىدۇ.

— نېمە؟ — ئىگەمبەردى چۆچۈپ كەتتى، — شۇنچە جىقما؟

— بۇ تېخى ھۆججەت ـ تالونلارنىڭ ئورنىنى يوقىتىپ، ئۆزگەرتىپ بۆلۈشكەن پۇللار. لېكىن، ئۇلارنىڭ نومۇرى، سېتىلغان مال تۈرى، ئورنى، چېسلالىرىغىچە ئېنىق يېزىلغان، — مەتسىدىقنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇرۇلدى، — مەنقۇلات ئامبىرىدىن ئالغان گىلەم، يۇڭ يىپ، كىگىز، تاغار، خۇرجۇن، ئاق ئوغۇت، يوتقان ـ كۆرپە، قۇرۇق يەل ـ يېمىش، ئۆچكە تىۋىتى، كوللېكتىپنىڭ قوي ـ ئۆچكىلىرى قاتارلىقلار خاتىرىگە پۇتۇلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى پۇلغا سۇندۇرۇپ خىيانىتىڭلارغا كىرگۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. چۈنكى، ئۇلار ئىنتايىن كۆپ. مەن كىرگۈزمىگەن بىلەن جەۋلان كىرگۈزمەي قالارمۇ؟ ئۇ چاغدا تۆلەيدىغان پۇللىرى مۇنۇ پۇللىرىدىن ئون باراۋەر ئاشىدۇ.

ئىگەمبەردىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك ئالاڭغۇ ئۇراتتى. خۇددى كېسەل مىسقاللاپ كىرىپ پاتمانلاپ چىقىدۇ، دېگەندەك، ئۆز ۋاقتىدا يېگەندە سىلىق ـ سىپايە ئۆتۈپ كەتكەن لوقمىلار يىغىلا ـ يىغىلا قۇسماق تەس بولغان دەھشەتلىك ئۆسمىگە ئايلانغانىدى!

— بولىدۇ، مەن تېخى چاۋارنىڭ ئۆيىگە بېرىشىم كېرەك، — مەتسىدىق ئورنىدىن تۇردى، — ئۆيدىن چىقمىسىمنىڭ تەسلىكى ئۆزلىرىگە ئايان، شۇڭا پۇلنىڭ كېمىنى تولۇقلاپ قويسىلا، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئېلىپ كېتىمەن. بىراق، خام خىيال قىلمىسىلا، ھەر قايسىلىرى ئۈچۈن ئۆلۈپ بەرمەيمەن.

مەتىسدىق ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئىگەمبەردى بىر ئىشىككە، بىر يەردىكى پۇلغا تىكىلگىنىچە ھۇ تارتىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ مىچىلداپ كەتكەن بۇرنىنى تارتىپ كۆز ياش تۆكۈۋاتقاندا، مەتىسدىق بولجالىقتىكى چوڭقۇر ئېرىق ئىچىدە ئۆمىلەپ چاۋارنىڭ بېغىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېتىۋاتاتتى. باغنىڭ سۆڭگۈچ ئېغىزى چوڭ بولغىنى بىلەن ئۈچ تال قوزۇق قېقىلىپ ئىتمۇ كىرەلمەس قىلىپ قويۇلغانىدى. مەتىسدىق سۆڭگۈچكە بەلگىچە ئۆمىلەپ كىرىپ، قوزۇقتىن ئىككىنى تەستە سۇغۇرۇۋېتىپ باغقا كىرىۋالدى. ئۇ غازاڭلارنى پىسىرلىتىپ دەسسەپ، ئىلغۇچ سىلىنمىغان باغ ئىشىكىدىن ھويلىغا كىرىشى قەپەستىكى كەكلىك قاتتىق ۋاقىلداپ سايراپ كەتتى. ئاڭغىچە چاپىنىنى يېپىنچا قىلغان چاۋار ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى.

— مەتىسدىق؟ — چاۋار ئېڭىشتى، — قانداق كىردىڭ؟ كوچىدا مىلىبىڭلار تۇرسا؟

— باغ سۆڭگۈچىدىن، ھېچكىم كۆرمىدى.

— ھىم، — چاۋارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى، — يۈر باغقا كىرەيلى. ئۆيدە خوتۇن بار.

كېچە ئايدىڭ بولۇپ، باغ ئىچى تولىمۇ جىمجىت ئىدى. پەقەت ئاخىرقى كۈنلىرىنى ياشاپ بولغان ياپىراقلارنىڭ شىرتىلداپ تۆكۈلۈۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئامۇت تۈۋىگە قويۇلغان كاتنىڭ ئۈستىنى ساپسېرىق غازاڭلار قاپلىۋالغاچقا، ئاستىدىكى كىگىزمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار كات قىرىدا ئولتۇرۇشتى. چاۋار گەرچە جىمجىت، يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنى بىلەن ئىچىدە ئوغا قايناۋاتاتتى. ئادەتتە دەرەخلەر شىلدىرلىسىمۇ يۈرىكى تىترەپ تۇرىدىغان توخۇ يۈرەك، ئەرلىك قەھرى يوق مەتىسدىقنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقماي كېچىلەردە قەرز سۈيلەپ كېلىشى ئۇنىڭ چاۋاردىن قىلچە تەپ تارتمىغانلىقى

ئىدى. بۈرۈن ئۈنىڭدا بۇنداق تۈرگۈنلۈك يوق بولۇپ، چاۋارغا قاش كۆتۈرۈپ قاراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۈنلۈكرەك كېكىرەلمەيتتى. مانا ئەمدىلىكتە تەپتارتماي سۆڭگۈچنىڭ قوزۇقلىرىنى قومۇرۇۋېتىپ ھويلىغا بېسىپ كىرگىنىنى كۆرمەمدىغان! ھازىر چاۋارنىڭ يۈرىكىنى تولۇق تاشتەك بېسىپ تۇرغىنى پۇل تۆلەش ئەمەس، بەلكى مەتسىدىقتىن ئەنسىرەش ئىچىدە قالغانلىقى ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خىيانەتنى سۈرۈشتە قىلىش، ئېنىقلاشلار ئانچە قورقۇنچلۇق بىلىنمەيتتى. لېكىن، بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىسكەنجىگە ئالىدىغان ھېلىقى ئىشلار سۈرۈشتۈرۈلمەي قالمايتتى. مانا بۇ چاۋارنى ئۇدۇل ئەجەل گىردابىغا سۆرەپ ئاپىراتتى. ھازىر جەۋلان ئىقتىسادنى ئېنىقلىغاندەك قىلغىنى بىلەن ئۇنىڭ دەپتىرىنىڭ باش بېتىدە «پاشىلىقتىكى ئوت قويۇش»، «يامان جاڭگالدىكى تېنىتىش»، «ئەخمەتنى يارىلاندۇرۇش»، «كېچىدە جەۋلاننى قەستلىمەكچى بولۇش»تەك «ئەمەلگە ئاشمىغان قاتىللىق»لار يېزىقلىق ئىدى. قانۇن تارازىسىنى باسقۇدەك بۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى جەۋلان قاتتىق قوللۇق بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئېنىقلىماي قالمايدۇ. ئۇ چاغدا مەتسىدىق؟!...

— چاۋاركا، — دېدى مەتسىدىق ئېغىر سۈكۈتكە تاقەت قىلالماي، — خىيانەتنى قايتۇرىدىغان مۆھلەت ئۈچ كۈن قالدى. مۇشۇكتەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراملا؟

— ھە، نېمە دېدىڭ؟ — خىيالغا پېتىپ قالغان چاۋار چۆچۈپ كەتتى، — ئىككى كۈن سەۋر قىلىپ بەر، شەھەرگە ئادەم كىرگۈزدۈم.

— سىلىمۇ پۇللىرىنى شەھەردىكى بانكىغا قويغانما؟ ئەمىسە ئۇ يوق پۇلكەن. ئىگەمبەردىنىڭ پۇللىرىنى توڭلىتىۋېتىپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — ئەزەلدىنلا بانكىغا پۇل قويمايدىغان چاۋار ھەيرانلىق تونىنى كىيدى، — بولدى، مەتسىدىق ئىنى، مەن

شەھەرگە كىرگۈزگەن ئادەمگە بانكىدىن ئالالمىساڭ ئەل ـ ئاغىنىلەردىكى قەرزلەرنى يىغىپ كەل دېگەنتىم.

— نېمە دەۋاتىدىلا، تۆت توكتوك قەرز بىلەن تۆلىنىدىغان بىر ئۆلۈشما ئۇ؟

— ھەي، ئۆيدىكى بارنى يىغىپ تۆشەپ تولدۇرۇپ بەرسەم بولمىدىمۇ.

چاۋارنىڭ «يىغىپ ـ تۆشەپ» دېگەن گېپىدىن خاتىرجەم بولالمىغان مەتسىدىق خاتىرىدىكى ھەربىر ئادەمگە كېلىدىغان پۇل سانى، تېخى بۇنىڭغا مەنقۇلات ئامبىرىدىن ئېلىنغان پىششىق ـ خام ماللارنى قاتىمىغانلىقى قاتارلىق ئىگەمبەردىگە دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگەندى، چاۋار بىر ھۆرپىيىپ ئۆزىنى بىسۋالدى. ئەكسىچە ئۇ: «دېگىنىڭنى بەرسەم بولمىدىمۇ» دەپ قويدى. بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ كەتكەن مەتسىدىق ياندۇرۇپلا سورىدى:

— راستما؟

— راست، سېنى ئالدىسام كۆك تاشلىق خاتىرىنى ھېلىقى جەۋلان دېگەن تۇكباشقا ئاپىرىپ بېرەرسەن؟

— شۇنى بىلگەندىن كېيىن ئاغزىمغا قۇرۇق بىجىق سالغۇچى بولمىسىلا. ھەر قايسىلىرى ئۇچۇن ئۆلۈپ بېرىدىغانغا مېنى ساراڭ پېت چېقىۋالمىغان.

— ئۇنداقتا، — چاۋار ئاساسىي تېمىغا كۆچتى، — ئۆلمەن ـ ئۆچمەن دەپ ئىككى كۈن يىغلاپسەنغۇ؟

— جەۋلان خىيانىتىڭ ئۇچ قېتىم ئېتىلىشقا يېتىدۇ، دېگەن تۇرسا.

— بولماپتۇ، بولماپتۇ، — چاۋار شۇملۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، كۆزلىرى قىسىلدى، — خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى تۇرۇقلۇق ئادەم قورقۇتسا بولامدۇ؟

بىرىنچى مەقسىتىگە يەتكەن چاۋار يەنە بىردەم تۇرۇۋالغاندىن




كېيىن ئىككىنچىسىگە ئۆتتى.

— مەتسىدىق، سوراق جەريانىدا سەندىن پاشىلىقتىكى، يامان جاڭگالدىكى ئىشلارنى سورىدىمۇ؟

— سورىدى، ھەتتا جەۋلان بىلەن ھاشىم ئىككىسى بىر كېچىسى ئۆيۈمگىمۇ كەلدى، ئۇلار: «سەن ئەگەشكۈچى، تۆت قېتىملىق ئەمەلگە ئاشمىغان قاتىللىق جەريانىنى پاش قىلساڭ، ساڭا كەڭچىلىك قىلىمىز» دېيىشتى.

— تۆت قېتىملىق؟

مەتسىدىق پاشىلىق، يامان جاڭگالدىكى ۋەقەدىن باشقا ئەخمەتنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇش، جەۋلاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىچاقلىق ئادەمنىڭ ئارقا باغقا كىرگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى بىلەن چاۋار ئېغىر - ئېغىر تىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىشلىرى غۇرۇچلاپ، زاڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى. بولۇپمۇ يەرگە چۈشكەن ئىز، كېچىدىكى سىرتقى قىياپەتلەردىن پىچاقلىق ئادەمنىڭ چاۋار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغانلىقى ئۇنىڭ غەزەپ قېپىنى يېرىۋەتتى.

— ھە، سەن نېمە دېدىڭ؟

— مەن... مەن... بىلمەيمەن، دېدىم شۇ. لېكىن، قورقىنىمدىن جېنىم تومشۇقۇمغا كېلىپ قالدى. پۈتۈن تېنىمنى سۈر بېسىپ كەتتى.

— سەن ئۈچىمىزنىڭ قۇرئان تۇتۇپ قىلغان قەسىمىمىزنى ئۇنتۇپ قالما، قۇرئانى كېرىم ئۇرسا، ئىت ئۆلۈمدە ئۆلىسەن.

چاۋار ئىككى كۈنگىچە ئوغا يەپ، يىڭنە يوتقاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ قويغان - پۈتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. مەتسىدىقنىڭ دۇدۇقلاشلىرى، قورقۇپ تىترەپ تۇرۇشلىرى، ئەنسىز قاراشلىرى بىرەر دەقىقىمۇ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. ئۇنىڭ زۇۋال ۋاقتىنىڭ گۇگۇملۇقى بىلەن ئوساللاشقان كەيپى ئەلياتقۇغىچە زادىلا پەسەيمىدى. ئونىغانىغا - يونىغاندەك بۈگۈن تولىمۇ ئەنسىز كېچە

بولدى. سىرتتا بوران چىقىۋاتاتتى. باياۋان دەشتتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن قۇم ـ تopىلار دېرىزە، پەنجىرىلەرگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. نېمىلەردۇر گۇپۇلدەپ، ئۆگزىلەردىكى قانداقتۇر نەرسىلەر كوچا ـ ھويلىلارغا ئۇچۇپ چۈشەتتى. يالىڭاچلىنىپ قالغان دەل ـ دەرەخلەردىكى ئەڭ ئاخىرقى ياپراقلار، يەردىكى غازاڭلار ئاسمان قەرىگە كۆتۈرۈلۈپ، قۇم ـ توزانلار بىلەن پايانسىز چۆللەردە غايىب بولاتتى. ئۇچار قانات، ئىست ـ مۆشۈكلەرمۇ پىنھان ئۇۋىلىرىغا يوشۇرۇنغانىدى.

چاۋار گىلەملەر ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئورنىدا قوش ياستۇقنى تامغا يۆلەپ ئاچچىق خىياللار بورانلىرىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن ئوغۇلخان چىراغ ئۆچۈرمەكچى بولغان گاچىدەك توختىماي پۇۋلەيتتى. پۇۋلىگەنسېرى سېمىز كالپۇكلىرى خۇددى لەگلەكنىڭ دارقىراتمىسىدەك دىرىلدەيتتى. توختىماي پۇشۇلداش، پۇۋلەشلەر چاۋارنىڭ خىياللىرىنى توزغاقتەك چېچىپ، نەلەرگىدۇر ئېلىپ قاچاتتى. ئەمما پۇشقان چاۋار ئۇنىڭ بىر داس لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ تۇرغان ساغرىسىغا نوقۇپ قويۇشى بىلەن دۇم ياتقان ئوغۇلخان دېرىزە تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، بوش پۇشۇلداشقا باشلىدى. چاۋارنىڭ بۇنداق ئېزىتراپ ئوتىدا پۇچىلىنىشى پەقەتلا مەتسىدىققا كۆڭۈل توختىتالمىغانلىقىدىن بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سوراقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى گەپ ـ سۆزلىرىدىن، ئۆمسۈرۈن ھالىتىدىن، دۇدۇقلاشلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. ھاياتنىڭ ئەڭ قاتتىق، ئەڭ يىرگىنچلىك، ۋەھشىي، قورقۇنچلۇق ھەم قان بۇقسۇپ تۇرغان قايناملىرىدا پىشتىم، يېتىلدىم، نەيرەڭ ۋە پاراسەتتە كامالەت ساھىبى بولدۇم، دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويغىنى قېنى؟! ھەر باشقا ئوت تۇتاشسا تەكەببۇرلۇق گۈلخانلىرىدىن يامرىغان تەمەننا يالقۇنلىرى سەۋەب بولىدىكەن. شۇڭا ئەۋلىيالار:

تەكەببۇر ئەيلىمە زىنھار، مەگەرچە ئاسمان بولساڭ...

دەپ ئۆزىنى قالتىس چاغلىغانلارغا تەنبىھ بېرىپتىكەن ـ دە! مەتىسىدىقنىڭ ئەزەلدىن تارازا باسقۇدەك ۋەزنى يوق، تۇتۇرۇقسىز، يۆرەكسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرۇپ ئەڭ نازۇك، ئەڭ زىل ئىشلارغا چېتىۋالغىنى تولىمۇ نادانلىق بولغان! ئەمدى ئۇ ھېلىتىنلا ئېڭەكلىرى كاسىلداپ، ھېچ تۇتۇپ ئىشتىنى تىزىغا چۈشتى. «قورققىنىمدىن جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى»، «پۇتۇن تېنىم سۇر بېسىپ كەتتى»، «مەن... مەن ياق دېدىم شۇ...» دېگەندەك ئەركەك تۈكى يوق گەپلەرنى قىلىپ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. لېكىن ئۇ پۇل، دۇنيا، مەئىشەت، مەنپەئەتكە كەلگەندە، زادىلا دۈت ئەمەسكەن. كۆك تاشلىق خاترە ئۇنىڭ دەلىلى! بۇ خاترە جەۋلاننىڭ قولىغا چۈشسە ئۇنىڭ چىپىي چېچەكلەپ، تەختىي تۈت چىشلىق بولىدۇ ـ دە! بۇ مۇناپىق تۈكباشنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، ھېلىقى كېچىسى...

چاۋارنىڭ خىيال تورلىرى بىردىنلا جەۋلانغا يېيىلدى. «يولغا چۈشكەن ئىز ۋە پىچاقلىق ئادەمنىڭ كېچىدىكى سىياقىدىن چاۋار ئىكەنلىكى جەزم قىلىندى...»، «تۈت قېتىملىق ئەمەلگە ئاشمىغان قاتىللىق»، «سەن ئەگەشكۈچى»، «پاش قىلساڭ كەڭچىلىك قىلىمىز»... بۇ ھۆكۈم ۋە خىتابلار چاۋارنىڭ قۇلىقىغا قايتا ئەكس بولۇپ ياڭراش بىلەن ئۇنىڭ قاش ـ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىشلىرى كىرىشىپ، بوش شىۋىرلىدى:

— ھىم، جەۋلان، سەن مېنىڭ ئىزىمغا چۈشكەن ئىكەنسەن، مەنمۇ سېنى قۇمتامدىن يىلتىزىڭ بىلەن قومۇرۇپ تاشلايمەن!...

چاۋارنىڭ قارا كۆڭلى بۈگۈنكى ئاسماندىن بەتتەر تۇتۇلغانىدى. ئۇنىڭ كالىسىدا قويۇن كۆتۈرۈۋاتقىنى مەتىسىدىقنىڭ «ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن» دېگەن گېپى ھەم جەۋلاننىڭ «خىيانەتنىڭ ئۇچ قېتىم ئېتىشقا يېتىدۇ» دەپ قورقاق سالغىنى ئىدى. بۇ ئىككىلىسىنىڭ گەرچە ئاچچىقىدا پوپاڭ

سالغىنى بولسىمۇ، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە راستقا ئايلىنالايتتى. چاۋارنىڭ زەھەرلىك ئوي ـ خىياللىرى قىرىق ئايىغى بىلەن ئۆمىلەشكە باشلىدى. جەۋلاننى پەقەت مەتسىدىق ئارقىلىقلا يوق قىلغىلى بولاتتى. ھاشىمنى ئەپچىللىك بىلەن باشسىز يىلاندەك قىلىپ قويغانلىقى ئىنتايىن نازۇك پىلانلارنىڭ قۇدرىتىدىن بولغانىدى! شۇڭا، دېھقانلار تۇرماق ھۆكۈمەت، ھەتتا قانۇن ـ دىكتاتورا ئورگانلىرىمۇ ئەلھەكمۇلىللا دېمىدىمۇ! پىشقان شۇجى، كونا كوممۇنىستنى خۇددى پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغۇرغاندەك بىر تەرەپ قىلغان يەردە، مەتسىدىق قانچىلىك نېمىتتى؟ ئۇ، ئۆز ئاغزى بىلەن «ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن» دېگەن تۇرسا... ئەلۋەتتە ئۇ شۇ يولنى تاللىغان ئىكەن، چاۋارغا نېمە ئامال!!...

چاۋار ئويلا ـ ئويلا، ھىيلە ـ مىكىر، سۇيىقەست يىپلىرىدىن ئادەم ئەقلى ھەيرانۇھەس قالغۇدەك بىر تور توقۇپ چىققۇچە، تامغا يۆلىنىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال دېگەندەك غەلىتىلا بىر چۈش كۆردى:

چوڭ بىر جەرەستانغا ئادەملەر توپلانغانمىش. قوللىرىغا كالتەك ئەمەس، مىلتىق تۇتۇۋالغان مىڭلىغان ئۇچىلىرىغا ساقچى فورمىلىرى كىيىۋاپتۇدەك. مەتسىدىق يىراقتىن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە كۆك تاشلىق خاتىرىنى قوش قوللاپ جەۋلانغا تاپشۇرۇپتۇ ھەم چاۋارغا قولىنى جۇنۇپ:

ـــ كامالنى كۆيدۈرمەكچى بولغان، لەيلىنى يامان جاڭگالدا ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان، جەۋلانغا قەست قىلغان ئادەم مۇشۇ! ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ. چاۋار جان ـ پېنى بىلەن قېچىپتۇ، ئۇ قانچە يۈگۈرسىمۇ ئارقىغا داجىپ ماڭالماپتۇ، بارخانلار ئارا قوغلاپ كەلگەن ساقچىلار ئۇنىڭ بېشىنى قۇملارغا نىقتاپ تۇرۇپ قولىغا كويزا سېپتۇ... چاۋار قارىغۇدەك بولسا، ئەجەب ھەيۋەت ھەم سۈرلۈك سوراقخانىدا تۇرارمىش، ئۇ دەھشەت

بىلەن ياڭرىغان بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ:

— ئون يىل ئالدىدا يەر ئىسلاھاتى كادىرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئابدۇش جودا، جىنايىتىڭگە ئىقرارمۇسەن؟

... كەڭ كەتكەن تاشلىق سايمىش، ماشىنىنىڭ كوزۇپىدىن قولى باغلانغان چاۋارنى سۆرەپ چۈشۈرۈپ تىزلاندۇرۇپتۇدەك. بىر ساقچى ئۇنىڭ سول غولىغا بور بىلەن بىر يۇملاق سىزىپتۇدەك. جېنى تېنىدىن ئاللىبۇرۇن جۇدا بولغان چاۋار: بۇ، يۈرەكنىڭ ئۇدۇلىنى نىشان قىلىپ بەرگىنىكەن ـ دە، دەپ ئويلاپ تۇرۇشى، مىلتىقنىڭ ئاغزى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تىرىلىپتۇ. ئاندىن «گوم!...» قىلغان ئاۋاز ياڭراپتۇ:

— ۋايجان! — چاۋار چۆچۈپ ئويغاندى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن ئوغۇلخانمۇ خالتا ئەمچەكلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئورۇن ئۈستىدە ئولتۇردى.

— زەپ قوقاتتىڭلىيا مۇسۇلمان، يۈرىكىم ئاسقىپ كەتتى دېسە.

— بولدى يېتىڭلار، م... مېنى قارا بېسىپتۇ.

چاۋار گەرچە خوتۇنىغا گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، قاراڭغۇ ئۆينىڭ تورۇسىدىن ئېسىلىپ تۇرغان يەر ئىسلاھاتى كادىرى سىدىقۇللا كۆزلىرىگە شۇنچە روشەن كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈلتىيىپ چىققان كۆز قارىچۇقلىرى ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. خۇددى قۇش پەنجىسىدەك كېرىشىپ كەتكەن بارماقلىرى چاۋارنىڭ گېلىغا سوزۇلۇۋاتاتتى. سىدىقۇللا بىردىنلا يۈزلىرى ئېسىلىپ ئاغزىدىن كۆپۈك قايىنىغان مەتسىدىقا ئايلىنىپ قالدى... چاۋار قاراڭغۇ تورۇسقا قاراپ، قاپقارا كالپۇكلىرىنى مىتىلدىتىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ پىسىرلىماقتا ئىدى:

— ۋۇي تۇزكۇر مۇناپىق، سەن تېخى ماڭا ئاسىيلىق قىلماقچىما؟ مەن كىم؟! گومىنداڭ جازا ئەترىتىنىڭ جاللات ئەسكىرى ئابدۇش جودا بولىمەن. قاراڭغۇ تۇرمە، قىيناقخانىلاردا

سەندەكلەردىن نەچچىسىنى ئۆزىتىپ قويغىنىمنى بىلمەيسەن ــ دە... مەن يەر ئىسلاھاتى كادىرى سىدىقۇللانىمۇ ئويناشقاندەكلا يولغا سالغان... سەن قانچىلىك نىمىتىڭ! لېكىن مەن تۇتۇلسام زادى بولمايدۇ... ساقچى ئورۇنلىرىدا مېنىڭ ئارخىپ، رەسىملىرىم بار... كونا ــ يېڭى ھېساب مېنى بىر پاي ئوقتا نىشىپ قىلىدۇ!...

ئۆگزىگە «بۇككىدە» چۈشكەن چالمىدىن چاۋارنىڭ كالپۇكلىرى مىتىلداشتىن توختىدى. ئاغىمچە يەنە بىرىمۇ چۈشتى. ئۇ خوتۇنىغا سىڭايان قاراپ قويۇپ، بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كىچىلىك ئىچ كىيىملىرىنىڭ ئۇستىگە يەكتىكىنى يېپىنچاقلاپ، يالاڭ ئاياغلا سىرتقا چىقتى. يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۇۋلاپ چىقىۋاتقان بوران ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئاچۇرماي قويدى. شۇنداقتىمۇ پەلەمپەيلەردىن ئاۋايلاپ چۈشۈپ باغقا قەدەم ئالدى. ئۇ ئەتراپقا بويۇنداپ قاراۋاتقاندا، بىر تۈپ ئۆرۈك دالدىسىغا ئۆتىۋۋالغان ھابىل شىپىلداپ يېتىپ كەلدى. چاۋار ئۇنىڭ قۇلىقىغا خېلى بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن ھابىل قۇم تىقىلغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ چاۋارغا ئېگىشتى:

ــ ئۇقتۇم چاۋاركا، ئارغامچىغا ھاجەتلىرى چۈشكەن بولسا بۇ ئاسانلىغۇ، ھاشىمنىڭ ئارغامچىسىدا كالا باغلىغاندىن بېرى بۇ ئىش ماڭا سىر ئەمەس.

ــ ھەي، چوڭقۇر ئېرىق ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ مېڭىشنى ئۇنتۇما، بۈگۈنكى بوراندا ئىزلىرىڭ بىردەمدىلا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ.

ــ سىلىنىڭ باغلىرىنىڭ ئارقىسىغىمۇ مىنىبىڭ قويۇلۇپتۇ، ــ دېدى ھابىل ئاستاغىنا، ــ ۋاللىدە يانغان تاماكا ئوتىنى كۆرۈپ قالدىم.

ــ ئاپلا، چاتاق بوپتىغۇ، ــ چاۋار ئەندىكتى، ــ سېنى كۆرۈپ قالمىغاندۇ؟

— بىرلا ئادەمكەن، بوراندىن دالدىلىنىپ دەرەخلىك ئىچىدە شۈمشەرەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئېرىق ئىچىدىن يىلاندەك يەر بېغىرلاپ كېلىپ، سۆڭگۈچ ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىمنى تۇيمىدى.

— ئەمىسە، — چاۋار تېخىمۇ پەس شىۋىرلىدى، — مەتسىدىقنىڭمۇ بېغىنىڭ ئارقىسىدا ئادەم بولۇشى مۇمكىن، بەك ئېھتىيات قىل.

— ئۇخلاپ قالمىسىلا چاۋاركا، مەن بىردەمدىلا كېلىمەن.

چاۋار يانچۇقىدىن بىر سىقىم پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن ئۇ قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولغۇچە قاراپ تۇرۇپ، «تۇفىي» دەپ يەرگە تۈكۈردى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھابىلغا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— «ھاشىمنىڭ ئارغامچىسىدا كالا باغلىغاندىن بېرى، بۇ ئىش ماڭا سىر ئەمەس» دېگىنىنى قارا، بۇ مۇناپىقنىڭمۇ تۇقسىنى تولدى. دېمىسىمۇ ئۇ جىق ئىشلارنى بىلىپ كەتتى.

ھابىلنىڭ «بىردەمدىلا كېلىمەن» دېگىنى قۇرۇق «پو» ئەمەس ئىدى، ئۇ مەتسىدىقنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىرىدە ئۈزۈم باراڭغا تارتىلغان كىر ئارغامچىسىنى كۆرگەنىدى. ئۇنى ھېچ مۇشەققەتسىزلا ئېلىپ چىقىشقا ئىشەنگەن ھابىل يىراقتىنلا بوراندا ئۇچۇۋاتقان ئۇششاق تاماكا ئۇچقۇنلىرىنى چېلىقتۇرۇپ قالدى. بوراندا تۈگۈلۈپ قالغان مىنبىنىڭ بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ دالدىسىدا كالتىكىنى قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئۇ مەتسىدىقنىڭ باغ تېمىدىن ئانچە يىراقتا بولمىسىمۇ، لېكىن ئېرىقنىڭ قىرلىرى ئېگىز بولغاچقا، پەستىكى ئادەمنى كۆرەلمەيتتى. ھابىل دەسلەپتە ئۆمىلەپ، مىنبىڭغا يېقىنلاشقانسېرى يەر بېغىرلاپ كېلىپ سۆڭگۈچتىن باغقا كىرىۋالدى. ئۇ باغدىن ئەمدىلا ھويلىغا چىقىشى ئەخلەت چېلىكىگە پۇتلىشىپ كەتتى. داراڭ — دۇرۇڭ ئاۋازدىن ئۆزى قورقۇپ كەتكەن ھابىل دەرھاللا باغ

تەرەپتىكى ئۆي تېمىغا چاپلاشتى. لېكىن تاسادىپىيلا قەغىزى يىرتىلىپ كەتكەن دېرىزە تۆشۈكىدىن سائادەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ھەي دادىسى، مەتسىدىقاخۇن، سىرتتىن داراڭلىغان ئاۋاز كېلىۋاتىدىيا، ھويلىغا بىر كىم كىرگەندەك قىلامدۇ، نېمە؟

— قوشنىلارنىڭ ئىتىمىكىن؟ — مەتسىدىقنىڭ ئۇيقۇلۇق غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — بىزنىڭ ھويلىغا كۆنۈۋاپتۇ، ئەجەب ئەنسىز خوتۇنده بۇ.

— ھەي تاڭەي، چىقىپ باقامسىلە ـ يا؟

— ئالا كېچىدە پاشىدەك غىڭىلدىماي، كۆزۈڭلارغا ئۇخلاڭلار مەزلۇم.

ئۆي ئىچى جىمىدى. ئوغرىلىق ھاياجىنىدىن ھاسىراۋاتقان ھابىل بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەتراپىغا زەن سالدى. ئاندىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ باراڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ قانچە ھەپىلىشىپ باققان بولسىمۇ، چىڭ چىگىلىپ كەتكەن تۈگۈچنى يېشەلمەي، پىچىقىنى ئالدى ـ دە، تۈۋرۈككە باغلانغان ئارغامچىنى ئىككىلا تەرەپتىن كېسىپ، ئۇچ غۇلاچتەك ئارغامچىنى قوينىغا پۇرلاپ چىقتى. ھابىل بىر نەچچە قەدەم ئارقىچىلاپ مېڭىپ، ئاندىن قايرىلىپلا باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئارقا پاسىل تامدىن بويىنىنى سوزۇپ قاراپ باققان ئىدى، يېقىن ئەتراپتا مىنبىنىڭ كۆرۈنمىدى. لېكىن، ئۇ تايىقىنى قولتۇقىغا قىسىۋېلىپ دەرەخلىك ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ سىيىۋاتقان مىنبىگىنىڭ خىرە ـ شىرە سايىسىنى كۆردى. بۇ ئىنتايىن ياخشى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ھابىل ئويۇل ـ توپۇللا سۆگگۈچ ئارقىلىق ئۆمىلەپ تىكىۋەتتى.

بوران توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دەمىۇدەم كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇم ـ توپا بوغۇناقلىرى ئارا ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ھابىلنىڭ كۆڭلەك ـ ئىشتانلىرى شاپىلداپ بەدىنىگە

ئۆرۈلاتتى. دەرەخ شاخلىرىنىڭ قارسىلداپ سۇنۇشلىرى، چەكسىز قۇملۇقلاردىن قاڭقىپ كەلگەن قامغاقلارنىڭ كوچىا بويلاپ «شاۋ – شۇۋ» ئۇچقان ئاۋازلىرى، قايىسىدۇر هويلىدىكى تال باراڭلىرىنىڭ ئۆرۈلگەن گۈلدۈر – تاراقلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. هابىل قولتۇقىدىكى ئارغامچىنى، ئاندىن قويۇن يانچۇقىدىكى پۇلنى سىلاپ قويۇپ، هىڭگىدە هىجايدى – دە: «خەقلەر ئۇنى دېگىنى، بۇنى دېگىنى بىلەن، چاۋاركام يەنىلا قولى ئوچۇق مەرد ئادەم – دە!...» دەپ قويدى. ئۇ بۇنداق مىننەتدارلىقىنى چاۋارنىڭ ئالدىدىمۇ نەچچە قېتىم يۈز تۇرا دېگەن ئىدى. چاۋارمۇ ئۇنىڭغا: «بىلگۈچىلىكىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ» دەپ دولىسىغا ئۇرۇپ ماختاپ قوياتتى. دېمىسىمۇ تۇرمۇشتىكى پارچە – پۇرات خىراجەت، ئەڭ مۇھىمى نەشىگە ۋاقتى – قەرەلىدە پۇل بېرىپ تۇرۇشلاردەك ساخاۋەتنى قايسى مەرد – هاتەم قىلالايدۇ؟ توغرا، ئۇنىڭ بەزىلەردە «سارالڭ»، «پەپىلىقۇش دېۋەك»، «دەلتە، تەلۋە، قارا مەدەك» دەپ تىللاپ قويۇشلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ هابىل ئۇچۇن دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تىللاشلىرىمۇ ئەركىلەتكەندەك تۇيۇلاتتى. مانا ئەمدىلىكتە بۇ ئادەمنىڭ بېشىغا دىشۋارچىلىق كېلىپ هابىلنىڭ ياخشى كۆڭلىرى زۇۋاللىق كۆتۈۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ يىراق يۇرتلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولمىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن يەنىلا چاۋارغا يېلىنماي بولمايتتى.

هابىل كۆڭلىدە چاۋارغا ئاسايىشلىق تىلەپ، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى قىيىن ئۆتكەللەردىن ئامان – ئېسەن ئۆتۈپ كېتىشىگە تىلەكداشلىق قىلىپ كېتىۋاتقىنىدا، چاۋار بېغىدىكى كاتتا مۇگدەپ ئولتۇراتتى. لېكىن، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغىنى بىلەن ئىچىدە مىڭلىغان چۇمۇلىلەر، قۇرت – قوڭغۇزلار ئۆمىلىشىپ يۈرگەندەك بىر – بىرىدىن دەهشەتلىك پىلانلار كاللىسىغا رەتلىك

تىزىلماقتا ئىدى. توغرا، مەتسىدىقنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدەكلا قالدى. لېكىن ھابىل بىر نەچچە قېتىملىق سوراقلاردا «ھېچنېمىنى بىلمەيمەن» دەپ مۇرىسىنى چىقىرىپلا تۇردى. ئەمما، ئۇنىڭغا پۇل ـ دۇنيا تۇرماق، راسا خۇمارى تۇتقاندا، بىر كاللەك نەشە بەرسىلا ئۇ ھەممىنى سېتىۋېتىشقا قادىر بولۇپ، «ئانامنىڭكىنى دەيمۇ ياكى دادامنىڭكىنى» دېيىشتىن يانمايتتى. بۇنداق كەيپى خۇمارى كۆچلۈكلەر خۇددى قىمارۋازلاردەك خوتۇن ـ قىزلىرىنىمۇ بىر چېكىم تۇتۇنگە تېگىشىشنى ھار ئالمايتتى. شۇنداق، مەتسىدىق قورقۇنچاقلىقىدىن ئاسىيلىق قىلسا، ھابىل بىر نەچچە نەپەس تۇتۇن ئۈچۈن تۇزكورلۇق قىلىشى خۇددى ساتىراشنىڭ ئەينىكىدەك ئېنىق ئىدى. ئادەمنى قارا باسسا شۇنداقمۇ باسامدۇ؟ مەتسىدىقتەك غۇرۇرى پۇچەك يورەكسىزنى، ھابىلدەك دۆت كەيپىنى ئەڭ زىل ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇپ قويغىنى نېمىسى! لەيلىنى ئېزىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكە ھابىل يامان جاڭگالغا بارمىغىنى بىلەن تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا تۇرۇپ ھويلىدىكى، كوچىدىكى ئادەم ۋە ئات ئىزلىرىنى سۈپۈرۈپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يالغان مەيدان ياسىدى. قىر دەريا سايلىقىغا شۇنچە كۆپ ئاشلىق يۆتكەشتە بىللە بولدى. ھەتتا چاۋارنىڭ دۇنيا دەپىنىسىنى يۇلغۇنلۇقتىكى قۇم بارخانلىرى ئىچىگە كۆمۈشكە قاتناشتى. باشقىلىرىنى ئەسكە ئالمىغاندىمۇ مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا چاۋار ھابىلنىڭ تونىنى پىچىشقا يېتەتتى ... خوش ... شۇڭا ... ئەمدى ...

چاۋار قانداقتۇر شەپىدىن كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرتەكلەنگەن ئارغامچىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇرغان ھابىل تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىنىس ـ جىنىغا تويدۇرماي، ئىشنى «پاكىز» بېجىرىپ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان چاۋار ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قولىقىغا پىچىرلىغانسېرى ھابىل بېشىنى

گىلدىڭلىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۇرۇپ تۇردى. ئۇ كۆڭلىدە: ناھايىتى شۇ مەتىسىدىقنى يۇلغۇنلۇققا ئالداپ ئاپىرىپ ئەدىپىنى بېرىدىغان گەپكەنغۇ، دەپ ئويلىدى. خام نەشىنى تولا چېكىپ، ئەقلى دۆمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان بۇ بەڭگىنىڭ كاللىسىغا «ئەمىسە ئارغامچىنى نېمىشقا ئوغرىلاپ كەلگەندىمىز» دېگەن ئوي كەلمىدى.

— چاۋاركا، سىلىنىڭ يەنە «مۇھىم» بىر ئىشىنى قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەمەن، — دېدى ھابىل قورقۇپقىنا، — ئۇ ئىشلىرى تۈگىگەن ھامان ماڭا سەپەرگە تۇشلۇق پۇل بەرگەن بولسىلىرى.

— نېمە، بىر يەرگە بارماقچىمىدىڭ؟

— مىنىڭلىقنىڭمۇ تەييار نېنىدىن قۇرۇق قالدىم. باشقا يۇرتلارنى كۆرۈپ باقاي دەيمەن.

— نېمە، — چاۋار ئۇنىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە قارىدى، — قورقۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— ياقەي... ئەمدى بۇ يەردە ئۆزلىرىگە ئېغىرچىلىقىمنى سېلىپ يۈرۈۋەرسەممۇ بولمايدىكەن.

چاۋارنىڭ كاللىسىدىن ئىنتايىن نازۇك، لېكىن تىغدەك ئىتتىك بىر ئوي لىپ قىلىپ ئۆتتى. «خۇدا دېگەن بەندىسىگە، ئەكېلىپ بېرەر مەلىسىگە» دېگەندەك، ئۆزلۈكىدىنلا ئىندەككە كەلدا بۇ كالۋا مەدەك... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن چاۋار ۋەدىنى ئايىماي بەردى:

— بولىدۇ، سەن دېگەن «مۇھىم» ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىۋالساق، مەن بۇنچىلىك پۇل، — چاۋار بەش بارمىقىنى چىقاردى، — يەنە ئۈچ ئايلىق ئاشلىق بېلىتى بىلەن سېنى ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن.

— نېمە، ئەللىك سوم دەمدىلا؟

— سارالڭ، ئەللىك سوم دېگەن سېنىڭ بىر ھەپتىلىك نەشە

پۇلۇڭ تۇرسا، مەن ساڭا بەش يۈزنى دەۋاتىمەن.

— ھە؟! — ھابىلنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى، — رەھمەت چاۋاركا، رەھمەت. سىلى ئۇتقا دېسىلە ئوتقا، سۇغا دېسىلە سۇغا كىرىمەن. سىلى ئۈچۈن سېسىق جىنىمنى پىدا.

— مۇشۇ گېپىڭ بولسىلا كۇپايە... يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماس دېگەن گەپنى بىلىدىغانسەن؟

— ب... بىلىمەن... ن... نېمىشقا بىلمەي...

ھابىل ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان، لېكىن تۇتۇپ باقمىغان بەش يۈز سومدىن گاراڭلا بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئەلۋەتتە مەن — مەن دېگەن كادىرنىڭ ئون ئايلىق مائاشى — دە! تېخى ئۈچ ئايلىق ئاشلىق بىلەتى دېگەن پالانچى پۇل تۇرسا...

— بولدى چاۋاركا، مۇشۇ تۇرقىدا بىر كىمنىڭ جېنىنى قىيىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئالدى — ئارقامغا قارىسام ئىت بولاي!

— پۇل ۋە بىلەتنى سەن دېگەن «مۇھىم» ئىشنى قىلىدىغان كۈنى بېرىمەن. لېكىن، ئەتە مۇشۇ چاغلاردا مەتسىدىقنى مېنىڭ ئۆيۈمگە ئەپكەلگىن. ئۇنىڭغا بېرىدىغان پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ قويدۇم، — چاۋار سەل ئويلىنىۋالدى، — ھەي، مەتسىدىقنى نېمىدەپ قاقتى — سوقتى قىلدىڭ؟ سائادەت تۇنۇگۈن مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، ھېلىمۇ ياخشى كۈندۈزى ئەتراپتا مىنبەگلارنىڭ يوقلۇقى.

— ئەمدى شۇ، — ھابىل گەدىنىنى قاشلىدى، — قانداق بولىدىكىن، دەپ قورقۇتۇپ باقسام، غىڭ قىلمايلا قوينىدىن پۇل چىقىرىپ بەردى.

— قارا، قىلغان ئىشىڭنى، — چاۋار كۈلۈۋەتتى، لېكىن مەتسىدىقنى تىللىدى، — ئەر سىياقىدا تۆرلىپ قالغان بۇ خوتۇنتالاق، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى قىلما، سەكسەن نەچچە سومنى مەن بېرىۋەتتىم.





— نېمە، سىلى بېرىۋەتتىلىما؟ ئۇ... دېگەن ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقىدىن بولغان ئىش تۇرسا.

— ھابىل، كامالنىڭ توي كۈنىنى ئېنىق بىلىپ كەل، يەنە سەپەرگە چىقىدىغانلىقىڭدىن ئاناڭنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوي.

— ماقۇل چاۋاركا، خاتىرجەم بولسىلا.

ھابىل خوشلىشىپ باغ سۆڭگۈچى تەرەپكە كېتىپ قالدى. چاۋار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە «ھىھ» دەپ دىمىغىنى قېقىپ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدى ـ دە:

— مەن سېنى چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇپ مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن، — دەپ قويدى.

زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنگە شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، چاۋارنىڭ پەيلى بۇزۇلدى. ئۇ توغرۇلۇق يۇقىرىقى بابلىرىمىزدا ئاز ـ تولا قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. لېكىن ئۇ زادى قانداق ئادەم، نام ـ ئەمىلى قەيەردىن قەيەرگىچىلىك، نېمە ئۈچۈن شۇنچە قاپ يۈرەك، قارا كۆڭۈل، تاشبېغىر بۇنى ئوقۇرمەنلىرىمىز روشەنرەك بىلىشى كېرەك ئەلۋەتتە...

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# چايانىنىڭ قىسمىتى

1946 ـ يىللىرى «تۆگمەنبېشى» مەھەللىسىدە غەلىتىلا بىر پاجىئە يۈز بەردى. ئابدۇش جودا چوڭ سىگىلىسى بانىگۇلگە چېقىلىپ قويۇپ، بۇ بەختسىز قىز شۇ كېچىسىلا بىغىدىكى ئۇجمىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. زايىتاخۇن ئوغلى ئابدۇشنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ھەر كۈنى جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىپ، دادىسىنى بىزار قىلىۋەتكەن ئابدۇش تۆگمەنبېشى مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ كۆزىگە «جىن» كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ بانىگۇل بىلەن بولغان رەسۋاچىلىقنىڭ تالا ـ تۈزلەرگە تارقىلىپ كېتىشىدىن قورقتى بولغاي، بىر كېچىسىلا شەھەرگە قېچىپ كەتتى. بۇ ئازادلىق ئارمىيە شىددەت بىلەن جەڭ سىگنالىنى چېلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنى بىر قىسىم ئۆلكە، رايونلاردىن چېكىندۈرۈۋاتقان، ئىلى ئۈچ ۋىلايەت قوزغىلاڭچىلىرىمۇ جايلاردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى ھالسىرىتىپ قويۇۋاتقان چاغلار بولغاچقا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يېشىغا يەتكەن ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋاتاتتى. ئابدۇش ئۇچۇن بۇ پاناھلىنىشنىڭ ياخشى پۇرستى ئىدى! شۇڭا ئۇ ئۆزىنى دەرھاللا ئەسكەرلىك قوينىغا ئاتتى. ئۇنىڭ توغراقتەك بەستى، كۈچتۈڭگۈرلۈكى، قارامىلىقى، رەھىمسىزلىكى ھەم ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان تۈرگۈنلۈكى گومىنداڭ جىنايى ئىشلار بۆلۈمى جازالاش

ئەترىتىنىڭ كەم - كۈتىسىز جاللىتى بولۇشقا سەۋەب بولدى. ئىچكىرىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ كۈنسېرى ئۇلغىيىشى، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ گومىنداڭ دائىرىلىرىنى پاراكەندە قىلىشى كۈچەيگەنسېرى ئىلغار پىكىرلىك زاتلار، ئوقۇتقۇچى - ئوغۇچىلار، بىلىملىك زىيالىيلارنى، ھەتتا قاچقۇن ئەسكەرلەرنى تۇتۇش باشلىنىپ كەتتى. ئۇلارنى «قىزىل پاچاق»، «ئايغاقچى»، «كوممۇنىست باندىتلىرىنىڭ تەشۋىقاتچىسى»، «كوممۇنىست» دېگەندەك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن گاڭزىغا بېسىش، داغماللاش، قامچىلاش، سىم بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق خىلمۇخىل جازالاش ئارقىلىق قىيىن - قىستاقلارغا ئالاتتى. ئابدۇش گەرچە جازالاش ئەترىتىدە بىرەر ئەمەلى بولمىسىمۇ، رەھىمسىزلىكتە ھەممىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك جاللات ئىدى. قىپقىزىل چوغدەك داغماللارنى يالاڭ كۆكرەكلەرگە يېقىش، لازا قىياملىرىنى ۋارۇنكا ئارقىلىق بۇرنىغا ماڭدۇرۇش، شاخارغا تىزلاندۇرۇش، چىرقىرىتىپ تۇرۇپ تاپان ئاستىغا خىش قويۇش، بېشىنى سۇغا تىقىپ تۇنجۇقتۇرۇپ قىيناش، بولۇپمۇ قامچىلاشتا ئابدۇشنىڭ چىرايى تاتارمايتتى، قوللىرى تىترىمەيتتى، يۈرىكى ئېچىشمايتتى. قىيناقلاردا ئۆلۈپ كەتكەن جەسەتلەرنى، قانغا چىلىشىپ قالغان تەنلەرنى، داغماللاشتىن كاۋاپ پۇراپ كەتكەن جاراھەتلەرنى تولا كۆرۈپ يۈرىكى تاشقا ئايلانغان ئابدۇش بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئادەمىيلىك قېلىپىدىن چىققان يىرتقۇچ ھايۋانغا ئايلاندى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قانخورلۇقى ئۇزۇنغا بارمىدى. 1949 - يىلى ئۆلكە ئازاد بولۇش بىلەن ئۇ قولغا ئېلىنىپ، «ئەمەل تۇتمىغان، بۇيرۇقتا بىنائەن جىنايەت ئۆتكۈزگەن» دېگەن كەڭچىلىك بىلەن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

ئابدۇش جودا يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۈرمىدىن چىقىپ «تۇگمەنبېشى» مەھەللىسىگە كەلدى. دادىسى

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

ھەم ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، كىچىك سىڭلىسىنىڭ ياقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئازراقمۇ يېرىم بولمىدى. ئەكسىچە ئىچىدە: «ئۇلارنىڭ كەتكىنىمۇ ياخشى بوپتۇ» دەپ يېنىككىنە تىن ئالدى. كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىدىن ئۇنىڭغا ئىسلاھات مېۋىلىرىدىن بىر سوقا، سۆرەم، زاك ئېشەكتىن بىرنى، يەنە ئون نەچچە كۈرە بۇغداي، قوناق بېرىپ ھەمكارلىق گۇرۇپپىلارنىڭ بىرىگە كىرگۈزۈپ قويدى. قامچا، تاياق، داغمال تۇتقان قوللارغا كەتمەن دەستى يات تۇيۇلدى بولغاي، ئۇ ئىشقا ئۆزىنى ئانچە بېسىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى دېھقانلار بىلەن ئۇرۇشۇش، ياقىلىشىش، پۇت تېپىشىش بىلەن ئۆتتى، ھەتتا ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان كىچىككىنە قورۇسىنىمۇ تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرماي ھويلا ـ ئارام، ئۆگزىلەرنى قوراي بېسىپ كەتكەندى. بىر كۈنى ئابدۇش ھويلىسىدىكى كونا تونۇر سۇپىسىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشى ھويلىغا كۆك سىيامبۇدىن شەپكە، چاپان، ئىشتان كىيگەن 39 ـ 38 ياشلار چامىسىدىكى كادىر سىياق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ كونا تونۇشلاردەكلا قولىنى بېرىپ كۆرۈشتى:

— ئابدۇش، ئەركىنلىككە چىقىپسەن، مۇبارەك بولسۇن، مەن كېرىم بولىمەن.

ئابدۇش ئورنىدىن تۇرمايلا ئۇنىڭ ئالتە قىرلىق كۆك شەپكىسىگە، تىك ياقىلىق «جۇڭشەنفۇ» چاپىنىغا، سىلىنىپ تۇرغان ئىشتىنىغا، ئاق چەملىك قارا لاتا خېيىغا قارىدى. ئابدۇشنىڭ چىرايىدىن ھەيرانلىقتا قارىغاندا خۇشياقمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قوپال ئورىغان تاماكىسىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، چىش ئارىلىقلىرىدىن «چىرتتىدە» تۈكۈردى.

— قايسى كېرىم ئۇ؟ — ئابدۇش قوپاللا تەگدى، — دۇنيادا كېرىمدىن تولا نېمە يوق.

— تۇگمەنبېشى مەھەللىسىدە ئابدۇمەمەت سەرگەزچى، دېسە تونۇمايدىغىنى يوق، مەن شۇنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ.

— ھە، مۇندا دېمەمسەن، شايمقۇل مىڭبېگىنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى مەن دېگىنە، — ئابدۇش يەرگە شالاقىدە تۇكۇردى، — ھېلىقى بىر يىللىرى توخۇنىڭ پۈچىكىدەك چوقاڭدىكى بىر تۇتام چېچىڭنى يىلىم چېپىپ، ئوتتۇرىسىدىن ئىككى تەرەپكە تاراپ، شەھەردىكى مەكتەپكە قاتنايدىغان كېرىم ئاۋاقكەنسەندە.

— مانا، مانا، يادىڭغا ئالدىڭ، — كېرىم ئابدۇشنىڭ سۆزلىرىنى ھار ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا ھىجايدى، — ئۇ كىچىك چاغلار، نەدە قالدى دېگىنە، ھازىر مەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيمەن، ئاز ـ تولا ئەمىلىممۇ بار.

— مۇنداق دېگىن، ھە، مەندە بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟

شايمقۇل مىڭبېگى ئىككى ئوغلى بىلەن قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن بىرەر يىلغا قالماي خوتۇنىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىك قىزى زىبادىگۇللا ئىچكىرىكى قورۇدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى. كېرىم بۇ قىزنىڭ بىر يىگىتكە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى پۇرىتىپ ئۆتتۇشى ئابدۇش ئۇنىڭغا يالىتىدە قاراپ ئالىيىپ قويدى. چۈنكى، ئۇ مېنى «دەللاللىقتا سالماقچى ئوخشايدۇ» دەپ بىلگەنىدى. لېكىن، كېرىم ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغاچ كۆزىنى قىسىپ، سەتلا ھىجىيىشى كۆڭلى بىر ئىشنى سېزىپ قالغان ئابدۇش ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— ھەي، مېنى قاپاق سەردە جىڭىلىماي، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېمەمسەن، نېماندا جالاپ خوتۇندەك غىلجىڭلاۋېرىسەن، — ئابدۇشنىڭ غۇززىدە سەپرايى ئۆرلىدى، — ئۇ جۇمباق مەندەك مەھبۇسقا كۆيۈپ قالمىغاندۇ؟

— تە بولمىغىنا، تېخىچە گېپىمنىڭ ئۇرانىغا يېتەلمىدىڭما؟ — كېرىم ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى، — ئۇنىڭ ساڭا

كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ.

— ماڭا، ماڭىما؟ ـ ئابدۇش مەسخىرىلىك كۈلدى، — مەندەك بىر قوڭالتاققا؟ بۇنداق ئوسۇرۇق گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ، بۇنداق چەك باسمايدىغان گەپنى قىلغۇچە ئىشىڭنى قىلە.

— راست دەيمەن. ئۇ ئۆزى دېيەلمەي مېنى ئەۋەتتى، قەسەم قىلىپ بېرەي.

— ئۇنداقتا بۇ قىزنىڭ چوقۇم بىرەر مەقسىتى بار، — ئابدۇش كېرىمگە قادالدى، — چىمپىشىق گەپنى قىلە.

— ئازراق ھاجىتى بار ئوخشايدۇ...

— ئۇ قىز ئىنەكنىڭ ئەردىن باشقا يەنە نېمىگە ھاجىتى چۈشەتتى؟

ئابدۇش بىر نەچچە قېتىم ئېتىزدا قوناق تۈپلىرىنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەۋاتقان، كەتمەندە كېۋەز قىرلىرىنى يۇمشىتىۋاتقان زىبادىگۈلنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ 27 ~ 28 ياشلاردىكى قېرى قىز بولۇپ، دېھقانلارغا يېقىن بارالمىغاچقا، داۋاملىق يالغۇز ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ بۇرنى سەل پاناقراق بولغىنى بىلەن ئاپتاپپەرەستەك دۇپدۇگىلەك يۈزى ئاپئاق سۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ قېشىنىڭ ئۈستىدىكى پۇرچاقتەك قاپقارا مېڭى مەن ـ مەن دېگەن تۇمىقى قۇلاقلىق يىگىتلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. بولۇپمۇ زىبادىگۈلنىڭ قاملاشقان سەرۋى بويىغا كۆزى چۈشمەيدىغانلارنى يوق دېسىمۇ بولاتتى. بۇ قىز ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەنلىرىدە ياكى ئېتىزلاردا ئۇچرىشىپ قالغانلىرىدا، بادام قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، سۈس كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى ئەگكىنىچە تەبەسسۇم قىلىپ ئۆتكىنىدە، ئابدۇشنىڭ قەيەرلىرىدۇر قوتراپ كېتەتتى.

— قېنى دېگىنە، ئۇنىڭ ماڭا نېمە ھاجىتى باركەن، — دېدى ئابدۇش سەل ئېرىگەن ئەلپازدا، — ئۇقۇپ باقسام بولىدىغاندۇ؟

— ئابدۇش، مەن سېنى بارماي قالامسەن دەپ شۇنداق دەپ قويدۇم. لىللا گەپنى قىلسام، ئۇنىڭ ساڭا مەيلى بار، تۇتە ماۋۇ

پۇلنى، — كىرىم قاتلاقلىق ئوتتۇز سومنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — بۇنىڭغا تاماكا ئېلىپ چەك، لېكىن مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمنى زىبادىگۇلگە دېگۈچى بولما. بىلىمەن، سەن باتۇر ئەزىمەت، خوتۇن كىشىلەرگە گەپ توشۇپ يۈرمەيسەن.

ئابدۇش شۇ كۈنى كەچكىچىلا بىر خىل دېلىغۇللۇق ئىچىدە قالدى. باراي دېسە تۇرمىدە ياتقان ئادەمنىڭ بىر سىنىپىي دۈشمەننىڭ پۇشتى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەنلىكى كەنت ئاكتىپلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتسە ئابدۇشقا ياخشى كۈن يوق ئىدى. بارماي دېسە زىبادىگۇلنىڭ ئەۋرىشىم بەللىرى، ئاق سۈزۈك رۇخسارى، تىرىسىدە چوقچىيىپ تۇرغان كۆكسىلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئارامىنى بۇزاتتى. ئۇ كۈن ئولتۇرۇش بىلەن ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، ئاسانراق تاماق ئۇماچ ئەتمەكچى بولدى. شۇڭا، ھويلىدا ئاق چامغۇر ئادالاپ ئولتۇراتتى. زىبادىگۇل شەپە چىقارماي ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئابدۇش نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ كەتتى.

— ئابدۇش ئاكا، تاماقنا تۇرغانىمدىڭىز؟ — زىبادىگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياسىزلىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى، — بولدى، يالغۇز جېنىڭىزغا ئاۋارە بولماڭ، گۆگۈم بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭ... لەگمەن ئېتىپ تۇرىمەن.

سىڭلىسى بانىگۇلدىن ئۆزگە 38 ~ 39 يېشىغىچە ئايال زاتىنىڭ تېنىنى ھىدلىمىغان ئابدۇشنىڭ نەپسى بالاسى قورقۇشتىن غالىب كەلدى. ئۇ گۆگۈم ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ خېلىلا كۆز باغلانغاندا، شايىمقۇل مىڭبېگىنىڭ ئىچكىرىكى قورۇسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە كىرىپ كەلدى. زىبادىگۇل نېپىز يىپەك مايكا، تىزىنىڭ يۇقىرىسىدا ئاق كالتە ئىشتان كىيىۋالغاچقا، باغىرداقسىز كۆكسى لىغىرلاپ، ئاپئاق، چىڭ يوتىلىرى جۇۋاز ئاقىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ جىلۋىگەرلىكىگە تاقەت قىلالمىغان ئابدۇش غورتتىدە يۇتۇندى.

— ئۇدۇللا كىرىۋەردىڭىزما؟ — سورىدى زىبادىگۇل ئەنسىرىگەن هالدا، — دەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— دەرۋازىدىن كىرگىلى بولامدۇ، ساپلا كەنت تەشكىلىنىڭ ئىشخانىلىرى تۇرسا، باغ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشتۈم.

— سىز بەك زېرەك جۇمۇڭ، — يېرىم يالىڭاچ زىبادىگۇل ئاستا يېقىنلاشتى، — قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ؟

ئۇلار بۇ كېچە بىر تەخسىدىن لەڭمەن يېگەندىن كېيىن يېتىپ قېلىشتى. ئەرسىرەپ قالغان بۇ قېرى قىز خىلمۇخىل تاتلىق خۇلقلىرى، نازۇكەرەشمىلىرى، شېرىن - سۆخەن تىللىرى ۋە يىلاندەك تولغىنىشلىرى بىلەن ئابدۇشنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى. بۇ كېچە تاتلىقىم، ئومىقىم، ئارسلىنىم، باتۇرۇم، جېنىم... لەر بىلەنلا كۆپايىلىنىپ ئوشۇقچە گەپ - سۆزلەر بولۇنمىدى. ئەمما، ئۇچىنچى قېتىم ئۇلار بىر ياستۇقتا باش قويۇپ ياتقان كېچىسى بىر - بىرىگە خېلىلا ئۆزلىشىپ قالغاچقىمۇ، كۆڭۈللىرىدىكىنى دېيىشەلىدى:

— هە زىبادىگۇل، — دېدى بىلەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتقان ئابدۇش، — سېنى ياتلىق بولمىغان دەپ ئاڭلىغان، ئەجەب قىز ئەمەسكەنسەنغۇ؟

— مېنى نىكاهلاپ ئالغاندەك ئەجەب قىزلىقىمنى زىغىرلاپ كەتتىڭا. شاپتۇل بەرسە تۆكى باركەن دېگەندەك.

— ۋاي - ۋۇي، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم شۇ.

— ئۇ ئىشنىڭ سىر تۇتقۇدەك يېرى قالمىدى. كەنتىمىزدىكى ئابدۇمەمەت سەرگەزچىنىڭ ئوغلى كېرىم مېنى ئالىمەن دەپ چېقىلغان...

— داداڭ باي هەم مىڭبېگى بولغاندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدىلا ئەدىپىنى بەرسە بولىدۇ.

— كېرىم دادامنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى تۇرسا، قانداق ئەدىپىنى بەرگىلى بولسۇن؟

— ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغۇ دەيمەن، ئەرز قىلساڭ بولىدۇ.

— بۇ سەتچىلىكنى داستىخانغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرگۈم يوق، مېنىڭ يۈرىكىمنى يەپ كېتىۋاتقىنى يەر ئىسلاھاتى كادىرى سىدىقۇللا دېگەن قانخور.

شايمىقۇل گومىنداڭ ۋاقتىدا راسا ھۆكۈم سۈرگەن مىڭبېگى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يەر - زېمىنلىرىدە يۈزلەپ دېھقانلار ياللىنىپ ئىشلەيتتى. يېزىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۇنىڭ تەسەررۇپىدا بولغاچقا، ھەر يىلى دېھقانلار يازلىق ۋە كۈزلۈك ئاشلىق، ياغلىق دان، پاختىلارنى شايمىقۇلنىڭ ساڭلىرىغا توشۇيتتى. يېزا بويىچە ئۈچ چوڭ ياڭاقلىق باغ، ئىككى ئورمان، بىر ئۆرۈكلۈك مەيداندىن قىلىنغان كىرىممۇ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. بايلىق، مەئىشەت ۋە ھۆكۈمدارلىق ئۇنى قارا كۆڭۈل، تويماس زالىم قىلىۋەتكەنىدى. ئىككى ئوغلىمۇ دادىسىنىڭ سايىسىدا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماي، نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىپ، دېھقانلار خوتۇن - قىزلىرىنى، كېلىنلىرىنى ئېتىمىزلارغا ئىشەنچلىك چىقىرالمايتتى. شۇنداقتىمۇ «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەندەك، دادىسى ۋە ئاكىلىرىنىڭ ۋەھشىي قىلمىشلىرى زېبادىگۈلنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى.

— سىدىقۇللا دېگەن پوپەكباش كادىر، — دېدى زېبادىگۈل زەردىسى بىلەن، — دادامنى «زومىگەر پومېشچىك، قان قەرزى بار مىڭبېگى» دەپ ماتېرىيالىنى قاتۇرۇپ يېزىپ، ئىككى ئاكامنى قوشۇپ قولغا ئالدۇرۇۋەتتى. بۇ دەردلەرگە چىدىمىغان ئانام بىر يىلغا بارمايلا ئۆلۈپ كەتتى.

— مەن كەنتتىن چىقىپ كەتكىنىمگە 6 ~ 7 يىل بولۇپ قالغاچقا، كۆپ ئىشلاردىن خەۋەرسىز، — ئابدۇش كۆڭۈل ئاياپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، — ئاڭلىشىمچە، ئىككى ئاكاڭ

داداڭنىڭ سايىسىدە كەنتىمىزدە خورلىنىشقان قىز قالماپتىكەن.

— مېنىڭ ئاكىلىرىمغۇ ئەسكىلىك قىپتۇ، سېنىڭ ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭ نېمە گۇناھ قىلغان؟ — زىبادىگۈل ئابدۇشنىڭ يېغىرىنى ئاچتى، — يىغىنلاردا ئاناڭنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ «تۇرمىدىكى جاللات ئوغلۇڭنىڭ جىنايىتىنى تاپشۇر» دەپ نېمىلەرنى قىلمىدى. سىدىقۇللا دېگەن شاۋۇچى سىڭلىڭ بادامگۈلنى لۈكچەك ئاكتىپلارغا تاشلاپ بېرىپ... ئۇلار كېچىلىرى سوراق قىلىش باھانىسىدا نۆۋەتلىشىپ...

— بولدى قىل، — ئابدۇش ۋارقىرىدى، — زەردەمنى قايناتماي، مەنمۇ چالا - پۇچۇق ئاڭلىغان...

— داداڭغۇ سەن شەھەرگە كېتىپ ئۇزۇنغا بارماي ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن، ھەممە بالاغا ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭ قالدى، — زىبادىگۈل ئابدۇشنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالدى، — ئاناڭ بىر قېتىملىق كۆرەش يىغىنىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدىلا يىقىلىپ جېنى چىقىپ كەتتى. سىڭلىڭ بادامگۈل يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەي ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتتى. ھېلىمۇ زەردەڭ قاينىمايدىكەن، سەنمۇ ئوغۇل بالا بولۇپ قاپسەن.

— ئەجەب كەيپىمنى ئۇچۇردۇڭا، خەپ سىدىقۇللا دېگەن قىزىل پاچاق! سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم، بىر چىشلەم گۆشۈڭنى يېمىسەم، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي.

ئاشنىڭ دەم يەپ قالغانلىقىنى بىلگەن زىبادىگۈل ھاياجان ئىلكىدە ئابدۇشنىڭ قاپقارا تۈكلۈك مەيدىسىگە يالاڭ كۆكسىلىرىنى چاپلاپ، سۆيمىگەن ھېچ يېرى قالمىدى. ئۇ «ئەمدى مېنىڭ يىگىتىمدەك بولدۇڭ» دەيتتى. تۇرۇپلا: «باتۇرۇم، پالۋىنىم، يولۋىسىم...» دېگەنچە قوللىرى نەلەرنىدۇر مۇجۇيتتى، سىلايتتى... ئايال كىشىنىڭ يۇمران تېنىدىن، نازۇك قوللىرىدىن ھوشىنى يوقاتقان ئابدۇشمۇ زىبادىگۈلنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى بولغاي: «سىدىقۇللا دېگەن غالچىنى شۇ تۇرقىدىلا...»

دەپ ئالىقانلىرىنى پىچاقتەك شىلتىيتتى. مۇشتۇملىرىنى كۆتۈرۈپ: «مەن دېگەن ئۆز ۋاقتىدا...» دېيىش ئارقىلىق ئەينى يىللاردىكى غالجىرلىقلىرىنى ئەسكە ئالاتتى.

— سېنىڭ جازالاش ئەترىتىدىكى ئىشلىرىڭنى ئاڭلىغاچقا، سېنى ئۆزۈم چىللاپ كەلدىم، — دېدى ئابدۇشنىڭ ئۈستىدە يېتىۋالغان زىبادىگۈل، — كېرىم دېگەن موت - زەيپانىغا دېسەم: «مەن بۇنداق ئىشلارنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن» دەپ تىلىنى چايناۋاتىدۇ ئۇ ھەزىلەك.

— بولدى، گېپىڭنىڭ ئۇرانىغا يەتتىم، — يالىڭاچ ئابدۇش ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، — قېنى، دەپ باققىنە، سەنچە قانداق قىلسام بولار؟

زىبادىگۈل ئابدۇشنىڭ مەيدىسىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا جىقلا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇنىڭ كۇسۇرلىشى جىددىيلەشكەنسېرى ئابدۇشنىڭ چىرايىمۇ سۇرلۇكلىشىپ كەتتى. بىراق، زىبادىگۈلنىڭ بەزى گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەچكە ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ئۇنىڭ تۈگمىسىنى قانداق قىلىمەن؟

— ئۇ دېگەن سېنى گۇماندىن خالاس قىلىدىغان قۇتقۇزغۇچ ئەڭگۈشتەر... لېكىن، تۈگمىنى كېسىۋالماي، يۇلۇپ ئال.

زىبادىگۈلنىڭ سىدىقۇللانى يوقىتىشتىكى ئۇسۇل، تەدبىرلىرىنىڭ بۇنداق زىل ھەم ئەپچىل بولۇشى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەم قېرىنداشلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزۈندىن بېرى ئويلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، پىشقان پىلان ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلار ئەتە كۈندۈزى ھەم كېچىسى قىلىدىغان ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ئابدۇش تاڭ سەھەر قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرى باشلانغۇچ مەكتەپ تەرەتخانىسىدىن چىقىرىلغان ئوغۇتنى ئېتىزغا يۆتكەش

ئۇچۇن كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاغار كۆتۈرۈشكەن ئاياللار بولۇپ، زىبادنگۇلمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن تولىمۇ قۇلايلىق پۇرسەت ئىدى.

شايمقۇل مىڭبېگىنىڭ چوڭ قورۇسىدىكى كۆتۈرمە ئۆيلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، «كەنت تەشكىلى ھەيئەتلىرى»، «دېھقانلار ئۇيۇشمىسى»، «نامراتلارنى يۆلەش» ۋە «ئامانلىق ساقلاش» قاتارلىق ئىشخانىلار ئىگىلەپ، قالغانلىرىدا شايمقۇل ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان ئاشلىق، گىلەم ھەرخىل ساندۇق - ئىشكاپلار ۋە خىلمۇخىل ئىبىل ئۆي مۈلكى قاتارلىق دۇنيا دەپىنىسى ساقلانغاچقا، ئىشىك - دېرىزىلەر مىخلىنىپ پېچەت چاپلانغانىدى. شۇڭا، ئىسلاھات كادىرلىرىدىن سىدىقۇللا بىلەن ناسىر ئىككىسى مەكتەپ ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى ياتاق ھەم ئىشخانا قىلىۋالغانىدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، قايتىدىن يەر تەقسىمەش خىزمىتى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى يەر - سۇ، ئورمان، ۋەخپە يەرلەر جېدەللىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، كېلىشتۇرۇش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىگىمۇ بۇ يەر قۇلايلىق ئىدى. سىدىقۇللا بىلەن ناسىر ھەر كۈنى ماتېرىيال پوپكىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتسە، كەچ گۇگۇم بىلەن بەزىدە ئوتتۇرا كېچىلەردە قايتىپ كېلەتتى. ناسىرنىڭ ئۆيى يېقىن بولغاچقا، پات - پاتلا ئۆيگە كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا سىدىقۇللا ماتېرىيال، ھۆججەتلەرنى كۆرۈش، بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن خۇلاسە يېزىش، پىلان تۈزۈش... لەر بىلەن تۈن نىسپى بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قالاتتى.

ئاياللار بىلەن ئوغۇت توشۇۋاتقان زىبادنگۇل مەكتەپكە كىرگىنىدە، تاغار كۆتۈرۈپ يانغىنىدا سىدىقۇللانىڭ ئىشخانىسىغا لەپپىدە قارايتتى. ئۇچۇق ئىشىكتىن ئۆي ئىچىگە زەن سالاتتى. سىدىقۇللا بىلەن ناسىرنىڭ باش چۆكۈرۈپ

ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە لاسسىدە بولۇپ قالاتتى.

ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرى چۈشلۈك تاماقتا تارقىلىپ كۈن يانغاندا يەنە كېلىشتى. ئۇلار بىر كۈنلۈك ۋەزىپىنى ئورۇندىسا، ئەتىكى يەر ئاغدۇرۇش ئىشىغا تەسىر يېتەتتى. ئاياللار ھەر يۇدۇم ئوغۇتنى ئېتىزغا تۆككەندە نومۇر خاتىرىلىگۈچى چوقۇر يىگىت ئۇ ئايالنىڭ بىلىكىگە كىچىككىنە شەخسىي تامغىسىنى ئۇرۇپ قوياتتى. كەچ كىرگۈچە ئاياللارنىڭ ھەر ئىككىلا بىلىكى قىپقىزىل بويىلىپ كەتتى.

كۈن ئولتۇرۇپ، كەنتنى باھار سالقىنلىقى قاپلىدى. قورسىقى ئېچىپ ئىسلەڭ ـ سىلەڭ بولۇپ قالغان ئاياللار تاغارلىرىنى يۇدۇشۇپ ئارانلا ماڭاتتى. بەزىلىرى بىلىكىدىكى تامغا ئىزلىرىنى ساناپ: «مېنىڭ مانچە يۇدۇم بوپتۇ، سېنىڭچۇ؟» دېيىشىپ قوياتتى. لېكىن، زىبادىگۈلنىڭ كۆزى يەر ئىسلاھاتى ئىشخانىسىدا ئىدى. ئۇ بىر نەچچە چوكانلار بىلەن مەكتەپ مەيدانىغا كېتىۋاتقىنىدا، ناسىر قىزىل بەش شوئار چۈشۈرۈلگەن سېرىق سومكىسىنى مۇرىسىگە ئېسىپ ئىشخانىدىن چىقتى: «ناسىر ئۆيىگە ماڭدى» دېگەن چاقماقتەك تېز كەلگەن ئويدىن زىبادىگۈلنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. ئەمدى بىر ئامال قىلىپ ئىشخانا ئىچىنى كۆرمىسە بولمايتتى. ئابدۇشىنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ياتاق ئىچىدە بىرەر ئارغامچا بولمىسا، سىرتتىن ئارغامچا ئېلىپ كىرگەندە، گۇمان پەيدا قىلىپ قوياتتى. شۇڭا، ئىشخانىغا قانداق كىرىش كېرەك؟ توغرا، ئوغۇت توشۇۋاتقان، قىغ چىقىرىۋاتقان، يەر ئاغدۇرۇۋاتقانلار بەزىدە يېقىن ئەتراپتىكى ئۆيلەرگە «پالانچان ئاچا، سۇ ئىچمۇۋالايچۇ» دەپ كىرىۋېرەتتى. شۇڭا بۇقېتىممۇ قايتىپ كەلگەندە بىرەر چوكاننى باشلاپ ئىشخانىغا «سۇ ئىچكىلى» كىرسە نېمە بوپتۇ؟ بۇ زەپمۇ ئەپچىل ئۇسۇل بولۇپ، ھېچقانداق ئادەمدە گۇمان قوزغىمايتتى.

بەزى ھاللاردا تەقدىرى قىسمەتنىڭ غەلىتە ئويۇنلىرىغا

# ئەكلىماكان ئوغلى (2)

ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىكەن. گۇناھى كەبىر، گۇناھى سەغىرلەرگە يىقىن، نىيىتى يامان، قارا كۆڭۈللەرنىڭ تەنتەنە قىلىشى ئۈچۈن شەيتان خالىس قولىنى سوزامدۇ، نىمە، زىبادىگۇل ئوغۇتنى ئىتىزغا تۆكۈۋىتىپ، بىر نەچچە ھەمقانلىرى بىلەن مەكتەپكە كىرىشى ئىشخانا ئالدىدا تۇرغان سىدىقۇللا قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— زىبادىگۇل، ئىشخانىغا كىرىڭ، سىزگە دەيدىغان گەپ بار...

خۇشاللىق ھەم ھاياجاندىن يۈرىكى «قارتتىدە» قىلغان زىبادىگۇل: خۇدا مىنى يۆلەۋاتىدۇ... دەپ ئويلىدى. چۈنكى، ئويلىغان ياكى قىلماقچى بولغان قىيىن ئىشلارنىڭ بۇنداق «ياپسا» كىلىشى بەكمۇ تەس ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى چوكانلارغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئىسلاھات ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. بىراق، نىمە ئۈچۈندۇر تۇيۇقسىزلا يۈرىكىگە ئەنسىزلىك چاپلاشتى. شايمقۇلغا «ئىككى يىل كىچىكتۈرۈپ ئىتىش»، چوڭ ئوغۇلغا 11 يىللىق، كىچىك ئوغۇلغا 16 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇلار ھۆكۈمگە قايىل بولماي كىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئىلىپ كەتمەي، ھازىرغىچە ۋىلايەتلىك بىرىنچى تۈرمىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئاكىلىرىدىن بىرەرى تۈرمىدە ئىش تۇغدۇرۇپ قويدىمۇ ياكى دادىسى جاھىللىق قىلىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئىتىلدىمۇ، دىگەنگە ئوخشاش خىياللار زىبادىگۇلنىڭ يۈرىكىگە ئەنسىزلىك تىرىنقىنى پاتۇرغانىدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ، بوسۇغىدىلا ئۆرە تۇرغانچە تام ــ تورۇسلارغا، ئىش جوزىلىرىغا، ئورۇندۇق، كارىۋاتلارغا قارىدى. ئەمما، ئىشخانىنىڭ ئۇ تىمىدىن ــ بۇ تىمىغا تارتىلغان ئارغامچىغا كۆزى قادىلىپ قالدى. ئىشخانا ئەسلىدە سىنىپ بولغاچقا، خىلىلا چوڭ بولۇپ، ئىچى ئازادە ھەم كەڭرى كۆرۈنەتتى.

— قىنى ئولتۇرۇڭ، — دىدى سىدىقۇللا ئۇستىلىنىڭ ئۇ

تەرىپىدىكى ناسىرنىڭ ئورۇندۇقىنى كۆرسىتىپ، ــ تۇرمىدىن خەۋەر كەلدى، دادىڭىز ھەم ئاكىلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يۆتكەيدىكەن، ــ سىدىقۇللانىڭ چارچاپ كەتكەنلىكى ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، ــ شۇڭا، تېگىشلىك بولغان كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، كىگىز دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بەرسىڭىز بولغۇدەك.

ــ ئۇ... ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكەن؟ ــ زىبادىگۇلنىڭ كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلدى، ــ دەپ بېرىڭا، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

ــ «كېچىكتۈرۈپ ئېتىش» ئادەتتە شۇ ئادەمنىڭ ئۆزگىرىش ئىپادىسىگە قاراپ ئىجرا قىلىنمايدۇ، ــ دېدى سىدىقۇللا گەپنى ئەگىتمەي، ــ ھازىر دادىڭىز بىلەن چوڭ ئاكىڭىزنىڭ ئىپادىسى ياخشىكەن، لېكىن كىچىك ئاكىڭىز سەل ئۆكتەملىك قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ.

ــ ئۇ... ئۇنىڭ ئادەتتىمۇ مىجەزى ئوسال، ئاچچىقى يامان، تەرسا، مۇتتەھەم، قارام ئىدى.

ــ بولدى زىبادىگۇل، چىقىسىڭىز بولىدۇ. ئاڭلىسام سىزنىڭمۇ ئىپادىڭىز ياخشى بولۇۋېتىپتۇ.

زىبادىگۇل گەپمۇ قىلماي چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇ ئابدۇش بىلەن قەبرىستانلىقتىكى كونا گۈمبەز ئىچىدە كۆرۈشۈپ خېلىغىچە ئولتۇرۇشتى... ئاندىن ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆمۈپ، ئۆيلەردىكى قارا چىراغلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆچۈشكە باشلىغاندا، ئۇلار گۈمبەزدىن چىقىشتى. قارا يەكتەك كىيىپ، يۈزىنى قارا لاتىدا ئورىۋالغان ئابدۇش پوتىسىنىڭ ئارقىسىغا كالتەك قىستۇرۇۋالغان ئىدى. زىبادىگۇلمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دەمبەدەمسىقەدەم كېلىۋاتاتتى. سىرتتا شامال بىر كۈچىيىپ، بىر پەسىيەتتى. ئۇلار مەكتەپ ئەتراپىنى تام ئورنىدا ئاھادا قىلغان جىگدە قاتارلىرىغا كەلگەندە،

## تەكلىماكان ئوغلى (2)

زىبادىگۈل بۇككىدە چاتقال ئىچىگە يوشۇرۇندى. ئىشخانىنىڭ سامان قەغىزى چاپلانغان دېرىزىسى سۇس يورۇپ تۇراتتى. ئابدۇشنىڭ سىڭلىسى بادامگۈلگە نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىۋاتقان ئاكتىپ لۈكچەكلەر، كۈرەش مەيداندا تىترەپ، ئۆمچىيىپ تۇرغان ئانىسى كۆز ئالدىغا كەلگەنسېرى قولىدىكى كالتەكنى تېخىمۇ چىڭ سىقىمدايتتى. ئۇ دېرىزىدىكى قەغەزنى ھۆللەپ يىرتقاندىن كېيىن ئىشخانا ئىچىگە قارىدى. سىدىقۇللا دۈمبىسىنى ئىشىك تەرەپكە قىلىپ، ئۈستەلدە بىر نېمە يېزىۋاتاتتى. ئەگەر ئىشخانا ئىچىدىن ئېتىلگەن تەقدىردە، ئابدۇش ئىشىكنى چېكىپ «مەن ناسىر» دېيىشنى، سىدىقۇللانىڭ بېشى كۆرۈنۈشى بىلەنلا، كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاۋايلاپ تارتىپ باققانىدى، ئىشىك ئاۋازسىزلا ئېچىلدى. ئابدۇش يالاڭ ئاياغ بولغاچقا، ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي، سىدىقۇللانىڭ ئارقىسىغا كېلىپ كالتەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرغانىدى، ئۇ ئۈستەلگىلا دۈم يېتىپ قالدى. ئابدۇش دەرھال ئىشخانا ئىشىكىنى تاقاپ، لۆڭگە، پايپاق، كالتە ئىشتانلار ئارتىۋېتىلگەن ئارغامچىنى يېشىپ، تورۇستىكى لىمغا قارىدى. ئاندىن ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ لىم ياغاچقا ئىككى قات قىلىنغان ئارغامچىنى ئۆتكۈزۈپ باغلىدى ھەم يەنە بىر ئۇچىنى كىرمەكلەپ سىرتماق تەييارلىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى شۇنچىلىك تېز، لېكىن تەمكىنلىك بىلەن قىلىۋاتاتتى. بېشىنىڭ ئارقىسىدىن قان ساقىپ چۈشۈۋاتقان سىدىقۇللانى كۆتۈرۈپ ئورۇندۇق ئۈستىگە ئېلىپ چىققاندىمۇ ئۇنىڭدا ھېچقانداق تېنەش ـ تەمتىرەش بولمىدى. سىرتماقنى بوينىغا سېلىپ ئورۇندۇقنى ئۆرۈۋەتكەنىدى، سىدىقۇللا مۇئەللەق ئېسىلىپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى پۈلتىيىپ، بىردەم خارتىلداپ، بولجۇنۇپ باققاندىن كېيىن جىمىپ قالدى. ئابدۇش ئۇنىڭ بىر تال تۈگمىسىنى يۇلۇۋېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سالدى.

ئىشخانىسىنىڭ ئاستى نەم تۇپا بولغاچقىمۇ ئىزلار مۆھۈردەك بېسىلىپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇ سىدىقۇللانىڭ رېزىنكە ئايىغىنى سالدۇرۇپ ئۆزىنىڭ پۇتىغا كەيلەپ كىيدى. ئاندىن ئارغامچىنى ئالغان ھەم ئېسىلىش ئۈچۈن ئورۇندۇق قېشىغا بارغان ئىزلارنى ئەتەي قالدۇرۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئايىغىنى يەنە كىيگۈزۈپ قويدى. ئۇ يالاڭ ئاياغ ئىزلارنى بولسا ئارقىچە مېڭىپ سۈپۈرگىدە ئۆچۈرۈپ باققانىدى، يەنىلا سۈپۈرگىنىڭ ئىزى قالدى. شۇڭا پوتىسى بىلەن چاندۇرمىغۇدەك يوقىتىپ، ئارقىچە مېڭىپ ئىشىكنى قىيا ئاچتى. ئۇ ئىشىك يوچۇقىدىن مەكتەپ ھويلىسىنىڭ ھەممە يېرىگە سەپسېلىپ، ھېچقانداق خەۋپنىڭ يوقلۇقىغا كۆڭلىنى توختاتقاندىن كېيىنلا بوسۇغا ئەتراپىغا چۈشكەن ئىزلارنى پوتىسىدا ئۇرۇپ يوقىتىپ مەيدانغا چىقىۋالدى. ئەتە سەھەردىلا ئوقۇغۇچىلار يۈگۈرۈشۈپ، قوغلىشىپ ئويناپ مەيداننى ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. خۇددى چۈمۈلىنى دەسسىۋەتكەندەك، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر ئادەمنىڭ جېنىنى قىيغان ئابدۇش ھاسىرىغىنىچە جىگدە قاتارلىرىنىڭ قېشىغا كېلىشى زىبادىگۈلمۇ چاتقاللىق ئىچىدىن چىقتى. ئۇ قاپقارا تۈگمىنى تىترەپ تۇرغان نازۇك ئالىقانغا تۇتقۇزۇپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئىش... ئىش... تۇ... تۈگىدى...

تۈگمىنى ئالىقىنىغا چىڭ سىقىمدىۋالغان زىبادىگۈل شۇنداق دەھشەتلىك چىرقىرىدىكى ئابدۇشنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ئىختىيارسىز قۇلاقلىرىنى چىڭ ئېتىۋالدى. زىبادىگۈل قويۇندەك پىرقىراپ يۈگۈرۈپ قاراڭغۇ كوچىدا غايىب بولدى. لېكىن، ئەسەبىيلەرچە چىرقىرىغان «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىغان «ھۆ...» تارتىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. كېچىنىڭ تىمتاسلىقىغا چۆككەن جىمجىتلىقىدا تۈگمەنىڭمۇ كەتتى بىر پەس لەرزىگە كەلدى. زىبادىگۈل شۇ يۈگۈرگىنىچە يېزىلىق

ھۆكـۈمـەتـنـىـڭ قورۇسىغا يەنىلا چـىرقىراپ، ۋارقـىراپ كـىرىـپ كەلدى.

— ۋايجان!... ۋاي خـۇدايىم... مەن ئـۆلـدۈمغـۇ... مـاڭا ئـىـگـە بولىدىغان ئادەم بارمۇ؟ ۋاي مېنى قۇتقۇزۇڭلار!!...

ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئولـتۇرۇۋالغان زىبادىگۈل يـۈزلـىرىـنـى مورلاپ، يـەرگـە پـاقـىلـدىـتىـپ ئـۇرۇپ ھـەم دومـىـلاپ چۇقـان كۆتۈرۈۋاتقاندا، قوغداش بۆلۈمىدىكى پاكار، دوغىلاقىنا كەلگەن يۇنۇس كۆڭلىكىنىڭ ھەم تامبىلىنىڭ تـۈگمىلىـرى ئېتـىكسىـز ھـالدا چاپـىـنـىـنـى يـېپـىـنچاقلاپ چـىقـىـپ كـەلـدى. قاتـتـىـق ساراسىمىدىن مەڭدەپ كەتكەن يۇنۇس كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ چىققاچقا، ئۇنىڭ زاغرا نانـدەك سېمـىـز چىرايىـدا ھېلىمـۇ ئۇيقـۇ سايىلىرى ئـەلەڭلەپ تـۇراتتى. ئۇ زىـبادىگـۈلـنىڭ قولـلـىرىدىـن يۆلەشـتـۇرۇپ تۇرغـۇزۇپ قـوغداش بۆلـۈمـىگە ئـېلىـپ كـىـردى. سەرەڭگىنى تەستە چېقىپ، پەنـەر چىراغىنـى ياندۇردى. قوغـداش بۆلـۈمىدە داۋاملىق ئـادەم ياتقاچـقا، ئاچچىق تەر ھـىـدى سىڭىـپ قالغاندى. بۆلۈمدىكى كارىۋاتتا يىغىلمىغان كـىـر ھەم مەينەت چـىـت يوتقـان پۇرلىشـىپ تۇراتـتـى. يۇنۇس پـەنـەر چـىـراغىـنـى ئـۇستەلـگـە ئېلـىـپ كەلگەنـدىلا زىـبـادىـگۈلـنـىـڭ يۈزىـدىـكـى، بويۇنلىرىدىكى تىرناق زېدىلىرىنى كۆرۈپ قالدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟

— مەن... مـەن تۈگمەنـىېشـى كـەنتـىـدىـن، — زىبادىـگـۈل ئالىقانلىرىدا يۈزىنـى قامالاپ يىغلىـۋەتتى، — يەر ئىسلاھاتى كادىرى سىدىقـۇللا «سۆھـبـەتلىشـىمـەن» دەپ ياتـىقىغا ئەكىرىـپ باسقۇنچىلىق قىلدى...

— نېمە، باسقۇنچىلىق قىلدى؟ — يۇنۇس زىبادىگۈلگە قايناق سۇ قۇيۇپ بەردى، — سىز بىردەم ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، مەن خاس خادىم بىلەن ئامانلىق ساقلاش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقىغا خـەۋەر قىلاي.

يۇنۇس چاپىنىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى. زىبادىگۇلنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەندى. ئۇ تارتمىلارنىڭ بىرىدىن قېتىپ كەتكەن ناندىن بىرنى تېپىپ، قايناق سۇغا تۇگۇرۇپ يېدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قان يۇگۇرۇپ، سەل جانلانغاندەك بولدى. زىبادىگۇل كېچىدىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلاپ، پۇسۇقىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئۆزۈندىن بىرى قايتا ـ قايتا ئويلاپ قۇراشتۇرغان پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. دادىسى، ئانىسى ھەم قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئېلىنغان بۇ قىساس ئۇنىڭ ئىچىگە پاتماي قالغان ئاچچىق زەردابلىرىنى بىر يولىلا يۇيۇۋەتكەندەك يېنىكلەپلا قالدى. ئەگەر ئۇلار ئاڭلىسا زىبادىگۇلگە قانچىلىك ئاپىرىن، تەھسىن ئوقۇپ كېتەر؟! قىنىقماس دۈشمىنىنىڭ قىزىنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىدىن كۆڭۈللىرى تەسكىن تېپىپ، يۈرەكلىرىدىكى ئىنتىقام ئوتلىرى ئازراق بولسىمۇ ئاراملىق ئېرەرا...

بىرەر سائەتكە قالماي يۇنۇس قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خاس خادىم بىلەن ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يېتىپ كەلدى. ئۇلار تاتلىق ئۇيقۇسىنى ھارام قىلغان بۇ قىزدىن قوپاللىق بىلەن بىر قانچە سوئاللارنى سوراپ تۇرۇشى بىزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان بالا قامچىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ھارۋىنى دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ قويغانلىقىنى دېگەنىدى، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئات قوشقان چوڭ ئېشەك ھارۋىسىغا خاس خادىم، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھەم زىبادىگۇل چىقتى. تۇگمەنبېشى كەنتى يېرىم سائەتلىك يول بولغاچقا، پىيادە ماڭسىمۇ بىردەمدە يېتىپ باراتتى. لېكىن، تۆۋەنگە خىزمەتكە چۈشكەن كادىرلار ھەيۋە پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئات، ئېشەك ھارۋىلاردا باراتتى.

تاڭ سۈزۈلۈپ، ئوتقاشتەك قىزارغا قۇياش ئېگىز سۆۋادان تېرەكلەر ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇلار تۇگمەنبېشى كەنتى

باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە ئىسلاھات ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا بىر توپ ئادەملەر توپلىشىۋالغان بولۇپ، كەنت باشلىقى ۋە ناسىرلار ئۇلارنى ياتاقچا يېقىن كەلتۈرمەي توساپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ بەزىلەر دېرىزە قەغەزلىرىنى يىرتىپ ئىشخانا ئىچىگە بويۇنداپ قاراۋاتاتتى. زىيادىگۇلنىڭ باشلىقلار بىلەن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى جاراھەتلەرنى كۆرگەن ئەر ـ ئاياال دېھقانلار ئۇنى ئورىۋېلىشتى. ناسىر، خاس خادىم بىلەن ئامانلىق ساقلاش باشلىقىغا سىدىقۇللانىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندى، چىرايى غۇژژىدە تۈرۈلگەن خاس خادىم دەرھاللا سورىدى:

ـــ ئىشخانىغا كىردىڭلارمۇ؟

ـــ ياق، بوسۇغىدىن نېرىغا ئۆتمىدۇق، ـــ دېدى ناسىر، ـ نەق مەيدانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىدىقۇللانىمۇ چۈشۈرمىدۇق.

كەنت باشلىقى ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى چوڭ ئېچىۋەتتى. خاس خادىم بىلەن ئامانلىق ساقلاش باشلىقى بوسۇغىدىن ئاتلاپ، چۈشكەن ئىزلارنى تەكشۈرۈپ، ئۈستەلنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. ئۇ ئىشخانىنى ئايلىنىپ بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن:

ـــ ھەممىسى سىدىقۇللا ئۆزىنىڭ ئاياغ ئىزىكەن، ئۇنى چۈشۈرۈۋېلىڭلار، ـــ دەپ قولىدا ئىشارەت قىلدى. ئاڭغىچە بىر نەچچە ئادەم كىلىپ ئارغامچىنى كېسىپ سىدىقۇللانى يەرگە چۈشۈردى.

ـــ ناھىيىلىك ساقچىغا خەۋەر قىلدىڭلارمۇ؟ ـــ دېدى ئامانلىق ساقلاش باشلىقى كەنت باشلىقىغا، ـــ جەسەتنى ئىنچىكە تەكشۈرمىسە بولمايدۇ.

ـــ سەھەردىلا تېلېفون قىلىۋەتكەن، ـــ كەنت باشلىقى بېشىنى لىڭشىتتى، ـــ كەنت تەشكىلىنىڭ تېلېفونى بۇزۇلۇپ قاپتىكەن، بەك تەستە ئۇلاندى.

سىدىقوللانىڭ جەستىنى ئۈستەلگە ياتقۇزۇلدى. ئاشخىچە ئىشىك ئالدى ۋە ئىشخانىنىڭ بوسۇغا ئەتراپىغىمۇ ئادەملەر يىغىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «قورقۇپ ئىسىلىۋاپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلىرى: «ئەل ـ جامائەت، خوتۇن ـ بالىلىرىدىن نومۇس قىلىپ ئۆلۈۋالغان گەپ» دېيىشەتتى. ياشانغان بىر دېھقان: «توۋا، بىر ئوبدان كادىر ئىدى، ئۇنىڭ بۇنداق شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىشىنى كىم ئويلىغان...» دەپ ساقاللىرىنى سىيپاپ قويدى. خاس خادىم بىلەن ئامانلىق ساقلاش باشلىقى ئىشخانىدىكى كارىۋات ئۈستىلىرى، ئۈستەل تارتمىلىرى، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا قاراپ چىققاندىن كېيىن خاس خادىم يەردىكى ئارغامچىنى قولىغا ئالدى. ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ:

— بۇ ئارغامچىنى سىلەر بۇرۇن كۆرگەنمۇ؟ — دەپ سورىغاندى، ناسىر دەرھاللا جاۋاب بەردى:

— مۇشۇ ئىشخانىنىڭ ئارغامچىسى، بۇ تامدىن ئۇ تامغا تارتىلغان.

خاس خادىم ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن زىبادىگۇلگە قادالدى. ئۇ ئەر ـ ئايال دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا كۆڭلەكلىرىنى غىجىملاپ يەر بېقىپ تۇراتتى.

— سىز كېچىدە ئىشخانىغا نېمىشقا كەلگەن؟

— مەن ئايالالار بىلەن ئوغۇت توشۇۋاتسام ئۇ چاقىرغانىدى.

— راست شۇنداق، — دېدى ياشقىنا چوكان، — زىبادىگۇل قايتىپ چىققاندىن كېيىن سورىساق ئۇ «بۈگۈن كەچتە سىدىقوللاكام مەن بىلەن سۆھبەتلەشكۈدەك» دېدى. بىز شۇ چاغدىلا گۇمان قىلىشقان.

بۇ چوكاننىڭ گېپى تۈگىمەيلا بىرقانچە ئايالالار «راست شۇنداق، بىزمۇ گۇۋاھ» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. بۇ ئەسنادا مەكتەپ هويلىسىغا يېشىل رەڭلىك لاتا پىكاپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ساقچى باشلىقى بولسا كېرەك، ئەللىك ياشلار

# ئەكلىماكان ئوغلى (2)

ئەتراپىدىكى بىر ئادەم، يەنە ئاق خالات كىيگەن ياشانغان بىر خەنزۇ بىلەن بويۇنلىرىغا ئاپپاراتلىرىنى ئاسقان ئىككى ياش خادىم چۈشتى. ئۇلار ئىشخانىسىغا كىرىپلا جەسەت ئەتراپىغا كېلىشتى. ياش بالىلار يەردىكى ئىز، يەنە ئىشخانىدىكى ھەممە نەرسىنى قايتا ـ قايتا سۈرەتكە ئېلىشتى. ئاق خالاتلىق خەنزۇ سىدىقۇللانىڭ بويۇن، يۈز، مەيدىلىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدىكى جاراھەتنى ئىنچىكىلەپ كۆردى. كىچىككىنە ئەسۋابتا يېرىلغان يەرنىڭ ئۇزۇنلۇق، چوڭقۇرلۇقلىرىنى ئۆلچەپ نىمىلەرنىدۇر يازدى. ھەتتا ئۇ سىدىقۇللانىڭ بارماق ھەم تىرناقلىرىغىچە تەكشۈرۈپ، «تىرناقنىڭ ئېلىنغىنىغا ئىككى كۈن ئەتراپىدا بولغان» دەپ قويۇپ خاتىرىسىگە قانداقتۇر بەلگىلەرنى قويدى. ئۇ ساقچى باشلىقىغا سىدىقۇللانىڭ ئۈزۈلگەن تۈگمە ئورنىنى شەرەتلەپ كۆرسىتىپ قويۇپ يەنە ئاستا پىچىرلاپ بىر نىمىلەرنى دەپ قويۇۋىدى، ساقچى باشلىقىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. ئۇ شارتتىدە زىبادىگۈلگە قايرىلدى:

— زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى سەنما؟

— خوش... — زىبادىگۈل قورقىنىدىن دىر ـ دىر تىترەۋاتاتتى.

— ئۇ ساڭا قانداق باسقۇنچىلىق قىلدى؟

— ئۇ... ئۇ مېنى كۆتۈرگىنىچە كارىۋىتىغا باستى، — زىبادىگۈلنىڭ كۆزىدىن مىت قىلىپ ياش چىقمىدى، — مەن قورقىنىمدىن ۋارقىرىسام، ئۇ مېنىڭ ئاغزىمنى تۇتۇۋالدى. كانايلىرىمنى سىقىپ، يۈزلىرىمنى قامالىلدى. ئاخىر مەن بىر قولۇمنى بوشىتىۋېلىپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدىم، مانا بۇنى، — زىبادىگۈل بىر تال تۈگمىنى چىقىرىپ بەردى، — جان ئاچچىقىمدا يۇلۇۋاپتىمەن.

— ياقىسىغا ئېسىلغان بولساڭ، نېمە ئۈچۈن ئۈچىنچى تۈگمە ئۈزۈلىدۇ.

— تاڭ بىلمىدىم، قولۇمغا چىققىنىنى...

— سەن ئىشخانىغا كىرگەندە ئۇ نېمە قىلىۋېتىپتىكەن؟

— بىر نەرسە يېزىۋېتىپتىكەن.

ناسىر دەرھاللا تارتمىدىن قىزىل تاشلىق خاتىرە بىلەن «تۆگە» ماركىلىق قەلەمنى چىقىرىپ بەردى. ساقچى باشلىقى ئۈستىگە يىل، ئاي، كۈنلىرى يېزىلغان ئاخىرقى بەتنى ئاچتى. ئۇنىڭغا بىر كۈنلۈك خىزمەت دوكلاتى يېزىلغان بولۇپ، ئاخىرقى سەھىپىلىرى تۈگىمەيلا مۇنداق توختاپ قالغانىدى:

«تۈگمەنبېشى كەنتى بىرىنچى ھەمكارلىق گۇرۇپپا بىلەن ئۈچىنچى ھەمكارلىق گۇرۇپپىنىڭ يەرلىرى تۇتاش، بىرىنچى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئىككى ئۆكۈز، بىر ئېشىكى بار. ئۈچىنچى ھەمكارلىق گۇرۇپپىنىڭ بىرلا قېرى ئۆكۈزى بار، يېرى كۆپ. ئاق يەر قونىقىنىڭ يەرلىرىنى ئاغدۇرۇشتا قىيىنچىلىق ئېغىر. بىرىنچى ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئۇلاغلىرىنى ئاياپ بېرىشكە قوشۇلمىدى. بۇ ئەھۋالنى يېزىلىق ھۆكۈمەت...»

خەت مەشەدە ئاياغلاشقان بولۇپ، ئاخىرقى «ت» ھەرپى ئۇزۇن جىجىلىپ كەتكەنىدى. ساقچى باشلىقى قەلەم ئۇچىنىڭمۇ كېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چىرايلىرى تۇرۇلدى. ئۇ جىنايى ئىشلار دوختۇرىغا خەنزۇ تىلىدا نېمىلەرنىدۇر دېگەنىدى، ئۇمۇ جىجىلىپ كەتكەن «ت» ھەرپىگە ھەم قەلەم ئۇچىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى. ساقچى باشلىقىنىڭ ۋە جىنايى ئىشلار دوختۇرىنىڭ تەكشۈرۈشلىرى، قوپال سوئاللىرى، خەنزۇ تىلىدا پىچىرلىشىپ سۆزلىشىشلىرى، چىراي ئۆزگىرىشلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەن زىبادىگۈلنىڭ يۈرىكى سېلىپ، چىرايى شاكىلىدىن ئايرىلغان تۇخۇمدەك ئاقىرىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدا گۇمانلىق تەرەپلەر كۆپ، — دېدى جىنايى ئىشلار دوختۇرى خەنزۇ تىلىدا سۆزلەپ، — خەتنىڭ جىجىلىپ كېتىشى، قەلەم ئۇچىنىڭ كېرىلىپ

كېتىشىدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇ جىسمىدىكى بىر نەرسە يېزىۋاتقاندا، بىرى ئارقىدىن قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن.

ناھىيىدىن كەلگەن ساقچى خادىملىرى، خاس خادىم، ئامانلىق ساقلاش باشلىقى ھەم كەنت باشلىقى قاتارلىقلار كەنت ئىشخانىسىدا بىرەر سائەتتەك پاراڭلاشقاندىن كېيىن زىبادىگۈلنى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى. ئەمما شۇ كۈنى كەچتە ئۇنى ئەكېلىپ قويغان ساقچى خادىم كەنت باشلىقىغا زىبادىگۈلنىڭ كىملەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى كېچە ـ كۈندۈز نازارەت قىلىشنى تاپىلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

زىبادىگۈلنى ئېلىپ كەتكەن بىر كۈن ئىچىدە ئابدۇش ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئۇ خۇددى قوقاستا پۇچىلانغاندەك بىر يەردە تۇرالماي ئولتۇراتتى، قوپاتتى، سىرتقا چىقىپ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە قارايتتى. تاماكىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ چېكىپ، چوڭقۇر تىناتتى. بىر ئولتۇرۇپ كەتسە، ئايىغى ئاستىغا تۈكۈرۈپ كۆل قىلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ، قاپاقلىرى تۇخۇمدەك پولتىيىپ كەتتى. پەقەت كەچتە زىبادىگۈلنى لاتا پىكاپتا ئەكېلىپ قويغاندىن كېيىنلا كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولدىيۇ، بىراق يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. «ساقچىلار نېمىلەرنى سورىدى؟ زىبادىگۈل نېمىدەپ جاۋاب بەردى؟ ئۇلار زىبادىگۈلنى راست قويۇپ بەردىمۇ ياكى سېپىنى ئۈزۈن قويۇۋېتىپ بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتماقچىمۇ؟...» دېگەندەك ئەنسىزچىلىك ئۇنىڭ ئىچىنى قۇرتتەك غاجايتتى. بىرقانچە يىللار گومىنداڭ جىنايى ئىشلار بۆلۈمى جازالاش ئەترىتىدە تۇرغۇن تەرگاۋلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ قاقۋاش بولۇپ كەتكەن ئابدۇش ساقچىدا بولۇنغان سوئال ـ سوراق ۋە جاۋابلاردىن كېيىنكى ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. زىبادىگۈلنى ئەكېلىپ قويغان ساقچىلارنىڭ كەنت باشلىقى بىلەن كۆرۈشكىنىگە قارىغاندا، زىبادىگۈلنىڭ ئۆيىنىڭ

ئەتراپىغا ئادەم قويۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇنىڭ تۇراخان ئىسىملىك بىر ھاممىسى بولۇپ، ئۇ ياشلىقىدا كەمبەغەل دېھقان يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ، تويى قىلىۋالغاچقا، شايىمقۇل ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى كۆزدىن سېلىۋېتىپ ئادا ـ جۇدا بولۇشقانىدى. ئاتا ـ ئانىسىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ، ھېچكىمگە ئارىلىشالماي يېتىمسىراپ قالغان زىبادىگۇل ئەمدىلىكتە ھاممىسىنى ئىزدەپ بارىدىغان، ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە قوناق ئۇنى ئاپىرىپ بەرسە، ھاممىسى كاڭ ئوچاقتا بىر نەچچە زاغرا چاپلاپ بېرەتتى. ئۇنىڭ تاماقسىز قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ھاممىسى ئارىلاپ ـ ئارىلاپلا ئوغلىدىن بىرەر قاچا تاماق سۇنۇپمۇ تۇراتتى.

ئابدۇش تۇراخان ئارقىلىق زىبادىگۇلنى چاقىرىپ بېرىشنى بىلمىماقچى بولۇپ، بۇ ئويىدىن دەرھاللا يالتايدى. چۈنكى، كېيىنكى يامان ئاقىۋەتلەرنى كۆزدە تۇتقاندا، زىبادىگۇل بىلەن ئابدۇشنىڭ سىرلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ بىلىشى ئىنتايىن خەۋپلىك ئىدى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاپەت جانغا تاقىلاتتى.

كېچىچە كىرپىك قاقماي، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ئابدۇش ئەتىسى ئەتىگەندە كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ ئېتىزغا چىقتى. ئايالالار بىلەن ئوغۇت توشۇۋاتقان زىبادىگۇل ئابدۇشنى كۆرۈپ يەرگە قارىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىلاج بار ئېتىزغا ئوغۇت چېچىۋاتقان ئابدۇشنىڭ قېشىغا كېلىپ تاغىرىدىكى ئوغۇتنى تۆككەچ: «سۆزلەشسەك بولاتتى» دەۋالدى. ئابدۇشمۇ: «خېنى[1] ئورمانلىقىدىكى بۇلاق بېشىدا ساقلايمەن» دېگەن گەپنى زىبادىگۇلگە قارىماي دەۋېلىشقا ئۈلگۈردى.

زىبادىگۇل كەچلىك ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بىر چىنە

---

[1] خېنى ــ پادىشاھلىق، ۋەخپە، يەنى ئىگىسىز ئورمان مەنىسىدە.

ئۇنى كۆتۈرۈپ ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ئارقىسىغا ئادەم چۈشكەنلىكىنى سېزىپ قالدى. زىبادىگۈل ئابدۇشتىن قورقۇپ قالدىمۇ ياكى باشقا ئېھتىماللىقلارنى كۆزدە تۇتتىمۇ، ئىشقىلىپ:

— ھاما، مەن خېنى ئورمانلىقىدىكى بۇلاقتا يۇيۇنۇپ كېلەي، ئۇستۇېشىم ئوغۇت تۇشۇپ مەينەتلىشىپ كەتتى، — دېدى.

— تاماق پىشقۇچە كېلەرسىز، — دېدى بىر چىنە ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان تۇراخان، — ئۇن ئەكېلىپ نېمە قىلارسىز؟ بىر ئادەمنىڭ گېلى چاغلىق ئىشقۇ.

زىبادىگۈل ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلگەچكە باغ ئارقىلىق تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى. ئەتراپنى ئوبدانلا قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. ئۇ ئېتىز - ئېرىقلار بىلەن يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەندە، ئابدۇش بۇلاق بويىدىكى بۈككىدە چاتقاللىقتا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. بۇ يەر ئىنتايىن پىنھان بولۇپ، ئەتراپنى ئېگىز ئۆسكەن تىكەنلىك جىگدە، جىغان، سۆگەن، ياۋا كەندىر، لويلا، قوڭغۇراقتىكەنلەر قاپلاپ كەتكەچكە، ئادەمنىڭ ئۆتمىكىمۇ تەس ئىدى.

— تۇنۇگۈندىن بېرى سەندىن ئەنسىرەپ، جېنىم تومشۇقۇمغا كېلىپ قالدى، — دېدى ئابدۇش تاماكىسىنى ئۆستەڭگە تاشلاپ، — ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن چىققانلار جەسەتنى كۆرۈپ نېمە دېيىشتى؟

زىبادىگۈل تۇنۇگۈن ئەتىگەنكى سوراقنىڭ بەكمۇ قوپال بولغانلىقىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەشكە باشلىدى. ئاق خالاتلىق خەنزۇنىڭ بەكمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ئىشەنمىگەندەك بېشىنى چايقاپ، خەنزۇ تىلىدا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغانلىقى، بولۇپمۇ ئارغامچا ھەم تۈگمىنى كۆرۈپ ئاغزىنى قىيسايتىپ ئاچچىق كۈلگەنلىكى قاتارلىقلارنى دەپ بولغۇچە جاقىلداپ

تىترەپ كەتتى.

— ساقچى باشلىقى جىجىلىپ كەتكەن خەتنى، ئۇچى كېرىلگەن قەلەمنى كۆرسىتىپ بىر نېمە دېۋىدى، ھېلىقى خەنزۇ ئۆزىنىڭ بېشىنىڭ كۆرسىتىپ: «ئارقىدىن ئۇرغان» دېگەندەك بېشارەتنى قىلغانىدى، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ چۆشكىلى تاسلا قالدىم.

— قارا، ئۇنىڭ يامانلىقىنى، — دېدى ئابدۇش، — «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» دېگەنگە ئىشەنمەپتۇ ـ دە.

— ئىشقىلىپ ئۇ خەنزۇ بەك يامانەك قىلىدۇ.

— ئەمىسە ساقچى ئىدارىسىدە نېمە گەپلەر بولۇندى؟

— ئۇلار: «سىز سىدىقۇللانى بىرەر نەرسە بىلەن ئۇردىڭىزمۇ؟» دېدى، مەنمۇ «ھەئە، نوغۇچتا بېشىغا بىر ئۇردۇم» دېسەم، سوراقچى: «سىدىقۇللانىڭ ياتىقىدا نوغۇچ ياكى ئۇرغۇدەك بىرەر نەرسە يوقكەن» دېگەنىدى، قورقۇپ كەتتىم.

— ئاپلا، چاندۇرۇپ قويۇپسەن ئەمەسمۇ، «سىدىقۇللا مېنى كارىۋاتقا بېسىپ ئۇستۇمگە چىققاندا، بىر ئىتتىرسەم، كارىۋاتتىن يەرگە گۈسسىدە يىقىلغان» دېسەڭ بولمىدىمۇ.

— ساقچىخانا دېگەن بەك سۈرلۈك يەر ئىكەن، ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالدى، — زىبادىگۈلنىڭ تىترىكى بېسىلماي تۇراتتى، — مەن قورقۇنچۇمدا «قولۇمغا قول ئېلېكتردەك بىر نېمە چىقىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرغىنىم ئېسىمدە» دەپتىم، سوراقچىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈسۈرلاشتى، ئۇلاردىن بىرى: «سىدىقۇللانىڭ بېشى يېرىلغۇدەك ئۇرۇپسىز، ئەمما، ئېلېكترنىڭ ئەينىكى چېقىلماپتۇ، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟» دېۋىدى، ھېچنېمە دېيەلمەيلا قالدىم.

«ساقچىلارغا ھەممە ئىش ئايان بوپتۇ، ئۇنداقتا بۇ جالاپنى نېمىشقا قويۇپ بەردى؟» بۇ سوئال ئابدۇشنى دەھشەتلىك ئىزتىراپ ئوتىغا تاشلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا: «زىبادىگۈلنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەمنى تاپماقچى، ئۇلار مېنى تۇتماقچى» دېگەن

قورقۇنچلۇق گۇماندىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي، زىبادىگۇلنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن ماقاللاپ، سىلكىشلەپ ۋارقىرىدى:

— سەن... سەن بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟

زىبادىگۇل ئارقىسىغا چۆشكەن ئادەمنىڭ ھامىمىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ساقلاۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ باغنىڭ ئارقىسى تەرەپتىن قېچىپ كەلگەنلىكىنى دەپ بېرىشى ئابدۇشنىڭ بىردىنلا پەيلى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ شۇم نىيىتى قاپقارا سىمىز يۈزىدىن، زەھەردەك چېقىن چېقىۋاتقان كۆزلىرىدىن بىلىندى. زىبادىگۇل خەتەرلىك يىپ ئۈچى بولۇپ قالغانىدى. ساقچىلار ئۇنى بۇ قېتىم بىرلا قىيىن ـ قىستاققا ئالسا، ئۇ گەپلىرىدىن ئېزىپ، قورققىنىدىن ئابدۇشنى ھېچ ئايانمايلا سېتىۋېتىشتىن يانمايتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇنداق بالايىئاپەت يىلتىزىنى تۈۋىدىن قومۇرۇپ تاشلىمىسا، ئابدۇشنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالمامدۇ؟

ئابدۇش ئەتراپىغا قارىدى. كېچە تولىمۇ جىمجىت! ئۇ يېپىلىپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىدى. شۇنداق! سۇ ئاجايىپ باتۇر ھەم رەھىمسىز نېمە، ھايت دەپ بولغۇچە جان قىيالايدۇ... ئۆز ۋاقتىدا جازا مەيدانىدىكى ئىدىشلاردا قانچىلىگەن ئادەملەرنى تۇنجۇقتۇرۇپ باقىيغا ئۇزاتمىغان! زىبادىگۇل ئاخىرقىسى بولۇپ قالسا نېمە بوپتۇ!

زىبادىگۇلمۇ ئابدۇشنىڭ ياۋۇزلۇق، ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان ئەلپازىدىن، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئالدىدىكى ھاياجانلىق تەرەددۇتىدىن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى چېكىنى كۆرگەندەك بولدى. بىراق، قىسمەت ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى. ئەڭ دەھشەتلىك دەقىقىلەردە ھىممەت قولىنى سوزدى. يېقىنلا بىر يەردىن: «زىبادىگۇل ئاچا!...» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلدى. چۆچۈپ قالتىراپ كەتكەن ئابدۇش زىبادىگۇلگە چەكچەيدى.

— بۇ... بۇ كىم؟

— ھامامنىڭ ئوغلى.

— ئۇ بۇ يەردىلىكىڭنى قانداق بىلىدۇ؟

— مەن، — قىسمەت زىبادىگۈلنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىۋاتاتتى، — مەن ھامام بىلەن تاغامغا، سېنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئېيتقان، شۇڭا ئۇلار مەندىن ئەنسىرەپ ئوغلىنى ئەۋەتىپتۇ، خوش مەن كەتتىم.

زىبادىگۈل ئالدىراپ ـ تېنەپ چاتقاللىقلارنى شالدىرلىتىپ كېتىپ قالدى. ئابدۇش غەزەپ بىلەن جىگدە غولىغا بىر مۇشت ئۇرغانىدى، ئۇنىڭ بارماق تېرىلىرى سويۇلۇپ قان تەپچىرەپ چىقتى.

خەيرىيەت ئەتىسىمۇ جىم ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، زىبادىگۈلنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئېھتىمال ئۇ ئەتراپتىكى كۆز ـ قۇلاقلاردىن، بولۇپمۇ ئابدۇشتىن قورقۇپ ئىشقىمۇ چىقالمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئابدۇش كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ ئىشقا ماڭغان قىياپەتتە كېلىۋاتاتتى، كەنت تەشكىلى ئالدىغا بىر توپ ئادەملەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، تېنى شۈركۈنگەندەك بولدى. تېخى يول ئۈستىدە ساقچىنىڭ ئىككى لاتا پىكاپى تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىدا تاپانچا ئاسقان ساقچىلارمۇ بار ئىدى. ئابدۇش ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدا بوينىنى سوزۇپ قاراپ تۇرۇشى قولىغا كويزا سېلىنغان زىبادىگۈلنى ساقچىلار گەجگىسىدىن بېسىپ ئېلىپ چىقىشتى. قورقۇپ كەتكەن ئابدۇش ئاستىلا قايتىپ، ئۆيىدىن ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلىرىنى خالتىغا سالدى ـ دە، تۈگمەنبېشى كەنتىدىن كېتىپ قالدى. ئۇ شۇ كەتكەنچە يەكەن، قەشقەرلەردە ئىشلەمچىلىك قىلىپ، ئېپى كەلسە كېچىلەردە تەنها يولۇچىلارنى بۇلاپ ئالتە ئاينى ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئىككى قېتىم ساقچىخانىلارغا تۇتۇلۇپ، ئەمگەككە

سالغان يەرلەردىن قېچىپ يۈرۈپ دەككە ـ دۈككىدە يۈردى. ئابدۇش نەگىلا بارسا، نوپۇس، تونۇشتۇرۇش سۈرۈشتە قىلىنغاچقا، بىرەر يەرگە ئورۇنلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يىراق جايلارغا كېتىشكىمۇ ئىمكان بولمىدى. قېقىلىپ ـ سوقۇلۇش، تۈرتۈلۈش، قېچىشتەك سەرسانلىق هاياتتىن جاق تويغاندىلا ئۇ «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دەپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. بۇدەك ساقال قويۇپ تونۇغۇسىز بولۇپ قالغان ئابدۇش شەھەرگە كىرىپلا كېرىمنى ئىزدىدى. ئۇ كېرىمنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن يول ئۈستىدە ساقلىدى. ئەتىگەندىن كۈن چۈش بولغۇچە ئۆرە تۇرۇپ هالىدىن كەتكەندىلا پوپكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرغان كېرىم پەيدا بولدى. ئۇ خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇنقى چېچىنى ئىككىگە ئايرىپ تارىۋالىدىغان شاللاق كېرىمگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ بوي ـ بەستى قاملاشقان، قاراشلىرى ئېغىر، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. قىسقا ئەمما توم قاپقارا ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئۈستىگە قايرىلىپ تۇراتتى. پارقىراپ تۇرغان قورۇقسىز سىدام يۈزلىرىدىن ئۇنى هېچكىم قىرىق ياشلارغا كىردى دېمەيتتى. كېرىم ناهىيىلىك هۆكۈمەت ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئالدىغا كېلىشى ئابدۇش ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم كېرىم، ئوبدان تۇرغانسەن؟

كېرىم يۈزىمۇ، قېشىمۇ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىمۇ قاپقارا، تەتۈر ئۈستىخان، يوغان گەۋدىگە قاراپ زادىلا تونۇيالمىدى. شۇڭا، ئۇ هەيران بولغىنىدىن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئابدۇش ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ «مەن ئابدۇش جودا» دەپ پىچىرلىشى كېرىم ئالمان ـ تالمان تۆت ئەتراپىغا ئالاق ـ جالاق قارىدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ دەرۋازىدىن يىراقلاشتۇردى، شۇنداقتىمۇ چىرايى سۇپسۇر بولۇپ كەتتى.

— سەن... سەن نېمىدەپ كەلدىڭ؟ ئۇلار سېنى تۇتالماي

يۇرسە.

— سەن ھۆكـۈمەتنىـڭ يېقىـن ئادىمـى بـولغانـدىـن كېيىـن ئىجاتلىق تىلەپ كەلدىم.

— مەندىن؟ مېنىڭدىنما؟ — كېرىم ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ قويدى، — يوقال بۇ يەردىن، قانچە تېز، قانچە يىراقلارغا كەتسەڭ شۇنچە ياخشى!

— مەن يوقىلىمەنما؟ — ئابدۇش ھۇرپىيىشى كېرىم ئارقىغا داجىدى، — يوقالساق ئىككىمىز تەڭ يوقىلىمىز! زىبادىگۈلنىڭ تەلىپى باركەن دەپ ماڭا ئوتتۇز سوم بېرىپ، مېنى قاتىللىققا سالغان سەن! بۇنىڭدىن تېنىۋالامسەن، ياق دەپباقە قېنى؟!

— ۋوي بـولدى، بـولـدى. ئـاسـتـا گـەپ قـىـل، — كـېـرىـم كېتىۋاتقانلارغا چاندۇرماي ھىجىيىپ قويدى، — يۈر سېنىڭ بىلەن بىرەر يەردە ئايرىم پاراڭلىشايلى.

كېرىم ئابدۇشنى شەھەر سىرتىدىكى پىنھان چايخانىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇلار يول بويى بىر ـ بىرىگە قاراشماي جىمجىت مېڭىشتى. ئابدۇش قىلىن چاپانلاردا تەرلەپ پىخىلداپ كېتىۋاتاتتى. تۇنجى باھار دەل ـ دەرەخلەرگە چاشقان قۇلاق يوپۇرماقلارنى مول سوۋغات قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سايىلىرى يەرگە ئالا كۆلەڭگىلەرنى يايغانىدى. شۇنداقتىمۇ باھار ئاپتىپىنىڭ تەپتى خېلىلا كۆيدۈرۈپ تۇراتتى.

كېرىم تام ـ تورۇسلىرى ئىسلاشقان چايخانىغا كىرىپ، خوجايىنغا: «غەلۋە ـ غۇدۇرسىز يەرلىرى باردۇ؟» دەپ قويۇۋىدى، ئۇ كېرىمنى تەقى ـ تۇرقىغا قاراپ: «بار، بار جۇيجاڭ...» دەپ قويدى. خوجايىن ئىچكىرىكى كىچىك ئۆيگە يۇمىلاق شىرە قويۇپ، كۆرپىلەرنى سېلىپ بەردى. ئۇ يۇگۇرۇپ يۈرۈپ بىر چەينەك چاي، ئىككى سىركايا ھەم سىڭىپ پىشقان ئۈچ گىردىنى پەتنۇستا ئېلىپ كەلدى. ئۇ: «ئۆرۈك، بادام، ياڭاق مېغىزلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر تەخسە 〈چار مېغىز〉 قىلىپ ئەكىرەيمۇ؟»

دېيىشىدۇ، كېرىم «بولىدۇ» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئابدۇش ھېچبىر تەكەللۇپسىزلا چاينى ئۆزى قۇيۇپ، گىردىلەرنى ئوشتۇدى. كېرىم ئۇنىڭ ناننى چايغا تۇگۇرۇپ، مېغىزنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆمىلاخمان يەۋاتقىنىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن گەپ باشلىدى:

— زىبادىگۇل باينىڭ قىزى بولغاچقا، ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، شۇ چاغدىلا سېنى پاش قىلدى، — كېرىمنىڭ بايىقى ئەلپازى يوق ئىدى، — ساقچىلار سېنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ جىق ئىزدەپ كەتتى. شۇڭا، سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇڭ بەك خەتەرلىك.

كېرىمنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن: «مەن ساڭا ئىگە بولالمايمەن، بۇ يەردىن كەت» دېگەن مەنىنى سېزىۋالغان ئابدۇش ئاغزىدىكى ناننى چاينىماي ھەم يۇتماي، كېرىمنىڭ كۆزلىرىنى چوقۇيدىغاندەك تىكىلىپ قالدى. بۇ قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كېرىم يۈزىنى ئېلىپ قاچتى.

— مەن ھېچيەرگە كەتمەيمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — ئابدۇش چىيىنى غورتتىدە سومۇردى، — نوپۇسسىز، تونۇشتۇرۇشسىز ئىتنىڭ كۈنىنى كۆردۈم، يامىنى كەلسە ساقچىغا ئۆزۈم بارىمەن. ئۇ چاغدا سېنىڭمۇ سورۇۋاتقان ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىڭ، تۇتقان ئەمەللىرىڭ، يېگەن نازۇ نېمەتلىرىڭ ئاغزىڭدىن بولاق، ئارقاڭدىن يومىلاق بولۇپ چىقىپ، ئوسۇرۇقا تەك بولىدۇ.

— مەن.. مېنى... نېمە دەپ...

— نېمانچە مەڭدەيسەن، مەن سېنىڭ گېپىڭ بويىچە تاغاڭ شايىمقۇل، ئاشناڭ زىبادىگۇل، ئۇنىڭ ئانىسى ھەم ئاكىلىرىنىڭ ئەنت ـ قىساسىنى ئالىمەن، دەپ مۇشۇ كۈنگە قالدىم.

— ئۇ... ئۇلار بىلەن... بىز بىر كەنتلىك، بىر مەھەللىلىك شۇ، نەدىكى گەپلەرنى قىلىسەنغۇ.

— مېنى تولا خام كاللا كۆرمە، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن تۈرمىدە

ياتقانلىقىمنى بىلىدىغانسەن؟ مەن نۇرغۇن قازانلاردا پىشىپ چىققان ئادەم، مېنى كولدۇرلىتىمەن دېيىشىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! — ئابدۇش شىرەگە ۋاققىدە بىرنى ئۇردى، — سەن زىبادىگۈلنىڭ قىزلىقىنى ئېلىشتىن سىرت ھەر قېتىم كەنتكە بارغىنىڭدا ئۇنىڭ مېغىزىنى چاقتىڭ... شايىمقۇل سىنىڭ ئاناڭنىڭ ئىنىسى! بۇنىڭدىن تانالامسەن؟ ھەتتا بىر كېچىسى زىبادىگۈل «سىدىقۇللانى ئۆلتۈرۈپ، دادام، ئانام، ئاكىلىرىمنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بەر» دېگەندە، سەن: «مەن ئەپلەشتۈرەلمەيمەن، ئابدۇشقا دەپ باقاي» دېگىنىڭ يالغانما؟

— ئۇ... ئۇ جالاپ يالغان ئېيتىپتۇ.

— سەن تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە، مەن جاندىن تويغان ئادەم، — ئابدۇشنىڭ چىرايىدىن تەۋرەنمەس بىر شۇملۇق چىقىپ تۇراتتى، — سىنىڭ زىبادىگۈل بىلەن بولغان ئالاقەڭنى، قىلىشقان مەسلىھەتلىرىڭنى، ماڭا 30 سوم پۇل بېرىپ يېلىنغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى دەپ ئىككىمىز تەڭلا تۈگىشىمىز... زىبادىگۈلنىڭ تەقدىرىنى ۋەيران قىلىپ ئۇنى جالاپلىق يولىغا باشلىغانمۇ سەن! قاتىللىق قىلىشقا ئاستىرتىن ئىس قويغانمۇ سەن!... ھازىر ساقچىلار مەندەك قاشقىلىق بۆرىنى تونۇيدۇ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي قاتىل سەن!...

كېرىم قورقتى، قورقىقاندىمۇ ئېيتقۇسىز قورقتى. ئەگەر ئابدۇش ئۆزىنى راستىنىلا تۇتۇپ بەرسە، ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقى ھەم باشقىلارنى پاش قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەڭچىلىك بىلەن ئۆلۈم جازاسى بەرمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ شۇنداق قىلارمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئابدۇشتەك جاھىل، ياۋۇز ئادەملەردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىش خۇددى تاش ئۈستىدە گۈل ئېچىلدۇرۇشنى، مۇز ئۈستىدە چوغ ساقلاشنى تەلەپ قىلغاندەك ئەخمىقانىلىكتۇر. چۈنكى، توڭگۇزنىڭ ھەممە چىشلىرىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىۋەتسىمۇ ئۇ يەنە بەربىر

نىجىسلىقىدىن قالمايدۇ. بىراق، سەرسانلىق هايات، ئۇرۇپ ــ سوقۇلۇش، لالما ئىتتەك بىر ۋاخلىق لوقمىغا زار بولىدىغان، ئالىقاندەك نىمەت ئۈچۈن جان قىيىدىغان غالچىلارنىڭ قولىدىن هەر بالا كېلەتتى. ئابدۇشنى «بار ــ يوقنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ساقچىخانا، يۇقىرى ئورۇنلارغا يوللىمايدۇ» دەپ كىم ئېيتالايدۇ! بۇ خۇددى ئاچچىقى كەلگەن ئىت تامدىن سەكرىگەندەكلا ئىشتە.

پېشانىسىدە ئەمەل يۇلتۇزى چاقناپ، يۇقىرىغا بالداقمۇ بالداق ئېسىلىۋاتقان كېرىم هوقۇق، مەنپەئەت، ئىمتىيازلىرىدىن هەرگىز كېچەلمەيتتى. شۇڭا، ئابدۇشقا يېلىنماقتىن باشقا چارە قالمىغاندەك قىلاتتى.

ــــ ۋاي ــ ۋۇي، نېمانچە سەپرالىق قىلىسەن؟ــــ كېرىم تۇيۇقسىزلا يۇمشاپ كەتتى، ــــ مۇنداق بولسۇن، مەن هازىر قومچاقاردا كوپىراتسىيىلىشىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتىمەن. تۇگىگەندە شۇ يەرگە مۇدىر بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. سېنى شۇ يەرگە ئەكىتەي، قانداق، بولامدۇ؟

ــــ مۇنداق دېمەمسەن، ئادەمنى رەللە قىلماي، ــــ ئابدۇشنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈردى، ــــ ئىشقىلىپ هۆكۈمەت ساقچىلىرىنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان يەر بولسىلا بولدى.

كېرىم قومچاقار بىلەن ئەلئابادنىڭ قاتناش قولايسىز، هۆكۈمەت نەزىرىدىن يىراق يېزىلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئابدۇشنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. كېرىم قومچاقاردىكى نەسرۇللا دېگەن ئاغىنىسىنى كادىرلىققا تونۇشتۇرۇپ، ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيىلىگەچكە، ئىشەنچلىك ئىدى. ئابدۇش ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل پاناھلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ئەلئاباتتىكى بىرەر كوپىراتسىيىگە كىرگۈزۈپ قويسا كۇنىنى ئالمامدۇ؟ تېخى يېزىلاردا ساۋاتلىقلار ئەنقانىڭ سۇتىدەك ئەتىۋار بولۇۋاتقاندا، ئابدۇش كېيىنچە بىر ئەمەلگە ئېرىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ــــ ئۇ تەرەپلەرنى ئۆزۈمگە قوي، كۆتۈمنى پاتۇرۇپلىۋالسام، ــــ

دېدى ئابدۇش جانلىنىپ، — ئەمەل - پەمەل دېگەننى ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ قولغا كىرگۈزىمەن.

— ئېسىڭدە بولسۇن، سەن مېنىڭ ئاتۇشتىن كەلگەن تۇغقىنىم بولىسەن، — كېرىم سەل ئويلىنىۋالدى، — ئىسمىڭ چاۋار.

— «چاۋار» دېگەن ئىسىم كونىلارنىڭ دېيىشىچە، «ئەخلەت - چاۋار» دېگەن مەنىدە ئىكەن. قوي، بۇنداق سەت ئىسىمنى.

— ھەي ئەخمەق، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئوغۇل بالىغا كۆز تەگمىسۇن، دەپ «چاۋار»، «پاسار»، «سۈپۈرگە» دېگەن ئىسىملارنى قويغانىكەن. مېنىڭ مەقسىتىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

— ئۇنداقتا ماڭا كۆز تەگمىسۇن، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن دەپسەن - دە؟

ئۇلار ئىككىسى ئۈنلۈك كۈلۈۋېتىشتى. ئەمما، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان كېرىم بىر ساياقتىن يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرگىنىدە ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى...

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# شادلىق يار بولغان كۈنلەردە

كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىدا جەۋلان، ھاشىم، كامالەتلەر مەتسىدىقنى سوراق قىلىۋاتقىنىغا بىر سائەتتىن ئېشىپ قالدى. بىر نەچچە قېتىملىق سوراق ھەم سۆھبەتلەردىن كېيىن خېلىلا يۇمشاپ قالغان مەتسىدىق بۇگۇن باشقىچىلا قېتىۋالغانىدى. ئۇ قورقۇپ، ئەندىكىپ تۇرۇقلۇق ھەممىدىنلا تېنىپ، ئىقرار بولماي تۇراتتى. چاۋار ھابىلغا «مەتسىدىقنى ئەتە كەچتە بىر ئاماللاپ ئېلىپ كەل، پۇل توغرۇلۇق سۆزلىشىمەن» دېگەنلىكى كىتابخانىلىرىمىزنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىدە بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇلار تونۇگۇن كەچ يوشۇرۇن ئۇچراشتى. چاۋار «پۇلنى ئەتە ياكى ئۆگۈن ئىچىدە چوقۇم رازى بولغۇدەك بېرىدىغانلىقى، تېخى ھابىلنىڭ ئالداپ ـ قورقۇتۇپ ئېلىۋالغان 82 سوم پۇلىنىمۇ قوشىدىغانلىقى، لېكىن خىيانەتكە چاتماسلىقنى، شۇنچە كۆپ پۇلنى تراكتور ئېلىشقا توپلىغانلىقى...» دا چىڭ تۇرۇشنى تاپىلىدى. بولۇپمۇ ئۇچ ئادەمنىڭ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەنلىكىنى، ئەگەر قەسەمگە ئەھدە قىلمىغاندا، قۇرئاننىڭ تەخسىراتىغا ئۇچراپ كاپىر ئۆلۈمدە ئۆلىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئېيتىپ ئىچۈردى. ھەتتا ئۇنى كېچىدە ئۈزىتىپ چىققاندىمۇ «قۇرئان»، «ئاللا»، «كاپىر»، «مۇسۇلمان» دېگەندەك ئىبارىلەرنى يېنىش ـ يېنىشلاپ تەپسىر قىلىپ، مەتسىدىقنى ئېيتقۇسىز قورقۇتۇۋەتتى. شۇڭا، بۇگۇن ئۇ ئۇچ ئادەمگە تەئەللۇق خىيانەتنى

«كەنتكە تراكتور ئېلىش ئۈچۈن توپلىغان پۇل، ئۇنى شال توغراق كەنتىدىكى كىچىك ئانامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان، لېكىن ئۇ ناھىيىدىكى قىزىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قاپتۇ، بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە كېلىدۇ...» دەپ بىر مۇنچە چاك باسمايدىغان يالغان ـ ياۋىداقلارنى توقۇپ جاھىللىق قىلىۋاتاتتى. قارىماققا مەتسىدىق چاۋارنىڭ «رازى بولغۇدەك پۇل بېرىش»، ئەدناسى «ھابىلىنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلغان پۇلىنىمۇ قوشۇپ بېرىدىغان»لىقىغا ئىشتىھا ساقلاۋاتقاندەك قىلاتتى. قىسقىسى، ئۇ كېچىدە نىقابلىق بوغالتىر ئىشخانىسىغا كەلگەنلىكىنىمۇ تېنىپ: «ئۇ مەن ئەمەس، مىنىبىڭلار خاتا كۆرۈپ قاپتۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. غەزەپلەنگەن جەۋلان جوزىغا مۇشتلاپ قاتتىق چېچىلىپ كەتتى:

— تانساڭ تان! كېچىدە چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە قاتىرىدىڭ، بۇنىڭدىنمۇ تان! سەن تېنىشقا ئۇستا بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ «خىيانەتتىڭنى تەڭ كۆتۈرەيلى، بىزنى ئۆزۈڭگە چېتىۋالما» دەپ ساڭا قۇرغان قاپقانلىرىدىنمۇ تان!

— ھەي ئەخمەق، — دېدى ھاشىم ئاچچىقى بىلەن، — ئۇلار خىيانىتىڭنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، سەن «خىيانەتچى» دېگەن قالپاقنى پۇلغا تېگىشمەكچىما؟ ئۇنداقتا قانۇنىي جازا يەنىلا ساڭا بېرىلىدىغۇ.

— ئۇ... ئۇنداق بولماس... پۇلنى تولۇق قايتۇرغاندىن كېيىن...

— پۇل خەلقنىڭ ئىكەن، قايتۇرۇلۇشى مۇقەررەر ھەم شەرت، — ۋارقىرىدى جەۋلان، — لېكىن، سېنىڭ خىيانەت قىلغان جىنايىتىڭ جازاسىز قالسا يوللۇق بولماس!

— جازامۇ، — دېدى ھاشىم، — پۇلنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە بېقىپ ئېغىر ـ يېنىك بولۇشنى ئۇنتۇپ قالما.

— ئۇ... ئۇ دېگەن خىيانەت بولمىسا، — مەتسىدىق غۇدۇراپ

قويدى، — تراكتور ئېلىش ئۈچۈن...

— بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ — كاتىپلىق قىلىۋاتقان كامالەت چىداپ تۇرالمىدى، — شۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى كەنتتىكىلەر نېمىشقا بىلمەيدۇ، بىز كادىرلار نېمە ئۈچۈن خەۋەرسىز؟

— بىز... بىز... — مەتسىدىق ئېغىر تىنىپ قويدى، — دېھقانلارنى تەرەپبال خۇش قىلىۋېتەيلى دەپ...

— ئوسۇرۇق ئۇ گېپىڭ، — ئاچچىقىدا چىقىپ كەتكەن بۇ گەپتىن كامالەت ئۆزىمۇ قىزىرىپ كەتتى، — تراكتور ئالىدىغان پۇلنى خەقنىڭ ئۆيىدە ساقلاش نە هاجەت؟ سەن بىزنى ئەمچەكنى «مەمە» دەيدىغان كىچىك بالا چاغلاپ قالدىڭما؟

كامالەتنىڭ ئاخىرقى گېپىدىن جەۋلان بىلەن هاشىم كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئادەتتە بۇنداق تىللارنى «ئۇيات» دەپ بىلىدىغان كامالەتمۇ ئىزا تارتقىنىدىن يەرگە قارىۋالدى. جەۋلان ئۇنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دەرهاللا گەپ باشلىدى:

— مەتسىدىق، ئۆزۈڭ دەڭسەپ كۆر، بۇ ئاز پۇل ئەمەس، مەنقۇلات ئامبىرى ۋە گىلەم كارخانىلىرىدىن ئۈچ يىل ئىچىدە خىيانەت قىلغان خام ھەم پىششىق ماللارنى تېخى ئېنىقلاپ چىقمىدۇق، — جەۋلان مەتسىدىققا ئېغىر نەزەردە قارىدى، — ھەممىنى ئۇستۇڭگە ئېلىۋالما، قولۇڭغا كويزا سېلىنغاندا پۇشايمان قىلغىنىڭ بىلەن ئۈلگۈرەلمەيسەن!

كۆن كەنتنىڭ كۆجۇم باغلىرىغا باش قويۇپ، ئۇنىڭ قىيپاش چۈشكەن قىپقىزىل نۇرى ئىشخانا دېرىزىلىرىدىن ماراپ قاراشقا باشلىدى. هاشىم مەتسىدىقنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. خېلىدىن بېرى مۈگدىشالمىغان جەۋلان تاماق ئېتىپ يېيىش ئۈچۈن كامالەتنىڭ ئۆيىگە بىللە كېتىشتى. ئۇلار كېچىدە مەتسىدىقنىڭ نىقابلىنىپ بۇغالتىرىيە ئىشخانىسىغا





كەلگەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ مېڭىشتى. زۇلال، ھاشىم، يار بەختى، كامالەتلەر ئىشخانىدىكى ئىشكاپ، خىزمەت ئۇستەللىرىنىڭ ئاستى ـ ئۈستى، تارتمىلىرى، دېرىزە تەكچىلىرى، ئويۇقلاردىكى نەچچە يىلدىن بېرى يىغىلغان جەدۋەل، خۇلاسە دەپتەرلىرى، ئىشقىلىپ تەكشۈرمىگەن تام ـ تورۇسلارمۇ قالمىدى. بىراق، گۇمانلىق ھېچنېمە تېپىلمىدى. «ئۇنداقتا مەتسىدىق زادى نېمە ئۈچۈن كەلدى، ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان نېمىسى بار، ئۇ قەيەردىدۇر...» دېگەن مەۋھۇم بىر گۇمان ئۇلارنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— مەن مۇنداق ئويلاپ قالدىم، — كامالەت لەپپىدە قارىدى، — ئۇ ھەممە ئىسپاتنى بىر يولىلا يوق قىلىش غەرىزىدە ئوت قويۇش ئۈچۈن كەلدىمۇ ـ يا.

— ئۇنىڭدا ئۇنچىلىك يۈرەك يوق!

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، — كامالەت دەرھاللا قارشى چىقتى، — لەيلىنى يامان جاڭگالدا ئېزىقتۇرۇش، كامالنى كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ئەخمەتنى جاراھەتلەندۈرۈش ئىشلىرىدا چاۋار ئۇنى مۇشۇكتىن يولۋاسقا ئايلاندۇرۇپ قويدىمىكىن دەيمەن.

— چاۋار ئۆتۈپ كەتكەن قۇۋ، تادان نېمە، ئۇ بۇنداق جانغا تاقىلىدىغان چوڭ ئىشلارغا مەتسىدىقتەك قورقۇنچاق ئادەمنى ئارىلاشتۇرمايدۇ. ئۇنداقتا ئۇ تولىمۇ چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولۇپ قالىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ كىمدۇ؟

— مېنىڭ پەرىزىم، ھابىلمىكىن دەيمەن...

ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇل خوتۇن ھۆرىخان سەپرانىڭ ۋەيرانە ئۆيى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە ھاشىممۇ مەتسىدىقنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇنىڭغا ئېچىنغان ھالدا نەسىھەت قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ «كېچىچە ياخشى ئويلىنىش»، «چىقىش يولى تېپىش»،

«كېچىلەردە ئوشۇقچە ھەرىكەت قىلىپ تەشكىل بىلەن قارشىلاشماسلىق...» دېگەن گەپلىرى مەتسىدىقنىڭ قۇلىقىغا خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك ئاڭلانغان بولسىمۇ، ئۇ: «بولىدۇ، بولىدۇ...» دېگەنچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئېرىنىڭ ئىلەڭ ـ سىلەڭ دەسسەپ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن سائادەت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى. مەتسىدىق ئوچاق كۆلۈكى يېنىغا سېلىنغان كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلاپ، قوش ياستۇققا يۆلەندى. سائادەت ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخانىنى يېيىپ، بىر جامدا قوناق چۆچۈرىسى ئەكېلىپ قويۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قىزىغا يوڭ سېلىپ جىلتكە تىكىۋاتاتتى. جىلتكىسىنىڭ پەش، ئارقا بويلىرىغا قوش ئەستەر سېلىپ، ئۇنى كۆكلەپ، چېتىشقا تەييار قىلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخانىنى يىغىشتۇرۇشقا چىقتى. لېكىن، بىر جام قوناق چۆچۈرىسى شۇ پېتى ئۇيۇپ تۇراتتى. مەتسىدىق قىسماقتەك ئېگىلىپ، ئوچاق كۆلۈكىگە مىشقىرىپ، تۈكۈرۈپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا سەپرايى ئۆرلىگەن سائادەت چېچىنى لەپپىدە ئارقىسىغا تاشلىۋېتىپ ۋارقىراپلا كەتتى:

— ھەي، پوتلا، مىشقىرىقلىرىنى ئېقىتىپ ئولتۇرماي گەدەنگە چۈشكەن پۇلنى تۆلەشنىڭ كويىغا چۈشسىلە بولمامدۇ، ئۆزلىرىمۇ يېنىكلەپ قالىدىلا.

— شۇنچە جىق پۇلنى گەدىنىمگە ئارتىۋالغان تۇرسام، تۆلىسەمۇ بەرىبىر...

— ۋاي جېنىم، ما گاداي نېمىدەپ بىلجىرلايدۇ، — سائادەت ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ تۇراتتى، — يوغان قورساق، قارىۋاتقۇ چاۋار، خوتۇن خەقنىڭ قىزىل ئىشتىنى گۈل كۆرۈنىدىغان پاھىشىۋاز ئىگەمبەردىلەر تەڭ كۆتۈرۈشۈپ بەرمەكچى بولغانتىغۇ؟

خوتۇنىغا قانداق جاۋاب قىلىشنى بىلمىگەن مەتسىدىق مىچىلداپ ياش تۆكۈپ زادىلا زۇۋان سۈرەلمىدى. دەي دېسە

قۇرئاننىڭ ئۇرۇشىدىن، كاپىر ئۆلۈمىدە كېتىشتىن، قەسەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن قورقۇپ ئېغىز ئاچالمايتتى. دېمەي دېسە، جەۋلان، ھاشىملار «تراكتور ئېلىش» پىلانىغا ئىشەنمەي ئۇنى «ئوسۇرۇق» دەۋاتسا، ھەممىنى مەن خەجلىگەن دېسە گۇناھى ئېغىرلاشسا، زادى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئاشۇ تەييارتاپلارغا جېنىنى سېلىپ بەرسۇنمۇ؟ ياق، ياق! مەتسىدىقنىڭ پىت ـ بۇرگىلەرگە يەم بولۇپ قاماقتا ياتقۇسى، ئۆلگۈسى يوق! خوتۇنى سائادەت راست دەيدۇ، ھەممىنى ئوچۇقلا دەۋەتسە، ئۆزىمۇ يېنىكلەپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما، ئۇ چاغدا قۇرئان تۇتۇپ قىلغان قەسەم جانغا تاقىلىپ قالىسچۇ؟!

مەتسىدىقنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرىدا بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇنقى يۇلتۇزلۇق بىر كېچە ئايان بولدى. چاۋارنىڭ ئۆيىگە ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار يىغىلغان بولۇپ، ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى شىرەدە ئۈچ يەرگە بۆلۈنگەن پۇل، ئاندىن بۇلغار تاشلىق قۇرئان تۇراتتى. چاۋار ئۈچ پارچە تالونغا ئوت يېقىپ، كۆيۈندىنى ئوچاق كۇلۇڭغا تاشلىغاندىن كېيىن ئالىقىنىنى قۇرئان ئۈستىگە قويۇشى باشقىلارمۇ قوللىرىنى قويۇشتى. «مەنكى خۇدا يولىدا قەسەم ئىچكۈچى چاۋار!...» دېيىلگەندىن كېيىن باشقىلارمۇ ئۆز ئىسمىنى ئاتاپ بۇ گەپنى تەكرارلىدى. ئاندىن چاۋارنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار ئەگىشىپ قەسەمنى باشلىدى:

— «ئۈچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دارى ـ مۇئامىلىنى قىيامەتكىچە خۇپىيانە تۇتىمەن. كاللام كەتسىمۇ ھەرقانداق ئادەمگە، ھەتتا خوتۇنۇمغىمۇ دېمەيمەن. مۇبادا دەپ سالسام، ئىمانسىز كاپىر بولۇپ كېتەي! قۇرئانى كېرەم مېنى ئۇرۇپ تىن تارتماي ئۆلەي...»

... سائادەتنىڭ سۆزىدىن تېڭىرقاپ قالغان مەتسىدىق بېشىنى كۆتۈرۈپ خوتۇنىغا قارىدى، ئۇنىڭ يۈزى ياش ۋە پوتلا بىلەن

بۇلغىنىپ كەتكەنىدى.

— چاۋار... ئىگەمبەردى، ئۇ ئۇلار خەجلىشىپ بەرمىگەن!... — مەتسىدىق ھۆ تارتىپ يىغلىۋەتتى، — ئۆ... ئۆتكەندە خەتمىدە يوق دەپ ساپتىمەن.

— ھەي پوركالللا، تېخى ئۆتكەندىلا تەلەپ خەجلىگەن پۇللارنى خاتىرىلەپ ماڭغانلىقلىرىنى، چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ «پۇلنى تۆلە...» دېگەنلىكلىرىنى ئېيتقان ئىدىلىغۇ، ئەمدى نېمانداق تۆگىدەك ئارقىغا سىيىدىلا؟

— دېسەم زادى بولمايدۇ، خوتۇن! بىز دېمەسلىككە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغان... ئېيتسام خۇدا مېنى ئۇرىدۇ.

— خۇدا ئۇرىدۇ، قۇرئان تۇتقان، قەسەم ئىچكەن دەپ، ئاشۇ خەق ئۇچۇن ياش جانلىرىنى سېلىپ بېرەملا؟

مەتسىدىق: «زۇلال دېگەن قارا يۈز خىيانەت مۇنچىغا يەتسە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، دەيدۇ. جەۋلان: خىيانەتنىڭ ئۈچ قېتىم ئېتىشقا يېتىدۇ، دېگىنى يەتمىگەندەك بايىلا تېخى قولۇڭغا كويزا چۇشكەندە پۇشايمان قىلىپمۇ ئۆلگۈرەلمەيسەن، دەۋاتامدۇ... ئاھ خۇدا، ئۆلۈۋالاي دېسە، جان تاتلىق...» دەپ زار - زار يىغلايتتى. كۆلۈڭغا تۇكۇرەتتى، بۇرنىنى تاشلايتتى، پاقىلدىتىپ تاملارغا ئۇراتتى. ئېرىنىڭ بۇنچىلىك ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن سائادەتنىڭ غەزەپ قېپى يېرىلدى. ئۇ ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىتىپ، ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— خەپ، جەۋلان دېگەن پاقلانباش، سەن دەيۈزگە تېتىمىغان جاننى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن، — سائادەت ئالىقانلىرىغا قارسىلدىتىپ ئۇردى، — تېخى ئۆتكەندە ئانچىكىملا قورقاق سېلىپ قويغان چېغى دېسەم، بۇ پۆپەكباش گوي، بىزنىڭ ئادەمنى ياۋاش كۆرۈپ ئورا كولاپتۇ ئەمەسمۇ...

— چاۋار، ئىگەمبەردىن پۇل يىغىپ بەرسەممۇ ھەممە گۇناھ ماڭا ئارتىلسا، — مەتسىدىق بېشىنى چايقاپ يىغلىماقتا ئىدى، —




راست گەپنى قىلاي دېسەم، قورئان تۇتۇپ قەسەم قىلغان تۇرسام... ھەي چاۋار، ھەي چاۋار، سەن نېمىدېگەن يامان!...

— ئاھ خۇدا، — سائادەتمۇ چېچىنى قامالالاپ يىغىنى باشلىدى، — ئاھ رەببىم، قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈك تىنىچ دەپ نېمە پوق يەپ چوڭ بوغالتىر بولغانلا... نېمىشقىمۇ كۆپنىڭ ھەققىنى يېگەنلا... گالللىرىنى ئەسكەندە ۋايجان ئاللا دېگەنلا... ئەمدى تۆلەش تەس كېلىپ مىڭ تووۋنى قىلغانلا!...

— زۇۋانىڭنى يىغ، ئالۋاستى پاخپاق، — مەتسىدىق تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ ۋارقىرىدى، — مەن ئۆلگەندە قوشاق قېتىپ يىغلارسەن... مەن تېخى ئۆلمىدىم، كۆزۈمنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ، شۇم ئېغىز...

بۇ ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشىپ، جەۋلاننى غايىۋانىسىگە تىللاپ - قارغاۋاتقاندا جەۋلان بىلەن كامالەت تاماق ئېتىپ يېيىشىپ، توي تەييارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كامالنىڭ ئۆيىگە مېڭىشقانىدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىپ، قىز - يىگىتنىڭ ھۇجرىسى ئۈچۈن تەييارلانغان قازناق ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆرۈشتى. ئىنچىكە سۇۋاقلىرى قۇرۇپ بىر چىرايلىق بولۇپ قالغان ھۇجرىغا قوش كىشىلىك كارىۋاتتىن بىرى قويۇلغان بولۇپ، پەنجىرىلىرىگە يېڭى قەغەز چاپلانغانىدى. لېكىن تېخى ئاقارتىلمىغاچقا، توي جابدۇقلىرى بىلەن ياسالماي قۇرۇق پېتى تۇراتتى. ئۇلار ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگەندە نېۋىخان، ھەۋزىنىيازخان ئىككىسى پاختا سىلىپ، ئەستەر، تاشلار يېپىلىپ تەييارلانغان يوتقان - كۆرپىلەرنى قاتلاپ تىزىۋاتاتتى. ئىككى موماي جەۋلان بىلەن كامالەتنى كۆرۈپلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تەزىم قىلىشتى.

— توي تەييارلىقلىرى سەرەمجان تاپقاندۇ؟ — سورىدى جەۋلان، — مانا بىزمۇ ياردەم قىلغىلى كەلدۇق.

— ۋاي رەھمەت بالام، رەھمەت، ماڭا تېگىشلىك بولدى، —

نېۋىخان تېتىكلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى، ــ قارىسىلا غوجام، ئۆيىنىڭ شۇنچە ئىشلىرى تۇرسا، كامال بىلەن لەيلى بىردەمدىلا يوقالدى دېسە. توۋا، توۋا بۇ زامانىنىڭ ياشلىرىنىزە، ئەتە ـ ئۆگۈن ئىككى كۈنلا قالغان تۇرسا.

ــ خاتىرجەم بولسىلا ئانا، ــ دېدى جەۋلان كۈلۈپ قويۇپ، ــ ئەتە ئەترەت كادىرلىرى، مېنىڭلار، ياش چوكانلار دۈررىدا كېلىپ هويلىلىرىغا پاتماي قالىدۇ. ئۇلارغا قىلىدىغان خىزمەت تېپىپ بېرەلىسىلە چوڭ گەپ.

ــ ئىككىلىرى كاككۇك بىلەن زەينەپتەك كىرىپ كېلىشىپتىلا، ــ دېدى هەۋزىنىيازخان جەۋلان بىلەن كامالەتكە قاراپ، ــ شۇنداقمۇ زوقۇم كەلدى. ئى... ئە مېنىڭمۇ ياشلىق چاغلىرىم بولغانمىتى دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كامالەت ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ تەتۈر قارىۋالدى. جەۋلانمۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ گەپ قىلالماي قالدى. بۇنى سېزىپ قالغان نېۋىخان هەۋزىنىيازخانغا ئالايدى:

ــ هەي قېرى كاپكاپ، ئاغزىم بار دەپلا ئالجىۋېرىسەن، قارىغىنا، ئۇلارنى خىجىل قىلىپ قويدۇڭ.

ــ ۋۇي نېمىگە خىجىل بولغۇدەك، ــ هەۋزىنىيازخان خىلىلا تۇرگۇن ئىدى، ــ كۆرمىدىڭمۇ، ئىككىسىنىڭ بىر بەرگىدىكى ئىككى تال غۇنچىدەك قاملىشىپ كەتكىنىنى!

كامالەت يۈزىنى تۇتقىنىچە قېچىپ چىقىپ كەتتى. جەۋلانمۇ مومايلار بىلەن خوشلىشىپ هويلىغا چىققاندا ئۇياتچان قىز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاريالمىدى. ئۇلار هويلا ئالدىدىكى يولدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن جەۋلان: «زەينەپ، نەگە بارىمىز» دەپ قويۇۋىدى، كامالەتمۇ «كاككۇك باشلىغان يەرگە» دېگىنىچە ئۇدۇلدىكى قۇملۇق يولغا قايرىلدى. ئۇنىڭ بۈگۈن كېچە قانغۇدەك مۇڭداشقۇسى باردەك قىلاتتى. شۇڭا، جەۋلانمۇ قىزنىڭ

رايىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن بىللە ماڭدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاندى، ئەمما پايانسىز چۆل ئۇپۇقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي كائىناتنى سېخىي نۇرلىرىغا پۈركىگەن بولۇپ، ئېگىز - پەس بارخانلار، قۇم دۆڭلۈكلىرى گويا دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشايتتى. ئاندا - ساندا چوقچىيىپ قالغان توغراق، پاختا يۇلغۇنلار يەلكەنلىك كېمىلەرنى ئەسكە سالاتتى. غۇژمەك - غۇژمەك تىكەنلىك چاتقاللار ئارىسىدىن چۇرۇقلىغان، كىتىرلىغان شەپىلەر كېلەتتى. قانداقتۇر جانلىقلار شىتىررىدە قىلىپ ئۆمىلەپ ياۋا قومۇشلۇقلار ئارا غايىب بولاتتى. جەۋلان بىلەن كامالەت يۇمشاق قۇملاردا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ئاستا كېتىۋاتاتتى.

— كامالەت، گەپ قىلمايسىزغۇ، — جەۋلان قىزغا يانداپ كەلدى، — تىللىسىڭىزمۇ مەيلى، گەپ قىلىڭچۇ.

— سىزنىڭ ئادەمنى تېرىكتۈرىدىغان گەپلىرىڭىزنى سېغىنىپ كەتتىم.

— ئەمىسە بىرنى سۆيۈپ قوياي، — جەۋلان قىزنىڭ قولىنى تۇتتى، — مەن قۇمچاقارغا يېغىنغا ماڭغان ۋاقىتتىكىدەك...

— قېلىن، ئۇياتسىز... گېپىڭىز سەتلىكىنى. ئۇ چاغدا ئەجەب بىمەھەل ئىش قىپتىكەنمەن.

— ئەمىسە، — جەۋلان توختىدى، — ئارقامغا يېنىپلا كېتىمەن جۇمۇڭ...

— بىردەم ماڭايلىچۇ، — كامالەت ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى، — يۈرۈڭ، تولا بىزەڭلىك قىلماي، بىزەڭ چىراي...

— كامالەت، مەن ئۇرۇمچىگە كېتىپ، سىزنى كۆرگۈم كېلىپ كەتسە قانداق قىلارمەن؟

— يالغانچى، سېغىنىپ كېتىدىغىنى سىز ئەمەس، مەن، — قىز بىردىنلا مۇڭلاندى، — كۆڭلۈم كۆل سۈيىدەك تىنچ ئىدى، نەدىن ئارا كەلدىڭىز، ئادەمنى ئومۇلدۇرۇپ...

— ۋەدىمىز بارغۇ، — جەۋلان قىزنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئالدى، — شۇ چاغقىچە چىدايمىز - دە.

— يېرىم يىلمۇ، بىر يىلمۇ، تېخى ئۈرۈمچىدىكى قىزلارنى كۆرۈپ مەندەك قۇملۇق گۈلىنى ئۇنتۇپمۇ كېتەمسىز؟

— راست، ئۇنتۇپ قالسام قانداق قىلارمەن

— سىز، — كامالەت ئەركىلەپ جەۋلاننىڭ مەيدىسىگە ئۆرۈپلا كەتتى، — ئەسكى، يۈزسىز، سالپاڭ قۇلاق توشقان.

ئامىراقلىقى كەلگەن جەۋلان كامالەتنىڭ مۈرىلىرىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتىشى ئۇ تۇيۇقسىزلا «توختاڭ!» دەپ پىچىرلىغاچ يۇقىرىنى ئىشارەت قىلدى. جەۋلان ئېگىز قۇم دۆڭلۈكى ئۈستىدىكى بىر تۈپ يۇلغۇن تۈۋىدە ئولتۇرغان ئىككى گەۋدىنىڭ قارا سايىسىنى كۆرۈپ قىزنى چەتكە تارتتى:

— ئۇلار كامال بىلەن لەيلىكەن، — دېدى جەۋلان پەس ئاۋازدا، — يۈرۈڭ، بۇ يەردىن كېتەيلى.

ئۇلار قۇملۇق جىلغا ئىچى ئارقىلىق ئېگىشىپ دېگۈدەك كېتىپ قېلىشتى. لېكىن، لەيلىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— كامال، تويىمىز بولماقچى بولۇۋاتىدۇ، سىز نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟

— تۇيۇقسىزلا بەخت - تەلىيىمىزنىڭ ئۇچىدىن كېلىپ قالغىنىغا ئىشىنەلمەي تۇرىمەن.

— مەنمۇ شۇ. لېكىن بۇ بەختنى جەۋلان بەردى دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز، ۋاي جېنىم، — لەيلى قورسىقىنى تۇتۇپ تولغىنىپ كەتتى، — بالام... بالام تەۋرەپ كەتتى.

— قېنى، مەن تىڭشاپ باقاي، — كامال لەيلىنىڭ قورسىقىغا قۇلىقىنى ياقتى، — راست، ئۇ مىدىرلىدى.

— بالىمىز نېمە دەۋاتىدۇ؟

— ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى جەۋلان قويۇڭلار دەۋاتىدۇ.

— راستما، — لەيلى كامالنىڭ باغرىغا بېشىنى قويدى، — مەن دېيەلمەي تۇرغان گېپىمنى سىز دېدىڭىز.

— مەن دېمىدىم، ئوغلىمىز دېدى.

— ئوغۇل ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟

— كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ.

— ئانام: «سىزدىكى ئالامەتلەرگە قارىغاندا ئوغۇل تۇغىسىز» دېدى.

— راستما؟

ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئاي مۇھەببەت مەنزىلىدە كۆپ ھەرەج تارتقان ئىككى ياشنى يورۇتۇپ تۇراتتى. پەستە قومتام كەنتى تۆگە لوكىلىرىدەك بارخانلار، ئاندا - ساندا توغراق ھەم يۇلغۇنلار مانانلىق نۇر ئىلكىدە گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. تۇرخۇنلاردىن ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقىۋاتقان ئاقۇچ ئىس شامالسىز بۇ كېچىدە ئاسمانغا تىكلەنگەن ئاق بادرىلارغا ئوخشايتتى. كامال بىلەن لەيلى قېلىن كىيىنىۋالغان بولسىمۇ، نويابىرنىڭ تۈنجى سوغۇق شامىلى دولىلارنى قورۇپ تۇراتتى.

— لەيلى، قايتايلى، — دېدى كامال لەيلىنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ، — ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ ھويلىنى ئادەم باسىدۇ. بىزمۇ بالدۇرراق ئارام ئالايلى.

ئەتىسى ئەتىگەندە نېۋەخان ئانىنىڭ يەل - يېمىش، دەل - دەرەخلىرىنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلۈپ يالاڭلىقا ئايلانغان قورۇسى بازاردەكلا قىزىپ كەتتى. كەنت تەشكىلىدە ئۈچ ئادەمنىڭ خىيانىتىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ، بېكىتىش خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ھاشىم، ئايشەم، كامالەتلەردىن باشقا جەۋلان، زۇلال، مەتنىياز، ياربەختى، مىنبىگلار باشلىقى مەتسېيىتىم، يەنە تۆردى قاتارلىق بىر قانچە مىنبىگلار قولمۇقول ئىشقا كىرىشىپ كەتكەندى. مەتنىياز، يار بەختى ئىككىسى ھۇجرا ئۆيىنى ئاقارتىۋاتاتتى.

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

كېرىموللا يەنە بىر مىنبىنىڭ يىگىت يەرنى كولاپ ئوچاق ياساۋاتاتتى. كامال، مەتسىلىملار باغ ئىچىدە ئوتۇن يېرىپ تەرلەپ كەتكەندى. زۇلال يەنە مىنبىگىلاردىن بىر قانچىسى قولۇم ـ قوشنىلاردىن كىگىز ـ گىلەم، پالاس يىغىشقا مەسئۇل بولۇپ، كەلگەنلەرنى قېقىپ، سۈپۈرۈپ قاتلايتتى. ھويلىنىڭ ھەممىلا يېرىدە داش قازان، ئەمبەن تاختا، دەستىلەنگەن چىنە ـ قاچا، لېگەنلەر، تاغارلاردا سەۋزە قاتارلىق تويغا تەييارلانغان نەرسىلەر تۇراتتى. ياشلار نېمىلەرگىدۇر ئالدىرايتتى. ئۇنلۇك ۋارقىرىشاتتى. بىر ـ بىرىنىڭ لەقەملىرىنى چىشلەپ چاقچاق ـ ھەزىللەرنى قىلىپ كۈلۈشەتتى. دالان ئۆيدە نېۋىخان، ھەۋزىنىيازخان يەنە ئىككى چوكان تويلۇق يوتقان ـ كۆرپە، ياستۇق تىكىۋاتاتتى. ئۇلار ئىچكىرىكى كىچىك ئۆينى شەرەتلەپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى:

— كېلىن ئاغىچىمىز لەيلى، — دېدى ئاقپىشماق چوكان، — ھېلىتىنلا ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ياسىنىپ ـ تارىنىۋاتامدۇ، نېمە؟ ھا... ھا... ھا...

— قورسىقىمنى نەگە يىغىشتۇرارمەن، دەۋاتقاندۇ تايىنلىق.

ئېگىزگىنە سەپكۈنلۈك چوكاننىڭ بۇ چاقچىقىغا ئاقپىشماق چوكان كۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككى موماينى خاپا قىلىپ قويدى.

— ھەي شەپشەكلەر، مېنىڭ كېلىنىمنى تولا مەسخىرە قىلىشما، — دېدى نېۋىخان ئانا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — ئۇنىڭدەك قولى ئىشلىق، ئايىغى چاققان، كۆزى ئىتتىك كېلىننىڭ پوقىنى دورىيالمايسىلەر، بالىمۇ خۇدايىمنىڭ بەرگىنى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — ھەۋزىنىيازخان گەپنىڭ سېسىقىنى چىقاردى، — يەر مۇنبەت بولسا كۆچەت ئاينىيدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما؟

ھەممىسى ئاسمانباقتى بولۇشۇپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— ھەي... دەرىخا... — نېۋىخان ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى، — ھازىرقى زامانىدا گۈلنى گۈلگە كەلتۈرمەك تەس گەپكەن. كىممۇ شۇنداق بولۇشنى خالايدۇ دەيسىلەر؟

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما نېۋى، — ھەۋزىنىيازخانمۇ نېۋىخانىنىڭ تەرىپىنى ئالدى، — ئۆز ۋاقتىدا ئىگەمبەردى دېگەن نائەھلى خەت قىلىپ بەرگەن بولسا، شۇ ئىش يۈز بېرەرمىدى؟

— راست دەيلا ھەۋزىنىيازخان ئانا، ساھىبقىران بىر يىگىت يېنىمدا چۆرگىلەپ يۈرسە، مەنمۇ چىدىيالمايمەن...

ئاقپىشماق يۇملاق چوكانىنىڭ بۇ گېپى ئۆگزىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى.

— ھېلىغۇ سەن خېلى ئۆز، — دېدى سەپكۈنلۈك چوكان، — مەن چېغىمدا يۈزۈمگە چۈمپەردە تارتىۋېلىپ ياستۇققا چىللايتتىم، ھا... ھا... ھا...

— ھەي دېغراپ قالغان قىسىر ئىنەكلەر، — ۋارقىرىدى ھەۋزىنىيازخان، — قىملداپ قالغان بىر نېمەڭنى جۇپ يۇملاق قىسىپ ئىش قىلىشە، بۇ يەردە كامىلاخۇننىڭ ئانىسى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشما.

ھەۋزىنىيازخانىنىڭ يالىڭاچ تەنبىھى كۈلكىگە سەۋەب بولدى.

— نېۋىخان ئانا، ھەۋزىنىيازخان ئانا، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، — سەپكۈنلۈك چوكان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ يۇملاق چوكانىنى ئىما قىلدى، — توي كۈنى بۇ ئادىشىم بىلەن لەيلىخانىنى شۇنداق جابدۇۋېتەيلىكى، ئۇنى قۇمىتاملىقلار قايسى چىمەنتاغنىڭ ئاھۇسىكىن دەپ قالسۇن!

تاشقىرىقى ئۆيدە ئەنە شۇنداق كۈلۈشمەك بولۇۋاتقاندا، ئىچكىرىكى كىچىك ئۆيدە چىرايلىق كىيىنىۋالغان لەيلى توي خېتى ۋە توپۇس دەپتىرىگە قاراپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۇرتى ئەنخۇي پاقىلىقتىكى ئاچارچىلىقلار،

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئىككى ئۆكىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى، پويىز ئىستانسىسىدا يوقاپ كەتكەن چوڭ ئىنىسىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى ئېسىگە چۈشۈش بىلەن ئۇ ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. لەيلى بالىلارنىڭ چوڭى ھەم قىز بولغاچقىمىكىن، بىچارە ئانا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ لەيلىنىڭ بېشىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— قىزىم، سەن ياۋاش، ساددا، ئاق كۆڭۈلسەن، تەڭرىم ئۆزۈڭگە ئوخشاش بىرەر ئىنساپلىق يىگىتنى ساڭا جۈپتى ھەمراھ قىلىشنى نېسىپ قىلغاي، — دېگەنىدى.

لەيلى توي خېتىنى باغرىغا باسقان ھالدا مۆل ـ مۆل يىغلاپ تۇرۇپ ئاستا پىچىرلىدى:

— خاتىرجەم يېتىڭ ئانا، مەن... مەن بەختىمنى تاپتىم... بىر ئۇيغۇر يىگىتى سىز ئارزۇ قىلغان بەختنى ماڭا ئاتا قىلدى.

چۈشلۈكى ھويلىدا ئىشلەۋاتقان ياشلار ئۆيلىرىگە قايتىشمىدى. ئۇلار چوكانلار ئەتكەن بىر چوڭ قازان ئۇگرە ئاشنى ئولاش ـ چولاش ئىچىشتى. بەزىلىرى ئىشقا زاغرا ئۇۋاپ، يەنە بەزىلىرى يۇمشاق ئارپا كۆمەچنى تۇگۇرۇپ قورساق يوملاشتى. ھۇجرا ئۆي ئاقارتىلىپ، ئوتۇنلار يېرىلىپ، كولانغان ئوچاققا قازان بېكىتىلىپ، يىغىلغان كىگىز ـ گىلەملەر قېقىلىپ بولغۇچە كۈن ئۆز ئۇۋىسىغا باش قويدى. ئەمدى ئەتىكى ئىشلار تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ھۇجرا ئۆينى جابدۇش، سەۋزە قەلەم قىلىش، قويلارنى سويۇپ تەييارلاش، توي نېنى يېقىش دېگەندەك ئىش تۈرلىرىنى ئۆزئارا تەقسىملىشىۋاتقان ياشلار ھويلىدا ئارام ئالغاچ چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. ھويلىغا بىر ئات قوشۇلغان ھارۋا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ھارۋىكەش بالا بىلەن ئەيسايۇپ سەكرەپ چۈشتى. جەۋلان، زۇلال، كامال، مەتنىياز، كېرىمموللا قاتارلىق ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئەيسايۇپ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ھارۋىدىكى تاغارلارنى «ماۋۇ

گۆرۈۋچكەن»، «بوغدايمۇ باركەن» دېيىشىپ چۇشۇرۇشتى. جەۋلان بىلەن كامال پۈتى باغلانغان قوي بىلەن قاپاقلاردىكى مايلارنى ئاۋايلاپ يەرگە ئېلىشتى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئەيسايوپ ھەممىگە تەكشى قاراپ، — جەۋلاننىڭ جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بارنىياز شوجى بىر تاغار بوغداينى قوشۇپ ئەۋەتتى. تويىنىڭ نېنىنى راسا ئوخشىتىپ يېقىڭلار.

كۆپچىلىك خۇشاللىقتىن چۇرقىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. لېكىن سەل خىجىل بولۇپ قالغان جەۋلان ئۆزرە ئېيتقاچ چاقچاق قىلدى.

— بارنىياز شوجىغا رەھمەت، توي باھانىسىدە قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ گېلىنى بىر مايلىۋالىدىغان بولدۇم - دە!

جەۋلاننىڭ چاقچىقىدىن ھەممە بىردەك كۈلۈشتى. ئۇنىڭغا يانداپلا قىلغان ئەيسايوپنىڭ چاقچىقى كۈلكىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى.

— ئارقا ئىشىك قىلاي دەپسەن - دە، لېكىن پۈتۈن كەنت دېھقانلىرىنىڭ ئاغزىنى مايلاپ بولۇشۇڭ ناتايىن.

— يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن، كەنت تەشكىلىدىن ھەم كامالنىڭ بولۇپ جەمئىي ئۈچ قوي بىر قېتىملىق ئېغىز مايلاشقا يېتىپ قالار.

قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازلاردىن ئۆي ئىچىدىكى چوكانلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى.

— بىزنىڭ ئەترەت بىلەن مەتنىيازنىڭ ئەترىتى ئاغىنىمىز كامالنىڭ تويىغا بىردىن ئىككى سەركە ئاتاپ قويغان.

زۇلالنىڭ ھىممىتىنى ئاڭلىغان ياشلار «ئوھوي!...» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

— ئەيسايوپكا، ئەمدى نېمە دەيسىز؟ — جەۋلان بەش بارمىقىنى كۆرسەتتى، — سويۇلىدىغان مال بەش جۇمۇڭ، بەش!

ئەمدى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى باشلىقلارنىلا ئەمەس، ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى بولسىمۇ ئاغزىنى مايلىيالايمەن.

ھويلا كۆلكە ـ چۇقان بىلەن تولدى. ياشلار جەۋلانغا زوقلىنىپ قاراشتى. دەرۋەقە ئۇنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرىلا ئەمەس، ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى ئالدىدىمۇ يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ چوڭلۇقىغا ھەيران قېلىشتى. بولمىسا كامالدەك ھارۋىكەشنىڭ تويىغا كىمنىڭ ئىلا ـ تەتۈرى! ئەمما، ھازىر ھەممىنىڭ بۇنداق تەۋرەپ كېتىشى يەنىلا شۇ جەۋلاننىڭ يۈزىدىن بولۇۋاتامدۇ! كۆرۈڭ! «ئۈچ يىلدا بىر كۆلمەس» بارنىياز چېغىدا تاغارلاپ گۈرۈچ، بۇغداي، قوي، مايلارنى ئەۋەتكىنىنى قارىمامدىغان! بۇ كامالنىڭ تويى ئەمەس، بەلكى نەچچە يىلدىن بېرى ئۈچ بۆرىنىڭ بۇلاپ ـ تالىشىدىن يوقسۇزلۇق، خورلۇق ئازابىدىن روھى سۇنغان قۇمتاملىقلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش، جاسارىتىنى نامايان قىلىش تەنتەنە ئەنجۈمەنى ئىدى!

— ئەيساپۇپكا، — دېدى جەۋلان، — بۇ نېمىدېگەن باياشاتچىلىق ھەم كۆڭۈللۈك توي! مۇشۇ باھانىدە مەنمۇ ئۆيلىنىۋالسام بولغۇدەك.

بىردەملىك جىمىققان كۆلكە يەنە كۆتۈرۈلۈشى ھويلىغا ئەمدىلا كىرىپ كەلگەن كامالەت جەۋلاننىڭ سۆزىدىن قىزىرىپ ئورنىدا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ياشلار قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈۋېتىشتى. كامالەت يۈزىنى تورىغىنىچە ئۆرۈكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى.

نېۋىخان ھويلىسىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆلكە ـ چاقچاق، ۋاڭ ـ چۇڭلار مەھەللىنىڭ خېلى يىراق بۇلۇڭلىرىغا ئاڭلانماقتا ئىدى. باياتىن بېرى ئولتۇرالمايلا قالغان ئىمىن تاز تام ياقىلاپ، دەرەخ دالدىلىرىدىن غىپىلداپ مېڭىپ ھويلىغا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇ ئېرىق بويىدىكى بۇككىدە چاتقاللىشىپ كەتكەن ئازغان تۈپى ئارقىسىدىن بويۇنداپ قارىدى. ئۇ ئات ھارۋا ئەتراپىدا تۇرغان

تىكلەكلىك تاغار، قاپاق، قويلارنى، چاقچاقلىشىۋاتقان ئاغىنە ـ ئۆڭگىلەرنى، بولۇپمۇ ئەيسايۇپنى كۆرۈپ كۆزلىرى چۈمچۈكلەپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە: توۋا، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىمۇ كەپتىيا، شۇنچە بىرەرنىمىلەرنى كامالنىڭ تويىغا ئەكەلگەن ئوخشىمامتا؟ دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇ مىنبىلىك ئەترىتىدىن قوغلانغاندىن بېرى قۇمتاملىق بۇرادەرلىرىنىڭ قېشىغا بارالمايدىغان، ئۇلار بىلەن ئىشەنچلىك سۆزلىشەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندى. چۈنكى، ئۇ مىنبىلىك ئەترىتىدىكى چاغدا قاقشاتمىغان ئادىمى قالمىغاچقا، دېھقانلارمۇ ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى. ئىمىن تاز كېيىنگە بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشى ئەيسايۇپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، ئاستا يېنىپ كېلىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدى:

— ئاغىنىلەر، ياشلارنىڭ راسا بىر ئىچىلىپ ـ يايرىۋېلىشى ئۈچۈن ھېلىقى زەمزەمدىن بولۇپ كەتكەن بولسا تۈز تامىتتى ـ ھە؟

— ۋاي، ۋاي، ۋاي، — كېرىمولا بېشىنى گىلدىڭلىتىپ سۆز باشلىدى، — خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى دېگەن غۇچچىدە ئەقىلىكەنغۇ، قاراڭلار، نېمىدېگەن ئەتراپلىق ئويلىغان! ئۇنداق نەرسىلەر بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولدۇق دەڭا باشلىق.

— مېنىڭ پۇتۇمغا ھۆل خىش قويالىغۇدەك بولغاندىن كېيىن قۇمچاقاردىن ئىككى قاپاق مۇسەللەس ئالغاچ كېلەي.

ئەيسايۇپنىڭ بۇ ئىلتىپاتى ياشلارنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ «ئا!...» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

— مېنىڭ «قۇماقتى»، «ھون»لاردىكى بىر نەچچە ئاغىنەم ئۆزلىرى ئىچىشتىقان مۇسەللەستىن ئۈچ ـ تۆت قاپاق ئەكەلمەكچى.

كامالنىڭ بۇ «خۇش خەۋىرى» دىن ياشلار تېخىمۇ چۇقان ـ

سورەن كۆتۈرۈشتى. مۇسەللەسنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئىمىن تاز تاماقلىرىنى تاشلاپ، تۇكۇرۇكىنى يۇتتى ـ دە، ئاستا غۇدۇڭشۇپ قويدى:

ــ مۇسەللەس!... پاھ، پاھ! بۇ گۇيلار تويدا راسا پەيزى قىلغۇدەك، تويغا مېنىمۇ چاقىرارمۇ؟

ئىمىن مۇسەللەسنىڭ ئىشتىياقىدا تامىقىنى چاكىلدىتىپ تۇرۇشى كېرىمۇللانىڭ «ھەي يار بەختى» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن يۈرىكى قارتتىدە قىلدى ـ دە، ئۇ چاتقاللارنى قايرىپ قايتىدىنلا بويۇنداپ قاردى. راستلا يار بەختى ھارۋىنىڭ شوتىسىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. كېرىمۇللا ئۇنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىۋاتاتتى.

ــ قۇمتام بويىچە سەندەك كەپتەرۋاز يوق، كەپتەرلىرىڭمۇ 4 ~ 5 يۈزدىن ئاشقاندۇ؟ تويدا 40 ~ 50 كەپتىرىڭنىڭ مەرىدىن كېچەرسەن، مۇسەللەسنىڭ يارىشىقى قىلمايمىزمۇ.

ــ ھەر ئازنە بازاردا ساتقان كەپتەرلىرىم ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە يېرىمىدىن كۆپرەكى قايتىپ كېلەتتى. تويغا ئاتىغان كەپتەرلىرىم قايتىپ كەلمىسىمۇ، ــ ياربەختىنىڭ سۆزىدىن ھەممە كۈلۈشتى، ــ بوپتۇ، جەۋلان بېگىمنىڭ يۈزى ئۈچۈن ئاتمىش كەپتەر ئاتىدىم.

ــ ھەي مۇسۇلمان، ئۆزلىرىنى دەڭسەپ، يۈرەكلىرىگە قول سېلىپ بېقىپ ۋەدە قىلالا، ــ دېدى يار بەختىنىڭ ئايالى ھۆرىگۈل، ــ ئاتمىش كەپتەرنىڭ ئوت ـ پىراقىدا چىرايلىرىدىن ئاتمىش كۈن بوران ئۈچمىسۇن.

ھۆرىگۈلنىڭ گېپىدىن ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشتى.

ــ نېمە دەيدۇ ماۋۇ خوتۇن، ھېلىغۇ كەپتەركەن، ــ يار بەختى باشقىلارنىڭ كۈلۈشىدىن ئىزا تارتىپ قالغاندى، ــ تېخى ئۆگۈنلۈككە تويغا ئۇلگۈرتۇپ، ئىچىگە كەپتەر باچكىسى

سىلىنغان مۇسەللەستىن بىر كۆپنى ئىشەك ھارۋىسىغا بېسىپ كېلىمەن. جەۋلان بېگىملا قولىقى مىدىرلىغۇچە ئىچمىسۇن، بىزمۇ قولىقىمىز مىدىرلىغۇچە ئىچىپ باقايلى.

ھەممىسى «ئوغۇل بالا»، «يارايسەن»، «قالتىس جۇمۇ سەن» دېيىشىپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

— ھىم، ماقۇلە، يار بەختى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ بۈگۈن كېچە بۇ يەردە سەۋزە توغراپ، باغلارنى تۇزلەپ مېھمانلارغا ئورۇن راسلاپ، خوتۇنلار ھۇجرا ئۆينى جابدۇپ، ئاسانلىقچە بىكار بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆگزىدىكى كەپتەرخانىسى... بۇ كېچە راسا پەيتىكەندە...

ئىمىن تاز ئارقىغا يېنىپ تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كەپتەرخانىنىڭ قۇلۇپىنى قايرىيدىغان ئامبۇر، بولقا، كەپتەر قاچىلايدىغان تاغار تەييارلىمىسا بولمايتتى. تېخى بىرەر ياردەمچى بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. مادا، باچكا كەپتەرلەر ياۋاش بولغىنى بىلەن «نە» كەپتەرلەر تاغار ئىچىدىمۇ بۇقۇلداپ، قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ ئىگىسىگە شەپە بېرەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كارنىيىنى پات - پات بوغۇپ ياكى سۇمبىسىگە ئۇرۇپ قويسا جىمىپ قالاتتى. ئىمىن ئالدىراپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ھابىلغا دۇقۇرۇشۇپ قالدى. خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىمىن كۆڭلىدە: خۇدا دېگەن بەندىسىگە، ئەكېلىپ بىرەر مەلىسىگە، دېگەن شۇدە، دەپ ئويلىدى. ئۇ ھابىلنى چەتكە تارتىپ خېلى ئۇزۇن كۇسۇرلىدى. لېكىن، ھابىل ھېچ مەنىستىمىگەندەك گىدىيىپ تۇراتتى. ئۇ تېخى دىمىغىدا خىخىلداپ قويۇپ، «شۇ ئىشمىدى» دەپ قويدى.

— زادى قىلامسەن، قىلمامسەن؟ — دېدى ئىمىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — بىر بازاردىلا پىتلىنىپ قالىمىز.

— هازىر قارا، — هابىل چىرتتىدە توكوردى، — بۇنداق ئۇششاق - چۇششەك ئوقەتلەرگە چولام يوق.

— نېمە، ئۇششاق - چۇششەك ئوقەت؟ — ئىمىن تېرىكتى، — تېخى ئۆتكەندىلا بىرەر ئوقەتنىڭ ئىپى بولۇپ قالسا، مېنىمۇ قېتىۋال، نەشە پۇلىنى تاپسامۇ ھېساب، دەۋاتماتتىڭ؟

— ئۆتكەن دېگەن ئۆتكەن، هازىر دېگەن مەن ئۆيلەنسەم بەش قېتىم قىز ئالغۇدەك، بىر مېھمانسارايى سالغۇدەك پۇلغا ئېرىشىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. ئۇنى ئالسام سەن بۇ قۇملۇق چۆلدىن مېنىڭ سايەمنىمۇ تاپالمايسەن.

— هە، ئاسماندا ئۇچامسەن؟

— ياقەي، — هابىل گارتتىدە كىكىرىپ قويدى، — تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىمەن. ئۇ يەرلەرنىڭ بىر ئېرىقىدا شەربەت، بىر ئېرىقىدا كەۋسەر ئاقارمىش.

— پاھ، مۇنداق دېگىن، — ئىمىن كېتىۋاتقان هابىلنىڭ ئارقىسىدىن تىللىدى، — ئىلاھىم شەربەت بىلەن كەۋسەرگە ئەمەس، ئىت پوقىغا نېسىپ بولارسەن. ھەرقانچە مال - دۇنياغا ئۇچرىساڭمۇ، بىلىپ قوي خەزىنە بار يەردە يىلان بار، ئەجىلىڭدىن بۇرۇن ئۆلەرسەن قارىۋاتقۇ، قارا مەدەك...

هابىل يول بويى ئىت - مۈشۈكنىڭ سايىسى يولۇقسىمۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ بولجالىقتا يېتىپ كەلدى. چوڭقۇر ئېرىق ئىچىدىن ئۆمىلەپ، ئەپلىك يەرگە مۆكۈنگەندىن كېيىن چاۋارنىڭ بېغىنىڭ ئارقىسىغا خېلى ئۇزۇن زەن سالدى. بىرەر كىمنىڭ تاماكا ئوتى ياكى سايىسى كۆرۈنمىدى. خورەك تارتقان، پۇشۇلدىغان، يۆتەلگەن ئاۋازمۇ ئاڭلانمىدى. ئۇ ئىچىدە: ئىمىن تاز يالغان ئېيتماپتۇ، ھەممە مىنبىگلار كامالنىڭ قورۇسىدا ئىكەن - دە، دەپ ئويلىدى. هابىل سوڭگۇچتىن ئۆمىلەپ

كىرىشكىلا چاۋار ئۇنىڭغا ئېگىشىپ قاراپ تۇراتتى. ئايدىڭدا ئۇنىڭ قىياق كۆزلىرىنىڭ پاختىسى قىزغۇچ يالتىراپ كەتتى.

— باغ ئارقىسىدا بىر كىم يوقتۇ؟ — سورىدى چاۋار، ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل جىددىيلىك بار ئىدى.

— ھېچكىم يوق، مىنىبىگلارنىڭ ھەممىسى كامالنىڭ قورۇسىدا، خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئوخشايدۇ.

— شۇڭا ئىشىك ئالدىغىمۇ مىنىبىگ قويماپتىكەن - دە، بەك ياخشى بولدى.

چاۋار ھابىلنى باغ ئىچىگە تارتىپ كىلىپ ھاياجان تىترىكى بىلەن جىقلا بىر نېمىلەرنى كۆسۈرلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككى باغلام پۇلنى تۇتقۇزۇپ، «قالغان پۇل بىلەن ئاشلىق بېلىتى»نى «ئىش» تۈگىگەندە ئالىسەن... دەپ قويدى.

— چاۋاركا، مەن... مەن قورقۇۋاتىمەن.

— ھەي، سەن ئەركەكمۇ ياكى خوتۇن كىشىمۇ، ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىدىغان قەسىمىڭ شۇنچىلىكمىدى؟ — چاۋار تېخىمۇ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى، — بۇ ئىشتا سەنمۇ، مەنمۇ تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق چىقىپ كېتىمىز، مەتسىدىق جەۋلاننىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ ئۇ ئۆزىنى...

— ئۇقتۇم، — ھابىل سۇس تىترەۋاتاتتى، — ئۇ ئۆزىنىڭ ئارغامچىسى بىلەن... خۇددى ھاشىم ئۆزىنىڭ ئارغامچىسى بىلەن ئۆزى ئوغرى بولۇپ قالغاندەك...

— ھەببەللى، يەنە قورقساڭ، ئۆزۈم چاقىرىپ كېلىمەن، بۈگۈن مىنىبىگلار يوقكەن، — چاۋار سىنچى كۆزلىرىنى تىكتى، — پەقەت مەن سېنى تاغ ئارقىسىغا كەتسە، مۇساپىرچىلىقتا پۇلدىن قىسىلىپ قالمىسۇن دەۋاتىمەن. لېكىن، زورلىمايمەن، بايىقى

ئىككى باغلام پۇلنى بېرىۋېتىپ كەتسەڭمۇ بولىدۇ.

ـــ ما... ماقۇل، مەن... مەن باراي.

ئىككى باغلام پۇلنى قايتۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، يەنە ئۈچ باغلام پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتىنىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان هابىل «ئىش»نى بالدۇرراق تۈگىتىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭغانىدى، چاۋار ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى.

ـــ هەي توختا، هېلىقى كۆك تاشلىق خاتىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىسۇن، ئەگەر ئۇنى ئەكەلمەيدىكەن، ئۇنىڭغا بېرىدىغان پۇل يوق، ئوچۇق ئېيت. مەن سىلەرنى يۇلغۇنلۇقتا ساقلايمەن.

هابىل سۆڭگۈچ ئارقىلىق چىقىپ كېتىشى چاۋارمۇ ئۆيىگە كىرىپ، هابىل مەتسىدىقنىڭ هويلىسىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن ئارغامچىنى پۇرلاپ قوينىغا سالدى. پىچىقىنىڭ بىسىغا ۋە ئۇچىغا بارمىقىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ، مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئانامنى يوقلاپ كېلەلمىدىم، دەپ ئۇششاق گېپى تۈگىمىگەن ئوغۇلخان بۈگۈن ئەتىگەندىلا قوغۇن، بېهى، ئۈزۈم قاچىلانغان خۇرجۇنى ئېشەككە ئارتىپ كېتىپ قالغانىدى.

يالغۇز قالغان چاۋار دەرۋازا يوچۇقىدىن باغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ شور تامدىن ئورمانلىقنى كۆزىتىپ، هويلىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدا ئادەم يوقلۇقىغا كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىنلا سۆڭگۈچتىن قىسىلىپ چىقىپ، چوڭقۇر ئېرىق ئىچىدە ئۆمىلەپ كېتىپ قالدى. ئۇ بولجاللىققا يېتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ ئېرىق ئىچىدە تۇرۇپ ئەتراپقا ئۇزۇن سەپسالدى. قۇم توپىلىق كوچىلار، پاكار دېهقان هويلىلىرى، يول چېتىدىكى تىكەنلىك جىگدە قاتارلىرى جىمجىت ئۇيقۇدا ئىدى. ناگان ـ ناگاندا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، هۇۋقۇشنىڭ «هۇۋ، هۇۋ، هۇۋ...» دەپ شۇملۇق

چاقىرىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى. چاۋار ئورنىدىن شىپىرىدە تۇرۇپ، قۇم يېيىغ تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ بۇ پەس دۆڭلۈكنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، تۇنجى قېتىم ئاشلىق ئامبىرىنى تەكشۈرگىلى كىرگەندە، جەۋلاننىڭ دېگەن مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلەپ، چىشلىرى غۇچۇرلىدى:

— «چاۋار، مەن سېنىڭ تېگى - تەكتىڭنى سۈرۈشتۈرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ...»

— «سەن دېھقان بالىسىدەك قىلمايسەن، پەمىچە بېشىڭدىن جىق ئىشلار ئۆتكەن ئادەمدەك قىلىسەن...»

«دەرۋەقە يامان نېمىكەنسەن» دەپ تەن بەردى چاۋار. ئۇ جەۋلاننىڭ سىياسىي قانۇندا ئوقۇغانلىقى ئۇنىڭ ئەزەلدىنلا ئۆتكۈر زېھنىياتىغا قانات بەرگەن، دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا، جەۋلان ھەرقانداق ئادەمنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئىش - ھەرىكىتى، قىسقىسى رەپتارىغا قاراپ باھا بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. ئۇ قۇمتامغا تۇنجى كەلگىنىدە «كىچىك بالىنى ئەۋەتىپتۇ»، «تېخى ئوقۇغۇچىكەن»، «بىرەر چوكان ئارقىلىق قاپقانغا دەسسىتىمىز» دەپ چوتىنى خاتا سوققان چاۋار مانا ئەمدىلىكتە ئاچچىققىنا كۈلۈپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ چولتىلىقىغا، تەدبىرىنىڭ سۇسلىقىغا كۈلگەنلىكى ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقلىي كارامىتىگە، پىشقان ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە تاغدەك ئىشىنەتتى. جەۋلان تېخى ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەكچىكەن! ئۆزۈڭغا چىقسۇن!! ھازىرغىچە چاۋارنى كوچىلاپ ھېچكىم تېگىگە يېتەلمىگەن! بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەرگىز يېتەلمەيدۇ. تېخى مەتسىدىق ئۈچۈن خۇن تۆلىمىگەن ھالەتتىمۇ يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ قۇمتامدىن يوقىلىدۇ! ئۇنىڭ «خىيانىتىڭ سېنى ئۈچ قېتىم ئىتتىشقا يېتىدۇ»، «قولۇڭغا كويزا چۈشكەندە، پۇشايمان قىلىپمۇ

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

ئۈلگۈرەلمەيسەن...»، «باشقىلار ئۈچۈن جېنىڭنى سېلىپ بەرمەكچىمۇ؟» دېگەن گەپلىرىڭ مەتسىدىقنىڭ نەچچە كېچىلەر ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەپ يىغلىغانلىرىنىڭ ھەم ئۆلۈۋېلىشىنىڭ سەۋەب، ئىسپاتى بولۇپ قالدى... مەن سېنىڭ غەم ـ ئەندىشە ئىلكىگە ئالغان چىرايىڭنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار...

تەكلىماكان ئاسمىنىدا مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇرغان ئاي بۈگۈنكى سۈرلۈك كېچىدىن قان ھىدى كېلىۋاتقاندەك ئادەملەرگە ھەيران بولۇۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى!...

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# چايانىنىڭ ئاخىرقى ئىشى

ئېغىر ئەل ياتقۇ ۋاقتى بولمىغان بولسىمۇ، كېچە قاراڭغۇ ئىدى. ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئاينىڭ نۇرىدا ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ئېنىق بولمىغان ئىزنالىرى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. تۈن ئوغرىسى ئىمىن تاز ياربەختىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى سۆگەتلىككە شىپىلداپ يېتىپ كەلدى. بۇ سۆگەتلەر قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۈستى تەرىپى كاللەك ئۆرۈۋېتىلگەن بولۇپ، كاللەك ئەتراپىدىن بىر خىل چوڭلۇقتا ئۆسكەن تاللىرى بادىرىغا ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئۈستى تەرىپى خۇددى سالۋا تەلپەك كىيىۋالغان ئادەمگە ئوخشايتتى. بۇ بادىرىلار كەتمەن دەستىسىدەك بولغاندىن باشلاپ كېسىلىپ تال بوستانلارغا، ئۆيلەرنىڭ ۋاسا، ۋادەكلىرىگە ئىشلىتەتتى. بۇ سۆگەتلىكتىن ئۆگزىگە بېكىتىلگەن پەغەز ھەم كەپتەرخانا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىمىن كەپتەرلەرنىڭ ئۈيقۇلۇق بۇقۇلداشلىرىنى، تۇخۇمدىن چىققىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان باچكىلارنىڭ «ۋىغ... ۋىغ... ۋىغ...» قىلىغان سايراشلىرىنى ئاڭلاپ جانلاندى. ئۇ كەپتەر سولايدىغان يوغان ئاق خالتىنى بېلىدىكى پوتىسىغا قىستۇرۇپ، قونداقتا بويۇندىغان توخۇدەك ئۇ يەر - بۇ يەرگە تەمشىلىپ باقتى. ئاندىن ئۇچى تەرىپى ئۆگزىگە يېتىۋالغان چوڭ بىر تۈپ سۆگەتكە يامىشىپ چىقتى. بادىرىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەخىرامان ئولتۇرغۇدەك ئورۇن بولۇپ، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇششاق چىۋىقلار

# ئەكسلىماكان ئۆيلى (2)

چاڭگىلىشىپ كەتكەچكە پەستىكى ئادەمنى ئانچە كۆرگىلى بولمايتتى. ئىمىن بادرىلارنى تۇتۇپ، ئەمدىلا ئۆگزىگە چۆشەي دەپ تۇرۇشى يىراقتىنلا بىر كىملەرنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىم بولدى. ئۇلار يېقىن كېلىشى بىلەن ئاۋازلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى. ئىمىن ئىچىدە: بۇ ھابىل بىلەن مەتسىدىق بوغالتىر ئوخشىمامدۇ دەپ ئويلىدى. ئاڭغىچە ئۇلار ئىمىن چىقىۋالغان سۆگەت تۇۋىگە كەلگەندە، مەتسىدىق توختىغانچە ئالدىغا بىر قەدەممۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— راست گەپنى قىلە، مەن تېخى پۇلنى ئۆيدە بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دېسەم سەن مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسەن؟

— مەتسىدىقكا، نېماندىاق دۆتلۈك قىلىسەن. چاۋار، ئىگەمبەردى ھەم سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ ئەتراپى غىلتاڭ مىنبىلىك تۇرسا، — ھابىل قوللىرىنى سىلكىدى، — سېنىڭ ئالدىغان پۇلۇڭ ئاز بولمىسا، تۇيۇقسىزلا مىنبىڭلار يوپۇرۇلۇپ كىرسە، شۇنچە نۇرغۇن پۇلدىن ئايرىلىپ قالامسەن.

— نەدە مىنبىڭ بار، مەن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ كۆرمىدىم.

— ھازىر ئۇلار سىلەرنى يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتىدۇ. قاراۋۇللۇقتا ئاشكارا تۇرمايدۇ.

مەتسىدىق جەۋلاننىڭ: «ئىككى كۈندىن بېرى كېچىدە چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىلەرنىڭ ئۆيىگە قاترىدىڭ، بۇنىڭدىنمۇ تان» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئەسلەپ قالدى. توغرا، مەتسىدىق ئەتراپىغا نەچچە قېتىم سىنچىلاپ قاراپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇلارنىڭكىگە بارغان تۇرسا، لېكىن جەۋلان پال سالغاندەكلا بىلىۋاپتا. ئۇلارنىڭ مىنبىڭلارنى يوشۇرۇن قويغىنى راستكەن ـ دە...

— ھە، نېمىگە ھاڭقىيىپ تۇرىسەن، ماڭمامسەن؟

— پۇلنى مەن ئالسام، سەن نېمىگە شۇنچە كۆچەپ كېتىسەن؟

— مېنىڭمۇ چاۋاركامدىن ئالىدىغان نۇرغۇن پۇلۇم بار...

— نېمە، سېنىڭ؟ ھىھىي، — مەتسىدىق مەسخىرە بىلەن دىمىغىنى قاقتى، — نەشە پۇلى ئالغىنىڭغا خۇش بولە سولتەك.

— مەن دادامدىن قالغان بىر قاشتېشىنى ساتقان تۇرسام، ئىشەنمىسەڭ ھازىرلا بارغاندا سوراپ باق، ئۇ پۇلنى ئالسام سېنىڭ ھېلىقى 82 سوم پۇلۇڭنىمۇ بېرىۋېتىمەن.

— سېنىڭ ئۇ گېپىڭگە جىن - شاياتۇنلارمۇ ئىشەنمەيدۇ، — مەتسىدىق ئاچچىقىدا يەرگە تۇكۇردى، — بىر پۇلنىڭ كۆزىدىن مىڭ ئۆتىدىغان ھابىلاخۇن، تېخى مېنىڭ پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بېرەرمىش!

— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن چاۋاركام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماڭا كايىپلا كەتتى. ئۆز ئادەملەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ مەنمۇ ئوبدان قىلماپتىمەن.

— چاۋاركام زادى نەدە؟

— قۇم يېيىغدىن ئۆتسەكلا بارىمىز، بىزنى يۇلغۇنلۇقتا ساقلىماقچى.

— نېمە، يۇلغۇنلۇقتا؟

— ۋاي بارساڭ بار، بارمىساڭ بارما ئاكا، پۇلۇڭنى ئېلىۋال دېسىمۇ نېزىقايدىكىنا، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن چاۋاركامنى ئىزدىگۈچى بولما، ئەتراپىنىڭ ھەممىسى ئايغاقچى!

ھابىل بىر نەچچە قەدەم مېڭىشى مەتسىدىق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، بىر ئەنسىزچىلىك پۈتۈن ۋۇجۇدىغا چاپلىشىۋالغان بولسىمۇ، پۇلنىڭ مېھرى ئۈستۈن كەلدى. ئۆتكەندە چاۋار: «سەن مېنىڭ تۇغقىنىم تۇرساڭ، سېنىڭ تەلىپىڭدىنمۇ ئارتۇق، كۆڭلۈڭ تىنغۇدەك بېرىمەن، ھەتتا ھابىل ئالداپ ئېلىۋالغان پۇلنىمۇ قوشۇپ بېرىمەن» دېگەن ئىدى. تېخى سائادەت چېغىدا: «كۆك تاشلىق خاتىرە بىلەن قورقۇتۇپ، جىقراق پۇل ئۇندۇرۇۋالايلى» دېمىگەن ئەمەسمىدى. ئەمما، بۇ خاتىرە ھازىر يېنىدا بولمىسا قانداق

قىلغۇلۇق؟ ئەگەر چاۋار: «خاتىرىنى ئەكەلمەپسەن» دەپ پۇلنى بەرمىسە، خاتىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى دېيىش كېرەك. ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا «خاتىرە بار يەرنى پاش قىلىمەن» دېسىلا بولمىدىمۇ؟

— ھىم، — دېدى سۆگەت ئۇستىدىكى ئىمىن، — ھابىل قارا مەدەك بىكارغا يوغان سۆزلىمەپتىكەن ـ دە، مەتىسىدىققا يوشۇرۇن بېرىدىغان قانداق پۇلدۇ؟ تېخى بەك كۆپمىش. خەپ، سەنلەر پۇلنى ئېلىپ قايتقاندا، «تەشكىلگە پاش قىلىمەن» دەپ تۇرۇپ، ئىككىڭدىن شېرىنكانە ئالمايدىغان بولسام.

ئىمىن سۆگەتتىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شەپە چىقارماي، قۇمغا يۇمشاق دەسسەپ، توغراق، يۇلغۇن، قومۇشلۇقلارنى دالدا قىلىپ ئارقىدىن تاپ بېسىپ ماڭدى. مەتىسىدىق بىلەن ھابىل قۇم يېپىسىغىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ پەس قۇملۇقتا كېتىۋاتاتتى. ھابىل پات ـ پاتلا توختىۋېلىپ، ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقان مەتىسىدىقنى «ئەنە يۇلغۇنلۇقمۇ كېلىپ قالدۇق، سەنزە ئەجەب تەرسا ـ دە» دېگەندەك ياغلىما گەپلەر بىلەن يۇلغۇنلۇققا ئېلىپ كەلدى. مەتىسىدىق يۇلغۇن، تىكەنلىك زاغزاغ، بۆرە تاۋۇز، ئاق تىكەنلەر قاپلاپ كەتكەن قۇم دۆڭلۈكلىرىگە، ئاستىنى شامال كولاپ، كۆرمىگىلىغان يىلتىزلار ساڭگىلىشىپ تۇرغان بارخانلارغا، قۇرۇپ ـ قاغجىراپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلارغا ئوخشاپ قالغان قېرى توغراقلارغا قاراپ پۈتۈن تېنىنى سۇر باستى. ھابىلمۇ نېمە ئۈچۈندۇر قورقۇنچ ئىچىدە قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن ئىمىنمۇ بىر ئېگىز قۇم دۆڭلۈكنىڭ كەينى بىلەن ئۆمىلەپ، يەر بېغىرلاپ كېلىپ، چوقىقىدىكى بىر تۈپ غۇژمەك يۇلغۇننىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇندى. بۇ يەردىن يىگىرمە قەدەم ئارىلىقتىكى مەتىسىدىق بىلەن ھابىلنىڭ باشلىرى يۇلغۇنلار ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇم بارخانلىرى زىچ جايلاشقان بۇ قۇم چاتقاللىقى كىچىكى تۈندە بەكمۇ جىمجىت بولغاچقا، ئادەتتىكى

گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى. چاۋارنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىگە ياكى تەييارلىقىنىڭ پۈتمىگەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ھابىل مەتسىدىقنى گەپكە سېلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

— مەتسىدىقكا، بايا تال بوستانغا ئېسىلىپ يۈرسەن، باراڭدا ھازىرغىچە ئۈزۈملىك بارما؟

— بۇ چاغدا باراڭدا ئۈزۈم نېمە قىلسۇن، كىم يايىدىغان ئارغامچىنى بىر كىم ئوغرىلاپ ئاچقىپ كېتىپتۇ.

— نېمە دەيسەن؟ ئارغامچىنىمۇ ئوغرىلامدۇ؟

— شۇنى دېمەمسەن، لېكىن زە، تاشپاختىدا ئەشكەن چىڭ ئارغامچا ئىدى.

ئارغامچىنىڭ گېپى بولۇنۇش بىلەن مەتسىدىقنىڭ كۆز ئالدىدا بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرىكى بىر سۆيىقەستلىك ۋەقە ئايان بولۇشى ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى...

... كېچىكى تۈن ئىدى. چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىق، ھابىللار ئەترەتنىڭ كالىسىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن تويلانغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن شۇملۇق ئالامەتلىرى ئەلەڭلەيتتى. چاۋار تۆرتەكلەنگەن ئارغامچىنى مەتسىدىققا تۇتقۇزدى:

— بۇ ئارغامچا بىلەن كالىنى باغلىساڭ، ھاشىم گۈڭ ئۆزىنىڭ پېيىدە ئېسىلىپ قالىدۇ.

— بۇ ئارغامچىنى مەن كۆرگەن، — مەتسىدىق ھەيران بولۇپ ئارغامچىغا قارىدى، — ھاشىم شۇجىنىڭغۇ دەيمەن، بۇ قانداق بولۇپ...

— مەن بار يەردە، — ھابىل غەلىتىلا ھىجايدى، — بۇ كىچىككىنە ئىشقا ھەيران بولۇش كەتمەيدۇ...

ھابىلنىڭ گېپىدىن چاۋار، ئىگەمبەردىلەر كۈلۈپ كېتىشتى.

... كۆڭلىگە قورقۇنچلۇق گۇمان چۈشكەن مەتسىدىق بىردىنلا هابىلنىڭ كارنىيىنى بوغدى.

— ئەس... ئەسلىدە ئارغامچىنى ئوغرىلىغان سەن ئىكەنسەن ـ دە! سەن... سەنلەر مېنى نېمە قىلىشماقچى ـ هە؟!

هابىل بىلەن مەتسىدىق ئىككىسى ياقا بوغۇشۇپ تۇرغىنىدا يۇلغۇنلۇق ئىچىدىن ئۆمىلەپ چىققان چاۋار تۇيدۇرماي كېلىپ، كىرمەكلەنگەن ئارغامچىنى مەتسىدىقنىڭ بويىنىغا شارتلا سالدى ـ دە، بىرلا كۆچەپ تارتىپ ئۇنى يەرگە گۈپپىدە يىقىتتى. دۈم بولۇپ قالغان مەتسىدىقنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋالغان چاۋار ئارغامچىنى بارغانسېرى چىڭىتماقتا ئىدى. نەپەس ئالالماي قالغان مەتسىدىق تېخىمۇ قاتتىق سىلكىنىپ، تېپىرلاپ قوملارنى تىلغىۋەتتى. جان تالىشىشنىڭ ئاچچىقلىقىدىن شۇنچە يوغان هەم بەردەم چاۋارمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاغدۇرۇلۇپ چۈشۈشكە تاسلا قالدى. ئۇ غەزەپ ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى:

— پۇتىنى مەھكەم باس!

يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىمىن تازنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ ئېغىر هاسىراپ ئاغزىنى مەھكەم قامالىۋالدى. لېكىن، جان قىيىلىش ئالدىدا تۇرغان مەتسىدىقنىڭ كاللىسىدىن زۇلالنىڭ:

— «قوسماق تەس كېلىپ سۇيىقەست قىلمىسىلا بولاتتىغۇ» دېگەن ئاگاهلاندۇرۇشى بىلەن جەۋلاننىڭ:

— «مەنپەئەت دېگەن تولىمۇ تاتلىق نېمە، ئۇنىڭ ئالدىدا كىشىنىڭ جېنى ئىتنىڭ جېنى...» دېگەن سۆزلىرى خىرە ـ شىرە ئۆتتى.

بېشى قومغا پېتىپ، بارغانسېرى تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقان مەتسىدىق بىردەم خارقىراپ، بولجۇنۇپ، تېپىرلاپ بېقىپ ئاخىر جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ئولتۇرغان چاۋار خېلىدىن كېيىنلا سىرتماقنى بوشىتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ مەتسىدىقنى ئوڭدىسىغا ئۆرىگەن ئىدى. ئۇنىڭ چەكچىيىپ

قېتىپ قالغان كۆزلىرى، قان ئارىلاش، ماغزاپ قايىنىغان ئاغزى ھەم پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ ياتقان جەسەت سۇرىدىن قورقۇپ كەتكەن ھابىل غال - غال تىترەۋاتاتتى. چاۋار مەتسىدىقنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ ھېچنېمە تاپالماي ھابىلغا شارتلا قارىدى:

— كۆك تاشلىق خاتىرە يوق تۇرىدىغۇ؟

— م... مەن دېگەنىدىم... يېنىدا با... بار ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

— ھەي مەدەك، ئۆيدىن چىققاندا سورىمىغانمىدىڭ؟

— سو... سورىغان... قوي... قوينۇمدا بار، دېگەندەك قىلغان...

— ھەي مۇناپىق، مەن ساڭا شۇنچە نۇرغۇن پۇل بەرگەندىن كېيىن ئىشنىمۇ كۆڭۈل سۇ ئىچكۈدەك قىلىساڭ بولمامدۇ؟

قۇم دۆڭلۈكى ئۇستىدىكى ئىمىن تاز جالاقلاپ تىترىگىنىچە: ھابىلغا بىرىدىغان شۇنچە نۇرغۇن پۇل قاتىللىق قىلىش ئۈچۈن ئىكەن - دە، دەپ ئويلىدى. «بەش قىز ئالغۇدەك»، «مېھمانساراي سالغۇدەك» كۆپ پۇلغا ھېرىس قىلىۋاتقان ئىمىن پۇل بەرگەننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن قاتىللىق مەيدانىغا بويۇنداپ قارىدى.

— چا... چاۋاركا... — ھابىل قورقۇپقىنا كۈچۈكلەندى، — ئەم... ئەمدى، مېنىڭ قالغان ھەققىمنى بېرىۋەتكەن بولسىلا، مەن... مەن كېتەي.

— نېمىگە ئالدىرايتتىڭ، — چاۋار يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىن قىسقا دەستىلىك تۆمۈر كۈرەكنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ھابىلغا تۇتقۇزدى، — بۇ دېگەن قۇملۇق، ئاسانلا كولىۋېتىمىز، قېنى مۇشۇ بارخان تۈۋىگە بىر ئورەك كولا.

— نېمە، كۆمۈۋېتىمىزما، ئەسلى ئۆزىنىڭ ئارغامچىسىدا...

— توغرا، ئۆزىنى - ئۆزى ئېسىۋالغان قىلماقچى ئىدۇق، لېكىن، — چاۋار كۈنچىقىش تەرەپكە قارىدى، — تاڭ سوزۇلۇپ

قالسا چاتاق، ئۆلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمىز، قېنى تېز بول. ئەمما، ئېسىڭدە بولسۇن، ئەتە ئەتىگەندە «مەتسىدىق قاچتى» دېگەن گەپنى تارقىتىشنى ئۇنتۇما.

— ما... ماقۇل چاۋاركا، دېگىنىڭىزدەك قىلاي... مېنىڭ قالغان پۇلۇم بىلەن ئاشلىق بىلىتىنى...

— بۇ يەرنى كولاپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم بېرىمەن.

— ۋاي - ۋۇي، شۇنچە چوڭ ئىشقا ئارىلىشىپ قالدىم. ئەمدىلىكتە قاچالامدىم، كولاپ بەرسەم بولىدىغاندۇ.

— چاۋاركاڭ گومىنداڭ جازالاش ئەترىتىدە ئىشلىگەندە بۇنداقلاردىن كۆرمىگىنى يولغا سالغان، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، قاچىمەن دېيىشىڭ خام خىيال، — چاۋار يەنە ئىككى باغلام پۇلنى چىقىرىپ بېرىدۇ، — ئەمدى بىر باغلام پۇل بىلەن ئاشلىق بېلىتىنى ئورەكنى كولاپ، مەتسىدىقنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن بېرىمەن.

— رەھمەت چاۋاركا، رەھمەت، — ھابىل پۇلنى قوينىغا سالدى، — سىزنىڭ مىجەزىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ، يولۋاسنىڭ بۇرۇتىنى يۇلغاندەك ئىش قىلارمەنمۇ؟

— مېنىڭ كىملىكىمنى ئوبدان بىلىۋال، مەن ئابدۇش جودا بولىمەن... مەتسىدىقتەك ماڭا يۈزسىزلىق قىلغانلارغا قىلچە رەھىم - شەپقەت قىلىپ ئولتۇرمايمەن.

قۇم بارخان تۈۋىنى كولاۋاتقان ھابىل كۆز چاناقلىرى پۈلتىيىپ، ھېلىھەم ئاغزىدىن قان - كۆپۈك بۈژۈلداپ چىقىۋاتقان مەتسىدىقنىڭ جەسىتىگە قارىغاندا، ئابدۇش جودانىڭ سۈرىدىن پۈتۈن تېنى قارا تەرگە چىلىشىپ قالدى. ئۇ ھەرقانچە ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. رەھىمدىل، قولى ئوچۇق مەرد ھاتەمدەك، دەپ بەيئەت قىلىپ كەلگەن ئادىمى كەسپىي قاتىل، ياۋۇز مەلئۇن، خەلق دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىنىدە، ياش ھاياتىنىڭ

قاپقاراڭغۇ گۆر ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى. ئۇ ئەمدى ئاچچىق ياشلىرىنى دەريا ـ دەريالاپ تۆكسىمۇ قانغا بويالغان ۋۇجۇدىنى، تەنلىرىدىكى قارا داغلارنى يۇيۇشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. ئادەم دېگەن ئەنە شۇ! ھارام مەنپەئەت، قارا نىيەت تەمەسىدە يۈرگەنلەر ھەر كويلاردا بولىدۇ، لېكىن ھالالنىڭ جاپاسىدىن ھارامنىڭ ئازابى دەھشەت ئىكەنلىكىنى ئويلىمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئۆتنە ئالەم ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئەسلىرىگە ئېلىشمايدۇ. شۇنداق! بۇنداقلارنىڭ ئۆمۈر مەنزىلىدە باسقان ھەر قەدىمى دەككە ـ دۈككە، قورقۇش، ۋەھىمە، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ!

پۇت ـ قوللىرىدا مىسقالچە مادار قالمىغان، بىر تاغار گۆشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىمىن مېڭىپ، ئۆمىلەپ، يۇمىلاپ بولسىمۇ ئارقىغا يانالمىدى. قىسقىسى ئۇ مىدىرلاشقىمۇ قورقۇپ، قانلىق مەيدانغا قاراپ ياتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىزلا چاۋارنىڭ مەتسىدىقنىڭ قولىدىن سۆرەپ بەلگىچە كولانغان ئورەك ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.

— مانى ئۆرەككە تاشلاپ، كۆمۈۋېتىپ، ئاندىن كەتسەڭ بولىدۇ.

زوۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ قالغان ھابىل مەتسىدىقنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ، ئورەك تەرەپكە مېڭىشى چاۋار پىچىقىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا كەلدى ـ دە، بىقىنىغا بىر ئۇرۇش بىلەن پىچاقنى دەستىسىگىچە پاتۇرۇۋېتىپ يەنە تارتىۋالدى. ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ھابىل قۇمدىلا تىزلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ قوينىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ قوينىغا سالغاندىن كېيىن ئېڭىكىدىن قايرىپ تۇرۇپ كارنىيىغا پىچاق سۇردى! قان شارىلداپ ئورەككە تۆكۈلۈۋاتقاندا، نەدىندۇر «ھا!...» دەپ قىسقىلا توۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالغان چاۋار پىچىقىنى قۇمغا سانجىپ قويۇپ، ئەتراپقا

تېخىرقاپ قاراپ قالدى. لېكىن، ئۇ ھۇۋقۇشنىڭ «ھۇۋ، ھۇۋ» دەپ سايرىغان ئاۋازى بىلەن يېقىنلا بىر يەردە قانات قاققاندەك شەپىلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى ـ دە، ھابىلنىڭ جەسىتىنى ئورەككە ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ دۈۋىلەنگەن قۇملارنى شۇنداق تېزلىك بىلەن ئىتتىرىپ ئورەكنى تىندۇرۇۋەتتى.

ـــ ھابىل، سەن سادىق ئىت ئىدىڭ! «ئال...» دەپ بولغۇچە جان يېرىگە ئېغىز سالاتتىڭ، ـــ چاۋار ئىزناسىمۇ يوق قەبرىگە قاراپ تۇراتتى، ـــ لېكىن جىق ئىشلارنى بىلىپ كەتتىڭ، ھاشىم ۋەقەسىدىن، قۇم بارخانلىرىغا مال ـ دۇنيا كۆمۈش، قىر دەريا سايلىقىغا ئاشلىق يۆتكەش، لەيلىنى يامان جاڭگالدا ئېزىقتۇرۇش، مەتسىدىقتەك ئاسىي بەندىنى بۇ دۇنيادىن ئۈزۈتىپ قويۇشقا قەدەر جەريانىدا كۆپ ئىشلارغا ئارىلاشتىڭ... سەن ھاشىمنىڭ قورۇسىدىن ئارغامچا ئوغرىلىغان كۈندىن باشلاپلا سېنى باقىيغا ئۇزىتىش ئويۇم بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈنگىچە ياشىۋالدىڭ... لېكىن بۇ ئۈچ يىلدا مەن دەككە ـ دۈككىدە ياشاپ كەلدىم. مۇنداق بولسا ياخشى بولمايدۇ ـ دە، راستىمۇ ھابىل!

يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىمىن كاسىلداپ تۇرغان ئېگىكىنى قامالىلغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆمىلەپ قاچماقچى بولغاندى. قوللىرى پوكولۇپ يەنە ئورنىغا يېتىپ قالدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا چاۋارنىڭ كېتىشىنى كۈتمەكتىن باشقا چارە قالمىدى. ئەمدىلىكتە چاۋار مۇشۇكتەك تېز ھەرىكەتكە چۈشتى. ئۇ مەتسىدىقنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ يول ئۈستىگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن تىلغانغان قۇملارنى گورجەكتە تۈزلىدى. ئاندىن گورجەكنى يۇلغۇنلۇق ئىچىدىكى قۇمغا كۆمۈۋېتىپ، بىر تۇپ يۇلغۇندىن سۇپۇرگە بولغۇدەك شاخنى يىرىۋالدى. چاۋار ئارقىچە مېڭىپ قاتىللىق مەيدانىدىكى ئىزلارنى، ھەتتا ئىزناسىز قەبرىگىچە سۇپۇرۇپ، ئادەم ئاياغ باسمىغاندەك قىلىۋەتكەندىن كېيىن مەتسىدىقنىڭ جەسىتىنى مورىسىگە

ئېلىپ يۇلغۇنلۇقتىن ئۆزىدى. شۇنداقتىمۇ يۇلغۇن شېخىدا ئىزنى ئۆچۈرۈپ مېڭىپ قوم يېيىغىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ يولغا چىققاندىلا شاخنى تاشلىۋەتتى. تەرلەپ ھەم ھاسىراپ كەتكەن چاۋار ئەنسىزلىك ئىچىدە يۈگۈرۈپ، قوم يېيىغىنىڭ مەھەللىگە يېقىن ئالدىغا ئۆتۈپ، جەسەتنى يەرگە تاشلىدى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ مەتسىدىقنىڭ ئايىغىنى سېلىپ ئۆزى كىيدى. ئۆزىنىڭ ئايىغىنى يول چېتىدىكى ئوت - چۆپ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويدى. مەتسىدىقنىڭ ئايىغى پۇتىنى قىستىغان بولسىمۇ، جەسەتنى كۆتۈرۈپ، قوم يېيىغ دۆڭلۈكىنىڭ ئۈستىدىكى بىر نەچچە تۈپ توغراق تۈۋىگە ئېلىپ كەلدى. چاۋار ئەتراپقا راسا قارىۋەتكەندىن كېيىن ئېگىلىپ تۇرغان چوڭ شاخقا يامىشىپ چىقىپ، ئۇچى كىرمەكلەنگەن ئارغامچىنى باغلىدى. ئۇ توغراقتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئايىغىنى سالدى - دە، مەتسىدىققا كىيگۈزدى. ئاندىن جەسەتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بوينىغا سىرتماقنى سېلىپ قويۇۋەتتى. جەسەت بىردەم پۇلاڭلاپ توختاپ قالدى. چاۋار شالاڭ ئۆسكەن يۇلغۇن تۈپلىرىدىن بىر شاخنى سۇندۇرۇپ پاشنىلىق ئاياغ ئىزىنى ئۆچۈرمەي، ئۆزىنىڭ يالاڭ ئاياغ ئىزىنى سۈپۈرۈپ ئارقىچە ماڭدى. ئىز ئۆچۈرۈپ شۇ ماڭغىنىچە قوم يېيىغىنىڭ ئارقىسىدىكى تېخى بايىلا ئۆز ئايىغى بىلەن جەسەت كۆتۈرۈپ ماڭغان چوڭ يولغا چۈشتى. بۇ يولدىكى ئىزلارنى ئەتە سەھەردىلا جاڭگالغا ئوتۇنغا ماڭغان، ئوتۇن بېسىپ قايتقان ئات - ئېشەك ھارۋىلار ئۆچۈرۈپ تاشلايتتى. چاۋار قوم يېيىغنى ئايلىنىپ، يوشۇرۇپ قويغان ئايىغىنى كىيدى. ئۇ قوم يېيىغ ئۈستىدىكى توغراقلارغا قارىغان بولسىمۇ، مەتسىدىقنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى. چاۋار تۇيۇقسىزلا يەرگە شالاققىدە تۈكۈرۈپ:

— جەۋلان دېگەن ئاتىكاچىنىڭ تاماشىسىنى ئەتە كۆرىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى. چۈنكى، ھەپتە بۇرۇن ھابىل يېزىلىق ھۆكۈمەت

# ئەكلىماكان ئوغلى (2)

ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ «پاش قىلىش» ساندۇقىغا بىر خەت سېلىنىپتىپ كەلگەنىدى. مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمى ئۇ خەتكە مۇستەھكەم ئىسپات بولالايتتى. «ھەممە ئىشنى ئېپى – جېپى بىلەن سەرامجان تۈگەتتىم» دەپ كۆڭلى ئارام تاپقان چاۋار ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەممە نەرسىگە زەن سېلىپ كەنتكە كىرىپ كەتتى.

چاۋار خاتىرجەم ھالدا بولجالىقتىكى چوڭقۇر ئېرىققا يېتىپ كەلگەندە ئوتتۇرا كېچە بولۇپ قالغانىدى. كامالنىڭ ھويلىسىدا توي تەييارلىقى قىلىۋاتقان ياشلارمۇ ئىلگىر - ئاخىر قايتىشىۋاتاتتى. كامال ئەڭ ئاخىر قايتقان ھاشىم بىلەن جەۋلاننى ھويلا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلار ئۆگۈنلۈككە بولىدىغان توينىڭ كەم - كۈسلىرى ھەققىدە بىردەم مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ھاشىم كامالغا:

— تويغا ئېلىپ كەلگەن گۈرۈچ، بۇغداي، ماي ھەم قويلار بار، شۇڭا كېچىچە سەگەكرەك ياتقىن، — دېدى. جەۋلانمۇ بەزى ئەھۋاللارنى ئەسكەرتىپ قويدى.

— ھەر ھالدا ھوشيار بولغان ياخشى، ھازىر كەنت ئىچى تىنچ ئەمەس، بەزىلەر قۇتراۋاتىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى كامال، — مەتنىياز كەلمەكچى، ئىككىمىز ھويلىدىكى سۇپىدا ياتىمىز.

جەۋلان بىلەن ھاشىم كامال بىلەن خوشلىشىپ بىللە كېتىشتى. ھاشىم ئىگەمبەردىنىڭ كامالەتكە «جەۋلان بىلەن يېقىنكەنسىز، ئۇنىڭغا دەپ مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ» دەپ يېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشى جەۋلاننىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ چېچىلىپ كەتتى:

— ھېلىغۇ كامالەتكەن، ئانام بىلەن دادام يېلىنسىمۇ بىكار، قۇمتامدىكى نامرات، بىچارە دېھقانلار كۆز ئالدىمغا كەلسىلا، ئۇچ بۆرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىدۇ.

— ئۇنداقتا كامالەتنى، — ھاشىم ئىتتىكلا جەۋلانغا قارىدى، — ئۇنى ھەر ھالدا ئازابلاپ قويماڭ. ھېچنېمىسى يوق يېتىم قىز ئەمەسمۇ.

— ھاشىمكا، بۇنىڭدىن كېيىن كامالەت بىلەن مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىمەن، — جەۋلان ئېغىر تىنىپ قويدى، — ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتسەم بولمىغۇدەك، ئەيسايۇپكامنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا سالاھىيىتىمنى، ۋەزىپەمنى ئۇنتۇپ قالسام بولمىغۇدەك.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ھويلىدا ياشلار ئۇتتۇرىسىدا چاقچاق بولۇنغانىدا كامالەتنىڭ قىزىرىپ ئۆرۈك ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغانلىقىنى كۆرگەن ئەيسايۇپ جەۋلاننى باغقا ئەكىرىپ خېلى قاتتىق گەپلەرنى قىلىشقەنىدى. بەزىلەر جەۋلان بىلەن كامالەتنىڭ كېچىلەردە قومۇلۇقلار ئارا يۈرگەنلىكى، ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقى، دېھقانلارنىڭ غەزىپى كەلگەنلىكى ھەققىدە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە مەلۇمات يوللىغانىدى. بۇنى دەستەك قىلغان خاس خادىم نەسرۇللا «دېھقانلارغا يامان تەسىر بەردى»، «خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يۈزىنى تۆكتى، قايتۇرۇپ كېلىش كېرەك» دەپ پارتكومغا بېسىم ئىشلىتىپ، داۋراڭ سالدى، ھەتتا پاش قىلىش خېتىدە: «جەۋلان خىيانىتىنىڭ ئۈچ قېتىم ئېتىشقا يېتىدۇ»، «قولۇڭغا كويزا چۈشكەندە پۇشايمان قىلساڭمۇ ئۈلگۈرەلمەيسەن»، «باشقىلارنى پاش قىلمىساڭ جىنايىتىڭ ئېغىرلايدۇ...» دەپ قورقاق سېلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، باشقىلارنى ئۆلۈۋېلىشقا قىستىغان... شۇڭا، بەزىلەر ياشاشتىن ئۈمىدسىنى ئۈزۈپ، نەچچە كېچىلەر يىغلىغان...» دەپ يېزىلغانىدى.

قايناپ، ۋارقىراپ، تىتىلدەپ كەتكەن ئەيسايۇپنىڭ غەزەپ ئاچچىقى كەلگەنلىكى قوشۇمىسىغا قارا چۈمۈلىدەك يىغىلىۋالغان قوشۇما قاشلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى:

— ئۇچ ئەبلەخكە تۇتىدىغان ساپاق بولۇپ بەرمە، كامالەت دېگەن قانجۇقنى يېنىڭغا يولاتما. باشقىلارغا قورقاق سالماي، پاكىت سۆزلە، ئۇقتۇڭمۇ، — دېدى ئەيسايۇپ قوللىرىنى شىلتىپ، — سېنىڭ ھەربىر سۆزۈڭ ھۆكۈمەتكە، خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما!

جەۋلاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھاشىم خېلى بىر يەرلەرگىچە ئۇندىمەي ماڭدى. ئۇ رەزىل كۇچلەر بىلەن بولغان كۆرەشنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقى ھەم ئۇلار بارلىق ئامال ـ چارىلەرنى ئىشلىتىپ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مۇنداق دەڭ، — ھاشىمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — بۇ چاۋارنىڭ ياكى ئىگەمبەردىنىڭ قىلغان ئىشى. ئۇلار سىزنى قۇمتامدىن يۇلۇپ تاشلىماقچى! قورقتىڭىزمۇ؟

— قىزىقكەنسىز ھاشىمكا، مەن نېمىشقا قورقىدىكەمەن؟ پارتىيىمىز «سىياسەت ۋە تەدبىر، پارتىيىنىڭ ھاياتى» دېگەن ئاتالغۇنى بىكارغا ئوتتۇرىغا قويمىغاندۇ؟ — جەۋلان سەل قىزىشىپ قالدى، — مېنىڭ قىلغانلىرىم سىياسەتنى ئىجرا قىلىش يولىدىكى تەدبىرا مەن تەدبىر ئارقىلىق ئۇلارنى يۇمشىتىمەن. يولى كەلگەندە قورقاق سالىمەن... ئەمما، سۇلھى ـ مادارا قىلمايمەن!

— ياخشى، مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق كەسكىنلىكىڭىزنى ياقتۇرىمەن، خۇدا ساقلىسۇن، گال پىچاق كادىرلاردىن!

— ئەمما، ھاشىمكا، — جەۋلان چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — مەنمۇ سەل تاپتىن چىقىپ كېتىپتىمەن. كامالەتتىن ئۆزۈمنى تارتىمسام بولمىغۇدەك.

— ئۇنداقتا كامالەتكە بەرگەن ۋەدىڭىزچۇ؟

— بۇ سوئالىڭىزغا مەن ۋەزىيەتنى ئادا قىلىپ بولۇپ، قۇمتامدىن كېتىدىغان چېغىمدا جاۋاب بەرسەم بولامدۇ؟

— چۈشەندىم، — ھاشىمنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى، — مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك جاۋاب بولدى.

ھاشىم جەۋلاننى كەنت تەشكىلى قورۇسىغا كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. كېچە ئادەمنى سۈر باسقۇدەك جىمجىت بولۇپ، ئىشخانا، ئامبار ئۆگزىلىرىدە تۇرغان مىنبەڭلار خۇددى گىگانت ھەيكەللەرگە ئوخشايتتى. بوغالتىر ئىشخانىسىنىڭ سارغۇچ يورۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن جەۋلان كېچىك ئەگۈن ئارقىلىق يان قورۇغا ئۆتتى. كامالەت كەنتنىڭ بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بېرى، تۇل خوتۇن ھۆرىخان سەپرانىڭ ئۆيىدىن ئىشخانىغا كۆچۈپ كېلىۋالغانىدى. جەۋلان ئۆگزىدە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئىككى مىنبەڭغا قولىنى كۆتۈرۈپ سالام ئىشارىتى قىلغاندىن كېيىن ئىشخانا ئىشىكىنى چەكتى. «كىرىڭ، ئىشىك ئوچۇق» دېگەن ئىجازەتنى ئاڭلاپ، ئۇ ئىشخانىغا قەدەم ئالدى. كامالەت گاز لامپا يورۇقىدا كەرگىگە تارتىلغان ئاپئاق يىپەك قولياغلىققا گۈل كەشتىلەۋاتاتتى. ئۇ جەۋلاننى كۆرۈپلا قىزارغىنىچە كارىۋىتىدىن تۇرۇپ، كەرگىنى ئارقىسىغا يوشۇرۇۋالدى.

— ھەممە ياشلار توي تەييارلىقى قىلىۋاتسا، سىز غەيىپتە كېتىپ، بۇيەردە يىگىتىڭىزگە سوۋغات تەييارلاۋېتىپسىز - دە، ئەكېلىڭا كۆرۈپ باقاي.

جەۋلان ئۇتتۇرلا گەپ قىلىپ قىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىمىدى. شۇڭا، ئۇ چاقچاق ئارقىلىق مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇشنى لايىق كۆردى. كامالەت ئەقىللىق قىز، «ئەقىلغا ئىشارە، يامانغا جۇۋالدۇرۇز» دېگەندەك، ئۇ جەۋلاننىڭ چاقچاقلىرىدىن ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلەيتتى.

— ياق كۆرسەتمەيمەن، — كامالەت يەر بېقىپ تۇراتتى، — سىنى زورلىماڭ.

— ئەمىسە يىگىتىڭىز كىم؟ ئۇنىغۇ دەپ بېرەرسىز؟

— دېمەيمەن، — كامالەت كارىۋىتى تەرەپكە مېڭىشى جەۋلان كەرگىنى شارتلا تارتىۋالدى.

— پاھ، بۇ بىر جۈپ قىزىل گۈل نېمىدېگەن چىرايلىق كەشتىلەنگەن، ۋۇي، كۆزلىرىڭىز ياش يۇقى تۇرىدىغۇ.

— بىر قانچە كۈنلەر بولدى، ماڭا گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قاپىقىڭىزنىمۇ ئاچمايسىز.

— كامالەت، ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، بىز دېگەن دوست ھەم ئىنقىلابىي خىزمەتداش.

— ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئوقۇتىمەن دېگەنلىرىڭىزچۇ؟

— ئۇ ۋەدەمدە چوقۇم تۇرىمەن. لېكىن، ئوقۇشىڭىزغا ياردەم قىلىمەن، دېگەنلىك ياخشى كۆرىمەن دېگەنلىك ئەمەستۇ؟

— سىز... سىز... مېنى راستىنلا...

— خوش كامالەت، مەندىن رەنجىمەڭ...

جەۋلان چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققان كامالەت بىراۋلار قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولغانغا قەدەر قاراپ تۇرۇپ، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى پەقەتلا سەزمىدى. ئەمما، ئەگۈندىن ئارقىغا قارىماي تەشكىل قورۇسىغا چىقىپ كەتكەن جەۋلانمۇ كامالەتكە ئوخشاش ئازابلانغانىدى. ئۇ چوڭ ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەم ئۆرە تۇرغاندىن كېيىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى. ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ بېتىشقا رايى بارمىغانىدى. جەۋلان كامالەت داۋاملىق ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا قاراپ چوڭقۇر خورسىندى. چۈنكى، قىزنىڭ ھايا ۋە ئېتىلىش مۇجەسسەملەنگەن مۇلايىم چېھرى، غۇنچە بويلۇق سىيماسى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى قاچۇرۇپ قىيا باققىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. دىمىغى زىڭىلدە ئېچىشىپ، كۆز جىيەكلىرى قىزارغان جەۋلان ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. ئۇ دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئېچىۋېتىپ، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىغانچە قىزدىن ئۆزرە

سورىدى:

— كامالەت ساددا، مۇلايىم، ئوماق قىز... مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنى رەنجىتكۈم يوق ئىدى. ئامالسىزمەن...

جەۋلان ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، ناشتا قىلمايلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ئىشىكنىڭ قاتتىق تاراقلاپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. ھاسىراپ كەتكەن زۇلال بىر ھازا نەپەس يېتىشتۈرەلمەي گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىن ئەندىككەن جەۋلانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— زۇلال، نېمە بولدى؟

— مەت... مەتسىدىق ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ.

— نېمە؟!

— كېچىدىن قۇم يېيىغدىكى توغراققا... ئېسىلىۋاپتۇ...

جەۋلاننىڭ بېشى ئايلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئەيسايۇپ سۆزلەپ بەرگەن پاش قىلىش خېتىدىكى «قورقاق سېلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، باشقىلارنى ئۆلۈۋېلىشقا قىستىغان» دېگەن سۆزلەر كالتەكتەك تەگدى. مانا ئەمدى ئۇلار: «تۇتىدىغان ساپاق»قا ئىگە بولغانىدى. ھەي، ھەي... ياشلىق، نادانلىق دېگەن شۇكەندە! مۇشۇنداق زىل ۋەزىيەتتە نېمىشقىمۇ بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە ئۇخلىغان بولغىيتتى؟ كامالنىڭ تويىغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلگەن جەۋلان مۇشۇنداق پاجىئەلەرنى ئالدىن ئويلىسا بولماسمىدۇ! كىتاب، نەزەرىيە ئەسقاتمايدىغان تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە كىتابلارغا نېمىشقىمۇ سەل قارىدى. جەۋلان پۇشمايتۇ. ئۇ راستىنلا تېخى خامكەن!

— زۇلال، نەق مەيدان بۇزۇلمىسۇن، — جەۋلان سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، — دەرھال بارغىن، مەن يېزىلىق ھۆكۈمەت قوغداش بۆلۈمىگە تېلېفون بېرەي.

— ئەترەت كادىرلىرى، مىنبەگلار، ئاكتىپلار نەق مەيداننى قوغداۋاتىدۇ. سىزمۇ تېز... تېز بولۇڭ.

# ئەگىلساكان ئۆلىلى (2)

زۇلال قانداق تېز كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېز يوقۇلۇپ كېتىپ قالدى. جەۋلان يېزىلىق ھۆكۈمەت قوغداش بۆلۈمىگە تېلېفون بېرىۋېتىپ، ئۇمۇ يوقۇلۇپ چىقىپ كەتتى. كەنت تەشكىلى ئالدىدىكى توپىلاڭ كوچىغا ئادەملەر توپلىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلىشىۋاتاتتى:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، بوغالتىر مەتسىدىقاخۇن ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ!

— ۋاي خۇدايىم، قاچان شۇنداق بوپتۇ؟

— كېچىدىن، قۇم يېيىغدىكى توغراقلىقتا.

دېھقانلار تاپۇر - تۇپۇر قىلىشىپ يوقۇلۇشۇپ كېتىشتى. يول بويى يوقۇلۇپ تەرلەپ كەتكەن جەۋلان تۈگمەنبېشىغا كەلگەندە، يەنە بىر توپ ئادەملەرنىڭ بېشى بىر يەرگە يىغىلىپ كۇسۇرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، توپنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قۇلاق سالدى. ئۇستىۋېشى ئاپئاق تۇز بولۇپ كەتكەن كۆرەك ساقال تۈگمەنچى بىلەرمەنلىك بىلەن گەپ قىلىۋاتاتتى:

— سائادەتنىڭ دېيىشىچە، خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى ئۇنى قاتتىق سوراققا تارتىپ، «ئېيتمىسەن» دەپتىكەن، قورقۇپ كەتكەن مەتسىدىقاخۇن ئۇدا ھەپتە يىغلاپ، ئاندىن ئۆلۈۋاپتۇ.

— سائادەتمۇ تۇتۇرۇقى يوق خوتۇن، — دېدى يېرىم خالتا ئۇگۇت يۇدۇۋالغان چار ساقال دېھقان، — ئىشتانغا چىققان پوق، كۆڭۈلگە ئايان بولغاندەك خىيانىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەن مەتسىدىقاخۇن تەس كېلىپ ئۆلۈۋالغان گەپ.

— دېمىسىمۇ ئۇ، — ئورۇق، ئېگىز، سويما باش دېھقان ئاغزىدىكى ياپپېشىل ناسىۋالنى يەرگە تۈكۈردى، — سۆڭىكى، قىلتىرىقى بار - يوق دېمەي گېلىغا ئۇراتتى ئەمەسمۇ.

— خوپ بوپتۇ، — دېدى خام كۆڭلىكى ياغاق شۆپىكىدە بويالغان ئايال، — ھالالنىڭ جاپاسى، ھارامنىڭ جازاسى بار،

دېگەندەك كۆپنىڭ ھەققى ئاشۇنداق جانغا تاقىلىدىغان گەپ.

ئىتتىك كېتىۋېتىپ، قۇلىقىغا كىرىپ قالغان بۇ گەپلەردىن نە خۇش بولۇشنى، نە ئېچىنىشنى بىلمىگەن جەۋلان قۇم يېيىغقا يېتىپ كەلگەندە ئەتراپ دېھقانلار بىلەن تولغان ئىدى. مەتسىدىقنىڭ جەستى يەرگە چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتىۋالغان سائادەت چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاۋاتاتتى. چىرايىنى ئەندىشە، غەم تۇمانلىرى ئورىۋالغان ئىگەمبەردى توپ ئارىسىدىكى چاۋارغا ئالىيىپ قاراپ تۇراتتى. ھاشىم، زۇلال، مەتنىياز، كېرىمۇللا، ياربەختى، مەتسېلىم ھەم ئايشەم، كامالەتلەر ئارغامچا تارتىپ نەق مەيداننىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دېھقانلارنى يېقىن كەلتۈرمەي ۋارقىرايتتى.

— يولداشلار، — دېدى جەۋلان قولىنى كۆتۈرۈپ، — يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن هازىرلا تەكشۈرگۈچىلەر كېلىدۇ. تولا غوۋغا كۆتۈرمەڭلار.

— ئارغامچىغا تارتىلغان يەرنىڭ ئىچىگە كىرمەيلى، — ۋارقىرىدى زۇلال، — ئىز بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۆلۈم ۋەقەسىنى ئېنىقلىماق تەس بولىدۇ.

— «ئىز» بۇزۇلۇپ كەتسە؟! ھېھې، — چاۋار مەسخىرە بىلەن دىمىغىنى قاقتى، — ھەر قايسىڭىنىڭ قانچىلىك كارامىتى باركىن، بىر كۆرۈپ باقاي.

دېھقانلار توپى ئارغامچا تارتىلغان يەرگە بارغانسېرى ئېچكىرىلەپ بېسىپ كىردى. بۇ ئەسنادا ئېتى قارا تەرگە چىلىشىپ قالغان خاس خادىم نەسرۇللا يېتىپ كەلدى. ئادەملەر توپى ئۇنىڭغا يول ئېچىپ بەردى. ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان پاكار، ئەمما تەمبەل، يالپا يۈز، كىچىك كۆزلىرى قىسىلغان، قاش ـ كىرپىكىنىڭ تايىنى يوق، قاپىقى ئۇششۇق نەسرۇللا مەتسىدىقنى تىرىلدۈرىدىغاندەك ئەلپازدا نەق مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ئۇ جەسەتنىڭ بويۇن، مەيدە، كۆزلىرىنى ئېچىپ كۆردى.

## ئەكىلماكان ئۆتلى (2)

سائادەتتىن قانداقتۇر سوئاللارنى سورىدى. سائادەتمۇ قوللىرىنى سىلكىپ، پوتلا ـ مىشمىقىرىقىنى ئېقىتىپ، مەتسىدىقنىڭ نەچچە كۈنگىچە يىغلىغان سەۋەبلىرىنى كۆپتۇرۇپ سۆزلىدى. ئۇ جەۋلانىنى كۆرسىتىپ ئۇنىنى تېخىمۇ قويۇپ بېرىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ھەي، سىلەر نېمانداق گەپ ئاڭلىمايسىلەر، — دېدى مەتنىياز تېرىككەن ھالدا، — ئارغامچا تارتىلغان يەرگە كىرسەڭلار بولمايدۇ. كەينىگە سۇرۇلۇڭلار.

— قانداق بەز قۇلاق خەقلەر سىلەر، — چاۋار نەسرۇللا ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك ۋارقىرىدى، — كادىرلىرىمىز بۇ ئارغامچىنى بىكارغا تارتتىما؟ قۇمغا چۈشكەن ئىزنى ئۆچۈرۈۋەتسەڭلار، ئۆلۈم ئىشنى قانداق تەكشۈرىدۇ؟

جەۋلان، ھاشىم، زۇلال، كامالەتلەر چاۋارغا تىكىلىپ قارىشى ئۇ ئەتراپىدىكى دېھقانلارغا گەپ قىلغان بولۇپ ئۆزىنى قاچۇردى. بۇ چاغدا نەسرۇللا قۇمغا چوڭقۇر پاتقان ئاياغ ئىزىنى بويلاپ توغراق تۈۋىگىچە باردى. ئاياغ ئىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەم كەڭلىكىنى ئۆلچەپ بولۇپ، جەسەتنىڭ پۇتىدىكى ئاياغنى كۆردى ۋە مېتىر قويۇپ ئۆلچىدى. ئاندىن سائادەتتىن ئارغامچىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى. ئۇ: «مەتسىدىق تال باراڭغا تارتىلغان ئارغامچىنى كېسىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ قايتىدىنلا يىغىنى باشلىدى. بىرەر سائەتتەك «تەكشۈرۈپ، تەتقىق» قىلغان نەسرۇللا قاتۇرمىلىق دەپتىرىگە يېزىلغان تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى دېھقانلار ئاڭلىغۇدەك ئۈنلۈك ئوقۇدى:

— يولداشلار، رەسمىي خۇلاسە دوكلاتى يېزىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش ئالدىدا، دەسلەپكى تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى كۆپچىلىككە ئېلان قىلىمەن. قورقۇتۇش، ۋەھىمە، بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مەتسىدىق ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان!

بۇنىڭ ئىسپاتى سىرتماقتا ئېشلەتكەن ئارغامچىمۇ، ئاياغ ئىزىمۇ مەتىسىدىقنىڭ...

كەنت ۋە ئەترەت كادىرلىرى، ئاكتىپ ياشلار نەسرۇللاغا غەزەپ بىلەن تىكىلىشتى. ئۇلار بۇنداق چوڭ ئىشنى يۈزەكى تەكشۈرۈپلا چىقارغان خۇلاسىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ كۆپچىلىككە ئېلان قىلىشى قەتئىي خاتا دېگەن چۈشەنچىدە ئىدى. شۇڭا، زۇلال بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئالدىغا چىقىشى جەۋلان ئۇنىڭ چاپىنىدىن تارتىپ گەپ قىلىشتىن توسۇپ قالدى. بۇ جىددىي كەيپىياتتا سائادەت تۇتۇرۇق بولۇپ يىغلىغاچ ئورنىدىن دەست تۇردى.

— جەۋلان دېگەن گۇي سوراق قىلغان كۈنى رەھمىتى «مېنى ئۆچ قېتىم ئاتىدىكەن» دەپ نەچچە كېچە يىغلاپ چىقتى. ئەتىسى كەچتە كىر يايىدىغان ئارغامچىنى كېسىپ ئاچىقىپ كېتىپتۇ. ۋاي ياش كەتكەن مۇرەببىيەم، مېنى داغدا قويدۇڭغۇ مۇرەببىيەم، قىزىڭغا نېمىدەپ جاۋاب قىلارمەن مۇرەببىيەم، شاخى چىنارىدەك، سوقا سەندەلدەك مۇرەببىيەم!...

سائادەتنىڭ نالە ـ زارى شۇ ھامان ئوتتەك تۇتىشىپ، دېھقانلار ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. توپنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغان چاۋار ئەتراپىدىكى بىر نەچچە نەشكەش بەڭگىلەرگە ناھايىتى تېز كۆسۈرلاۋاتاتتى. جەسەتكە چاپلىشىپ يىغلاۋاتقان سائادەت يەنە چاچراپ تۇرۇپ، ئۆچقاندەك ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، جەۋلاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى:

— ئېرىمنى تۆلەپ بەر تۇكباش، ئېرىمنى سەن ئۆلتۈردۈڭ! سەن قاتىل!

— قويۇۋەت، نېمىگە ھەددىڭدىن ئاشىسەن، — ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن كامالەت ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ زەردە بىلەن ئىنتىرىۋەتتى، — پۈتۈم قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ يىلىكىنى شوراپ، ئەمدى جىنايىتىدىن قورقۇپ

ئۆلۈۋالسا، جەۋلانغا تاۋان تاشلامتىلىك پاقپاق!

چاۋار بايىقى نەشىكەشلەرنى بىقىنداپ قويۇشى ئۈلار توپ ئالدىغا چىقىپ قالايمىقان ۋارقىراشقىلى تۇردى:

— قورقۇتۇپ، بېسىم ئىشلىتىپ ئادەمنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلىسا سورىقى يوقما؟ — خام نەشىنى تولا چېكىپ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن سىم بۇرۇت ۋارقىرىدى، — جەۋلان دېگەن ئوت قويرۇقنى جازالاپ بەرسۇن!

— ئاڭلىساق، — دېدى چىكىش ساقال، شاپاق دوپپىلىق بىرى، — جەۋلان بىلەن زۇلال مەتسىدىقاخۇنغا ھەرخىل تۆھمەت، بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۆلىغۇماچ ساپتۇ. بۇ سىياسەتكە خىلاپ ئەمەسما، جەۋلان دېگەن بالايىئاپەتنى قۇمتامدىن ئېلىپ كەتسۇن!

«ئەپكەتسۇن»، «يوقاتسۇن»، «جازالىسۇن» دېگەندەك ئالىتاغىل ئاۋازلار بىر قانچىلىگەن ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتاتتى. ئەمما، خاس خادىم نەسرۇللا خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئالا قويماي يېزىۋاتاتتى.

— ھەي مىرزا شالۇك، — ۋارقىرىدى مەتنىياز، — تۆھمەت، بوھتان، ئۆلىغۇماچ دېگەنلەرنى كىم ئۆگەتكەن بولسا، شۇنىڭغا دەپ قوي، پات ئارىدا تۆھمەت قىلغاننىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىيدۇ.

تەرەپبال چاۋار بىلەن ھاشىمنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ، بىر — بىرىگە قېنىقماس دۈشمەنلىك نەزىرىدە قارىشىپ قالدى. بىردىنلا كونا ئاداۋەت، تۆھمەت، سۇيىقەست قىساسلىرى يۈرىكىنى لەرزىگە سالغان ھاشىم چاۋارغا تىكىلگىنىچە قاتتىق ۋارقىرىدى:

— يۇرتداشلار، دۇنيادا سېرىق نەرسىلەر ئاز ئەمەس! لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئالتۇن ئەمەس! سىلەر ئالتۇن بىلەن نىجاسەتنى پەرق ئېتەلمەيدىغان كور بولۇپ قالدىڭلارما؟ نەچچە يىللاردىن بېرى ئىشلىگىنىڭلار زادى نەگە كەتتى؟ بىراق،

ھۇۋقۇشلار ھۇۋلىسا بىللە ھۇۋلاۋاتىسىلەر، قاغىلار قاقىلدىسا، سىلەرمۇ تەڭ قاقىلداۋاتىسىلەر، قېنى سىلەردىكى ئادىمىيلىك خىسلەت؟ نەگە يوقالدى ۋىجدان ۋە غۇرۇر! ۋۇي دېھقان تەلەتى يوق ئەرۋاھلار!

— ھاشىم گۇڭ، بۇلارغا ئاغزىمىزنى ئۇپراتقاننىڭ پايدىسى يوق، — دېدى بىر ئايال قولىنى چاۋار تەرەپكە شىلتىپ، — كۆرسۇك قانجۇق سەگ تاللىماس دېگەندەك بىر چېكىم نەشىگە خوتۇنىنى سولاپ بېرىدىغان بىر نەچچە نەشىكەشنىڭ خۇمارى تۇتۇپ قالغان چاغۋا... شۇڭا بېشىم بىلەن كۆتۈم قەيەردە، دەپ تۇۋلاۋاتىدۇ...

توپ ئارىسىدا كۆلكە كۆتۈرۈلۈشى چاۋار چاپانچىلىرى بىلەن ئاستىلا تىكىۋەتتى. ئىگەمبەردى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ بېشىنى چايقىدى. بۇ ئەھۋالدىن ئويلىنىپ قالغان جەۋلان ھاشىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغانىدى، ئۇمۇ قۇم يېيىغ ئەتراپىنى كۆرسەتتى. خاس خادىم نەسرۇللا كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىدا تۈنجى قېتىملىق تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى يېزىش ئۈچۈن زۆلال، مەتنىيازلارنى باشلاپ كېتىپ قالدى. كېرىموللا، ياربەختى، مەتسېلىم، يەنە بىر قانچە ياشلار مەتسىدىقنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى، سائادەت ئارقىدىن قوشاق قېتىپ يىغلاپ ماڭدى. جەۋلان، ئايشەم، كامالەتلەرنى توي تەييارلىقى قىلىش ئۈچۈن كامالنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ھاشىم ئىككىسى دەشتى چۆلگە كىرىپ كېتىدىغان يول بىلەن مېڭىپ قۇم يېيىغنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇلار قۇم توپىلىق يوللاردىكى ھەرخىل ئىزلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تەكشۈرۈپ ماڭدى. يول چېتىگە تاشلىۋېتىلگەن يۇلغۇن شېخىغا نەزىرى چۈشكەن جەۋلان ئۇنى قولىغا ئېلىشى ھاشىم شاخنىڭ سۇندۇرۇلغان ئورنىغا قاراپلا: «بۈگۈن كېچە سۇندۇرۇلغانىكەن» دېدى. بۇنىڭدىن جەۋلاننىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ

قالدى. چۈنكى ئۇ بۇگۈن ئەتىگەندە مەتسىدىق ئېسىلىپ ئۆلگەن يەردىكى بىر توپ يۇلغۇندىن سۇندۇرۇلغان شاخ ئورنىنى كۆرگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا: نېمە ئۈچۈن، كىم سۇندۇرغاندۇ؟ نېمىگە ئىشلەتكەندۇ؟ ئۆلۈم بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟ دېگەندەك مەۋھۇم ئويلار كۆڭلىدىن كېچىپ، يۇلغۇنغا خېلى ئۇزۇن قاراپ قالغانىدى.

— ھاشىمكا، يۈرۈڭ ئارقىمىزغا قايتايلى.

— نېمە، نېمە ئىش بولدى؟

— بارغاندا بىلىسىز.

ئۇلار شاختى ئېلىپ، تېخى بايىلا ئارغامچا تارتىلغان يەرگە كەلدى ـ دە، «قۇم يېيىغ»نىڭ يانپاش دۆڭلۈكىگە جىددىيلەشكەن ھالدا يۈگۈرۈپ چىقىشتى. جەۋلان شاختى يۇلغۇن غولىدىكى سۇندۇرۇلغان ئورۇنغا ياپسالاپ بېقىۋىدى، شاخ نەق شۇ يەرنىڭ بولۇپ چىقتى.

— ھاشىمكا، بۇ شاختى ئاخشام سۇندۇرۇلغان دېدىڭىز، — دېدى جەۋلان، — ئۇنداقتا مەتسىدىق ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئالدىدا شاختى نېمىشقا سۇندۇرغان؟ ئۇ شاختى قۇم يېيىغنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ كېلىپ، ئاندىن ئېسىلىپ ئۆلگەنمىدۇ؟ بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

— ھەۋم، — ھاشىم ئويلىنىپ قالدى، — مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمىدە چوقۇم بىر سىر بار.

— ھاشىمكا، بۇ شاخ قانداقلارچە قۇم يېيىغنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېرىپ قالدى؟ تەكشۈرۈپ باقايلى.

ئۇلار قۇم دۆڭلۈكى ئۈستىدىن قارشى تەرەپكە پەسلەپ كېتىۋېتىپ قۇمدىكى ئېنىق بولمىغان ئىزلارنى بايقاپ قېلىشتى.

— ھاشىمكا، بۇلار كونا ئىزلار ئوخشىمامدۇ؟

— بىرەر نېمىدە ئىزنى ئۆچۈرۈپ ئارقىچە ماڭسا، كېچىچە

چۆل شامىلىدا قۇم تەۋرەپ ئىزلارمۇ ئۆز شەكلىنى يوقىتىدۇ. چۈنكى «تاش ئۇخلار، قۇم ئۇخلىماس» دېگەن گەپ بار. شۇنداقتىمۇ مۇنۇ ئىزلاردىن يالاڭ ئاياغ ئادەمنىڭ ئىزى ئىكەنلىكى ئېنىق.

— دېگىنىڭىز توغرىكەن، قاراڭ ماۋۇ ئىزغا.

ئۇلار قۇم يېيىغ دۆڭلۈكىدىن چۈشۈپ، بايا يۈلغۈن شېخىنى ئۇچراتقان يولغا قايتىپ كەلدى. ئاندىن مۇشۇ يول بويلاپ ئارقىغا قايتقاچ، ئىز بېسىپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا يالاڭ ئاياغ بىر ئىزغا كۆزلىرى چۈشۈشتى. ئۇلار ئىزنى بويلاپ مېڭىپ، چەكسىز قۇم چۆللۈكىگە ئېلىپ بارىدىغان هارۋا يولىغا چىقىپ قالدى. بۇ يول قۇم يېيىغىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، كەنتكە تۇتىشىپ كېتەتتى. يالاڭ ئاياغ ئىز بەزىدە ئېنىق، بەزىدە ئۆچكەن ھەم بۇزۇلغان هالدا قۇم يېيىغىنىڭ مەھەللىگە يېقىن ئالدىغا كەلگەندە يوقاپ كەتتى.

— ئەسلەپ بېقىڭ، بۇ يالاڭ ئاياغ ئىز قۇم يېيىغىنىڭ دۆڭلۈكىدە كۆرگەن ئىز بىلەن ئوخشاش، — دېدى ھاشىم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، — قاراڭ، سونجىقى تار، پەنجىسى كەڭ... بىراق بۇ ئىز مەشەگە كەلگەندە پاشنىلىق ئاياغقا ئۆزگىرىپ قالدىغۇ.

— بۇ يالاڭ ئاياغ ئادەم مەشەگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئايىغىنى كىيىۋالغان، شۇنداقمۇ؟

— زەن سالدىڭىزمىكىن، بۇ پاشنىلىق ئاياغ ئىزى، — دېدى ھاشىم خىيالغا پېتىپ، — قۇم چۆللۈكىگە كىرىپ كېتىدىغان هارۋا يولىدىمۇ ئۇچرىغان.

— توغرا، قۇم يېيىغىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۇلاغ يولىدىمۇ چېلىققان. «ئەجەب چوڭ پۇتكەن» دېگەن ئوي كۆڭلۈمدىن كەچكەن.

— ئۇ يول يۈلغۈنلۇققا ئاپىرىدۇ، بۇ ئىزنىڭ يۆنىلىشىگە

قارىغاندا بۇ ئادەم، — دېدى ھاشىم سەل ئويلىنىۋېلىپ، — بۇ يولدا ئۈچ قېتىم ماڭغان. دەسلەپكى ئىككى قېتىمدا پاشىنىلىق ئاياغ بىلەن، ئۈچىنچى قېتىم يالاڭ ئاياغ...

— توختاڭ ھاشىمكا، — جەۋلان چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ كۆزى نەگىدۇر تىكىلدى، — مېنىڭچە، مەتىسىدىق قۇم چۆللۈكى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. پاشىنىلىق ئاياغ كىيگەن ئادەم ئۇنى كۆتۈرۈپ قۇم بېيىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن، ئۇ مەتىسىدىقنىڭ ئايىغىنى كىيىپ، جەسەتنى دۆڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ ئىزىنى قەستەن قالدۇرغان.

— پەرىزىڭىزنىڭ ئاساسى بار، — دېدى ھاشىم، — جەسەتنى ئېسىپ بولغاندىن كېيىن ئايىغىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ يالاڭ ئاياغ ئىزىنى ئارقىچە مېڭىپ ئۆچۈرۈپ ئۇلاغ يولىغا چىقىۋالغان.

— بۇ پاشىنىلىق ئاياغ قۇم چۆللۈكىنىڭ نەرىگىچە بارغان، تەكشۈرۈپ باقامدۇق؟

— بۇگۈن مەشەگىچە بولسۇن، — ھاشىم ئورنىدىن تۇردى، — زۇلال، مەتنىيازلار خاس خادىم نەسرۇللانى تەشكىلگە ئېلىپ كەتكەن، بىزنى ساقلاپ قالمىسۇن.

— راست، بۇ ئادەم «قورسىقىمدا جىن بولغاچقا، خۇلاسە يېغىنىدىن قاچتى» دەپ ئەيساپۇپ، بارنىيازلارغا دادلاپ يۈرمىسۇن.

ھاشىم بىلەن جەۋلان نەسرۇللانىڭ يەكگىلتەكلىك قىلىپ چىقارغان خۇلاسىسى، بولۇپمۇ تولۇق ئىسپاتلانمىغان يەكۈننى ئالدىراپلا دېھقانلارغا ئېلان قىلىشىنىڭ ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىپ، كەنت تەشكىلگە يېتىپ كەلگەندە بارلىق ئەترەت كادىرلىرى، ئاكتىپلار، مىنبىگلار ئىشخانىغا يىغىلىپ بولغانىدى. ھاشىم بىلەن

جەۋلاننى كۆرگەن نەسرۇللا ھەيۋە كۆرسەتكەندەك گېلىنى قىرىپ، سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويدى. ئۇ مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمىدىن چىقارغان ئىككى بەتلىك خۇلاسىنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى. خۇلاسىدە بارلىق جاۋابكارلىق جەۋلانغا ئارتىلغانىدى. «بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى كادىرى قانۇن ـ نىزامنى ئاساس قىلماي، قورقۇتۇش، بېسىم قىلىش، تەھدىت سېلىش، مەجبۇرىي قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشتەك قانۇنغا خىلاپ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆلۈم ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دېگەندەك قالپاقلار بىلەن تولغانىدى. خۇلاسىگە يەنە چاۋار كۈشكۈرتكەن بىرنەچچە نەشكەشنىڭ تاقا ـ تۇقا سۆزلىرى، قالايمىقان توۋلاشلىرى، «دېھقانلارنىڭ ئىنكاسى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ھەتتا بەزى سۆز ـ ئىبارىلەردىن جەۋلاننى «جازالاش» پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئىشخانىنى شۇنچىلىك جىمجىتلىق باستىكى، دېرىزە تۈۋىدە دانلاۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، تورۇستىكى چاشقانلارنىڭ كىتىرلاشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جەۋلان بىلەن ھاشىمدىن باشقىلار تۇنجۇقۇپ كېتىشتى. بولۇپمۇ كامالەتنىڭ كۆزلىرى لىققىمۇلىق ياشلارغا تولدى. ئۇلار خۇلاسىدىكى «خەلق ئىچىدىكى يامان تەسىرىنى تازىلاش»، «دەرھال قايتۇرۇپ كېتىپ، تەكشۈرۈشكە سېلىش»، «تېگىشلىك ئىنتىزام جازاسى بېرىش»كە ئوخشاش تەھدىتلەردىن ئۈمىدلىرى ئۈزۈلگەنىدى. بۇ ھالەت خاس خادىم نەسرۇللانى جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ خۇلاسە دوكلاتىنى ئۈستەلگە قويۇپ، غالىبلارچە ھەممىگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن نوپۇزلۇق ئەرباپلار پەدىسىدە گەپ باشلىدى:

— مەتسىدىقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھەققىدە يازغان خۇلاسە دوكلاتىمنى ئوقۇپ ئۆتتۈم. بۇ پاجىئەگە سىلەرمۇ باشتىن ـ ئاخىر قاتناشتىڭلار. شۇڭا، گۇۋاھ بولۇپ قول

قويۇشۇڭلار كېرەك. قېنى، جەۋلان سىز باشلاپ بېرىڭ.

— پاھوي، نېمىدېگەن كۆپ قالپاقلار بۇ، — دېدى جەۋلان كۈلۈپ تۇرۇپ، — نەسرۇللاكا، دوپپىڭىز مايلىشىپ كېتىپتۇ، ئاشۇ قالپاقلاردىن بىرنى بېرەي، كىيىپ كېتەمسىز؟

غەم ـ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان كۆپچىلىك ئۈنلۈك كۈلۈۋېتىشتى. جەۋلاننىڭ بىر ئېغىز چاقچىقى ئۇلاردا ئىشەنچ، ئىرادە پەيدا قىلىپ بىردىنلا روھلىنىپ كېتىشتى. لېكىن، جەۋلاننىڭ بىر تال غېرىب مويىمۇ تەۋرىمەي مەردانە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشىدىن خاس خادىم سەل چۆچۈپ قالدى. قوينىدا بىرەر كوزىرى بولمىسا، ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك چاقچاق قىلامدۇ بۇ ئەبلەخ، دېگەن ئوي ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاتتىن چۈشسە، ئۈزەڭگىدىن چۈشكۈسى كەلمىدى.

— ھازىر چاقچاق قىلىدىغان چاغ ئەمەس، — دېدى نەسرۇللا خۇلاسىنى جەۋلاننىڭ ئالدىغا سۈرۈپ، — قېنى ئىمزايىڭىزنى قويۇۋېتىڭ.

— بۇ خۇلاسە سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىز، — جەۋلان خۇلاسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى، — ماڭا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

— ئەمىسە سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىزچۇ؟

— مېنىڭ ئوخشىمايدۇ، تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، — جەۋلاننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ئۇقتىڭىزمۇ نەسرۇللا، مەن سىزدەك يەڭگىللىك بىلەن ئۆز قارىشىمنى باشقىلارغا تاڭمايمەن!

يىغىن مەيداندىكىلەرنى بىر خىل جىددىيچىلىك ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇلار بۇ چاغقىچە جەۋلاننىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلاپ قالغانلىقىنى كۆرمىگەنىدى.

— ئوخشىمايدىغانلىقى شۇ يەردىكى، — جەۋلاننىڭ تەلەپپۇزى يەنىلا قاتتىق ئىدى، — سىز نەق مەيداندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھاشىمكام ئىككىمىز قۇم يېيىش ئەتراپىنى تەكشۈرۈپ كۆردۇق.

بەزى ئالامەتلەرگە قارىغاندا مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ.

نەسرۇللا تېخىمۇ گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن «بەل قويۇپ بېرىش» بۇ چاغقىچە تۇپلىغان ھەيۋە بىناسىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۇشۇشى بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ جان تىكىپ تىركىشىشنى بىردىنبىر يول دەپ بىلدى.

— قانداق گەپ بۇ؟! — نەسرۇللا زەردە بىلەن ئۇستەلگە ياققىدە ئۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — زۇلال ئىككىڭلار: «ئېتىلسەن، سولىنىسەن، قولۇڭغا كويزا سالىدۇ» دەپ مەتسىدىقنى قورقۇتۇپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدىڭلار. ئەمدى مەسئۇلىيەتتىن قورقۇپ خۇلاسىگە قارشى چىقماقچىمۇ؟

ئولتۇرغانلار خاس خادىمنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەندىكىپ، جىممىدە يەرگە قاراشتى. ئەمما، ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇرغان جەۋلان يۈز - خاتىر چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى:

— سىز ئادەم قورقۇتۇپ، ھەيۋىڭىزنى كۆرسىتىپ، تېرە تاراقشىتىپ ئۆگىنىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ بۇ سىزنىڭ خىزمەت ئىستىلىڭىزما؟ «ھەممە ئادەم ماڭا قاراپ تېكىسلەنسۇن، كۆزقارىشىنى ماڭا بويسۇندۇرسۇن» دېمەكچىمۇسىز؟

— مەن... مەن سىلەرگە ھەيۋە قىلىپ قورقاق سالدىمما؟

نەسرۇللانىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئىچىدە: ئاسانلىقچە چېقىلغىلى بولمايدىغان نەرسىكەنا دەپ ئويلىدى.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۇستەلگە ئۇرىسىز؟ — جەۋلان مىختەك قادالدى، — بۇ ئولتۇرغانلار كەنتنىڭ كادىر ھەم ئاكتىپلىرى. ئۇستەلگە ئۇرۇپ ئۈركۈتىدىغان پەغەزدىكى كەپتەرلەر ئەمەس!

پاراققىدا كۆتۈرۈلگەن كۈلكىدىن نەسرۇللا بويۇنلىرىغىچە ئېسىلىپ، قىزىرىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇ نېمىدۇر

دېيىش ئۈچۈن تەرەددۇتلەنگەندى، جەۋلان ئۇنى «توختاڭ» دېگەندەك قولىنى كۆتۈرۈپ توسۇپ قويدى:

— سىز دەيدىغاننى دەپ بولدىڭىز، ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ئەمدى! سىزدە باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىززەتلەيدىغان ئەقەللىي ئەخلاق ساۋاتى بارمۇ، يوق! مېنىڭ خۇلاسىڭىزغا قول قويماسلىقىمدا ئاساسىم بار.

جەۋلان نەسرۇللانىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ كۆرۈش، شۇنداقلا كۆپچىلىكنى مەلۇم ئۇقۇمغا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە، ھاشىم ئىككىسى قۇم يېيىغنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەستايىدىل تەكشۈرگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ روشەن دەلىلەش ئۈچۈن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى سوئاللار بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

— مەتسىدىق ئۆلگەن كېچىسى يولغۇن ئوشتۇپ ئىز ئۆچۈرگەن زادى كىم؟ تېخى بۇ شاخ مەتسىدىق ئېسىلغان يەردىكى يۇلغۇندىن سۇندۇرۇلغان. يەنە بىر سىر قۇمدىكى يالاڭ ئاياغ ئىز نەدىن كەلگەن؟ بۇ ئىز قۇم يېيىغنىڭ ئارقىسىدىن ئايلىنىپ كېلىپ، نېمە ئۈچۈن پاشىنىلىق ئاياغقا ئۆزگىرىپ قالىدۇ؟ بۇ پاشىنىلىق ئاياغ قۇم دەشتىگە كىرىپ كېتىدىغان ھارۋا يولىدا نېمىش قىلىدۇ؟ ئاياغ ئالماشتۇرغان بىرەرى بارمۇ، يوق؟ مەتسىدىق ئۆلگەندە زادى قانچە ئادەم بار؟ ئۇ ئېسىلىپ ئۆلگەنمۇ ياكى ئۆلگەندىن كېيىن ئېسىپ قويۇلغانمۇ؟

ئىشخانا ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمدى. ھەممىسىنىڭ كۆز ئالدى يورۇغاندەك بولۇپ، قانداقتۇر ۋەھشىي شۇملۇقنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك بولدى. بىراق، پەنجىرە قەغىزىدەك ئاقىرىپ كەتكەن نەسرۇللا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يەنە چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— قۇرۇق پەرەزلىرىڭىزنى قويۇڭ، ئەمىسە ئاشۇ نامەلۇم ئىزنىڭ نامەلۇم ئىگىسىنى تېپىپ ئەكېلىڭ، — دېدى نەسرۇللا

قوللىرىنى شىلتىپ، — قانۇن پەرەز، گۇمان، مىكى ـ مىكىلەرگە ئەمەس، پاكىت، ئىسپات، دەلىلگە ئىشىنىدۇ.

— ئۇ ئادەم سىزگە ئايان، بىلەمسىز؟ — جەۋلان قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — ئۇنىڭ مېنىڭ ئۇستۇمدىن يازغان ئەرزنامىسى سىزنىڭ قولىڭىزدا! «قومىتامدىن ئەپكەتسۇن»، «يوقاتسۇن»، «جازالىسۇن» دېگەندەك پىتنە ـ پاساتلار ماڭا يېڭىلىق ئەمەس. سىز بۇ ئەرزنامىنى دەستەك قىلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىچىدە كۆتۈرگەن داۋراڭلىرىڭىزدىنمۇ پەرۋايىم پەلەك! ئەجەبا ئۇ ئادەم مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈشىنى بىلگەندەك «بەزىلەرنى ئۆلۈۋېلىشقا قىستاۋاتىدۇ» دەپ ئەرزنامىدا ئالدىن بېشارەت بېرىپتۇ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

— بەزى مۇناپىقلار، — دېدى ھاشىم ئۆزىنى تۇتۇۋالماي، — جەۋلاننى قومىتامدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلەتمىگەن نەيرەڭلىرى قالمايۋاتىدۇ. ئۇ ئەرزدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار.

يىغىن ئەھلى مۇسىبەتتە ئولتۇرغاندەك چوڭقۇر تىنىشتى. بۇ ئىشلاردىن ئۇلارنىڭ زادىلا خەۋىرى يوق ئىدى. ھېلىھەم غەزىپىنى باسالماي تۇرغان جەۋلاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرغان قورساق كۆپۈكى يەنە پارتلاپ چىقتى:

— سىز قانۇن ئىسپات، پاكىت، دەلىلنى ئېتىراپ قىلىدۇ، دەپ توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇنداقتا مېنىڭ كامالەت بىلەن قومۇلۇقلار ئارا ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقىمغا، دېھقانلار ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقىمغا پاكىت ـ ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟ — جەۋلان بىگىز بارمىقىنى نەسرۇللاغا جۈندى، — مەن پەقەت ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە ئوقۇش ئارزۇسىغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە بەردىم. بۇ خاتا بوپتۇمۇ؟ لېكىن سىز يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىزنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى تۆكۈپ ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزدىڭىز. سىزگە

بۇنداق ھوقۇقنى كىم بەرگەن؟ ناھايىتى بىر خاس خادىمغۇسىز!

كۆپچىلىك مەتىسىدىقىنىڭ ئۆلۈمىدە راستىتىنلا ئىغىر مەسىلىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشتى. زاۋاللىقتا يۈزلەنگەن بەزى ئادەملەرنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالسىمۇ، يەنىلا ھوقۇقىنى، ھارام دۇنياسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن رەزىل ئويۇنلارنى ئويناۋاتقانلىقىنى تېگىدىن چۈشەنگەندەك بولدى.

نەسرۇللاغا خەنجەردەك قادالغان كامالەتمۇ جەۋلاننىڭ تەرەپبال «بىز دوست»، «ئىنقىلابىي يولداش»، «ئوقۇشىڭىزغا ياردەم قىلىش ياخشى كۆرۈشتىن دېرەك بەرمەيدۇ» دېگەن گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ مۆل - مۆل ياش تۆكتى. بۇ چاغدا كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر «پەلتىكە» ئىسيان كۆتۈرۈۋاتقان جەۋلان ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— بىلىمەن، سىز قايتقاندىن كېيىن توپىلاڭ كۆتۈرىسىز، ئەمما بۇ مەن ئۈچۈن تەستە كېلىدىغان پۇرسەت، — كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ جەۋلانغا قاراشتى، — مەنمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت يىغىن زالىغا ھەممە كادىرلارنى ھەتتا، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چاڭمىن، ئابلىز ھاكىملارنى يىغىپ، سىز بىلەن سەھنە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىمەن! سىز زادى كىمنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، كىمنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتىسىز، شۇ مەيداندا ئاشكارىلىنىدۇ.

نەسرۇللا ھورىدىن چۈشتى. چۈشكەندىمۇ لاسىدە بوشاپ، ئىغىز ئاچالماي قالدى. ئۇ جەۋلاننى قۇمتامغا تەقسىم قىلغاندا، ۋاڭ يۈگىنىڭ: «ئۇنىڭدا ياندا ئات كەتمەيدۇ، ئۆزى يالغۇز ھۆددىسىدىن چىقىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپ قالدى. توغرا، ئۇنىڭ پرىنسىپاللىق ئىشلاردىكى يۈزسىزلىكى، قورقۇمسىزلىقى قانۇن - سىياسەتنى بىلگەنلىكىدىن ئىدى. ئامالسىز قالغان نەسرۇللا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كېيىسەلدىن ئەمدىلا تۇرغان ئادەمدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا مېنىڭ خۇلاسە دوكلاتىمغا ئىشەنمىگەندىن كېيىن مەن كېتەي.

— توغرا، مەن ئىشەنمەيمەن، — جەۋلان سۈلكەت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — جەسەتنىڭ مەيدىسىنى، كۆز جىيەكنى ئېچىپ كۆرۈش، پۇتىدىكى ئايىغىنى ئۆلچەپ، ئىزغا سېلىشتۇرۇشنى مال باقار ئەخمەت گاچىمۇ بىلىدۇ، — جىددىي كەيپىياتتا ئولتۇرغانلار ئاغزىلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈۋېتىشتى، — خاس خادىم، سىز جىنايى قىلمىشلارنى تەكشۈرۈشتە ئەتراپتىكى مۇھىتنى نەزەردىن ساقىت قىلدىڭىز، ئاددىيسى ئۆلگۈچىنىڭ بەدىنى ھەم بەش ئەزاسىدىكى ئىنچىكە جىنايى بەلگىلەرنىمۇ كۆزىتىشنى بىلمەيدىكەنسىز. تىرىك ئادەم ئېسىلغاندا قان يۇرۇشمەي يۈزى قارىداپ كېتىدۇ... ئەقەللىيسى مەتسىدىقنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىگە قۇم تىقىلغان، كۆز جىيەك، يۈز، پېشانىلىرىگە بىرقەۋەت نېپىز قۇم توزانلىرى چاپلاشقان. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا قۇمغا ئېغىناپ يۇرمىگەندۇ؟ يەنە بىر بەلگە، ئېسىلغاندا كارنايدا بوغۇلغان چوڭقۇر ئىزلار قالىدۇ. نېمە ئۈچۈن مەتسىدىقنىڭ گەجگىسىنىڭ تېرىلىرى سويۇلغان؟ مانا بۇلار ئەستايىدىل تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك ھالقىلار. شۇڭا، مەن خۇلاسىڭىزگە قول قويمىدىم. باشقىلار قويسا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى!

باشقىلارنىڭ قول قويمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن نەسرۇللا پوپكىسىنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتتى. جەۋلاننىڭ ئىشارىتى بىلەن زۇلال ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. نەسرۇللانىڭ يوقىلىشىدىن يېنىك تىن ئالغان كۆپچىلىك جەۋلانغا پەخىرلىنىپ قاراشتى. قۇمچاقار ۋە ئەلئابادتا «مەندۇرمەن» دەپ يۇرگەن خاس خادىم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم رەسۋايى - ئالەم بولۇپ يولىغا راۋان بولدى. يىللاردىن بېرى قانچە - قانچە ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان نامرات دېھقانلارنىڭ پالتا - كەكىسىنى قاقتۇرۇپ زار - زار يىغلاتقان بۇ ئادەم

بۇگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالارنى ئويلىغانمىدى؟ شۇنداق، كونىلار: «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا» دەپ بىكار ئېيتمىغان. رىۋايەتلەردە بۇ ھەقتە ئالەمشۇمۇل داستانلار يېزىلغانغۇ! ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردانمۇ رۇستەمى داستانىنىڭ بىر قامچىسىغا تەڭ كېلەلمىگەن! باتۇرلۇقى يەتتە ئىقلىمنى تاڭ قالدۇرغان رۇستەمى داستان ئۆز ئوغلى رۇھىنتەندىن يېڭىلگەن ئەمەسمىدى!

كامالەت بولۇنغان بەزى ئۇياتلىق گەپلەردىن يىغلىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى سۇغا قانغان مايسىدەك ياشىرىپ كەتتى. ئۇ جەۋلاندەك يىگىتنىڭ سۆيۈشىگە نائىل بولغىنىدىن ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك قىزمەن دەپ ئويلىدى. ئەمما، ھاشىم ھەممىدىن بەكرەك خۇشال ئىدى. ئۇ جەۋلاننىڭ ھۇجۇمدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قوغداشقىمۇ ماھىر ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى. ئۇنىڭ «يېزىلىق ھۆكۈمەت يىغىن زالىنىڭ سەھنىسىدە مۇنازىرىلىشىمەن» دېگىنى ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «پەلتىكە» نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھىلىگەندە «تاكتىكا» بولسىمۇ، لېكىن ئاغزى ـ بۇرنىغىچە تويغان خاس خادىم نەسرۇللا ئەمدى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىچىدە پوپاڭ كۆتۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، ئۇ قانۇنغا ئائىت بەس ـ مۇنازىرىدە جەۋلاننىڭ پەنجىسىگە پەنجە ئۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇنى دەھشەتلىك ئىزتىراپقا سالغىنى: «ئەرز يازغان ئادەمنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناپ، كەتمىنىنى چېپىۋاتىسەن» دېگەن گەپلەر ئىدى. ئەگەر بۇ گەپلەر كوچىلىنىپ قالسىلا، نەسرۇللانىڭ مېزى چۈۋۈلۈپ كېتەتتى. شۇڭا ئەڭ ياخشى چارە، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىچىدە جۈپ يۇمىلاق قىسىپ يۇرگىنى تۈزۈكتەك قىلىدۇ...

— بۇ ئادەمنىڭ ھەيۋىسىنى، — دېدى كېرىمۇللا، — كاسات بازاردا بىر كۆشۈككە ئالغۇسىز قىلىۋەتتىڭىز. ئۇھ، ھاردۇقۇم

چىقىپلا قالدى.

— بىچارە، مۆمىن دېھقانلارغا ۋارقىراپ - جارقىراپ ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈپ كۆنۈپ قالغان - دە، — دەپ قويدى ھاشىممۇ.

— ئەتىگەندىن بېرى ئۆلۈم ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتۇق، ئەتىكى تويىنى قانداق قىلىمىز؟

جەۋلان ئايشەمنىڭ سۆزىدىن كېيىنلا كامالنىڭ تويى ئېسىگە كەلدى. ھەممە يەرگە توي خەۋىرى يەتكۈزۈپ بولۇنغانىدى. شۇڭا، ئۇلار بىردەك «يامانىنىڭ ھازىسىدىن ياخشىنىڭ تويى ئەلا» دېگەندەك چاقچاقلارنى قىلىشىپ، ئەتىكى تويىنى قىلىۋېرىشنى بېكىتتى. جەۋلان مۇڭلۇپ ئولتۇرغان كامالەتكە قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي، چاقچاق ئارقىلىق كۆڭلىنى ئالماقچى بولدى.

— ئاغىنىلەر، كامالەتنى ياۋاش، مۆمىن دەپ يۈرۈپتىمىز، بۈگۈن ئەتىگەنكى ھازازۇللۇقىنى كۆرگەنسىلەر!

— كۆردۇق، — دېدى يار بەختى، — سائادەتنى بىر ئىتتىرىۋىدى، ئۇ خوتۇن چاقۇندىسىغا چۈشتى.

ھەممىسى كۈلۈشتى. لېكىن، كامالەت تۇمشۇقلىرىنى دۇمسايتىپ ۋارقىرىدى:

— ھە، مەن شۇنداق ھازازۇل، بىشەم بولغاچقا، ھەممە ئىشىم يارىمايدۇ.

— خاپا قىلىپ قويغان يەرلىرىم بولسا، سىزدىن ئەپۇ سورايمەن.

جەۋلان ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشى كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. لېكىن، كامالەت ئورنىدىن تۇرغانچە جەۋلانغا ئالايدى:

— ۋاي بولدى، ئۇنداق قىلماڭ، مەن.. خىجىل بولىدىكەنمەن، گەپ قىلمىسام بوپتىكەن.

— كۆپچىلىك، — يار بەختى ئۇنلۇك توۋلىدى، — كامالنىڭ

ئۆيىدىكى باللار «ئالدىراپ قالدۇق» دەپ نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتتى. قانداق قىلىمىز؟

— يولداشلار، ھاشىمكام، زۇلال ئۇچىمىزنىڭ ئازراق ئىشى بار، — دېدى جەۋلان كۆپچىلىككە قاراپ، — باشقىلارنىڭ ھەممىسى توي تەييارلىقىغا ياردەملەشكىلى بارسۇن. ئەتە ئالدى - ئارقىمىزغا قاراپ قالىدىغان ئىش بولسا، مەنمۇ كامالەتتەك قاتتىق ئىتتىرىۋېتىمەن.

ئىشخانىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇشتى. زۇلال كىرىپ كەلدى. ئۇ بوسۇغىدا ئۆرە تۇرغىنىچە ۋارقىرىدى:

— خۇش خەۋەر، خاس خادىم جەۋلانغا يۇقىرى باھا بەردى، ئۇ: «ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ بۇرۇتىغا ئېسىلغاندەك، شىلتىڭ ئاتقىنىمنى كۆرۈڭ، خۇدا پاناھ بەرسۇن، بۇنداق گەپ خالتىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى، يۈز - خاتىرىنى بىلمەيدىغان قارا يۈز بىر نېمىكەن ئەمەسمۇ...» دەيدۇ.

ھەممىسى «ۋا...» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. بۇ پۇرسەتتە كامالەت ئوغرىلىقچە جەۋلانغا قىيا بېقىپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى يېلىنجاپ تۇراتتى... جەۋلانمۇ تۇيدۇرماي ئوڭ كۆزىنى قىسىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىۋەتتى...

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# ئالدىراش ئۆتكەن بىر كۈن

نويابىر ئايلىرى كىرىشى بىلەن سۈسىز قىر دەريا سايلىقىدا مۇز داۋان تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان سوغۇق شامال ھەر كۈنى دېگۈدەك چىقىپ تۇراتتى. تەكلىماكاننىڭ يىراق تامانلىرىغىچە سوزۇلغان بۇ ساي چەكسىز يالاڭلىق بولغاچقىمۇ 2 ـ، 3 ـ ئايلاردا بوران ئېغىزى بولسا، كەچ كۈز يېتىپ كېلىش بىلەن شامال يولى بولۇپ قالاتتى. چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلغان خاس خادىم نەسرۇللا سايلىق ئىچىدە ئېتىنى قامچىلاپ كېلىۋاتاتتى. ئات تۇياقلىرىدىن چاچرىغان قۇم ـ توزانلار نەلەرگىدۇر توزۇپ يوقايتتى. ئۇنىڭ خىياللىرىمۇ تىنىمسىز شاماللار بىلەن تەڭ يىراق ئۆتمۈشكە كېتىپ قالدى.

... نەسرۇللا 1926 ـ يىللىرى قۇمچاقاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، شەھەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. ئوتتۇرا مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن تۈگەتكەندىن كېيىن ياچىۋەكتەك ئۇرۇق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «خەنزۇ تىلىنى بىلسەڭ ئەمەلدار بولالايسەن» دېگەن تەشەببۇسى ۋە تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق شەھەردىكى خەنزۇ مەكتەپ «شۆتاڭ» دا ئوقۇدى. لېكىن، ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزمەيلا ئىككىنچى يىل ئاخىرىدا دادىسىنىڭ قازا قىلىش سەۋەبىدىن قۇمچاقارغا قايتىپ كەتتى. بالا كەلسە قوش كەپتۇ، دېگەندەك دادىسىنىڭ «يەتتە نەزىر» كۈنى ھويلىدىكى ئۈزۈم باراڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئانىسىمۇ ئالەمدىن

ئۆتتى. بويىغا يېتىپ قالغان ئىككى سىڭلىسىغا قاراش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش نەسرۇللانىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. خەيرىيەت، يىللار ئۆز يولىنى داۋام ئېتىپ بىر ـ بىرلەپ ئۇزاپ تۇردى. ئۇ كىچىك سىڭلىسى بائۇمە، چوڭ سىڭلىسى بۇئايشەلەرنى ياتلىق قىلىپ ئاندىن ئۆزى ئۆيلەندى. نەسرۇللا يەتتە يىل ئىچىدە بىر ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت يۈزى كۆردى. ئۇنىڭ ئەمەلدار بولۇش تەمەسى قاققان كىگىز توپىسىدەك تېزلا غايىب بولدى. نەسرۇللا ئۇچۇن پەلەك چاقى تەتۈر چۆرگىلەۋاتقاندەك ئىش ـ ئوقىتى روناق تاپماي، ئىلەك ـ سىلەڭلەپ ياشاپ كەلدى. ئۇ دېھقانچىلىق بىلەن باللىرىنى باقالماي بىر مەزگىل كۆنچىلىكمۇ قىلىپ باقتى. ئېتىز ئىشىدىن قولى بوشىغان ھامان ئېچىتقۇ تۇڭىدا بىر نەچچە كۈنلەپ ئېچىغان قوي، ئۆچكە تېرىلىرىنى ئەيلەيتتى، پاتلايتتى. ئۇنى راسلاپ يەنە رەڭلىك ئېدىشقا سېلىپ كۆن قىلىپ چىقىراتتى. تېرىلەرنىڭ ئاجىز، نېپىزلىرى شاۋۇرۇن بولۇپ چىقاتتى. نەسرۇللا بارا ـ بارا تۆت جامائەت توپلاشقان يەرگە ئىشەنچلىك بارالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن بىر خىل ئېچىپ كەتكەن خېمىرتۇرۇچ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇنى ئۇششاقۇ چوڭ، پىششىقۇ تۇغىنىڭ ھەممىسى «سېسىق كۆنچى» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى. پەقەت ئۇ 40 ياشقا ئۇلاشقاندىلا دولىسى ئاپتاپ كۆرۈپ، چىرايىغا قان يۈگۈردى. 1949 ـ يىلى ئۆلكە ئازاد بولۇپ قۇمچاقاردا پومىېشچىك، زومىگەر، باي دېھقانلارنى باستۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتى يۈرگۈزۈش داغدۇغىلىق ھەرىكىتىدە، قۇمچاقارغا چۈشكەن كادىر كېرىم ئۇنى يېنىغا تارتتى. ئۇ چاغلاردا نەسرۇللادەك ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، شۆتاڭدا ئوقۇغان ساۋاتلىقلارنى تېپىش قىدام كەككە ساپ تاپماقتىنمۇ تەس ئىدى. ئۇ ئىسلاھات كادىرلىرى گۇرۇپپىسىدا كاتىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش تەييارلىق

خىزمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. كېرىم ئۇنى ھەر قېتىملىق يىغىنلاردا تەقدىرلەيتتى، مۇكاپاتلايتتى، ماختايتتى. كېچىلىرى ياتقىدا سىياسەت ـ تۈزۈملەردىن دەرس سۆزلەپ رىغبەتلەندۈرەتتى. «يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا ماشايىخىڭ شۇ، بېشىڭنى كىم سىلىسا شاپائەتچىڭ شۇ» دېگەندەك، كېرىم ئۇنىڭ خۇدايىم يەتكۈزۈپ بەرگەن ساخاۋەتچىسى بولۇپ قالدى. ھېلىقى ئەينى يىللاردىكى تاياقتەك ئورۇق مۇئەللىم راست دەپتىكەن، نەسرۇللا ھازىر ئىككى ئەمەل ئېتىغا مىنگەن بەگدەك ئېگىزكىدە ئاسمان تىرەپ ماڭىدىغان بولدى. ھېلىقى «سېسىق كۆنچى» دەيدىغان لەنىتىلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئالدىدىن سالام ـ سەھەتسىز ئۆتمەيتتى. ھېلىغۇ ئۇلاركەن، ئازنە بازارنىڭ ئىتلىرى چېغىدا قۇيرۇقىنى چىۋىسىغا تىقىپ، ھىڭگىدە ھىجىيىپ قويۇپ، غىپپىدە ئۆتۈپ كېتەتتى. نەسرۇللانىڭ ئۆسۈشى شۇ يەردىلا توختاپ قالمىدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلار تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئالىي كوپىراتسىيىلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغاندا نەسرۇللا ئالىي كوپىراتسىيە ئىشخانا مۇدىرى ھەم قوشۇمچە كاتىپلىق خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالدى. ئەمما، بىر كۈنى كېچىسى كېرىم مۇدىر ئۇنىڭ ئۆيىگە قاپقارا، قېرى قارىياغاچتەك كېلەڭسىز بىر ئادەمنى باشلاپ كىرىپ: «ئاتۇشتىن كەلگەن تۇغقىنىم، ئىسمى چاۋار، ئۆيۈڭدە بىر نەچچە ئاي تۇرغاچ تۇرسۇن، ئەلئابادتىكى كوپىراتسىيە خىزمىتى تۈگىگەندە ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ «ئەمەلدار»نىڭ ئەمىنلىكى بۇزۇلدى. نەسرۇللانىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزى شەھەردىكى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇيتتى. چوڭ قىزى سۇدۇمە ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. چاۋار ئۇنىڭغا پوخورلۇق قىلىپ زادىلا كۈن بەرمىدى. نەسرۇللا بۇ ئىشنى خوتۇنى مەختۇمخاندىن ئاڭلاپ چاۋارغا:

— ئۆزۈڭنىڭ قىزىدەك بالىغا قانات سۆرەشتىن نومۇس

قىلمامسەن، ـــ دەپ ئاچچىقلاپ قالدى. لېكىن چاۋار پىسەنتىگە ئالماي:

ـــ ھەي، ئانچە ـ مۇنچە ئېتىشىپ قويسام نېمە بوپتۇ، بۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ ئۆلەي دېدىم ياكى قورسىقىم ئېغىر كېلىۋاتامدۇ ساڭا، ـــ دەپ بىر ھۆرپەيگەندى، نەسرۇللا ئۇنىڭ بوزۇق ئەلپازىدىن قورقتى. ئۇ شۇ چاغلاردىن باشلاپلا چاۋارنىڭ قېچىپ يۈرگەن قاچقۇن ياكى يامان ئادەم ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلغانىدى. شۇڭا، نەسرۇللا كوپىراتسىيە مۇدىرى كېرىمگە دېمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ ھەر ئايدا يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان ئاشلىق، ماي، گۆشلىرىگە پايلىمىدى. شۇنداقتىمۇ قىزىدىن ئەنسىرەپ قالغان نەسرۇللا سۇدۇمەنى قېيىنانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتتى. سۇدۇمە كەتكەندىن كېيىن چاۋارنىڭ مەختۇمخانغا كۆزى چۈشۈپ، ھېچ تەپتارتماي ئۇنىڭ ئۇ يەر ـ بۇيەرلىرىگە قول سوزۇپ، قاش ـ كۆزىدە كۆرپە ـ ياستۇقلارنى ئىشارەت قىلاتتى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن نەسرۇللا كېرىم ئارقىلىق مەختۇمخاننى ئالىي كوپىراتسىيە ئىشخانىلىرىنى تازىلايدىغان، قايناق سۇ قاينىتىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بىراق، نەسرۇللا ساخاۋەتچى كېرىمگە ھېچنېمە دەپ تىنمىدى. چاۋارنى ئۆيىدە تۆت ئاي باققان نەسرۇللا جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغاندىلا، كېرىم ئۇنى ئەلئابادتىكى قۇمتام كەنتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇندىلا نەسرۇللا بىلەن مەختۇمخان «ئۇھ» دەپ ئارام تاپتى...

... ئات قىسىر دەريا سايلىقىدا بىر خىلدا يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى. نەسرۇللانىڭ خىيالى يەنىلا جەۋلانغا يۆتكەلدى. ئۇنى يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە دەپ جازالىتىشتىن قورقۇپ قالغانىدى. جەۋلاننىڭ تورگۇنلۇكىگەقارىغاندا ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىچىدە ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈشتىن يانمايتتى. ئەگەر چاۋارنىڭ ئۆتمۈشى ئاشكارىلىنىپ قالسا ئۆزى ھەم

شەھەردىكى كېرىم مۇدىرغا دەز كېتىشى ئېنىقلا تۇراتتى. چۈنكى، نەسرۇللا بىرقانچە قېتىملىق سۆھبەتلەردە، كېرىم مۇدىرنىڭمۇ ئامالسىزلىق ئىچىدە ئۇنى قوغدىمىسا بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. بىراق، چاۋارنى تۆت ئاي ئۆيدە ساقلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ سەل قارىغىلى، كوچىلىغىلى ھەم ئاچچىقىنى كەلتۈرگىلى بولمايدىغان سىرلىق ئادەملىكىدىن قورقتىمۇ، ئەيتاۋۇر، چاۋارنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇراتتى.

... ئات بىردىنلا ئۈركۈپ، خارتىلدىغىنىچە ئارقىسىغا شوخشىدى. چۈنكى، ئالدىدىكى ئازگالدىن چاۋار ئۆمىلەپ چىققانىدى. ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالغان نەسرۇللا ئاتنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ ئارانلا توختىتىۋالدى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئەتراپىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن چاۋارنى يولدىن يىراقلاشتۇرۇپ سايلىق ئوتتۇرىسىدىكى بۈككىدە چاتقاللىق ئارقىسىغا ئېلىپ باردى. نەسرۇللانىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدىن، خاموش تۇرقىدىن ئەندىككەن چاۋار ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈردى:

— چاۋار، — دېدى نەسرۇللا ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ئوت سېنىڭ بېشىڭدا كۆيۈۋاتقاچقا، ئەتىگەندىن بېرى سەن بىلەن كۆرۈشكىلى بولمىدى.

— بۇ تەرىپى ماڭا ئايان، — چاۋار غۇرتىدە يۇتۇندى، — خەقتە گۇمان قوزغاپ قويىدىغان گەپ. لېكىن، قۇم يېيىغدا قىلغان سۆزىڭىز بەك بەلەن بولدى.

— بەلەنلىكى قۇرۇسۇن، جەۋلان دېگەن ھارامىلىق خۇلاسەمگە قول قويۇش تۇرماق، بىر پۇلغا ئالغۇسىز قىلىۋەتتى.

— نېمە؟! — چاۋارنىڭ ئاغزى ئۇچۇقلا قالدى، — ئۇ... ئۇ قانداقلارچە؟

نەسرۇللا يىغىن سورۇنىدا جەۋلاننىڭ دېگەنلىرىنى ئۇجۇر -

بۇجۇرلىرىغىچە قويماي سۆزلىدى. «يولغۇن شېخى»، «يالاڭ ئاياغ ئىمىز»، «پاشىنىلىق ئاياغ»، «قۇم يېيىغىنى ئۈچ قېتىم ئايلانغان...»، «مەتىسىدىق ئۆلگەندىن كېيىن ئېسىلغان»، «ئۇ ئۆلگەندە قانچە ئادەم بار...» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغان چاۋار قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەي ھاڭقايغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ئۇنىڭ دېگەنلىرى گۇمان، پەرەز، گۇمان دېگەن گۇمان بويىچە قالىدۇ.

— توغرا، توغرا، — چاۋارنىڭ كۆڭلى سەل پەسكويغا چۈشتى، — ئۇنىڭ ئورۇنسىز گۇمانلىرى قورسىقىدا سېسىپ كېتىدۇكى، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس.

— شۇ ئەمەسمۇ، — نەسرۇللا «ئۇھ» دەپ قويدى، — لېكىن، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە داۋراڭ كۆتۈرگۈم يوق. رەھبەرلەرگە: «پاكىتلارغا قارىغاندا مەتىسىدىق ئېسىلىپ ئۆلتۈۋالغاندەك قىلىدۇ، ئەمما قۇمتام كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرۈش پىكرىگە قوشۇلدۇم» دەپلا قۇتۇلىمەن.

— نېمىشقا، — چاۋارنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— مەن جەۋلانغا ئاشۇ نامەلۇم ئىزنىڭ ئىگىسىنى تاپ، دېسەم، ئۇ: «سىزگە مېنىڭ ئۇستۇمدىن ئەرز يازغان ئادەم شۇ» دەۋاتامدۇ...

گۇمان ئاللىقاچان ئۆزىگە مەركەزلىشىپ قالغانلىقىنى بىلگەن چاۋارنىڭ پۇت - قوللىرى سىرقىراپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئىچىدە: پاھ، بۇ ھاراملىق نېمىدېگەن يامان، ئەجەب سەزگۈر نېمىكىنا، دەپ ئويلىدى. شۇنچە ئەجىر بىلەن پىلانلانغان ئىش بىر تېپىككە يارىمىدى، دېگەن شۇدە.

— داۋراڭ سالساق پوقنىڭ پۆپۈكىنى بۇزۇپ قويغۇدەكمىز، — دېدى نەسرۇللا، — جەۋلان يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرى ھەم ناھىيىنىڭ شۇجى، ھاكىملىرىنى چاقىرىپ چوڭ مەيداندا سىبەن

بىلەن مۇنازىرىلىشىمەن، دەۋاتىمەن. بۇ گەپدانغا گەپ تېپىپ بېرىشقا كۆزۈم يەتمىدى.

— قارا ئۇنىڭ يامانلىقىنى! ئەمىسە مۇشۇنداقلا بولدى قىلامدۇق؟ ئۇنداقتا مەن...

— ياق، جەۋلان دېگەن ئاتىكاچىنىڭ شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلغىنىغا تويغۇزمىسام ھېساب ئەمەس، — نەسرۇللانىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — خۇلاسە دوكلاتىمنى قايتا تولۇقلاپ يېزىپ بىر نۇسخىنى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە، يەنە بىر نۇسخىنى كېرىم مۇدىرغا ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئاندىن تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىمەن.

— ھەببەللى، — دېدى چاۋار خۇشاللىقىدا، — كېرىم مۇدىرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن رەھبەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق، قولىدىن ئىش كېلىدۇ.

ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش ھەققىدە بىردەم كۇسۇرلىشىۋالغاندىن كېيىن نەسرۇللا ئېتىغا مىنىپ يولغا راۋان بولدى. چاۋار كۆزىنى قىسىپ ئاسمانغا قارىدى. كۈن چۈش پېشىندىن ئۆتكەن بولۇپ، كەچ كۈز ئاپتىپى قۇملۇق دىيارىنى يەنىلا ئىللىتىپ تۇراتتى. كەنت ئىچى بىلەن مېڭىشنى بىئەپ كۆرگەن چاۋار سايلىقنىڭ تۈۋىنىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ توغراقلىق، يۇلغۇن چاتقاللىقلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بولجاللىققا كېلىۋالدى. ئاندىن چوڭقۇر ئېرىق ئارقىلىق باغ سۆڭگۈچىگە كىرىپ كەتتى.

چاۋار مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تۆرىگە سېلىپ قويغان كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ياستۇققا ئەمدىلا يۆلىنىپ تۇرۇشى قارا ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدە لىغىرلاپ تۇرغان ئوغۇلخان كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېرىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە كۈنۈپ قالغاچقىمۇ، سىپايىلىك بىلەن كېلىپ ئولتۇرۇپ چاۋارنىڭ پۇتىنى تۇتۇشقا باشلىدى. چاۋارمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىلىنەر - بىلىنمەس

كۆلۈمسىرەپ قويۇشى، قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن ئوغۇلخاننىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— يائاللا، چىرايىڭلارنىڭ ئېچىلغىنىنى بۈگۈن كۆرۈپتىمەن، خۇددى چىشى ئاغرىق ئادەمدەك قاپىقىڭلاردىن قار يېغىپلا تۇراتتى، — ئوغۇلخان ئېرىنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى، — مەتسىدىق دېگەن شاۋۇچى بالدۇرراق ئۆلسە بوپتىكەن.

— خوتۇن، دۈشمىنىڭگىمۇ ئۆلۈم تىلىمە، ئىنساپ تىلە، دېگەن گەپ بار، — چاۋار مۇلايىملىشىپ قالغاندەك قىلاتتى، — بۇنداق دېمەڭلار، مۇسۇلمانچىلىقتا يامان بولىدۇ. ئېخى مەتسىدىق نەۋرە سىڭلىڭنىڭ سائادەتنىڭ ئېرى تۇرسا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز تۇغقان ـ دە.

— يا دەيمىنا، سىلىنى شۇنچە پاراكەندە قىلىۋەتكىنىگە زەردەم قايناپ...

— مېنى كىم پاراكەندە قىپتۇ؟ — چاۋار خوتۇنىغا گەپ ئۆگىتىۋاتقاندەك قىلاتتى، — مەتسىدىق مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ مەن بىلەن تىللاشمىسا... تاكاللاشمىسا ياكى ئاناڭ ـ قىزىڭ دەپ ئۇرۇشۇپ باقمىسا... قېنى، دەپ باققىنا، بىزنىڭ ئۆيگە بىرەر قېتىم كىرىپ باقتىمۇ؟

— يا... ياق، كىرىپ باقمىدى... زا... زادىلا... ھۆددەس كىرمىدى...

ئېرىنىڭ خۇي ـ پېئىلىنى ئوبدان بىلىدىغان ئوغۇلخان ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، كۆڭلى ئۆيگەندەك بولدى ـ دە، بوشقىنا خورسىنىپ قويدى. چۈنكى، چاۋار «بۇنىڭدىن كېيىن تىلىڭنى تىي، ئالىجوقا سۆزلەپ يۈرمەي، مېنىڭ گەپلىرىمنى قۇلىقىڭغا سىرغىدەك ئېسىۋال» دەۋاتقانلىقى ئېنىقلا تۇراتتى.

— بولدى خوتۇن، پۇتلىرىم يېپيېنىكلا بولۇپ قالدى، — چاۋار يالغان ھېجىيىپ قويدى، — ئەمدى سەن چىقىپ، كەكلىكنىڭ قاچىسىدىكى سۇنى يەڭگۈشلەپ، دان قاچىسىغا

بىرئاز تېرىق تۆكۈپ بەر.

ئوغۇلخان «يا بىسمىللا» دەپ قولىرىغا تايىنىپ ئارانلا تۇردى. ئۇ سۇيىكىنىڭ يوغانلىقى ھەم ۋاقىتسىز سەمرىپ كەتكەنلىكتىن بەكمۇ كېلەڭسىز كۆرۈنەتتى. چاۋار چىقىپ كېتىۋاتقان خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ «قېرى ئىنەك» دەپ پىچىرلىغاندا، ئوغۇلخاننىڭ نەۋرە سىڭلىسى سائادەت كۆز ئالدىغا كەلدى. ئەينى يىللارنىڭ ھېلىقى كېچىلىرى ئەسكە چۈشۈش بىلەن ئارامى بۇزۇلدى. كونا كۆرپە ئۈستىدە ئۆزىنى تاشلاپ ياتقان ئاق بىلىقتەك تەن، نازۇك بەللەر، چىرايلىق، يۇمران يوتىلار، خام ئانار دەك ئاپئاق چوقچىيىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى... بىردىنلا ئايان بولدى...

... كېرىم مۇدىر چاۋارنى قۇمتام كەنتىگە زورلاپ تاڭغاندىن كېيىن ئىگەمبەردى ئۇنىڭ جېكىلىشى بىلەن چاۋارنى كۆزدىن يىراق شالتوغراق مەھەللىسىدىكى ۋاسىل بەگنىڭ قورۇسىغا ئېلىپ باردى. ئۇنى كونا مال ئېغىلىنىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ يوتقان - كۆرپە، كىگىز - كېچەك ھەم بىرقۇر ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئەكېلىپ بەردى. بۇ ئۆي گومىنداڭنىڭ زاۋاللىقىغا يۈزلەنگەن يىللىرى ئەخمەت گاچىنىڭ غەمخانىسى ئىدى. ئاق كۆڭۈل بۇ ئاتىباقار نۇربانۇمنىڭ ئىشقى - پىراقىدا - تالاي كېچىلەر كىرپىك قاقماي شېرىن خىياللارغا بۆلەنگەن بۇ ئۆي ھېلىھەم شۇ پېتى تۇراتتى. بورا سېلىنغان سۇپا، پەگادىكى كاڭ ئوچاق، قارا چىراغ تەكچىسى، تاراقلاپ يېپىلىدىغان قوش قانات ئىشىك، شادىلىق پەنجىرىلەر ئەخمەتنىڭ شامۇ سەھەر ئۇرغان ئاھ - پىراقلىرىغا گۇۋاھ ئىدى. چاۋار بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئىگەمبەردى ئۇنىڭغا ئاشلىق، ماي، ئوتۇن يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماي، شالتوغراق مەھەللىسىدىكى ئايۇپ توكۇرنىڭ قىزى ئوغۇلخاننى كەچ تەرەپلەردە بىرەر ۋاخ تاماق ئېتىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى

تاپىلىدى. ئوغۇلخان خېرىدارى يوق ئولتۇرۇپ قالغانمۇ ياكى ئەر تاللاپ يېشى ئۆتۈپ كەتكەنمۇ ئەيتاۋۇر 30 ياشلارغا كىرىپ قالغان قېرى قىز ئىدى. بۇ يەرلەردە بۇنداق قېرى قىزلارغا «ئەركەك جىن چاپلاشقان»، «ئەركەكسىزەدەككەن»، «تېنى پۇرايدىكەن» دېگەندەك ھەرخىل ئەيىبلەرنى قويۇپ، بىرەر ـ ئىككىدىن بالىسى بارلارمۇ خېرىدارلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. بىر كۈنى ئەپچىل تارىنىپ، چىرايلىق ياسىنىپ كەلگەن ئوغۇلخاننىڭ تامىقى خېلىلا كەچتە تەييار بولدى. خۇلۇپلىتىپ چۆپ ئاش ئىچىۋاتقان چاۋار پات ـ پاتلا قاراپ قويياتتى. ئۇنىڭ قىسياق كۆزلىرى يالت ـ يۇلت قىلىپ ئوغۇلخاننىڭ كۆكسى، تولغان بەدىنى، دۇپدۇگىلەك ساغرىلىرى ئۈستىدە يۇگۇرۈيتتى. ئەرسىرەپ قالغان بۇ قېرى قىزمۇ قىزىرىپ، ھودۇقۇپ، جىلمىيىپ چاۋاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. خېلىدىن بېرى زىبادىگۈلنىڭ خۇلقى ـ نازلىرىنى ئۇنتالمىغان چاۋارنىڭ كۆڭلىدىن: سەل سېمىزلىكىنى دېمىگەندە، زىباغا ئەجەب ئوخشاپ كېتىدىكىنا، دېگەن ئوي لىپ قىلىپ ئۆتۈشى، ئۇ:

— ئېشىڭىز ئوخشاپتۇ، سىزمۇ بىر قاچا ئىچىڭ، — دېۋىدى، ئوغۇلخان تۈزۈت قىلمايلا:

— رەھمەت، كونىلار ئېشى تېتىغان چوكاننىڭ ھەممە نېمىسى تېتىشلىق بولىدۇ، دەيدىكەن، — دېدى ـ دە، لەپپىدە كۆز تاشلىدى.

شۇ كېچىسى ئوغۇلخان قاچا ـ قۇچا، قازانلارنى يۇيۇپ بولغۇچە خېلى بىر ۋاخ بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇ چاۋارغا ئورۇن سېلىپ بەردى. چاۋار ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن كاپپىدە تۇتۇپ يوتقاننى ئىشارەت قىلدى. بىردىنلا پۈتۈن تېنى جىمىرلاپ، چوڭقۇر ـ چوڭقۇر نەپەس ئالغان ئوغۇلخان:

— مەن... مەن قىز تۇرسام... — دېدى. نەپسى تاقىلداپ كەتكەن چاۋارمۇ:

— قىز بولسىڭىز نېمە بوپتۇ، يامىنى كەلسە ئالارمەن شۇ، — دەپ ئۇنى كۆتۈرۈپلا يوتقان ئۈستىگە ياتقۇزدى...

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ جامائەت چاۋار بىلەن ئوغۇلخاننىڭ نىكاھىنى قىلىپ، بىر ئۆيلۈك قىلىپ قويدى. بۇ تويغا قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇدىرى كېرىممۇ كېلىپ قاتناشتى. بۇنىڭ بىلەن چاۋارنىڭ ھۆرمەت ـ تەۋسىيى ئۆسۈپ شالتوغراق مەھەللىسىدە ئورمانغا قارايدىغان قاراۋۇل بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭراق ئىش تەۋرىتەلمىگەنلىكىدىن ئىچى پۇشۇپ، قۇمچاقارغا بېرىپ كېرىم بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان كېرىم بىردىنلا ئاچچىقلاپ قوللىرىنى شىلتىدى:

— ئۆلگۈك كەلدىمۇ؟ سېنى ئىزدەشنى ھازىرغىچە توختاتقىنى يوق، رەسىمىڭنى ئېلىپ قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچارلارغا ساقچىلار كېتىپ قايتىپ كەلدى. ئۈرۈمچى ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى ساقچى ئىدارىلىرىگە رەسىمىڭ بىلەن ماتېرىيالىنى ئەۋەتتى، ھەتتا قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتكىمۇ سەن توغرۇلۇق ئالاقە كەلدى. مەن ئۇنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي كۆيدۈرۈۋەتتىم. سەندەك قارا نوپۇس نەگىلا بارساڭ ئاسانلا تۇتۇلىسەن. بىرنەچچە يىل ئۆز ئۇۋاڭدا جىم يېتىپ «چاۋار» بولۇپ يۈرۈۋەر.

— تولا ئادەم قورقۇتماڭا، مەن ئۆمرۈمدە رەسىمگە چۈشمىگەن تۇرسام، نەدىكى رەسىمكەن ئۇ؟

— گومىنداڭ ئارخىپ بۆلۈمىدىن قولغا چۈشكەن ماتېرىياللار ئىچىدىكى رەسىمىڭنى زىيادىگۇل تونۇپتۇ...

— ما جالاپنىڭ قىلغان ئىشىنى قارا.

— ئۇ تېخى، «ئابدۇش ئانام بىلەن سىڭلىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن، سەن ماڭا ماسلىشىپ بەر، دەپ قورقاق سالغاچقا، مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ ماقۇل بولغان» دەپ ھەممە گۇناھنى ساڭا ئارتىپ قويۇپتۇ.

— خەپ، بۇزۇق پاسكىنا، ئەۋرەز پاقىسى، تاز قوچقارنىڭ ئەتتى مۇڭگۈزلىكىدە قالمايدۇ، تۈرمىدىن چىقارسەن، بوينۇڭنى ئۈزۈۋەتمەيدىغان بولسام.

— بىلىپ قوي، — كېرىم چاۋارغا قارىغاندا ئۆزىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى، — ئىسلاھات كادىرىنى ئۆلتۈرۈش بەكمۇ ئېغىر گۇناھ، تۇتۇلساڭلا ئېتىلىسەن.

كېرىمنىڭ تەنبىھىدىن ئىنامىغا ياتقان چاۋار ئۈچ يىلدەك «چاۋار» بولۇپ يۈرۈۋەردى. پەقەت ئالىي كوپىراتسىيىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى كېرىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن قۇمتام ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى. بۇ چاغلاردا تۇتۇش بۇيرۇقىمۇ ئۇنتۇلغان بولۇپ، چاۋار ساددا، گول، قورقۇنچاق مەتسىدىق بوغالتىرنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، قۇمتام كەنت دېھقانلىرىنىڭ ئەجىر - مېھنەتلىرىنى قۇرتتەك غاجاپ يېيىشكە باشلىغانىدى. بىر كۈنى چاۋار مەتسىدىق ئىككىسى بوغالتىر ئىشخانىسىدا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن پاختا زاۋۇتىغا ئۆتكۈزگەن ئاشلىق، پاختىنىڭ پۇلىنى ساناپ ئولتۇرغاندا سائادەت ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. زىلۋا، خۇشپىچىم بۇ قىز ئايۇپ توكۇرنىڭ قۇماقتا مەھەللىسىدىكى سىڭلىسىنىڭ قىزى بولۇپ، چاۋار ئۇنى ئون نەچچە ياش چاغلىرىدا بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ، ئانچە زەن سالمىغانىدى. سائادەتمۇ نەۋرە ئاچىسى ئوغۇلخاننى يوقلاپ قوياي دەپ كەلمەيتتى. چاۋار ئامبارچى بولغاندىن كېيىن كەنت تەشكىلى ئورۇنلاشقان قۇمتام مەھەللىسىگە باغلىق ئۆيلەرنى سېلىپ كۆچۈپ كەلدى. ئۇ ئوغۇلخاننىڭ تۇغقانلىرى تۇرماق، قېينانا - قېيناتىلىرىنى يوقلاشقا ھەپىسىلىسى بولمىدى. شۇڭا، سائادەتنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك نازكەرەشمىلىك چوڭ بولغانلىقىنى كۆرگەن چاۋار ئۇنىڭ ئاق سۇزۇك چېھرىگە، دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىگە، تومپىلاق لەۋلىرىگە، يارىشىپ كەتكەن ماڭلاي، سېكىلەك

چاچلىرىغا قاراپ: زەپ بەلەن قىز بوپتا، دەپ ئويلىدى. مەتسىدىقمۇ ساناۋاتقان پۇلنى تۇتقىنىچە ھاڭقىيىپلا قالغانىدى.

— ۋاي ئانىكام، سىلەر غىچچىدە پۇلنىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەنسىلەر، — دېدى سائادەت مەتسىدىققا پىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ، — بۇنداق جىق پۇللارنى مەن چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان.

چاۋار مەتسىدىق بىلەن سائادەتنىڭ بىر - بىرلىرىدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئۈمسۆرۈن بولۇۋاتقانلىقىدىن غىجىندى. ئەمما، تولىمۇ زىل، ئىنچىكە بىر پىلاننى كۆڭلىگە پۈكتى.

— مەتسىدىقاخۇن، — چاۋارنىڭ ئاۋازىدىن مەتسىدىق دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، — بۇ قىز مېنىڭ بىر نەۋرە قېيىنسىڭلىم بولىدۇ. ئوغۇلخاننىڭ قۇماقتىدىكى كىچىك ئانىسىنىڭ قىزى.

— ھە... ھە، شۇنداقمۇ، ئەجەب ئۇز، شۇللۇق قىز بوپتا، — دېدى مەتسىدىق گەپلىرىدىن ئادىشىپ، — ھە، سىڭلىم، مەندە بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ياق، — سائادەت قولىدىكى خالتىنى كۆرسەتتى، — نورما ئاشلىققا كەلگەن.

مەتسىدىق سائادەتنى ئىككى قېتىم كۆرۈپلا ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ قالدى. سائادەتمۇ تۇرتەكلەپ پۇل سانايدىغان مەتسىدىققا مەھلىيا بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، ھەر ئىككىلىسى چاۋارغا يېلىنىشقا باشلىدى. ئىچى كۇرمىنىڭ ھىيلىلەر بىلەن تولغان چاۋارغا بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولدى. ئۇ بىر كۇنى مەتسىدىققا نەسھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي مەتسىدىق ئىنى، بۇ قىزنىڭ قۇماقتىدىكى ئەترەت مالچىسى بىلەن چاتىقى باردەك قىلىدۇ، — چاۋار مەتسىدىقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدى، — ئەگەر سائادەتنىڭ كۆكىنى ئورۇپ قويغان بولسىچۇ؟...

— ئۇنداق بولمىغاندۇ؟ — مەتسىدىق سائادەتنىڭ سەرۋىدەك سىياقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھىجايدى، — سائادەت تەگسىلا مەيلى...

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ئۇ قانچىلىك چوڭ ئىشتى، ناھايىتى بىر قېتىملىق چىرقىراش بىلەن تۈگەيدىغان ئىشقۇ...

سائادەتنىڭ ئوت - پىراقىدا ئۆلتۈرالماي قالغان مەتسىدىق بىر كۈنى ئاشلىق ئامبىرىغا كىرىپ، چاۋارغا يەنە يېلىندى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئىشقى سەۋداسىغا چۈشۈپ قالغىنىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن چاۋار گەپ ياسىدى:

— ئۇ قىزغا كۆپ گەپ قىلدىم، لېكىن سەن ئۇنىڭغا سەل يامان تەسىر قالدۇرۇپسەن، ئەمەسمۇ.

— مەن... مەنما؟ ياقەي، ھەر قېتىمدا سىلىق - سىپايە، مۇلايىملىق بىلەن ئۇز گەپ قىلغان تۇرسام.

— گەپ مەشەدە، ھەي ئەخمەق، سەن ئۆپكە ياغلىرىڭنى ئېرىتسۇەرمە، ئەردەك بول. ئۇنىڭغا ئانچە پىسەنت قىلما، ھەتتا: «نېمە ئىشىڭىز بار؟» دېگەندەك قوپال تەگكىن. قىسقىسى ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئېغىر - بېسىق، سالماق بول، قالدى ئىشلارنى ماڭا قوي، ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بەرمىسەم چاۋار بولماي كېتەي.

— راستما؟

— راست بولماي، سائادەت سېنى شاللاق كۆرۈپ قالغان چېغى.

چاۋارغا ئۇياتسىز ئامەت كۆز قىسىپ، ئۇنىڭغا شەھۋەت يوللىرىنى ئېچىپ بېرىۋاتاتتى. سائادەت نەۋرە ئاچىسى ئوغۇلخاننى سېغىنغانلىقىنى باھانە قىلىپ ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلەتتى. چاۋاردىن مەتسىدىق ھەققىدە گەپ سورايتتى. ئۇمۇ قاپىقىنى ئاچماي، چىرايىغا ئۇمىدسىزلىك تۈيغۇسى بېرىپ:

— مەتسىدىق قۇمچاقاردا ئوقۇغان چاغلىرىدىلا كېرىم

مۇدىرنىڭ قىزى بىلەن پۇتۇشۇپ قويۇپتىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ سائادەتنىڭ يۈرەكلىرىنى سىرقىرىتىۋەتتى.

— شۇڭا، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە ماڭا تاراڭ - تۇرۇڭ تېگىپ يۈرۈپتىكەن - دە، — ئۇ يىغلامسىرىدى، — چاۋاركا، ناھايىتى شۇ پۇتۇشكەن ئىشكەنغۇ... ياندۇرۇۋەتسىلا بولمىدىمۇ؟

— تەس بولامىكى، — دېدى چاۋار بېشىنى چايقاپ، — ئەمىسە ئاخشاملىققا ئامبارغا كېلىڭ، سىزگە گەپ بار.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ساددا قىزغا «مەتسىدىقنى ئېتىكىڭگە سېلىپ بەرمىسەم ئىت بولاي»، «قۇمچاقاردىكى قىزدىن يالتايتمىسام تىن تارتماي ئۆلەي»، «كېيىن مۇدىردىن ھەرقانچە بالا كەلسە مەن كۆتۈرەي» دېگەندەك قەسەملەرنى قىلغان چاۋار سائادەتنى يالىڭاچلاپ كۆرپىگە ياتقۇزدى.

— «قىز ئەمەسكەن» دەپ تويدىن كېيىن قوغلىۋەتسىچۇ؟

— مەتسىدىق ساددا، گول يىگىت، سىزنى ئالغىنىغا خۇش بولۇپ، ھەرگىز تىلغا ئالمايدۇ. ئالغان تەقدىردىمۇ مەن ئۇنىڭغا تېتىيمەن، چوقۇم خاتىرجەم بولۇڭ.

چاۋار تاقىتى - تاق بولغان مەتسىدىققا «سائادەت ئۇنىمايۋاتىدۇ...»، «ئېرىسپ قالاي دېدى»، «ھازىر خېلىلا يۇمشىدى» دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتلىق قىلسا، سائادەتكىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ گەپنى تەكرارلاپ، بىرەر ئايغىچە ئۇنى ئامباردىكى دۆۋىلەنگەن بۇغداي، قوناق ئۈستىدە، بەزىدە ئۆيىدە ئەيش - ئىشرەت يۇندىسىغا چىلىدى!.. پەقەت سائادەت «يېرەر ئايدىن ئاشتى ئاي كۆرمىدىم» دېگەندىلا چاۋار مەتسىدىق بىلەن سائادەتكە تەڭلا: «ئىندەككە كەلدى» دېگەن خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ تويى بولغاندىن كېيىن مەتسىدىق راستىنلا سەزمىدىمۇ ياكى سائادەتنى ئالغانلىقىغا خۇش بولۇپ ئۇندىمەي ئۆتكۈزۈۋەتتىمۇ، ئىش قىلىپ بىر نەچچە كۈن خامۇش يۈرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى.

ئېھتىمال ئۇ خەلقئالەم ئالدىدا بۇ رەسۋاچىلىقنى كۆتۈرۈپ چىقىشنى خالىمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار كۇنلەر ئۆتكەنسېرى ئامراق ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ كېتىشتى. سائادەت ئاي ـ كۈنى توشماي تۇرۇپ بىر قىز تۇغۇپ، بىر يىل ئۆتمەيلا يەنە بىر ئوغۇل تۇغدى. ئانىسى ئۇنىڭغا:

— قىزىڭ يېشىغا يەتمەي تۇرۇپ، يەنە تۇغدۇڭ، ئوغلۇڭنى مەن بېقىپ بېرەي، ئۆيىمىز بالىسىز چۆلدەرەپ كەتتى، — دەپ بالىنى قۇماقتىغا ئېلىپ كەتتى...

... ئوغۇلخاننىڭ ئۆيگە كىرىپ كېلىشى بىلەن چاۋارنىڭ سۇرۇۋاتقان شېرىن ـ لەززەت كەچمىشلىرى ئۈزۈلۈپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئېرىنىڭ چۈش پېشىندىن تارتىپ خىيالغا پېتىپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى ئۆيۈپ تۇرغان ئوغۇلخان بوسۇغىدا تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى:

— كەكلىكلەرگە سۇ قويۇپ، دان سېلىپ بەردىم، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — ئەمدى سائادەتنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ كېلەيمىكىن، خوتۇنلار ئاقلىق ئارتىپ كېتىۋاتىدۇ. بىچارىنىڭ يىغىسى مەھەللىنى بىر ئاپتۇ.

— بەللى بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، سائادەت سېنىڭ نەۋرە سىڭلىڭ تۇرسا، مەنمۇ بىردەم تۇرۇپ پەتىلەپ كەلگىلى بارىمەن، سائادەتكە دەپ قوي، كۆڭلىنى يېرىم قىلمىسۇن، رەھمەتتى مەتسىدىق تولىمۇ رايىش ئوبدان يىگىت ئىدى. جايى جەننەتتە بولسۇن!

ئوغۇلخان چىقىپ كەتتى. ئۇ پەلەمپەيلەردىن تاراقلاپ چۈشۈپ، ھويلىدىن قارىسى يوقىلىشى چاۋار: «ئۇ جەننەتكە كىرىپ كەتمىسە، مەن خاتىرجەم ياشىيالامدىم» دەپ غۇدۇرىدى. ئۇ راست دېگەنىدى. ئەلۋەتتە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەتسىدىقنى ئارىدىن يوقاتمىسا بولمايتتى. ئۇ يوقالسا چاۋارنىڭ ھەقىقىي خىيانىتى ئاشكارىلانمايتتى. خوتۇنىنىڭ نەۋرە

سىڭىلىسىنىڭ ئېرىنى، ئۆزىنىڭ باجىسىنى، بىر سەپتە ئىشلەيدىغان سەپدىشىنى ھېچ ئايانمايلا ئۆلتۈرۈشتىكى مۇددىئا بىرلا خىيانەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈنلا بولماي، بەلكى مەتسىدىق ئارقىلىق جەۋلاننى يوقىتىش ئىدى. ئۇ سائادەتكە گەپ ئۆگىتىپ، بىر نەچچە نەشكەشنى كۇشكۇرتۇپ، غوۋغا كۆتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاتماقچى بولغانىدى. ئەپسۇس، ئۇنداق بولمىدى! كامالەتنىڭ ئېتىلىپ چىقىپ قىلغان سۆزى، ھاشىمنىڭ نۇتقى، مەتنىيازنىڭ تەھدىتى، ھېلىقى خوتۇننىڭ نىجاسەتتىن سېسىق ھەزىللىرى بىلەن توپلانغانلارنىڭ ئەمدىلا ئۆرلىگەن سەپرايى لاسسىدە بوشاپ كەتتى. جەۋلاننى شۇ مەيداندىلا باغلىتىپ يۇقىرىغا تاپشۇرماقچى بولغان قەستى كۆپۈككە ئايلاندى. جەۋلاننىڭ جەسەتنىڭ بۇرنىغا تىقىلغان ھەم يۈز، كۆز جىيەكلىرىدىكى قۇم، گەجگىسىدىكى جاراھەت، يۇلغۇن شېخى، يالاڭ ئاياغ ئىز، پاشنىلىق ئاياغ، ئۆلتۈرۈپ ئېسىلغانمۇ، قانچە ئادەم؟... قاتارلىق سۆزلىرىدىن گاڭگىراپ قالغان نەسرۇللامۇ ئېغىز ئاچالمايلا قالغان! تېخى «جەرەستاندا مۇنازىرىلىشىمەن، كىمنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، كىمنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئاشكارىلىنىدۇ» دېگەن تەھدىتتىن قورقۇپ كەتكەن نەسرۇللانىڭ ھەيۋىسىمۇ يەرگە ئۇرۇلغان! ئەمدى... ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ توغرا، بىرلا ئۇمىدىم، كېرىم مۇدىرغا، ساقچى ئىدارىسىگە يوللىنىدىغان دوكلاتتىلا قالدى!

بىر – بىرىدىن ئەنسىز خىياللار يەنە داۋاملاشقانمۇ بولاتتى، ئەمما ھويلىدىكى كەكلىكنىڭ تۇيۇقسىزلا ۋاقىلداپ سايراپ كېتىشى ۋە «قايىسقىلار بايا...» دېگەن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن چاۋار ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ھابىلنىڭ ئانىسى قۇنىخاننى كۆرۈپ، سەل ھودۇققاندەك بولدى – دە، دەرھاللا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، چىرايىغا تەمكىنلىك،

تۇرقىغا تەبئىيلىك تۇسىنى بەردى.

— ۋۇي قۇنىخان ئاچامغۇ بۇ، — چاۋار پەلەمپەيدىن چۈشتى، — ئۆزلىرىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ ھابىل كەلمەپتىغۇ؟

— مەنمۇ شۇ بالامنىڭ دېرىكىنى قىلىپ كەلدىم، — قۇنىخان ھاسىراپ تۇراتتى، — ئۇ سىلىنى بۇزرۇكۋارىم، شاپائەتچىم دەپ بىلەتتى. مانا تۈنۈگۈن كەچ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى.

— تــوۋا، نەگە كەتكەندۇ، بۇ يېتىم، — چاۋار ئويلانغان قىياپەتكە كىرىۋالدى، — توغرا، تۈنۈگۈن چۈشتە كەپتىكەن، ئۆزىمۇ خامۇش. گەپ سورىسام ئۇ: «ھاشىم مېنى مېنىڭ ئەترىتىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، يەۋاتقان نېنىمنى تارتىۋالدى. شۇڭا، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتەي دەيمەن...» دەپ مەندىن پۇل ئالغانىدى.

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان كالا ئوغرىسى، پۇتلىشىپ يۇلۇنۇڭ ئۈزۈلۈپ كېتەر ئىلاھىم، قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن، قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا يەم بولارسەن... ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى ئايرىۋېتىپ نېمە ياخشى كۈن كۆرەرسەن ئۆلگۈر ھاشىمەك...

— قۇنىخان ئاچا، — چاۋار ئۇنىڭغا ئېگىلدى، — مېنىڭ ھويلامدا تىللاپ ـ قارغىغانلىرىغا ھاشىمنىڭ بىر تال غېرىب موينىمۇ تەۋرەپ قويمايدۇ.

— خەپ، مەن ھازىر بېرىپ ئانا ـ مانىسىنى، يەتمىش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسەتمىسەم...

قۇنىخان غالۋاراپ چىقىپ كەتتى. چاۋار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەسخىرە بىلەن كۈلۈمسىرىدى. قۇنىخان ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ سالىمىغىمۇ قارىماي كېتىۋاتقاندا، ھاشىم بىلەن زۇلال كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىدا ئەيساپۇقا جىددىي تېلېفون بېرىۋاتقان جەۋلانغا قاراپ ئولتۇراتتى:

— ئەيساپۇكا، — ۋارقىرىدى جەۋلان، — مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە گۇمانلىق ئالامەتلەر بار، شۇڭا ھاشىمكام،

زۇلاللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرماقچى بولدۇق. نېمە؟ نەسرۇللانىڭ ھەرىكەتلىرى بەك سىرلىق دەمسىز؟ ئۇنىڭغا: «جەۋلان كېلىپ پۈتۈن كادىرلار ئالدىدا سىز بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى» دەپلا قويسىڭىز، قۇيرۇقىنى قىسىدۇ. ئۇ چالا كۆرەڭ، قۇرۇق سۆلەت، پوپاڭ بىر نېمىكەن. شۇنداق، كامالنىڭ تويىدىن كېيىن ئۆلۈم ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشنى باشلايمىز. ماقۇل ئەمىسە، قالدى گەپلەرنى ئەتە تويغا كەلگەندە قىلىشايلى، خوش ئەمىسە.

— نەسرۇللانى، — دېدى ھاشىم، — قورقۇتۇپ جېنىنى ئالدىغان بولدىڭىز.

— ئاز ئۇ غالچىغا، — زۇلال ئىككىسىگە قارىدى، — سىلەر بۈگۈن ئەتىگەن دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ قۇمتامىلىقلار قۇم يېيىشقا كۆچۈپ دېگۈدەك باردى. لېكىن ھابىل بىلەن ئىمىن تاز يوق.

— راست، — ھاشىم جىددىيلەشتى، — ئۇلارنىڭ قورقۇنچى بولمىسا نېمىشقا كەلمەيدۇ. ئۆلۈم ۋەقەسى بىلەن چېتىشلىقى بارمۇ، يوق دېگەن مەسىلىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ.

— بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىشكەن، — دېدى جەۋلان، — ئۇلارنىڭ بىرەر ئەندىشىسى بولمىسا بۇنداق چوڭ ھادىسىگە قىزىقماي قالامدا! بىز بۇ ئىككىسىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تەكشۈرسەك بولغۇدەك.

— يەنە بىر مۇھىم تۈگۈن ئىگەمبەردى، — ھاشىم ئۈستەلگە ئۇردى، — بۈگۈن سەھەر ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى تولىمۇ غەلىتە ھەم سىرلىق! ئۇ باشتىن - ئاخىر چاۋاردىن كۆز ئۈزمەي، تىغدەك تىكىلىپلا تۇردى.

ئۇلار ھابىل، ئىمىن، ئىگەمبەردىلەرنى تويغا چىللىغان بولۇپ گەپ ئېلىپ باقماقچى بولۇشتى. شۇڭا، ھاشىم بىلەن زۇلال ھابىل ۋە ئىمىننىڭ، جەۋلان ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن كامالنىڭ ھويلىسىدا جەم بولۇپ،

چۆل قۇملۇقىغا كىرىپ كەتكەن پاشنىلىق ئاياغ ئىزىنى تەكشۈرمەكچى بولۇشتى. ئۇلار چوڭ كوچىغا چىقىپ ئۇچى ئۇچ نەرەپكە ئايرىلىشتى. ئىمىن تازنىڭ ئۆيىگە ماڭغان زۇلال قۇمتام مەھەللىسىدىن چىقىپ ئەمدىلا قوغۇنچى مەھەللىسىگە قەدەم ئېلىشى كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ھاشىمنى تىللاپ كېلىۋاتقان قۇنىخاننى كۆرۈپ قالدى:

ــ ۋۇي بېشىڭنى يەيدىغان ھاشىم دېگەن دەندىرەك ئىستارى، كالا ئوغرىسى رەسۋا، ئىچى قوتۇر قىزىلكۆز، غۇپغۇپ ئۆتۈك، ساقال تارغىقى، لايدىن سۇزۇۋالغان قوزۇق، سىيرىلما ئىشتان، سۇغا چۈشكەن ئونتوموپۇل!...

قۇنىخان پالاقلاپ يېتىپ كېلىشى زۇلال ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

ــ خۇيمۇ يولۇقتۇڭ، بالام، ھاشىم دېگەن ئوغرى تەشكىلدە بارمۇ، يوق؟ بۈگۈن ئۇنى رەسۋا قىلغىنىم قىلغان.

ــ قۇنىخان ئاچا، زادى نېمە بولدى، ماڭا دېسىلە؟

قۇنىخان قوللىرىنى شىلتىپ، ئالىقانلىرىغا قارسىلدىتىپ ئۇرۇپ، چاۋارنىڭ يەل بېرىپ دېگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتتى. ئاچچىقى كەلگەن زۇلال يۈز ـ خاتىر قىلماي قاتتىقلا تەگدى:

ــ ھېلىمۇ مەن ئالدىلىرىغا ئۇچراپتىمەن، بولمىسا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى راسا رەسۋا قىلىدىكەنلا.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ بالام؟

ــ ھازىر ھابىلنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەۋاتقىنى ھاشىمكام، ئۇختىلىمۇ؟ ئۇ مىنبەگلارغا «ھابىلنى نەدىن بولسا تېپىڭلار، چاۋار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويمىسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلغان تۇرسا... سىلى چاۋارنىڭ كەينىگە كىرىپ...

ــ ئەمىسە، ھاشىم بالامنى مىنبەگلىقتىن چىقىرىۋېتىپ، ئاغزىدىكى ناننى تارتىۋالغان تۇرسا.

— ھابىل چاۋارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويدى، — دېدى زۇلال سىپايىلىك بىلەن، — ئۇنىڭغا دېھقانلارنىڭ نارازىلىقى كۇچلۇك، چاۋار ئۇنىڭ مىنىگۈلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئەسكى ئىشلارغا سالىۋەردى. شۇڭا، ئۇنى ئاسراش، قۇتقۇزۇۋېلىش ئۇچۇن كەنت رەھبەرلىكى ۋاقىتلىق مىنىگۈلىقتىن چېكىندۇردى...

— ۋاي خۇدايىم، مەنمۇ ھابىلاخۇنغا، ئاشۇ قارا تۇڭگۇزنىڭ كەينىگە كىرمە، دېگەنىدىم، مانا، دېگىنىمدەك بولدى. بالام، ھاشىماخۇن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قالمىسۇن، ماقۇلما؟

زۇلال ھابىلدىن ئەنسىرەپ قالدى. ھازىرغۇ قۇنىخانغا راست ـ يالغاننى قوشۇپ ۋاقىتىنچە كۆڭلىنى تىندۇردى. ئۇ زادى نەگە كەتكەندۇ؟ چاۋار ئۇنى مەتسىدىقنى قەستلەش ئىشىغا سېلىپ بولۇپ ئاندىن يېپ ئۇچىنى ئۇزۇپ تاشلاش ئۇچۇن يىراق يۇرتلارغا يولغا سېلىۋەتكەنمىدۇ؟ چوقۇم شۇنداق قىلدى. بولمىسا ئۇ ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۇنى يوقاپ كېتەمدۇ؟ ئاپلا، مەن قۇنىخان ئاچامغا باغدىن سۆزلەپ، ھاشىمكام تاغدىن سۆزلەپ يۈرمىسىلا بولاتتىغۇ.

زۇلال زىددىيەتلىك خىياللار بىلەن ئىمىنىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەن كونا ئىشىكنى ئۇرغاچ ۋارقىرىدى:

— قەمەرخان ئاچا، ھاي قەمەرخان ئاچا، سىلى ئۆيدە بارمۇ؟

ھويلا ئىچىدىن: «ھە، مانا مەن» دېگەن ئاۋاز ھەم شىپىرلاپ ماڭغان شەپىدىن كېيىنلا دەرۋازا ئېچىلىپ 50 ياشلاردىن ئاشقان ئاق سېرىق يۈزلۈك، بۇرنىنىڭ ئۇچى قىپقىزىل ئايال چىقتى.

— ۋاي خۇدايىم، زۇلالكەنغۇ، سېنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، بالام؟

— ئىمىن ئاغىنىمىزنى ئەتىكى كامالنىڭ تويىغا چاقىرىپ كەپتىم.

— خۇيمۇ ئوبدان كەپسەن، بالام، — قەمەرخان ئۆي تەرەپكە قاراپ قويدى، — ئۆيگە كىرىپ ئىمىناخۇنغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوي. كېچىدىن تىترەپ، ئاغزىغا ناننىڭ ئۇۋىقىنىمۇ سالماي قىزىپ ياتىدۇ. كۆزى ئېلىنىپ كەتتىسمۇ جۆيلۈيدۇ.

زۇلال ئۆيگە كىرىپ، ئىمىننى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدى. كونا ھەم كىر يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ ياتقان ئىمىننىڭ كالپۇك ئەتراپلىرىغا قىپقىزىل قاپارتما ئۇچۇقلار چىقىپ كەتكەن بولۇپ، چىرايى ھېلىلا گۆردىن تارتىۋالغاندەك بەدرەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. كۆزلىرىمۇ ئولتۇرۇشۇپ، قارىچۇقلىرى خۇددى گوداڭغا چۈشۈپ كەتكەن قارا مارجاندەك پىلدىرلايتتى. ئۇ توختىماي ئىنجىقلايتتى، زەئىپ ئىڭرايتتى. زۇلال ئەتە كامالنىڭ تويى بولىدىغانلىقى، قۇمتامدىكى ھەممە ئەترەت، مەھەللىلەردىكى دېھقانلارنىڭ چاقىرىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى دەپ بېرىشى، ئىمىننىڭ كۆزلىرىدىن مىچچىدە ياش ئېقىپ چىقتى.

— زۇلال ئاداش، رەھمەت... رەھمەت ساڭا... — ئىمىن ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — مەن تويغا بارالمايمەن، تىزلىرىم لاكاسلاپ، ئېڭەكلىرىم كاسىلداپ، باشلىرىم زىقىلداپ، بەدەنلىرىم جاقىلداپ تىترەپلا تۇرىمەن.

— كېچىدىن بىر يەرگە بارغانمىدىڭ؟ — زۇلال ئىمىننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — تويغا ياردەملىشىۋاتقان باللارنىڭ ئارىسىدىمۇ كۆرۈنمىدىڭ.

— ھېچ... ھېچ... يە... يەرگە بار... بارمىدىم...

زۇلال ئىمىننىڭ كېچىدىن نەگە بېرىپ، نېمىنى كۆرۈپ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىش نىيىتىدە ئۆرپ - ئادەت، ئېرىم - پىرىملەرنى سۆزلەش ئارقىلىق گەپ ئالماقچى بولدى. ئەلۋەتتە، كېچىلىرى خالىي، پىنھانلاردا كۆزىگە بىر نېمە

كۆرۈنسە ئاشۇ يەرگە ئىسرىق سېلىپ، كېپەك، ئادراسمان، كۆجە كۆيدۈرۈۋەتمىسە، جىن ـ ئەرۋاھلار چاپلىشىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيتتى. بۇ ئىشقا سەل قارىسا، «ساراڭ بولۇپ قالىدۇ» دېگەنمۇ گەپ بار ئىدى. زۇلالنىڭ گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن قەمەرخان مايدەك ئېرىپلا كەتتى.

— جېنىم بالام، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ، مېنىڭ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ چۈشەي دېدى، لېكىن بۇ تەرسالىق قىلىپ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— ئىمىن، كېچىدىن نەگە بېرىپ، نېمە كۆردۈڭلار، — زۇلال كوچىلاپ سورىدى، — دېمىسەڭلار ئۆزۈڭلىگە زىيان...

— ئىككىڭلار... ئىككىڭلار... — ئىمىن ئىڭرىۋەتتى، — چىقىپ كېتىڭلار، مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار.

ئىمىن يوتقانغا بېشىنى پۈركەپ، جىمىپ كەتتى. قەمەرخان بىر ھازا بېشىنى چايقاپ يىغلىۋەتتى. ھەرخىل قورقۇنچلۇق گۇمانلارنى يۇدۇپ چىققان زۇلال قەمەرخان بىلەن خوشلىشىپ ماڭغاندا، ھاشىم قۇنىخان بىلەن ھابىلنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى. بىچارە ئانا تۈنۈگۈن كېچىدىن بېرى ئەنسىرەپ كىرپىك قاقمىغانلىقىنى، كېلىدىن سۇمۇ ئۆتمىگەنلىكىنى ئېيتىپ زار ـ زار يىغلايتتى. ئۇنىڭ ياشلىرى يۈزلىرىدىن ساقىپ مەيدىسىگە تامچىلاپ چۈشمەكتە ئىدى:

— ھابىل ئۆيدىن چىققاندا، — دېدى قۇنىخان رومىلىنى كۆزلىرىگە بېسىپ، — ماڭا پايلىمىغاندەك ئۇزۇن قاراپ كەتتى. ئاندىن غەلىتىلا جىلمىيىپ: «خوش ئانا» دەپلا كۆزلىرىنى ئەپقاچتى. نەگە بارىدىغانلىقىنىمۇ دېمىدى.

— ئەتراپتىكىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقتىلىمۇ؟

— ئەتىگەندىن بېرى ئەل ـ ئاغىنە، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدىم. ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق.

— چاۋار يىراق - يېقىنلارغا بىرەر ئىشنى بېجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتىمۇ، يا؟

— ئۇ كاززاپنىڭ قېشىغىمۇ باردىم، ئالتە ياغاننى ئېيتىپ يولغا سالدى.

قۇنىخان چاۋارنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى ھاشىمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى:

— ئەجەبا، — ھاشىم ئويلىنىپ قالدى، — ھابىل ياقا يۇرتلارنىڭ گېپىنى قىلغان بولسا، ئاداش - ئايماقلىرى بىلەر ئىدى.

ھاشىم قۇنىخاننىڭ ئۆيىدىن بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قايتىپ چىقتى. ئۇ بۇ ئىشنى زۇلال ھەم جەۋلانغا دېيىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدى. بۇ چاغدا جەۋلان ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىدە سۆھبەتتە ئىدى. ئالدىدىكى شىرەدە بىر لېگەندە تىلىنغان قوغۇن تۇراتتى. جەۋلان بىر تىلىم قوغۇننى پارچىلاپ يېگەچ بېشى چۇشۇپ كەتكەن ئىگەمبەردىگە قاراپ قوياتتى. ئۇمۇ يەردىن كۆز ئۈزمىگەن ھالدا گەپلىرىنى ئارانلا قىلىۋاتاتتى:

— جەۋلان، مېنى تويغا تەكلىپ قىلىپ كەپتىلا، بېشىم كۆككە تاقاشقاندەك بولدى، — ئىگەمبەردىنىڭ ئاياغ ئاستىغا ياش تامچىلاۋاتاتتى، — لېكىن، مەن بارماي، نۇرغۇنلىغان كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ تۇرسا، بەرداشلىق بېرەلمەيمەن.

— خاتالىق باشقا گەپ، ئۇنى تونۇش ھەم تۈزىتىش ئۇ باشقا گەپ. بۇلارنىڭ تويغا قاتنىشىش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار دەيلا؟ قاتناشسىلا.

— ئۆزلىرى بىلەن پاراڭلاشسام يېپيېڭىكلا بولۇپ قالىمەن، — ئىگەمبەردى بېشىنى توختىماي چايقايتتى، — گويا ھەممە ئىشلار ياخشىلىققا جورۇيدىغاندەك...

— ئەگەر مەتسىدىق بوغالتىر ئۆلۈۋالمىغان بولسا، — جەۋلان ئىگەمبەردىگە زەن سالدى، — بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر ئىدى.

— ئۆلۈۋالمىغان بولسا؟!

ئىگەمبەردى شارتلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدىيۇ، يەنە شۇ ھامان يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن «سەنمۇ ئۆزى ئۆلۈۋالدى، دېگەن سۆزگە ئىشىنەمسەن؟» دېگەن سىرلىق مەنە چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، چىرايىدا بولسا بىر خىل ۋەھىمىلىك قورقۇنچ ئەلەڭلەيتتى. شۇڭا، جەۋلان ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپلا سورىدى:

— ئۆزلىرى مەتىسىدىقنىڭ ئۆلۈۋالغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان ئوخشىمالا؟

— بىلمەيمەن... مەن بىلمەيمەن... زادىلا بىلمەيمەن...

ئىگەمبەردى بېشىنى توختىماي چايقاپ: «بىلمەيمەن»نى تەكرارلاۋەردى. جەۋلان ئۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. يولدا كەلگۈچە قانداقتۇر ۋەھشىي رەزىللىك ئەلەڭلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. مەتىسىدىقنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى گەپ چىققان ھامان ئىگەمبەردىنىڭ چاچراپ قاراشلىرى، «سىلىمۇ شۇنىڭغا ئىشىنەمىلا؟» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى، ئەندىكىپ، ھودۇقۇپ باش چايقاشلىرى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق پاجىئەدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. تېخى مەتىسىدىقنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ھابىلنىڭ يوقاپ كېتىشى جەۋلاننىڭ گۇمانلىرىنى ئىسپاتلىغاندەك قىلاتتى.

جەۋلان كامالنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندىلا ۋەھشىي خىياللار يىپى ئۈزۈلگەندەك بولدى. بىر قانچىلىغان قىز ـ چوكانلار قەلەم قىلىغان سەۋزىلەرنى بىر قانچە تەڭنىلەرگە دۆۋىلىۋەتكەنىدى. كېرىمولا بىلەن بىر ياشانغان ئادەم ئۆرۈككە ئېسىلغان قوينىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئېلىۋاتاتتى. كامال، يارىبەختى، مەتنىيازلار قاتلانغان گىلەم، كىگىز، پالاسلارنى ھويلىدىن خېلىلا يىراق قۇملۇقتا توغراق، يۇلغۇنلارغا يېيىپ قېقىپ، سۈپۈرۈۋاتاتتى. جەۋلان ئۇلارغا ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— يىگىتلەر، قىز ـ چوكانلار ھارماڭلار!

— ياخشىدى!... — ھەممىسى تەڭ چۇرقىراشتى. بالدۇرلا قايتىپ كېلىپ، باغدا ئوتۇن يېرىۋاتقان ھاشىم بىلەن زۇلال جەۋلانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا پالتىلىرىنى قويۇپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار قىسقىلا پىچىرلىشىۋالغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كونگە قاراشتى. ئاندىن ئۇلار قۇم چۆللۈككە كىرىپ كەتكەن پاشىنىلىق ئاياغ ئىزىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# قانغا تويمىغان جاللات

— خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈر، بۈگۈنمۇ تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپ كەتتى...

تامغا تىكلەنگەن ياستۇققا يۆلەنگىنىچە، يانپاشلاپ ياتقان چاۋار بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى. بۈگۈن تاڭ سەھەردىكى پاجىئە، چۈش پېشىن بىلەن مەتسىدىقنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەن مەسچىتتە كۈسۈر ـ كۈسۈرلار، مازارلىقتىكى جامائەتنىڭ ئالىيىپ قاراشلىرى، ئۇلارنىڭ قولاق ياقتى گەپلىرىدىن، ھەربىر تىنىقلىرىدىن ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان چاۋار ئۆگزىدىكى پاسارلار شامالدىن شىلدىرلىسىمۇ، ھويلىدىكى توخۇلار قاقاقلىسىمۇ چۆچۈپ ئىشىك تەرەپكە قارايتتى. ئۇ ئوغۇلخان ئەكىلىپ قويغان بىر لېگەن ئۈزۈمنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. پەقەت قولىدىكى بىر مىدىق ئۈزۈمنى ئېزىۋەتكىنىنى، ئۇنىڭ سۈيى گىلەمگە ئېقىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قارا خىياللار پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يامغۇر بۇلۇتىدەك تۇتۇلغان قاپقارا چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ، چېقىن چېقىپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرىدا مەتسىدىقنى دەپنە قىلىش ۋە مازاردىن قايتقاندىن كېيىنكى ئىشلار ئايان بولماقتا ئىدى:

... ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ھەتتا لەھەتلىرى ئېچىلىپ قالغان، ئۇستىلىرىگە كوزا پۇچلۇق، قوچقار مۈڭگۈزلىرى پاتۇرۇلغان سۇرلۇك قەبرىلەر ئارا بىرقانچە ئادەم باشلىرىنى

ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۆزلىرىگە گۇناھ يۈدۈۋېلىشتىن قورققان جامائەت ① كەلمىگەن بولۇپ، ئولتۇرغانلار مەتسىدىقنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، جەددى ـ جەمەتلىرى ئىدى. ئۇلار ئاق پوتا باغلاپ، بىر تېمىم ياش چىقمىغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇرغان چاۋارغا نەپرەت بىلەن قارىشاتتى. ئاخۇنۇم قىرائەت قىلىۋاتسىمۇ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ئۆزئارا قۇلاقلىرىغا پىچىرلىشاتتى. قىرائەت ئاخىرلاشقان ھامان ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا قەبرىگە دۇئا قىلىشتى. ئەسلىدە مازارلىقتىن يانغان جامائەت مېيىت چىققان ئۆيگە كېلىپ، خەتمىقۇرئان قىلىپ قايتىشاتتى. لېكىن ئۇلار «گۇناھىنى يۈدۈۋەرمەيلى» دېيىشىتىمۇ، يولدىلا بىردىن ـ ئىككىدىن توزۇپ كېتىشتى. شۇنداقتىمۇ چاۋار «تۇغقان»چىلىقنى يەتكۈزمەكچى بولدىمۇ، ئۆزى يالغۇز مەتسىدىقنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. بىراق، ھويلىدىكى ئۈنلۈك قىلىنىۋاتقان تالاش ـ تارتىشنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن سائادەت بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى توختىمەت ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— جېنىم ئاكا، مەن يەرگە چامغۇر كۆمۈپ قويمىدىم، ئىككى بالامنىڭ دادىسى، مۇرەببەمنى كۆمۈپ قويدۇم. مېنى ئۆيۈمگە ئەكىتمەن دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟

— ھەي ئەخمەق سىڭلىم، قاراڭ ئۈشتۈلغۇچە ھەمراھ بولغۇدەك مەزلۇملارمۇ بولمىسا... ئايال كىشى مېيىت چىققان ئۆيدە يالغۇز ياتسا بولمايدۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قىزىڭ ھەم ئوغلۇڭ بىلەن ئەكىلىپ قويىمەن، قېنى ئىشەككە مىنە.

... كۆرپىدە يانپاشلاپ ياتقان چاۋار قولىدىكى ئېزىلىپ كەتكەن ئۈزۈمنىڭ پېسپىنى لېگەنگە تاشلىۋېتىپ تاماكا ئورىدى.

① «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەم دىنسىز (كاپىر) ئۆلۈمدە ئۆلىدۇ» دېيىلگەن دىنىي ئەقىدە بار.

چۈنكى، ئۇنىڭ گۆردەك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭلىدە يەنە غەلىيان كۆتۈرۈلگەنىدى. ئەلۋەتتە، سائادەت قۇماقتى مەھەللىسىدىن قايتىپ كەلگەن ھامان جەۋلان بىرەر ئىسپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن مەتسىدىقنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشى تۇرغانلا گەپ. ئەگەر كۆك تاشلىق خاتىرە قولغا چۈشۈپ كەتسە، چاۋارنىڭ كۆرسەتكەن شۇنچە كۆپ جان پىدالىقلىرى خۇددى ئىتقا مانتا تاشلاپ بەرگەندەك بىكارلا بولمامدۇ؟ شۇڭا، بۇگۇن كېچە...

چاۋارنىڭ ئىنچىكە پىلان ۋە خىياللىرى داۋاملاشقانمۇ بولاتتى. لېكىن، ئوغۇلخان ئىنجىقلاپ بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ كىرىپلا ئاغزى ئېچىلدى:

— ھەي دادىسى، كوچا - كويلاردا «مەتسىدىق ئۆزى ئۆلۈۋالمىغان، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن» دېگەن گەپلەر تېرىقتەك تېرىلىپ كېتىپتۇ.

— خاس خادىم نەسرۇللا «بېسىمغا چىدىماي ئۆلۈۋالغان» دەپ خەلقئالەم ئالدىدا جاكارلاپ بولغان تۇرسا.

— جەۋلان ئۇنى ئېشەكتىن چۈشكەندەك قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئاللا - تۇۋا قىچقىرىپ ئاران كېتىۋاپتۇ.

— جەۋلان ئۇنىڭدىن قانداق ئېۋەن تېپىپتۇ؟

— مەتسىدىق ئۆلگەن كېچىسى يولغۇن شېخىدا...

— ئا!... بولدى، بولدى، — چاۋار خوتۇنىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى، — بۇ گەپلەر ماڭا موللامنىڭ سۈرىسىدەك يادا بولۇپ كەتتى.

چاۋار گەرچە ئوغۇلخاننىڭ گېپىنى قىقۋەتكەن بولسىمۇ، ئىچىدە بىر يېرى تارىسىدە ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك تولغىنىپ كەتتى - دە، خوتۇنىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ ئاستا پىچىرلاشقا باشلىدى:

— يامانكەنسەن، بەك يامانكەنسەن. ساڭا سەل قارىغىلى بولمىغۇدەك، لېكىن سەن ماھىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلالىغىنىڭ

بىلەن ئەمەلىيەت سەن ئۇچۇن مەڭگۈ سىر بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ھابىلنىڭ سۆزلەيدىغان ئاغزى لىقمۇلىق قۇم بىلەن تولغان.

— نېمە دەۋاتىسىلەر دادىسى، غۇدۇڭشىپلا كەتتىڭلارغۇ؟

— ھېچنېمە، يەنە نېمە گەپ ئاڭلىدىڭلار مەزلۇم؟

— ھە راست، جەۋلان، ھاشىم، زۇلالىلار پاشىنىلىق ئاياغ ئىزىنى تەكشۈرۈش ئۇچۇن قۇم دەشتىگە كىرىپ كېتىدىغان يول تەرەپكە كېتىپتىمىش.

— نېمە؟! نېمە دېدىڭ؟

چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن چاۋار، خوتۇنىغا مىختەك قادىلىپ قالدى. توغرا، ئۇ مەتسىدىقنىڭ جەسىتىنى يۇدۇپ، يۇلغۇنلۇقتىن قايرىلىپ قۇم دەشتىگە كىرىپ كېتىدىغان ھارۋا ـ ئۇلاغ يولىغا چىققاندا قولىدىكى يۇلغۇن شېخىنى يول چېتىگە تاشلىۋەتكەنىدى. قۇم يېيىغ ئارقىسىدىن تاپقان يۇلغۇن شېخىدىن شۇنچە جىق ئىشلارنى بىلىۋالغان جەۋلان ئەمدى بۇ شاخنى قولغا چۈشۈرسە، يەنە قانچىلىك ئىسپاتلارغا ئېرىشەر؟ شاخنىڭ سۇندۇرۇلغان تۇپىنى ئىزدەپ، يۇلغۇنلۇققا كىرىشتىن يانمايدۇ.

چاۋار ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، چاپىنىنى كىيدى. ئۇ پۇتىغا كالىچىنى سېپىپلا پاشىنىلىق ئايىغىنى خالتىغا سالدى ـ دە، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. سوراشتىن ئەيمەنگەن ئوغۇلخان كۆزلىرى چەكچەيگەن پېتى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدى.

قۇياش ئوت شارىدەك قىزىرىپ، چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئارقىسىغا باش قويۇشى ئاسمان قان قۇيغاندەك قىپقىزىل شەپەق بىلەن قاپلاندى. چاۋار قۇم بارخانلىرى ئارا كېلىۋاتقاندا، جەۋلان، ھاشىم، زۇلالىلار قۇم يېيىغدىن خېلىلا ئۇزاپ، يۇلغۇنلۇققا قايرىلغان ئاچا يولغا يېتىپ كېلىشتى. زۇلال يول چېتىگە تاشلىۋېتىلگەن يۇلغۇن شېخىنى ئېلىشى باشقىلارمۇ بىردەك قاراشتى. ھاشىم شاخنىڭ سۇندۇرۇلغان يېرىگە قاراپ:

— بۇمۇ كىچىدىن ئۇشتۇلغانىكەن، — دېيىشى جەۋلان ھەيران بولۇپ سورىدى:

— بۇ ئەتراپتا يۇلغۇن كۆرۈنمەيدۇ، بۇ نەدىن سۇندۇرۇلغان شاختۇ؟

— مۇشۇ سولغا قايرىلغان يولدىن، — دېدى زۇلال قولىدا كۆرسىتىپ، — ئازراقلا ماڭساق يۇلغۇنلۇققا بارىمىز.

يېقىنلا يەردىكى قۇم بارخان ئۈستىدە دۈم يېتىپ پەسكە قاراۋاتقان چاۋار ھاشىم، جەۋلان، زۇلاللارنىڭ يۇلغۇن شېخىغا قاراپ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى، زۇلالنىڭ يۇلغۇنلۇق تەرەپنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېڭىكىنى قاماللىدى:

— ۋاي ئىست، بىر قەدەم كېچىكىپتىمەن.

چاۋار ئۇلارنىڭ يۇلغۇنلۇق تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپلا ئاياغ سېلىنغان خالتىنى قۇمغا كۆمۈۋەتتى. ئاندىن پەسلەپ چۈشۈپ يۇلغۇنلۇق چاتقاللىقى ئېنىق كۆرۈنىدىغان قۇم دۆڭلۈكى ئارقىسىغا كەلدى. ئۇ دۆڭلۈككە يامىشىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ نەپەسلىرى تېزلەشتى. چۈنكى، يۇمشاق قۇمدا يەر بېغىرلىغان بىر ئىز تۇراتتى. چاۋار ئىزنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلىدى. بۇ ئىز دۆڭنىڭ چوققىسىدىكى بىر تۈپ پاخپاق يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە تېخىمۇ تىلغىنىپ كەتكەن بولۇپ، جەينەكلىگەن ھەم بەش بارماق چۆككەن يەرلەر ئېنىقلا تۇراتتى. چاۋار بۇ ئىزلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، دۈم ياتقان پېتى پەسكە قارىدى. ھاشىم، جەۋلان، زۇلاللار يۇلغۇنلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈۋاتاتتى. بۇ ئەسنادا زۇلالنىڭ: «بۇ ياققا كېلىڭلار» دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ ھەممىسى بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە توپلىنىپ شاخنى سۇندۇرۇلغان ئورۇنغا جۈپلەشتۇرۇشتى.

— ياھ، نەلەردە پىشىپ كەتكەن قاقباش بۇ، — پىچىرلىدى چاۋار، — موللا تاپقاقنىڭ ئۆزىكەنغۇ... سىياسىي قانۇندا بىكار

ئوقۇماپتىكەن ـ دە، بۇ لەنتى.

چاۋار ئۇلار قايتقانغا قەدەر قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يېنىدىكى ئىزغا يەنە قارىدى. قارىغانسېرى يۈرىكى قاتتىق سىلىپ، خۇددى ئوغا يەپ، يىگنە يۇتقاندەك بولۇپ كەتتى. بۇ ئىزنى كىمدۇر بىرى تېخى كېچىدىلا قالدۇرغاندەك قىلاتتى. ئىزنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۇشكەن جەينەك ھەم ئالىقاننىڭ تامغىدەك ئىزنالىرىدىن ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىچىلاپ يە بېغىرلىغانلىقى ئاشكارا بىلىنىپ تۇراتتى. چاۋارنىڭ قۇلىقىغا «ئا!...» دەپ تووۇلىغان ئاۋاز قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى ـ دە، ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. «خۇدادىن ئۆزگە ھېچكىم كۆرمىدى!» دېگەن ئىشنى يەنە قانداقتۇر بىرى كۆرۈپ تۇرغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ كىمدۇ؟! زادى كىمدۇ؟! بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن ئىچىدە ئاشكارىلىماي يۈرگىنىگە قارىغاندا ئۆزىنىڭمۇ قورقۇنچىسى باردەك قىلامدۇ، نېمە؟! ئەسلىدە زىيادىگۇلدەك ئۇدۇللا تەشكىلگە دادلاپ بېرىشى كېرەك ئىدىغۇ!

چاۋارنىڭ كۆز ئالدى تۇيۇقسىزلا ئىيول چاقمىقىدەك يورۇپ كەتتى...

ــ توغرا، ئىگەمبەردى! چوقۇم ئىگەمبەردى!! ئۇ ئەسلىدە مېنىڭ ئارقامغا چۈشۈپتىكەن ـ دە... ئەمدى بىلدىم، بۈگۈن سەھەر قۇم يېيىغدا ئۇنىڭ ماڭا ئالايغىنى، تىغدەك قادالغىنى، كۆز ئۇزمەي قارىغىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە!...

ئىگەمبەردىنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى، گۆشلىرىنى چايناپ يۇركۈۋەتكۈسى كەلگەن چاۋار قارا كۆڭلىگە قارا توگۈندىن بىرنى چىگكەن ھالدا قايتتى. ئەمما، ئۇنى غايىبتىن كېلىۋاتقان ئىككى ئاۋاز ناگاندا ئېسەنكىرىتىپ قويدى. بىرى: «خاتىرجەم بول، سېنى يىقىتماقچى بولسا، ئۇ بۇ چاغقىچە دادخاھقا بېرىپ بولاتتى» دەپ كۆڭلىنى ياسىسا، يەنە بىرى: «توقسۇنۇڭ تولدى، يات ئارىدا جاجاڭنى يەيسەن!...» دەپ قورقاق سالاتتى. قايسىبىرسىنىڭ گېپىگە پۈتۈشنى بىلمىگەن چاۋار بىرەر

كىمنىڭ قارىسىنى كۆرسىلا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ بولجالىقا يېتىپ كەلدى. ئايسىز ئاي قاراڭغۇلۇقى كەنتنى يالماپ كەتكەندەك ئەتراپنى سۈۋارى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. چاۋار چوڭقۇر ئېرىق ئارقىلىق، يەر بېغىرلاپ باغ سوڭگۈچىگە كىرىۋالغاندىن كېيىنلا «ئۇھ...» دەپ يېنىك تىن ئالدى ـ دە، ئۆي ئالدىغا كېلىپ ئىشىككە قۇلاق ياقتى. بالدۇرلا ئۇخلايدىغان ئوغۇلخاننىڭ بۇرنىدا پۇشتەك چېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چاۋار ئامبار ئۆيگە كىرىپ، قارا چىراغنى ياقتى. ئۇ تاغار، خورجۇن، مۆلە ـ توقۇملارنى تىكىدىغان دەرەپشە، يىڭنە، چىگە يىپلار سېلىنغان خالتىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن بىر چوڭ تاغارنى قەلەمتىراچتا ئىككى پارچە قىلدى. ھەربىر پارچىسىنى تۆت قاتلاپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىن چوڭ يىڭنە ئارقىلىق چىگە يىپنى ئۆتكۈزدى. چاۋار كالىچى بىلەنلا تىكىلگەن تاغار ئىچىگە پۇتىنى سېپىپ، چىگىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن تارتىۋىدى، تاغار شۇنداقمۇ يوغان، كېلەڭسىز، ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان پۇرمە چورۇققا ئايلاندى... شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ ئاسمانغا قاراپ قويۇپ، ئامبارىدىكى تاغارلار ئۈستىگىلا قىڭغايدى...

يەنىلا ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. باغ، ئورمان، ئۆي ـ ھويلىلارغا قاراڭغۇلۇق تىقىلغان بولۇپ، ئىككى قەدەم ئارىلىقتىكى نەرسىلەرنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. قۇم باياۋاندىن ئۇرغان سوغۇق شامال دولىلارنى قورۇپ، ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى. ئەتراپ شۈنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، بوش شامالدا ئۇچۇپ يۈرگەن غازاڭلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى بەزەن ـ بەزەن ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئەمما، تۇيۇقسىزلا تىمتاس كېچىنى زىلزىلىگە سالغان چىرقىرىغان ئاۋاز قاراڭغۇ تۈن باغرىنى قىلىچتەك يېرىپ ئۆتتى!

ـــ ئانا!...

مەتسىدىقنىڭ قورۇسىدىن 7 ~ 8 ياشلاردىكى بىر كىچىك

قىز يىغلىغان پېتى ئېتىلىپ چىقتى. دەرۋازا ئالدىدىكى بوككىدە ئازغان توپى ئارقىسىدا ياتقان ئىككى مىنىبىلىڭ يۇگۇرۇشۇپ يېتىپ كېلىشى، قىزمۇ ئۇلارغا ئۆزىنى ئاتتى ــ دە، يەنە «ئانام» دەپ چىرقىرىغىلى تۇردى. ئىككى مىنىبىلىڭ دالان ئۆيگە كىرىپ قولچىرىغىنى يورۇتۇشى، سائادەت بوسۇغىدىلا قوللىرىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئاققان قان يۇزلىرىدىن يول ــ يول ساقىپ، يەردە قىپقىزىل ئۇيۇپ قالغانىدى. سائادەت قولىدا سىقىمدىۋالغان قاتىلنىڭ نىقابىمۇ قانغا چىلىشىپ تۇراتتى. مىنىبىڭلاردىن بىرى ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىپ، كەنت تەشكىلىگە يېتىپ كەلدى. ھېلىمۇ ياخشى جەۋلان، ھاشىم، زۇلاللار يۇلغۇنلۇقتىن قايتىپ كېلىپ، چاۋارنى سولاپ قويۇپ، نازارەت ئاستىغا ئېلىش كېرەكمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىنى تالاش ــ تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. ھاشىم بىلەن زۇلال سولايمىز دېسە، جەۋلان «جىنايىتى ئېنىقلانماي تۇرۇپ، پاكىتسىزلا سولىساق قانۇنغا خىلاپ بولىدۇ» دەيتتى. ئۇلار تەرلەپ كەتكەن مىنىبىڭنىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلاپلا، بىر قانچە مىنىبىڭنى باشلاپ، مەتىسىدىقنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كېلىشتى. جەۋلان بىلەن زۇلال سائادەتنىڭ جاراھىتىنى تەكشۈرۈپ تاڭدى. ھاشىم بىر مىنىبىڭنى، كامالنى ھارۋىنى قېتىپ كېلىشكە بۇيرۇۋېتىپ كىچىك قىزنىڭ بېشىنى سىلىدى:

ــ قىزىم ئاينۇر، ئانىڭىز ۋارقىرىغاندا سىز نەدە ئىدىڭىز؟

ــ ئانام ئىككىمىز ئۆيدىن ئەنسىرەپ، بوۋامنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەنىدۇق، ھويلىغا كىرىپ مەن خالاغا كىرىپ كەتتىم. لېكىن، ئانامنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقۇپ قارىسام، پۈتى ئەدەمسىز يوغان بىر ئادەمنىڭ قارىسى يۇگۇرۇپ باغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

ــ پۈتىنىڭ يوغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئۇنىڭ پۇتى، — ئايىنۇر قۇچىقىنى يوغان ئاچتى، — مۇشۇنداق يوغان بولغاچقا، ئالچاڭلاپ ماڭغىنىنى كۆردۈم.

— ئۇ قانداقراق ئادەمكەن؟

— بۇ... بۇ قاراڭغۇدا، — ئايىنۇر ئىسەدەپ كەتتى، — غۇۋا سايىسىنىلا كۆردۈم.

— سىلەر، — دېدى جەۋلان ئىككى مىنبىگىغا قاراپ، — نەدە كۆزەت قىلغان ئىدىڭلار؟

— دەرۋازا ئالدىدىكى بىر تۈپ ئازغان تۈۋىدە، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى مىنبېك، — سائادەت بىلەن قىزنىڭ كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇردۇق، لېكىن ئوغرىنىڭ قانداق چاغدا، قەيەردىن ئۆيگە كىرىۋالغىنىنى تۇيماپتىمىز. بولمىسا ھۆددەس ئۇخلاپ قالمىدۇق.

— ھەي، سىلەرنىزە، — ھاشىم تامىقىنى چېكىلداتتى، — ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە شۇنچە جاۋراپ كەتكەنلىرىم قېنى؟

بۇ ئەسنادا ئىچكىرىكى ھەم تاشقىرىقى ئۆي، چايخانىلارنى تەكشۈرۈپ چىققان زۇلال ئاستاغىنا پىچىرلىدى:

— بۇ مال ـ دۇنيا ئۇچۇن كىرگەن ئوغرىدەك قىلمايدۇ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى چېچىۋەتكەنلىكىگە قارىغاندا، مۇھىم بىر نەرسە ئىزدىگەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

بۇ ئەسنادا ئىز بېقىشقا ئەۋەتكەن مىنبىگلار قولچىرىغىنى ياندۇرۇپ يېتىپ كېلىشتى.

— ئوغرىنىڭ ئىزى يوق تۇرىدۇ، — دېدى ھاسىراپ كەتكەن بىر مىنبېك، — ھېچ يەردە يوق.

— ئۇ ئۇچۇپ قېچىپ كەتمىگەندۇ؟ — ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى ھاشىم، — ئىزى يوق دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟

— راستىنىلا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدۇق، — دېدى مىنبىگلارنىڭ باشلىقى مەتىسلىممۇ، — پەقەت قۇم ـ توپىلار

بىلىمەر ـ بىلىمەس بىسىلغاندەك، ئىزغىمۇ ئوخشىمايدىغان بەلگىلەر چىلىقتى، لېكىن ئۇمۇ بولجالىق ئىچىدىكى ئوتلاقتا يوقاپ كەتتى.

— ھىم، ئاينۇر «پۇتى ئەددەسىز يوغان» دېگىنىدە بىر گەپ بار ئىكەن ـ دە؟!

ھاشىمنىڭ سۆزىنىڭ ئورانىغا يەتكەن جەۋلان ئۇنى ئوچۇقراق تولۇقلىدى:

— شۇنداق، ئوغرى پۇتىغا قانداقتۇر نەرسىلەرنى ئورىۋالغان.

بۇ ئەسنادا ھارۋىنى كوچىدا توختىتىپ قويغان كامال ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ بېشى تېڭىلغان، كۆڭلەكلىرى قان بىلەن بويالغان سائادەتنى كۆرۈپ، لەيلىنىڭ يامان جاڭگالدا كۆرگەن كۈرەشلىرى ئېسىگە كەلدى بولغاي، مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلدى:

— بۇ چوقۇم چاۋار دېگەن مۇناپىقنىڭ قىلغان ئىشى، ھازىرلا ئۇنى باغلاپ كېلەيمۇ؟

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال كامال، — دېدى ھاشىم جەۋلانغا قاراپ قويۇپ، — چايانىنى ئۈركۈتۈپ قويمايلى.

— خەپ، ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى قانغا بوياپ، كوچا ـ كويلاردا ئىتنىڭ تاپىدەك سۆرەپ، سازايى قىلغۇم بار. شۇ كۈنلەرمۇ كېلەر!

ئۇلار سائادەتنى كۆتىرىپ كوچىغا ئېلىپ چىقىشتى. بىر قانچىسى ھارۋىغا كۆرپە، يوتقانلارنى سالغاندىن كېيىن ھوشسىز ياتقان سائادەتنى ئاۋايلاپ ياتقۇزۇشتى. توختىماي ئېسەدەۋاتقان ئاينۇرمۇ ئانىسىنىڭ بېشىدا چوقچىيىپ ئولتۇراتتى.

— زۇلال، سەن، — دېدى ھاشىم قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا، — سائادەتنى يېزىلىق ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەل، ئەگەر جاراھەت خەتەرلىك بولغان تەقدىردە بارنىياز شۇجى، ئەيساپۇپلارغا ئەھۋالنى ئېيت. ئۇلار ناھىيىلىك

دوختۇرخانىغا يۆتكەشكە ياردەم قىلىدۇ.

كامال قامچىسىنى قارسىلدىتىپ يۇرۇپ كەتتى. ھاشىم بىلەن جەۋلان بىر - بىرىگە قاراشقا پېتىنالمىغاندەك جىمجىت يەر بېقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭۈللىرىگە شۇ نەرسە ئايانكى، كۆپ ئىشلاردا خاملىق، بىخۇدلۇق، نادانلىق قىلىشتى. دۈشمەننىڭ ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەستلىرىگە سەل قاراشتى، جېنىدىن تويغان ئەبلەخلەر ۋاقتى كەلگەندە غالجىر ئىتقا، قانخور قاتىلغا، زەھەرلىك چايانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىشتى. بۈگۈن سەھەردىن مۇشۇ تۈن نىسپىغىچە مەتسىدىق ئۆلدى، ھابىل ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. سائادەت قەستكە ئۇچراپ ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ياتىدۇ. بۇنىڭ جاۋابكارلىقى زادى كىمدە؟! جەۋلان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ھوشيارلىقىنى يوقاتتى؟ كامالەت بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىنى مۇشۇنداق ئىنچىكە، زىل، ئالدىن كۆرگىلى بولمايدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلسا بولمامتى! ئۇ قانچە - قانچە قېتىملاپ كامالەتكە قارىمايمەن، گەپمۇ قىلمايمەن، ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن، دەپ ئەھدىلەرنى قىلمىدى! بىراق، كامالەتنى كۆرسىلا ئاپتاپتا قالغان مومدەك ئېرىپ كەتكىنى نېمىسى! ئۇچ ئايلىق پراكتىكىغا كەلگەنىكەن، ئوقۇتقۇچىلىقنى قىلىۋەرسىچۇ! كىم بىلىپتۇ سەھرا - يېزىلارنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى سىرتىدەك گۈزەل بولمايدىغانلىقىنى! ئەجەب - ھە! كىچىككىنە كەنتتىكى ئىشلارنىڭ بۇنچىلىك مۇرەككەپ بولۇشىنى كىم ئويلىغان؟! دېھقانلارنى قىپيالىڭاچ، ئاچ - زارلىق، نامراتلىققا بەخشەندە قىلغان ئاشۇ قارا كۆڭۈللەرنىڭ بۇنچىلىك ۋەھشىيلىشىپ كېتىشى ھارام مەنپەئەتلىرىنى، ئىمتىياز كالتەكلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان تىكىشنى بولماي نېمە! بۇلارنى جەۋلان نېمىشقا ئويلىمىغان؟ ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن كۆزى ئېچىلمىغان

بىر ئوقۇغۇچى تۇرسا! دېھقانلارنىڭ قېنى بىلەن سەمرىگەن سۆلۆكلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قانداقمۇ چۈشەنەلىسۇن؟... شۇنداق، جەۋلاننى ھېسسىيات جەھەتتىن كەچۈرگىلى بولغىنى بىلەن، ئەقىل جەھەتتىن، ئۇ ئۆزىنى ئۆزىمۇ كەچۈرەلمەيدۇ!

— ھاشىمكا، تويدىن كېيىن بارلىق ئەترەت كادىرلىرى، ئاكتىپلار، مىنبىگلار ئالدىدا ئۆزۈمنى تەكشۈرىمەن، — دېدى جەۋلان كېتىۋېتىپ، — قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئۆزۈمگە چارە كۆرۈشنىمۇ تەلەپ قىلىمەن.

— سىزغۇ ئوقۇغۇچىلىقتىن كەلگەن كادىر، — ھاشىم ئېغىر ئۇھسىندى، — سىزدە خىزمەت، تۇرمۇش، يېزا ھاياتى، مۇرەككەپ سىنىپىي كۈرەش تەجرىبىلىرى كەم، ئەمما مەن قېرىغا نېمە بولغان؟ مەسئۇلىيەتنى ئېلىش توغرا كەلسە، ھەممىگە مەن ئىگە بولۇشۇم كېرەك! بۇ ئىشلارنى ئۆزىڭىزگە يۈك قىلىۋالماڭ.

— بىز ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا - كەنتلەردىن خىيانەتنى ئېنىقلاش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئەڭ ھالقىلىق ئىشلارنى كۆزدىن ساقىت قىپتىمىز.

— مىنبىگلىرىمىزمۇ ئەتراپلىق، ئىلمىي تەربىيىلەنمىگەن، قوغداش، قوغدىنىش جەھەتتە بىلىمى يوق دېيەرلىك.

— ھاشىمكا، ئەتىكى توينى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈۋالايلى، — دېدى جەۋلان، — مىنبىگلار ھەرىكىتىنى پەۋقۇلئاددە كۈچەيتەيلى. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، ئۇلار توي - تاماشاسىغا قىزىقىپ ۋەزىپىسىگە سەل قارىمىسا بولاتتى.

— ئۇلارنى بىر ياكى ئىككى سائەتتە بىر ئالماشتۇرۇپ، توي نېمەتلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرەيلى.

ئەنسىرىگەن تويمۇ يېتىپ كەلدى. مومايىنىڭ قورۇسى، ئىچكىرىكى، تاشقىرىقى ئۆيلىرى مويسىپىت چوڭلار ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كەلگەن بارنىياز شۇجى، ئەيسايۇپ، كاتىپ ئوبۇلھەسەن قاتارلىق كادىرلار بىلەن تولغانىدى. بىر جۈپ قىزىل

توي خېتىنى داستىخانغا قويۇپ قويغان مەنسۇرخان ھاجىم نىكاھ پاتىھەسىنى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتاتتى. بادامدوپپا، ئاق كۆڭلەك ئۈستىدىن پوتا باغلىغان كامال يىگىت قولدىشى ھەم يىگىتلەر بىلەن ئىشىك بوسۇغىسىدا ئۆرە تۇرۇشاتتى. دالان ئۆي ئىشىكى ئالدىدا، بېشىغا چۈچۈللۈك رومال ئارتىلغان لەيلى ھەم بىر قانچىلىغان قىز - چوكانلار نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ، خىرقىرىشىپ كۈلۈشەتتى. قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ يىگىتلەرگە قارايتتى. بىردىنلا ئىچكىرىكى مېھمانخانا ئۆيدىن نىكاھ پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغان مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— لەيلىخان، سىز رازى ۋە رەغىپ بولۇپ، ئۆزىڭىزنى كاملاخۇنغا خوتۇنلۇققا قوبۇل ئەتتىڭىزمۇ؟

لەيلى، قىز - چوكانلارنىڭ زورى بىلەن «قىلدىم...» دەپ بوش جاۋاب بېرىشى ھەممىسى «قىلدىم...» دېدى، دېيىشىپ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ ئاۋازى سىپايىلىك بىلەن ئاڭلاندى:

— كاملاخۇن، لەيلىخاننى ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلىپ ئالدىڭىزمۇ؟

كامال «ئالدىم...» دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن بىر قىز بىلەن بىر يىگىت تۇزغا چىلانغان ناننى تالىشىپ ئېلىشتى - دە، كۈلكە - چۇقانلار ئىچىدە كامال ھەم لەيلىنىڭ ئاغزىغا سېلىشتى. ئەتراپتىن «مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن تەبرىكلەشلەر ئاڭلىنىپ تۇردى.

يىگىت قولدىشى ھەم بىرقانچە يىگىت كامالنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، يىگىتلەر ئولتۇرۇشقان باغقا ئېلىپ كېلىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. ھەربىر كەنت مەھەللىلەردىن كەلگەن ئەلنەغمىچىلەر دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، داپلىرىنى چېلىپ نەغمە - ناۋانى قىزىتماقتا ئىدى ھەم ئارىلىقتا چاقچاق - كۈلكىلەرمۇ بولۇۋاتاتتى. ھويلىدا چاي چۆگۈنى كۆتۈرگەن، ئاپتۇۋىدا

مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىۋاتقان ياشلار يۈگۈرۈشۈپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئالدىرىشىپ يۈرەتتى. بەزىلەر چوڭلار پەۋەس ئولتۇرغان ئىككى ئۆيگە يۈگۈرسە، يەنە بەزىلەر باغدىكى ياشلار داستىخىنىغا چاي قۇيۇشقا ئالدىرايتتى. ئالدىغا پەشتاما تارتقان ئاشپەز لېگەنلەرگە پولۇ ئۇسۇپ، ئۈستىگە بىر كاللەك گۆش بېسىپ بېرەتتى. ياشلار ئۇنى ئۇچقاندەك ئېلىپ مېڭىشاتتى. ھويلىدىكى چوڭ قازاندىن كۆتۈرۈلگەن ھور مەززىلىك پولۇ ھىدلىرىنى نە ـ نەلەرگە ئېلىپ كېتەتتى. تويىنى باشقۇرۇۋاتقان ھاشىم قوللىرىنى شىلتىپ: «مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىڭلار!»، «داستىخان سېلىڭلار!»، «ئاش تارتىڭلار!...»، «باغ تەرەپكە يەنە ئۈچ لېگەن پولۇ!...» دېگەندەك بۇيرۇقلارنى قىلىپ ۋارقىرايتتى.

ـــ ھاي، كېرىمولللا، پولۇ داستىخىنى يىغىلغان سورۇنلارغا قوغۇن، شاپتۇل، ئۈزۈم ئەكىرىشنى باشلاڭلار! ھەي ياربەختى، باغدىكى ياشلارغا كەپتەر گۆشى قورۇمىسىنى ئەكىرىپ بېرىڭلار!...

كېرىمولللا، يار بەختى، مەتسېلىم، مەتنىيازلار «خوپ ھاشىمكا»، «مانا ھازىر...» دەپ تەرەپكە ئالدىرىشىپ مېڭىشاتتى. باغدىكى كىگىز ـ گىلەملەردە ئولتۇرۇشقان ياشلار ئولتۇرۇشى نەغمە ـ ناۋا، كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن راسا قىزىماقتا ئىدى. بىر نەچچە يىگىت سورۇن ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ساقىي سىركايلارغا قۇيۇلغان مۇسەللەسنى پەتنۇسلاردا سۇنۇپ، «قېنى ئېلىشىپ بەرسىلە» دېسە، بەزىلىرى قىزىقچىلىق قىلىپ: «مەست بولۇپ بەرسىلە» دېيىشەتتى. يىگىتلەرنىڭ يۈزلىرى قىزارغان ھەم خۇشكەيپ كۈلۈشەتتى. ئۇلار گويا قومتامدا ھېچقانداق ئىش يوق بەرمىگەندەك ھەممىنى ئۇنتۇشقانىدى. سورۇندا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان جەۋلان كامالنى ئۇسسۇلغا تارتىشى سورۇندا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى مەيدانغا تارتىپ چۈشۈرۈشتى.

نېۋىخان ئائىنىڭ باغلىرى تۇتىشىپ كەتكەن، نە پاسىل تاملىرىمۇ بولمىغان تام قوشنىسى ھەۋزىنىيازخان مومايىنىڭ چوڭ ئۆيى قىزلار ئولتۇرۇشى بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى. بېشىدىكى رومال ئارقىسىغا قايرىۋېتىلگەن لەيلى تۆردە قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. بىر قىز قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ دۇتار چېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا تەڭكەش بولغان يەنە بىر قىز كىچىككىنە داپنى ئوينىتىپ ناخشا ئېيتاتتى. سورۇندا ئىككى چوكان بىرى ئەرچە، يەنە بىر ئايالچە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ قىزىقچىلىق قىلماقتا ئىدى. ئەرچە ياسانغان چوكان لەيلىنى ئۇسسۇلغا تارتىشى قىز ـ چوكانلار چىرقىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ كۈلكىلەر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! ھېلىقى كۈنى نېۋىخاننىڭ ئۆيىدە يوتقان ـ كۆرپە تىكىشىپ بەرگەن ئاق پىشماق يۇمىلاق چوكان بىلەن سەپكۈنلۈك چوكان ئىككىسى: «لەيلىنى توي كېچىسى شۇنداق جابدۇپ قويايلىكى، ئەللەر قايسى چىمەنتاغنىڭ ئاھۇسىكىن؟ دەپ قالسۇن!» دېگىنى ئېسىڭلاردا باردۇ؟ ئۇلار دەرۋەقە يالغان ئېيتماپتىكەن، كەڭ ئەتلەس كۆڭلەكلەردە، يوغىناپ قالغان قورسىقى چېنىپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ شۇنچىلىك بەرنالىشىپ، راستلا چىمەنتاغنىڭ ئاھۇسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. مانا ئۇ ئۇسسۇلغا تارتقان چوكاننى دوراپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. پۇت ـ قوللىرىنى سازغا كەلتۈرۈپ زادىلا چاندۇرمىدى. ئۇسسۇلغا چۈشكەن قىز ـ چوكانلارنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكىنى، قىزلارنىڭ زىل ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسى ھەم دۇتار بىلەن داپنىڭ رىتىملىق ئاۋازى ئىدى:

ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى،
يارنىڭ بارمىكىن مەيلى.
بولسا، بولمىسا مەيلى،
مەن يارنىڭ خېرىدارى.

ياmغۇرلار تولا ياغسا،
ئۈيدىن ئۆتىدۇ تامچا.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
پۈتۈم ئات، قولۇم قامچا...

ناخشىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىنىپ قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە ئىدى.

بىر كۈن كەچكىچە قۇملۇق دىيارنى قىزدۇرغان قۇياش كەچكە يېقىن بىپايان چۆلگە باش قويۇش ئالدىدا تۇراتتى. مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى «چارقۇم» دەپ ئاتىلىدىغان توغراق، يۇلغۇن، قېرى سۆگەتلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ مەيداندىمۇ بىر قانچىلىغان دېھقان ۋە ياشلار مەيدان ئەتراپىدىكى قۇملارنى تۈزلەپ كىگىز ـ گىلەم، پالاسلارنى سېلىۋاتاتتى. بەزىلىرى مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى يالاڭلىقتا قۇرۇق قاقشال، بەقەم، توغراق، تېرەك ئوتۇنى ۋە شاخ ـ شۇمبىلارنى دۆۋىلەپ كەچلىك گۈلخان ئويۇنىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. مەتنىياز ئىشلەۋاتقانلارغا نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇلار يىراقتىن ناخشا ھەم ساز ئاۋازى كېلىش بىلەن تەڭ بىر توپ ئادەملەرنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ھەممىسى قاراشتى.

— ئاغىنىلەر، — ۋارقىرىدى مەتنىياز، — تېز بولۇڭلار، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنى قارشى ئالايلى.

بۇ چاغدا نېۋەتخان ئانىنىڭ بېغىدا ئولتۇرغان ياشلار خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشاغا قانمايۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇڭا، ھاشىم باغقا كىرىپ ئۇلارنى تەرتىپكە چاقىردى:

— باللار، كەچ بولۇپ قالدى. ھازىرچە چارقۇم مەيدانىغا چوڭلار ۋە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر يىغىلىپ بولدى. بىزمۇ شۇ يەرگە يۆتكىلىپ، گۈلخان ئويۇنى باشلايمىز. چوڭلار

ئالدىدا ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆنتۇمايلى. بولۇپمۇ مەنسۇرخان هاجىم بار سورۇندا گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلەرگە، چاقچاقلارغا دىققەت قىلايلى.

ھەممە توي شادلىقى بىلەن بولۇۋاتقان بۇ پەيتتە قۇمتام كەنتى تەشكىلىنىڭ ھويلىسى، ئامبار، بوغالتىرىيە بۆلۈمى ئۆگزىلىرىدە مىنىبگىلار جىددىي كەيپىياتتا قاراۋۇللۇق قىلماقتا ئىدى. دەرۋازىنىڭ قاتتىق قېقىلىشىدىن چۆچۈپ قارىغان مىنىبنىڭ يىگىت ۋارقىرىدى:

— كىم سەن؟

— بىزنى ھاشىمكام ئەۋەتتى، نۆۋەت ئالمىشىش ئۈچۈن كەلدۇق، ئەمدى توي پەيزىنى سۈرۈش سىلەرگە كەلدى.

— نېۋىخان مومايىنىڭ ھويلىسى ھېيتلا بولۇپ كەتكەندۇ؟

— ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى چارقۇمغا كۆچتى. گۈلخان ئويۇنى باشلانماقچى.

دەرۋەقە، چارقۇم «چارقۇم» ئاتىلىپ ھازىرغىچە بۇنداق قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىگە چۆمگىنىنى بىلمىسە كېرەك. گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىلەردە مەنسۇرخان ھاجىم، بارنىيازخان شۇجى، ئەيسايۇپ، ئوبۇلھەسەن، قۇمتامنىڭ مويسىپىت چوڭلىرى ئولتۇرۇشقان بولۇپ، ئۈچ تەرەپنى شالتوغراق، جىگدىلىك، قوغۇنچى، قۇماقتى، سومىي قاتارلىق ئەترەت (مەھەللە) لىرىدىن كەلگەن ئەر ـ ئايال دېھقانلار ئوراپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۈششاق باللارغا بەجايىكى ھېيت بولغاندەك ۋارقىرىشاتتى، قۇملاردا يۇمىلايتتى. ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈگۈرۈيتتى. مويسىپىت چوڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان مەنسۇرخان ھاجىم سارغۇچ چۈنچەن يەكتەك ئۈستىدىن شايى بەلۋاغ باغلىۋالغان بولۇپ، چىمەندوپپا كىيىۋالغان ئىدى. بىر ياندىن ئورۇن ئالغان قىز ـ چوكانلار ئىچىدىكى لەيلى قىزىرىپ، كامالغا قىيا بېقىپ قارايتتى. ھاشىم پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان

مەشئەلنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چىقتى. ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارغا پەرۋامۇ قىلماي گەپ باشلىدى:

— قۇمتاملىق قېرىنداشلار! بۇنداق شاد ـ خۇراملىق سورۇنغا يىغىلىپ باقمىغىنىمىزغا خېلى ئۇزۇن يىللار بوپتىكەن. مانا بۈگۈن دېھقانلىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن يالقۇن، يۈزلىرىدە خۇشاللىق، لەۋلىرىدە كۈلكە، پېشانىلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرۇپتۇ! بۈگۈنكى بۇ خۇشاللىق جەۋلاننىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولدى، دېسەك ھەرگىز خاتا بولمايدۇ!

مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ، ھەممە بىردەك «ۋا!..» دەپ ۋارقىراشتى. توغراق غولىغا يۆلىنىپ تۇرغان كامالەت خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇشى، ھاشىمنىڭ سۆزى قايتا ياڭرىدى.

— جەۋلان، نەچچە ئاي جاپالىق ئىشلەپ قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن ئەجىر مېۋىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. پات ئارىدا بۇ مېۋىلەر دېھقانلىرىمىزنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى قاغجىراپ كەتكەن باغلىرىغا سۇ باشلاپ كەلگۈسى! مەن جەۋلاننى مۇشۇ مەشئەل ئارقىلىق گۈلخانغا ئوت يېقىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

مەيداندا يەنە ئالقىش سادالار ياڭرىدى. كامالەت چاۋاك چېلىۋېتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. ھاياجان ئىزتىراپىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن جەۋلان مەيدانغا چىقىپ، مەشئەلنى قولىغا ئالدى. ئۇ ياشلار سورۇنىدا سەل تەمشىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سورۇن ئەھلىگە تەكشى قارىدى:

— ھاشىمكامنىڭ باھاسىغا ھەم ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر، — دېدى جەۋلان ئۈنلۈك ۋارقىراپ، — نەتىجىلەر كادىرلارغا، كەنت ئاكتىپلىرىغا ھەم دېھقانلارغا مەنسۇپ! شۇڭا، گۈلخانغا ئوت

يىقىپ بىرىشكە قۇمتامنىڭ ھۆرمەتلىك ئاتىسى ھەم ئىپتىخارى بولغان مەنسۇرخان ھاجىمنى تەكلىپ قىلىمەن. شۇنداقلا ھاجىم ئاتىمىزنىڭ كۆپچىلىككە ئىككى كەلىمە تەلىم بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن!

جەۋلان قولىدىكى مەشئەلنى مەنسۇرخان ھاجىمغا ئەدەپ بىلەن تۇتقۇزدى. ھاجىم كۆپچىلىككە قارىشى بىلەن چاۋاك قايتىدىن ياڭرىدى:

— يۇرتداشلارنىڭ كەيپىياتىدىن «ئاياغئويۇنى» ① غا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، گۇلخانغا ئوت يېقىۋېتىپ، ئاندىن بىر نەچچە كەلىمە گېپىمنى سىلەرگە ھەدىيە قىلماقچىمەن.

گۇلخان گۇلدۇرلەپ تۇتەپ، ئەتراپ قىزغۇچ نۇرغا كۆمۈلۈشى، ئالقىش ـ سادالار پەلەككە كۆتۈرۈلدى. ھاجىم قولىدىكى كاناي ئارقىلىق نۇتقىنى باشلىدى:

— يۇرتداشلار، مۇسۇلمان قېرىنداشلار! قۇمتام كەنتىدە يۈز بەرگەن ھارام دۇنيا قۇربانلىرىنىڭ ساۋاقلىرى ھەممىمىزگە ئىبرەت بولغاي، بولۇپمۇ ئەمەل ئېتىغا مىنمەكچى بولغانلار ئۆزلىرىگە ئەينەك قىلغاي! جاپا ـ مۇشەققەت، قان ـ تەر بەدىلىگە كەلمىگەن مەئىشەت ھامان بىر كۈنى يۈزۈڭنى سۆرۈن قىلىدۇ، پاتقاقتا سۆرەيدۇ...

قۇم بارخانلىرى باغرىدىكى بىر تۈپ يۇلغۇن تۈۋىدە يالغۇز ئولتۇرغان ئىگەمبەردى مىچىلداپ ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولغان جەۋلان ئۇنى ئالدىغا تەكلىپ قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى. جەۋلاننىڭ كېتىشى بىلەن قاياقتىندۇر يېتىپ كەلگەن ئوغۇلخان يەرگە شالاققىدە تۆكۈرۈپ، ئىگەمبەردىنى: «ۋۇي ئەرلىك تۆكى يوق، كۆتلەش» دەپ غۇدۇراپ كېتىپ قالدى. ئەمما، مەنسۇرخان

① «ئاياغئويۇنى»، «ئايغۇينى» — ئۇسسۇل ھەم سەنئىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ھاجىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئىگەمبەردىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— ھارامدىن ناپاك بولىسەن، بەلكىم ھېچكىم كۆرمىدى، بىلمىدى، دەپ ئويلايسەن، لېكىن ئۈستۈڭدە كۆرۈپ تۇرغان ئىگىسى، يەردە بولسا ئەھلى ـ جامائەتنىڭ كۆزى بار، — مەنسۇرخان ھاجىم سەل تۇرۇۋالدى، — ئىنسان شۇنداق مەخلۇق، ھارام دۇنيا بىلەن ماختىنىشقا، ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق بىلەن كەلگەن مەئىشەت ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ھېرىسمەن كېلىدۇ...

يۇزلىرىدىن ياشلار سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ئىگەمبەردى بېشىنى كۆتۈرۈپ گۈلخان نۇرىدا پەرىشتىدەك نۇرلىنىپ تۇرغان مەنسۇرخان ھاجىمغا قارىدى. ھاجىممۇ ھاياجان بىلەن نۇتقىنى داۋام قىلماقتا ئىدى:

— بەزىدە قانداقتۇر شادلىقتىن ئۇرغۇغان قانلىرىڭ تىلىڭنى ئويۇنغا سالىدۇ. ئۆزۈڭ ساقلالمىغان پىنھانىڭنى باشقىلار زىنھار ساقلىماس! دېھقانلار ھالاللىق بىلەن ياراتقان ئەجىر ـ مېھنەتلىرىنى سەن ئەجىرسىز يېسەڭ، ھارام دۇنيانىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس سېھىرىي كۈچى ھامان بىر كۈنى سېنىڭ كۆتكىنىڭدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ، ھەتتا روزغارىڭدىن، بالىلىرىڭدىن، يۇرت ـ جامائىتىڭدىن ئايرىلىسەن! مانا بۇ تەقدىر... رەھىمسىز تەقدىر! شۇڭا، ئىنسان نامرات بولسىمۇ پاك بولسا كۆڭلى ئەمىن ياشايدۇ!...

مەيداندا ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاكلار ياڭرىدى. مەنسۇرخان ھاجىم ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى، ھاشىم مەيدانغا چىقتى. ئۇنى كۆرگەن ئوغۇلخان تۇمشۇقىنى ئۆرۈپ، سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

— يۇرتداشلار! — ھاشىم قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — ئەمدى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مەيداندا قاتتىق چاۋاكلار چېلىنىپ، ئۈچ تەرەپنى ئوراپ تۇرغان دېھقانلار ئالدىغا سۇرۇلۇپ، قومۇلۇقلاردىن ئورۇن ئېلىشتى. جەۋلان ھاشىمنى چەتكە تارتىپ نېمىلەرنىدۇر دېگەندى، ھاشىم كۈلۈپ سالدى.

— سىز بۇرۇن مۇسەللەس ئىچىپ باقمىغان، — دېدى ھاشىم — ئۇ شامالغا چىققانسېرى تۇتىدۇ. بوپتۇ، يامان تەسىر بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرىسىڭىز ئايلىنىپ كېلىڭ. بولمىسا ياتىقىڭىزغا بېرىپ ئارام ئېلىڭ.

ئەتراپ ئاپئاق ئايدىڭ ئىدى. تولۇن ئاي پايانسىز قومۇلۇقنى سېخىيلىق بىلەن يورۇتۇپ تۇراتتى. چار قومدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئېگىز - پەس قومۇلۇق ئېدىرلىقلار، ئۇنىڭ باغرىدىكى قېرى توغراقلار شۇنچە روشەن كۆرۈنەتتى. بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ تۇرغان جەۋلان ئاستا مېڭىپ، سەگىدەپ يۈرەتتى. ناھىيىلىك سەنئەتنىڭ، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ پەلەكلەرگە يەتكۈدەك توۋلاپ ئېيتقان مۇقاملىرى، ناخشا، سازلىرى لەرزان ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جەۋلان چوڭ بىر تۈپ توغراق تۈۋىگە كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشى، ئارقىسىدىن ئېتىلىپ كەلگەن كامالەت ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. ئۆزلىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ئىككى تەن پەسكە تەڭلا يۇمىلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار بوككىدە يۇلغۇنلار ئارىسىدا قۇچاقلاشقان پېتى توختاپ قېلىشتى. تولۇن ئاي نېرىدا تېخىمۇ بەرنالىشىپ، ھۆر - پەرىلەرگە ئوخشاپ قالغان كامالەت كەيىپ بولۇپ قالغان جەۋلاننىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىۋەتتى. جەۋلان ئۇنى قۇچاقلاپ قانماي - قانماي سۆيدى. قىزمۇ ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشتى... مەست جەۋلان خۇدىنى يوقىتىپ، كۆڭلىدىكىنى دەۋەتتى:

— سىز... سىز نېمانداق چىرايلىق يارالغان - ھە؟! خۇددى نەپىس بىر بۇيۇم!

— چىرايلىق بولغاننىڭ پايدىسى نېمە، ئەللەر قاراپمۇ

قويمىسا...

— مانا مەن تويماي ـ تويماي قاراۋاتىمەنغۇ! ۋۇي، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟

— قارىسام توپ ئارىسىدىن ئىلەك ـ سىلەك چىقىپ كەتتىڭىز، شۇڭا سىزدىن ئەنسىرەپ...

— ماڭا نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا مېھرىبانلىق قىلىسىز؟

— چۈنكى، مەن... — كامالەت تېرىكتى، — دەۋېرەمدىمەن، بىلىپ تۇرۇپ سورايسىز...

— ئەپسۇس، بەك ئەپسۇس. ئەمما، مەن بەربىر ئۈرۈمچىگە كېتىمەن ـ دە...

— مېنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئوقۇتماقچى بولدىڭىزغۇ؟

— ئوقۇپ بولسىڭىز، يۇرتىڭىزغا ئەۋەتىپ بېرىمەن ـ دە...

— سىزنىڭ باغرىڭىز بەك يۇمشاق، مېنى يىغلىتىپ يولغا سېلىپ قويۇشقا كۆڭلىڭىز ھەرگىز ئۇنىمايدۇ.

— مېنىڭ باغرىمنىڭ يۇمشاقلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟

— بايا ئىگەمبەردىگە كۆرسەتكەن خەيرخاھلىقىڭىز مېنى ئەجەب تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.

— ئۇنىڭ خاتالىقى باشقا گەپ، تۇرمۇش مىزانىدا ھەممىسى ئوخشاش ئادەم ـ دە!

— ئۇ... ئۇ مېنىڭ چوڭ دادام بولىدۇ، ئانامنىڭ ئاكىسى.

— نېمە، چوڭ دادام؟ — جەۋلان باغرىغا چاڭ يېپىشۋالغان قىزنى ئاستا ئىتتىرىۋەتتى، — ئۇ.. ئۇ قانداق قىلىپ، سىزنىڭ؟...

جەۋلاننىڭ چىرايى بىردىنلا ۋەھىملىك ئۆزگىرىپ، كۆزلىرىدىن غەلىتىلا ياتسىراش زەررىلىرى چاچرىدى. كۆڭلىدىن: مەن نېمە قىلىپ قويدۇم، ئۆزۈم جان تىكىپ ئېلىشقان خىيانەتچىنىڭ جىيەن قىزى بىلەن ـ ھە؟ مەن خاتالاشتىم، لېكىن... دېگەن زىددىيەتلىك خىياللار خۇددى

دەسسەلگەن سازاڭدەك سۆرۈلۈپ ئۆتتى. ئۇ ئورنىدىن دەست تۇردى - دە، قۇملۇق جىلغا ئىچىدە يوغان - يوغان چامداپ كېتىپ باراتتى. كامالەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي بىردە چاپىنىنى تارتسا، بىردە بىلىكىدىن تۇتۇپ يېلىناتتى:

— بولدى، سىز مېنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ تاشلىۋەتسىڭىزمۇ مەيلى، ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭچۇ؟

— ئەمدى ئاڭلىغۇدەك نېمە قالدى؟ سىز بۇ ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن مەندىن يوشۇرغان؟

— ماڭا... ماڭا قارىماي قويارمىكىن دەپ نادانلىق قىپتىمەن.

— بولدى ئەمدى، قولۇمنى قويۇۋېتىڭ.

— ئۆتۈنۈپ قالاي جەۋلان! — كامالەتنىڭ ياشلىرى ئاي يورۇقىدا سۈزۈك مارجانلاردەك يالتىرايتتى، — سىز مېنىڭ تەقدىر - كەچمىشلىرىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ئاندىن مېنى ئۇتقا تاشلىسىڭىزمۇ مەيلى. جېنىم جەۋلان، مېنىڭ مۇشۇ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈم بولۇپ قالسۇن!

جەۋلان قىزنىڭ يۈزلىرىنى سۆيۈپ چۈشۈۋاتقان تارام - تارام ياشلىرىغا قاراپ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى چوغ چۈشكەندەك ئېچىشتى. ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ جىلغا يانباغرىغا ياماشتى. ئۇلار قۇم دۆڭلۈكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بىر - بىرىگە تەتۈر قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. كامالەت ئېسەدەپ ھەم تېلىقىپ ئۆزىنىڭ يېتىمچىلىكتە كۆرگەن قارا قىسمەتلىرىنى بايان قىلدى:

... يېزا ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا ئاشقازان كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندە، كامالەت يەتتە ياشلاردا بار ئىدى. ياشلا تۇل قالغان ئانىسى گۈليارىخان قىزى تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان يىلى ئىلىدىن ئۆكۈز يۆتكىگەن بىر ئادەم بىلەن ئاددىيغىنا چاي ئۆتكۈزۈپ توي قىلىشۋالدى. ئۇ ئېرى بىلەن ئىلىغا سەپەر

قىلىدىغان كۈنىنىڭ ھارپىسىدا ئاكىسى ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە قىزى كامالەتنى يېتىلەپ كىردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى ياش، چىرايلىرىنى ئايرىلىش پىراق تۇمانلىرى قاپلىۋالغانىدى.

— ئاكا، — دېدى گۈليارىخان يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، — مەن ئەگەر ئىلىغا كۆنەلىسەم، قىزىم كامالەتنى بىرەر يىل ئىچىدە ئېلىپ كېتىمەن، كۆنەلمىسەم قايتىپ كېلىمەن. شۇ چاغقىچە قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

— بوپتۇ گۈليار، — كۆڭلى بۇزۇلغان ئىگەمبەردى كۆزلىرىنى ئەپقاچتى، — مېنىڭ بالىلىرىم بولمىغاندىن كېيىن بىزگە ھەمراھ بولار.

بولۇنغان گەپلەر شۇلا بولدى. ئۇن قويۇپ يىغلىغان گۈليارىخان ئاكىسى ئىگەمبەردىنى قۇچاقلاپ خوشلاشقاندىن كېيىن قىزىنى باغرىغا بېسىپ ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمىدى. ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن «ئانا!» دەپ زار - زار يىغلىغان كامالەتنى ئىگەمبەردى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئەمما، گۈليارىخان «ھۆ...» تارتىپ يىغلىغىنىچە ئۆيدىن ئوقچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى. خەيرىيەت، ئەجەل دېگەن ياش - قېرىغا باقمايدىكەن، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە گۈليارىخاننىڭ تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. كىچىك تۇرۇپلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان كامالەت قارا يېتىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئەلئاباد ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ يەتتىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرى بوي تارتىپ، سۇزۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ زوق - ئىشتىياقىنى كەلتۈرگۈدەك تولىمۇ سۇباتلىق، كەم سۆز، ئوچۇق چىراي، مۇلايىم قىز بولۇپ يېتىلدى! ئۇ ھەر دائىم ئەپچىل تارىنىپ، رەڭگى - رۇخسارى پاكىز يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق نازاكەتلىك سىياقى ئۆزىگە دۈشمەن بولدى. ئىگەمبەردى ئامراقلىق قىلغان بولۇپ، ئۆيەر - بۇ يەرلىرىنى سىلىسا، بەزىدە

ئۆيالماي ئىگەكلىرىنى مۇجۇيتتى. ھەتتا «چىرايلىق قىزىم» دېگەن بولۇپ يىرىك چاڭگا ساقاللىرىنى يۇمران يۈزىگە سۈۋايتتى. بۇنداق چاغلاردا كامالەت نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتى. ئۇ بارا - بارا نىساخان ئانىسىنىڭ توي - مەرىكە، مېھماندارچىلىقلارغا كېتىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ تۈگەتكەن كامالەت دەپتەر، كىتاب، قەلەملىرىنى پوپكىسىغا سېلىپ قوزۇقتا ئېسىپ تۇرۇشى ئىگەمبەردى ئۆيگە كىرگەنچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلىۋالدى. كامالەت بولجۇنۇپ ۋارقىرىغانسېرى ئۇنى دەست كۆتۈردى - دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. كامالەت چىرقىراپ، ۋارقىراپ، قاتتىق تېپچەكلەپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. ھەر ھالدا ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، دەرۋازىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن ئىگەمبەردى ئۇنى قويىۋەتتى. كامالەت ئۆيدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. بارار - تۇرار يېرى يوق بۇ يېتىم قىز شۇ كۈنى نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلمەي، ئاخىر ھاشىم شۇجىنىڭ ئۆيىگە پاناھلىق تىلەپ باردى. ھاشىم ئۇنىڭدىن قانچە ئاسماقچىلاپ سوراپ باققان بولسىمۇ، كامالەت: «ئىگەمبەردى چوڭ دادامنىڭ ئۇششاق باللىرى بار، يىمەك - ئىچمەكتىن خىجىل بولۇپ قالدىم» دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداقتىمۇ ھاشىمنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

... كېچىكى تۈن جىمجىتلىقىدا يىراقتىن ناخشا - سازلار، قاتتىق چاۋاك ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كامالەت جەۋلاننىڭ سۇنۇپ بەرگەن قولىياغلىقىدا يۈزلىرىنى سۈرتتى. ئۇ يەنىلا ئېسەدەپ تۇراتتى.

— كامالەت، ئىگەمبەردىنىڭ يېشى ئەللىككە بېرىپتۇ، — سورىدى جەۋلان، — باللىرى نېمانداق ئۇششاق؟

— ئالدىنقى خوتۇنى بىلەن ئۇن نەچچە يىل ئۆي تۇتقان

بولسىمۇ، بالىسى بولمىدى. ھازىرقى ئىساخان ئاچام كېيىنكى خوتۇنى، ئىگەمبەردى چوڭ دادام قىرىققا ئۇلاشقاندا بالا يۈزى كۆردى.

— ئاڭلىسام، ھاشىمكام سىزنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇتۇپتۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئۆيىدىن نېمىشقا چىقىپ كەتتىڭىز؟

— ئۇنىڭ قىمارۋاز ئوغلى ساتتار ماڭا كۈن بەرمىدى. ھە دېسىلا، «توي قىلايلى، ماڭا تەگكىن» دەپ كۆزۈمگە كىرىۋالغاچقا، ھازىرقى ھۆرىخان سەپرانىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدىم. ھۆرىخان ئانام قەھرىمۇ ـ زەھىرىمۇ بار جىگەرلىك ئايال، لېكىن يىگىرمە يىلدىن بېرى چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى ئورنىدا بولۇپ كەلگەن پالەچ قىزىنى بېقىپ شۇنداق سەپرا بولۇپ كەتكەن.

كامالەتنىڭ كىچىك تۇرۇپلا تارتقان ئازابلىرىنى، خورلۇقلىرىنى ئاڭلىغان جەۋلانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشقان بولسىمۇ، يەنىلا باغرىغا تاش قويماي بولمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قىزنىڭ چىرايىغا قارىمايلا:

— يېتىمچىلىكتە كۆرمىگەن كۈنىڭىز قالماپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىز خەيرلىك بولسۇن، — دەپ قويدى. جەۋلانىنىڭ سوغۇق چىرايىدىن، كۆڭۈلنى دىلخەستە قىلغان سۆزىدىن ئۈمىدلىرى چېچەكتەك توزۇغان كامالەتمۇ تۈنجى قېتىم ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدىن تەستە ۋاز كەچتى:

— ئىگەمبەردىنىڭ مېنىڭ تۇغقىنىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قورقتىڭىز... بوپتۇ، سىزدەك بىلىملىك بالىنىڭ خىزمەت مەجبۇرىيىتىڭىز ئالدىدا مۇھەببەتنى، بىر قىزنىڭ كۆڭلىنى قۇربان قىلىشىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ھەرگىز تەڭلىكتە قويمايمەن.

كامالەت ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسقىنىچە قۇملۇق يانباغرىدىن پەسلەپ يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. يۈرىكىنىڭ تەڭ يارتىسى قىز

بىلەن بىللە كەتكەندەك جەۋلانمۇ كۆككە باققىنىچە نالە قىلدى:

— ئاھ، خۇدا! مەن قانداق قىلىمەن؟!

جەۋلان كامالەتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، چارقۇم مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە، گۈلخان تاماشاسى ئاياغلىشىپ توپ تارقىغانىدى. بىرقانچە ياشلار كىگىز - گىلەملەرنى قېقىپ يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. زۇلال، مەتنىيازلار كامالنى، قىز قولدىشى ئاقپىشماق يۇمىلاق چوكان لەيلىنى ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇش ئۈچۈن مېڭىشتى. يىراقتىنلا جەۋلاننى كۆرۈپ قالغان ھاشىم ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ: «سىزنى چارچاپ قاپتىكەن، ياتىقىدا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، دەپ قويدۇم. ئېسىڭىزدە بولسۇن» دېدى. ھاشىم،جەۋلان، ئايشەملەر مەنسۇرخان ھاجىم قاتارلىق چوڭلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن كېرىمۇللا بىلەن يار بەختى ئارتىسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. ھاشىم، جەۋلان، بارنىياز، ئەيسايۇپ، ئوبۇلھەسەنلەر، سائادەت پاجىئەسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ كەنت تەشكىلىگە كېتىۋاتاتتى. سائادەتنى گىر تېشى بىلەن ئۇرغاچقا ئۇنىڭ بېشى يەتتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا يېرىلغان بولۇپ، يېزا دوختۇرلىرى ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ زەخىملەنگەنلىكىدىن گۇمان قىلىشتى. شۇڭا، ئۇنى بۈگۈن سەھەردىلا ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىگەنىدى. سائادەتنىڭ قاتىلنى تونۇپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرىگەن بارنىياز، ئەيسايۇپلار شەھەرگە بىللە ماڭىدىغان دوختۇرغا ئۇنى يالغۇز قويماسلىقنى تاپىلىدى. سائادەتنىڭ ئامانلىقىدىن ئەنسىرەپ قالغان جەۋلان ھازىرلا ئات بىلەن ئىككى مىنىبىڭنى شەھەرگە ماڭدۇرۇشنى ئېيتقانىدى، ئەيسايۇپ دەرھاللا قوشۇلدى:

— شۇنداق قىل، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشتە بەكمۇ ئېھتىياتچان بول، ئالدىراپ بىر كىمگە گۇماننى مەركەزلەشتۈرۈپ قويما. مەتنىسىدىق بوغالتىر بولغاچقا، ھەر كىم ئۇنىڭ ئۆيىگە قىزنقىدۇ، — دېدى ئەيسايۇپ تەمكىن ھالدا، — قۇمتامنىڭ ۋەزىيىتى مەن

تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ ئېغىر تۇرىدۇ. ئەگەر يالغۇزلۇق قىلىپ قالساڭ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئادەم سەپلەيلى.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئەيسايۇپكا، بۇ يەردە ھاشىمكام، زۇلال قاتارلىق كۈچلۈك ھەمقانلىرىم بار.

ئۇلار پاراڭلىشىپ كەنت تەشكىلى ئالدىغا كەلگەندە، ئەخمەت توقۇلغان ئۈچ ئاتنى تۇتۇپ دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى. ھاشىم، جەۋلانلار بارنىياز بىلەن ئەيسايۇپنىڭ ئات مىنىشىغا ياردەملەشتى.

— مىنبەڭلارغۇ كەنت تەشكىلىنى ياخشى قوغداۋېتىپتۇ، — دېدى بارنىياز ئات ئۈستىدە تۇرۇپ — شۇنداقتىمۇ ئەتىسى - ئاخشىمى دىققەت قىلارسىز. ئىلاج بار خىزمەتلەرگە يالغۇز بارماڭ.

— بارنىياز شۇجى، كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، — ھاشىم قولىنى كۆتۈردى، — جەۋلاننى مەخسۇس مىنبەڭلار كېچە - كۈندۈز قوغدايدۇ.

— ئەمىسە ھاشىماخۇن سېكرېتار، — ئەيسايۇپ ئات ئۈستىدىن ئېڭىشتى، — جەۋلاننى ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم.

— بىلىمەن، — دېدى ھاشىم، — ئۆز ۋاقتىدا ۋاڭ يۈگمۇ شۇنداق دېگەنىدى.

— ھە، راست، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، — ئەيسايۇپ ئېتىنى قايرىدى، — ۋاڭ يۈڭ ئۈرۈمچىدىن سىلەرگە سالام يوللاپتۇ. ئۇ خېتىدە ھاشىمغا قامچا، جەۋلانغا يۈگەن كېرەك دەپتۇ.

بارنىياز، ئەيسايۇپ، ئوبۇلھەسەنلەر كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ئۇزاپ كېتىشتى. ھاشىم بىلەن جەۋلان ئىشخانىغا قايتىپ كىرىپ، ئىمىن تازنىڭ روھىي ھالىتى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئۇنىڭ ئاغزىلىرىغا ئۇچۇقلار چىقىپ، بىر كېچىدىلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىشىنى قاتىللىق ئىشى بىلەن باغلاپ ھەرخىل

پەرەزلەرنى قىلىشتى. ئاندىن ئىگەمبەردىنىڭ بۇگۈنكى تويدا يىغلىغانلىقىنى دېيىشىپ، ئۇنىڭمۇ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. شۇڭا، جەۋلان ئەتىلا ئىمىن ھەم ئىگەمبەردى بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولدى. ھاشىم، زۇلال، مەتنىياز، ئايشەملەر چاۋارنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بېرى نەدە يۈرۈپ، نېمە ئىش قىلغانلىقىنى ئېنىقلاشنى كېلىشىۋالغاندىن كېيىن ھاشىم قايتىپ كەتتى.

3 ~ 4 كۈندىن بېرى كامالنىڭ توي تەييارلىقى، مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمى، تەرەپ ـ تەرەپلەردىكى تەكشۈرۈشلەردىن ئېغىر ھاردۇق يەتكەن جەۋلان ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىغاندىلا، پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئۈرۈپ چېقىۋېتكەندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كامالنىڭ توينى ئوڭۇشلۇق تۈگىتىۋالغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئەگەر بۇ ئىش ئۇختاسىغا كەلمەي قالسا، كامال، لەيلى، نېۋىخان ئانىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايتتى؟ بولۇپمۇ بىچارە موماي ھەممە ئىشەنچ، ئۈمىدىنى جەۋلانغا باغلىغان تۇرسا. بۈگۈن پاكىز، رەتلىك كىيىنىۋالغان بۇ ئاق كۆڭۈل موماي بەكمۇ خۇشال بولۇپ، خۇددى ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. نېۋىخاننىڭ چىرايىنىڭ خۇددى نامازشام گۈلىدەك ئېچىلىپ كەتكەنلىكى جەۋلاننى ئېيتقۇسىز خۇش قىلىۋەتتى.

جەۋلان نېۋىخان مومايىنى ئەسكە ئېلىۋاتقان بۇ كېچىسى بىچارە موماي كۆز ياش تۆككەن ھالدا ھويلىدىكى سۇپىدا سۈكۈلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پات ـ پاتلا رومىلىنىڭ ئۇچىدا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى ھەم بوشقىنا پىچىرلايتتى:

— تـوۋا، خۇشاللىقمۇ ئادەمنى مۇڭغا سالىدىغان چاغلار بولىدىكەنا؟ مۇشۇنداق كۈنلەرنىمۇ كۆرىدىكەن كىشى.

ئۇدۇلدىكى ھۇجرا ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن نېۋىخاننى كۆرۈپ قالغان لەيلى ئۇچقاندەك چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى ـ دە،

مومايىنى قۇچاقلىغانچە «ئانا!...» دەپ يىغلىۋەتتى. ئۇلارغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلغان كامالمۇ: «ئانا يىغلىمىسىلا» دەپ تەسەللى بەردى. نېۋىخان موماي لەيلىسىنىڭ ھەم كامالنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ:

— خۇدايىم سىلەرنى يامان سۆز، يامان كۆزلەردىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش بولۇپ كېتىشنى نېسىپ قىلغاي!... — دەپ دۇئا قىلدى. نېۋىخان ئانا بالىلىرىغا تىلەك تىلەۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدە ئوغۇلخان ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئوچاق كۇلۇڭىغا ئېگىشىپ تاماكا چېكىۋاتقان چاۋار خوتۇنىغا لەپپىدە قارىدى:

— توي ئويىنىغان ئادەم خۇشال بولماي، چىرايىڭ نېمانداق ئېگىر چاينىۋالغاندەك تۇرۇلۇپ كەتتى.

— ۋاي جېنىم دادىكىسى، سورىمايلا قويسىلا، — ئوغۇلخان ئېرىنىڭ ئالدىدا زوڭزايدى، — ئىگەمبەردى دېگەن بېلىنىڭ ئاستىغا سۇيقاش بارمىغان، ئەزمايلا مۇتمۇتنىڭ قىلغان قىلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم «ھۆ» بولۇپ قايتىپ كەلدىم.

— نېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا؟

ئوغۇلخان گۇلخان تاماشىسىدا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى چاۋارنىڭمۇ چىرايى قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «مەن بىردەم سەگىدەپ كېلەي» دەپ قويۇپ ھويلىغا چىقتى. ئاندىن يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولمىغۇدەك غازاڭلار بىلەن تولغان باغقا كىردى. ئۇ زەپىراندەك ياپراقلارنى شالدىرلىتىپ، ئاستا ماڭغىنىچە كۆڭلىدىن مۇنداق ئويلار كەچتى:

مەتسىدىقتىن ئىبارەت سۆرەلگەن يىپنى ئۈزۈۋەتتىم، دەپ كۆڭلۈم تىنغانىدى. ئەمدى ئىگەمبەردىنىڭ ئىشتىنى سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزياش تۆككىنىگە قارىغاندا، ئۇ چوقۇم ئاسىيلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئىگەمبەردى مەتسىدىق بىلەن ھابىلىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىردىنبىر شاھىت. ئەگەر ئۇ ئاسىيلىق قىلسا، ماڭا ئۆلۈمدىن ئۆزگە يول

يوق! شۇڭا، 〈 تەۋەككەلتوتەئەللالا ①〉 قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.»

چاۋار ئاسمانغا قادىلىپ، بىردەم تۇرغاندىن كېيىن دەرھاللا ھويلىدىكى يەر ئاستى ئامبىرىغا كىردى. ئۇ كاجۇ ساندۇق ئۈستىگە چىقىپ تورۇستىكى لىم ياغاچ ئارىلىقلىرىنى سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ، تۇخۇمدەك تۈگۈلگەن لاتا تۈگۈچنى تاپتى. بۇ مەرگىمۇش تالقىنى بولۇپ، بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ئۇ كېچىلىرى جۆيلۈپ سالغاندا، قورقۇپ كەتكەن ئوغۇلخان «سىلى ئادەم ئۆلتۈرگەنمۇ؟» دەپ سورىغاندىن كېيىنلا بۇ زەھەرنى ئالدىن تەييارلاپ قويغانىدى. ئەگەر ئالىمادىس خوتۇنى پەيلىنى بۇزسا، ئۇنىمۇ ھېچ ئايانمايلا يولغا سالغان بولاتتى.

چاۋار قاراڭغۇ ئامباردا ئۇن ـ تىنسىز كاللىسىنى ئىشقا سالدى. تېخى بايىلا باغدا كاللىسىغا كىرىۋالغان پىلان ئۆزلۈكىدىنلا قىمىرلاپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى... ئەمدىكى گەپ، ئىگەمبەردىنى قانداق قىلىپ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۆز ئۆيىدە مېھمان قىلىش، مەرگىمۇشتىن قېتىپ قالغان جەسەتنى، ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى سۆگەتكە ئېسىش... تەك تولىمۇ تەس ھەم نازۇك تەۋەككۈلچىلىك ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇراتتى. توغرا، بۇ ئىشلارغا ئىمىن تاز ئەڭ مۇۋاپىق... ئۇ بىر نەچچە كاللەك پۇلنى كۆرسىلا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىپ كېلىشتىن يانمايدۇ!

— خەپ جەۋلان، مەتسىدىقمۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن بىر نەچچە كۈن يىغلىغان، ئىگەمبەردىمۇ كۆز ئالدىڭدا يىغلىدى، — دېدى چاۋار چىش ئارىلىقلىرىدىن شىۋىرلاپ، — ئەمدى ساڭا، سېنىڭ ھەرخىل پەتىۋالىرىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ... ئىككى پۇتۇڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلمىسا، مەن چاۋار چارىپاي بولۇپ كېتەي!

ئاسماندىكى تولۇن ئاي ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغاندەك قارا بۇلۇتلار ئىچىگە يوشۇرۇندى!...

---

① تەۋەككۈل قىلدىم، ئاللا ئۆزۈڭ يول بەرگەيسەن.

# ئوتتۇزىنچى باب

## ئىبلىسنىڭ زەھەرلىك ئويۇنى

جەۋلان ئىمىنىنىڭ ئۆيىدىن بەكمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا قايتىپ چىقتى. ئۇ يوتقانغا پۈركىنىۋېلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. يوتقانىنىڭ توختىماي سىلكىنىشلىرىدىن ئۇنىڭ جالاقلاپ تىترەۋاتقانلىقىنى بىلىنىپ تۇراتتى. جەۋلان بىلەن قەمەرخان ئانا بىرەر سائەتتەك چۈشەندۈرۈپ، مەدەت بېرىپ، ئۇنى ئەھياغا كەلتۈرەلمىدى. ئىمىنىنىڭ روھىي هالىتىدىن دەھشەتلىك قورقۇپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، جەۋلان ئۇنى قاتىللىق ئىشىدا چوقۇم شېرىكچىلىكى بار، دەپ جەزم قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاغزىنى قانداق ئېچىش مەسىلىسىدە ئويلىنىپ قالدى. ئەمما، بۇ تۈگۈچنى يەشمەي بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ هاشىم، زۇلاللار بىلەن قايتا خىزمەت ئىشلەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

تەكلىماكان ئاسمىنى شىېشىدەك سۈزۈك هەم پاكىز بولۇپ، نويابىرنىڭ قۇياشى داتلاشقان مىس تەلەڭگىدەك قىزىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەپتى ئاجىز بولسىمۇ قىش پۇرىقى كېلىپ تۇرغان كۆللى كائىناتنى ئىللىق نۇرغا چۆمدۈرگەنىدى. ئىگەمبەردى هۇۋۇلداپ قالغان بېغىدىكى ئۇجمە كۆتىكىدە تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ، قورقۇنچلۇق خىياللار قوينىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. مەتسىدىق ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىرى ئەندىشە ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. كېچىلىرى ئۇيقۇسى قېچىپ، يامان چۈشلەر

ئىلكىدە ئويغىنىپ كېتەتتى. بەزىدە جۆيلۈپ، ۋارقىراپ نىساخاننى، بالىلىرىنى ساراسىمىگە سېلىپ قوياتتى. كىملەردۇر ئۇنىڭغا «قەسىمىنى ئۇنتۇغان ئاسىي» دەپ پىچاق تەڭلەۋاتقاندەك، قوملۇقلار ئارا قوغلاپ يۈرگەندەك، قىپقىزىل قانغا چىلىشىپ ياتقاندەك قارا باساتتى. شۇڭا، بىر نەچچە كۈنلەردىن بېرى خوتۇنى ئۇنىڭ سايىسىدەك ئەگىشىپلا يۈرىدىغان بولدى. مانا شۇ تۇرقىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان نىساخان يىلىنغان ھالدا سۆزلەۋاتاتتى:

— ھەي مۇسۇلمان، ئوتقا ئىتتىرىدىغان مەتسىدىق ئۆلۈۋالدى. يەنە تۈگىمەيدىغان قانداق غەم ئۇ؟ نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك دەپ، سىلىدىن نۇرغۇن پۇل ئۇندۇرمەكچى ئىدى، لېكىن خۇدايىم جاجىسىنى بەردى، ئۇ رەھمىتىنىڭ.

— نېمىدېگەن ساددا خوتۇنسەن، — ئىگەمبەردى بېشىنى چايقىدى، — مەتسىدىق ئۆزى ئۆلۈۋالمىدى، بىلەمسەن، ئۇنىڭدا ئۇنچىلىك يۈرەك يوق!

— ئۆزى ئۆلۈۋالسۇن، خەق ئۆلتۈرسۇن، بىزنىڭ نېمە كارىمىز. بىر ئوتقۇيرۇقى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇق.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن نىسا، راست گەپنى قىلسام ئۆزۈمدىن قورقۇپ قالدىم...

ئېرىنىڭ گەپلىرىدىن نىساخاننىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئىگەمبەردى گەرچە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان خىيانىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنى بېسىۋالغان غەم تېخى ئۆزىگە ئايان بولغان تەقدىرى ئىدى! ھۆكۈمەتنىڭ تۈرمىسىدە بىر قانچە يىل يېتىپ قايتىپمۇ چىقار، بىراق ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ چوڭى ئون نەچچە ياش، كىچىكى تېخى قۇچاقتا تۇرسا... ئۇلار نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟ ئورۇق - تۇغقانلار بارغۇ، دېگەن بىلەن ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تىرىكچىلىكى، روزغارى، غەم - ئەندىشىلىرى كۆپقۇ. بۇ دىشۋارچىلىقلارمۇ ئۆز يولىدا كېتىپ

بارار. لېكىن، ئىگەمبەردى ئاشۇ تۇرمىگە ساق بارالامدۇ، يوق! هازىر چاۋار راسا غالجىرلاشتى. ئۇ ھەممە ئىشلار بىر - بىرىگە ئايان بولغان ئۈچ ئادەمدىن بىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى. ئەمدى نۆۋەت ئىگەمبەردىگە كەلدىمۇ، قانداق؟ كېرىم مۇدىر ئۇنى نېمە ئۈچۈن قۇمتامىغا مىخ قىلىپ قاققاندۇ؟ ئۇلارنىڭ زادى قانداق مەخپىي ئىشلىرى باردۇر؟ توغرا، هاشىمنى سۈيىقەست بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغاندا، كېرىم مۇدىر تېلېفوندا: «ھەي ئابدۇشىمۇسەن؟» دەپ ۋارقىرىغاندا، چاۋار قانچىلىك ئالاقزادە بولۇپ كەتمىدى! ئىگەمبەردى بۇ ئىشنى هازىرغىچە ئۇنتۇغىنى يوق، ھەر قېتىم ئېسىگە كەلسىلا ئۇنى قورقۇنچ باسىدۇ. ئابدۇش دېگەن كىمدۇ؟ چاۋارنىڭ ئەسلىي ئىسمىمىدۇ؟... ھەيهات، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! ئۇلار زادى كىملەر؟!...

ئىگەمبەردىنىڭ تەنلەر شۈركۈنگۈدەك ۋەھىملىك خىياللىرى بىردىنلا چېچىلدى. چۈنكى، ھويلىدىن جەۋلاننىڭ «ھەي، قايىسىڭلار بار» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغانىدى. ئۇلار ئالدىراپ چىقىشتى - دە، چوڭقۇر تەزىم قىلىشتى.

— ۋۇي، جەۋلان كادىرىمىزكەنغۇ، قېنى ئۆيگە كىرەيلى، — ئىگەمبەردى خوتۇنىغا قارىدى، — قېنى، سەن چاي - پاي قىلمامسەن؟

— بولدى نىساخان ئاچا، سىلى ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە، — دېدى جەۋلان ئالدىراش تەلەپپۇزدا، — مەن ئىگەمبەردىكام بىلەن بىر ئاز مۇڭدىشىپلا قايتىمەن، بىر مۇنچە ئىشلار ماڭا ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

ئىگەمبەردى نىساخانغا قارىمايلا «بولدى سەن كىرمە» دېگەندەك قولىدا ئىشارەت قىلىپ، جەۋلاننى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلار سۇپىدىلا ئولتۇرۇشتى. ئىككىسى گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىگەندەك ئېغىر تىنىپ بىردەم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن جەۋلان: «چىقىش يولى تېپىش»، «پارتىيە - ھۆكۈمەتكە

ئىشىنىش»، «ئۇششاق بالىلىرنى ئويلاش» ھەققىدە نەسىھەت قىلدى، ھەتتا ئۇ ئىگەمبەردىنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقى، ئىدىيىسى يۈكنى ئارتىۋېلىپ ئۆزىنى - ئۆزى قىيناۋاتقانلىقى، ئەگەر مەسىلىلەرنى پاش قىلىۋەتسە، بۇ خىزمىتىنى پارتىيە - خەلق ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. لېكىن، ئىگەمبەردى بېشىنى كۆتۈرمەي ئاستاغىنا غۇدۇڭشۇپ قويدى:

— قىلغان خىيانىتىمنى ئاساسىي جەھەتتىن تۆلەپ بولدۇم.

— مەتسىدىق بىلەن باغلانغان ئىشلارچۇ؟

— يا... ياق، ئۇ... ئۇ ئىشلارنى بىلمەيمەن، راستىلا بىلمەيدىكەنمەن.

— ئەمىسە ھاشىم سېكرېتارنى قەستلەش ئىشىنىمۇ بىلمەيدىلىغۇ دەيمەن؟

— ئۇ... ئۇ... ئاھ خۇدا، مۇشۇنداق بولارىمنى نېمىشقىمۇ ئويلىمىغاندىمەن، — ئىگەمبەردى بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالدى، — ئەجەب پوق يەپتىكەنمەن...

— ھە، دېمەملا، سىلى مۇشۇنداق جاھىللىق قىلسىلا، مەن سىلىگە ئىگە بولالمىغۇدەكمەن.

جەۋلان ئورنىدىن تۇرۇشى ئىگەمبەردى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— مەن دەي، بولدى كەتمىسىلە، ھەممىنى دەي، چاۋار، مەتسىدىق، ئۈچىمىز ھاشىم سېكرېتارغا بەك ئۇۋال قىلدۇق...

... بىر كۈنى قۇمتام كەنتى ئىشخانىسىغا ئىگەمبەردى، چاۋار، مەتسىدىقلار يىغىلغان بولۇپ، ھاشىم سېكرېتار جوزىغا مۇشتلاپ، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— كامال ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىگە ئەكىرىپ ئۆتكۈزگەن ئىككى ھارۋا قوغۇن قېقىنىڭ تالونى بىلەن پۇلى نەگە كەتتى - ھە؟ ئۆتكەن ھەپتە ماي زاۋۇتىغا ساتقان زاغۇن بىلەن چىگىتمۇ

بوغالتىرنىڭ دەپتىرىدە كۆرۈنمىسە، ئۇلارنى جىن ـ شاياتۇنلار يەپ كەتتىما؟

هاشىم كەنتىنىڭ كىرىم ـ چىقىم، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە تەكشۈرۈپ ئىنىقلاپ چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى. ئۇ بەزىدە ئاق ئوغۇتنى سۈرۈشتە قىلسا، تۇرۇپلا «هۆكۈمەت ئامىراتلارغا سۈيدۈك كۆرپە، پوق يوتقان، يىرتىق كىگىزلەرنى قۇتقۇزۇش قىلىپ بېرىپتىما؟» دەپ يىغىن ئاچاتتى. بولۇپمۇ ئۇ چاۋارنى ئەمەلي ئىسپاتلار ئارقىلىق بەكمۇ ئوسال هالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بىر كۈنى هاشىم چاۋارنى ئالدىغا سېلىپ ئاشلىق ئامبارغا باشلاپ كىردى. ئۇ دۆۋىلەنگەن بۇغداي، قوناقلارنى قولىدا سورۇپ هەم پۇۋلەپ توپىسىنى قەستەن توزۇتتى:

— هەممە ئەترەتلەر هەرقانداق ئاشلىقنى قۇرۇتۇپ، سورۇپ پاكىز تاپشۇرىدۇ. لېكىن، بۇ ئاشلىقلار نېمە ئۈچۈن قۇم هەم توپا؟ قارىسىلا توزۇۋاتقان توپىنى؟ دېھقانلارنىڭ «ئاش ـ نانلىرىمىزنى چاينىساق غىرىچلايدۇ» دەپ قاقشىنىغىچە باركەن. ئامباردىكى بۇغداي، قوناق، ياغلىق دان، ماشلارنى يۆتكەپ هەم تاسقاپ تەكشۈرمەي بولمايدۇ...

چاۋارنىڭ زاڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ، چىشلىرى غۇرۇچلاپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلگەن بولسىمۇ، غىڭ قىلالمىدى. چۈنكى، هاشىم كەنتىنىڭ شۇجىسى بولۇپلا قالماي، ناهىيە، يېزا بويىچە «هاشىم گۆك» دېگەن نامى بار ئىدى. ئەسلىدە چاۋار بىلەن مەتسىدىق ئاچا ـ سىڭىللارنى ئالغان باجىلاردىن بولۇپ، ئۇلار بىرەر هىيلە ـ مىكىرنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كەنت باشلىقى ئىگەمبەردىنى چاقىرىپ: «تەستىق»تىن ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇلار ئىگەمبەردىنى هابىل ئارقىلىق چاقىرىپ ئېلىپ كەلدى.

... سۆزلەۋاتقان ئىگەمبەردى جەۋلانغا غىل - پال قاراپ قويۇپ گېپىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ بىر ئىشنى دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەن جەۋلان ئۇنىڭغا دەرھاللا مەدەت بەردى:

— قېنى دېمەملا، ھەرقانچە چوڭ ئىش بولسىمۇ، ئۆزلىرى پاش قىلغانىكەنلا، بۇنىڭ خاراكتېرى باشقىلار تەرىپىدىن ياكى بىسىم ئارقىلىق پاش قىلغاندىن ياخشى بولىدۇ.

— بىز... — ئىگەمبەردى ئىنجىقلاپ ئارانلا ئېغىز ئاچتى، — ھەپتە - ئون كۈندە يىغىلىپ دۇدۇزە ① ئوينايتتۇق.

— ھە، سۆزلەۋەرسىلە، — جەۋلاننىڭ كۆڭلىدىن: بۇ خەق چىرىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ قالغان دېگەن ئوي لىپ قىلىپ ئۆتتى، — قېنى داۋاملاشتۇرسىلا.

— مەن «قىمار ئويناشقا چاقىرغان ئوخشايدۇ» دەپ يېنىمغا پۇل سېلىپ بارسام، مەتسىدىق بار ئىكەن. لېكىن، چاۋارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ يۈرىكىم جىغلا قىلىپ قالدى.

... شىرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان چاۋار خۇددى بىر كىمگە ئېتىلىدىغان يىرتقۇچتەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت بۇرۇن ئۇچى بىلەن پېشانىسى سارغىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قەھرى بىلەن شىرەگە بىر ئۇرغانىدى، ئىگەمبەردى بىلەن مەتسىدىق دىڭگىدە چۆچۈپ رۇسلاندى.

— ھەر قايسىڭلار ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ — چاۋارنىڭ تۈكۈرۈكلىرى چاچرىدى، — 300 دىن ئارتۇق تۇتۇن، مىڭ نەچچە يۈز دېھقاننىڭ خىزمىتىنى قىلماق ئاسانما؟ تارتقان جاپا - ئەجرىمىز ئۈچۈن بىرەر پايدا - كۈنەم تەگمىگەن بۇنداق مەدىكارچىلىقنىڭ ئانىسىنى مىڭ... لېكىن، ھاشىم دېگەن قىزىل پاچاق ھە دېسە كوكۇلىمىزغا ئېسىلىۋېلىپ، «ئۇيوق، بۇيوق،

① دۇدۇزە — قارتا بىلەن ئوينايدىغان قىمارنىڭ بىر تۈرى.

ئۇنى يېدىڭ، بۇنى توشۇدۇڭ» دەپ ئېۋەن تېپىپ تۇرغان. ئۇنىڭ سېسىق ئاغزىنى ئاچالماس قىلىۋەتكىلى بولماسما؟

ئۆي ئىچى تىمتاسچىلىق ئىچىدە جىمىپ كەتتى. بىر چاغدىلا قورقۇپ تۇرغان مەتسىدىق سەل قىمىشىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ـــ چاۋاركا، زادى سىزنىڭ نېمە پىلانىڭىز بار، دەڭا؟ بىز قوشۇلىمىز، قانداق دېدىم، ئىگەمبەردىكا؟

ـــ مە... مەتسىدىق توغرا دەيدۇ، ـــ ئىگەمبەردىنىڭ كۆزلىرى چۇمچۇكلاپ كەتتى، ـــ سىلىنىڭ كاللىنى بىر ئىدىش ئەقىل دېسەك، بىزنىڭ كاللىمىز بىر قاپاق دۇغ سۇ.

ـــ ئەمىسە، مەن ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ يۇرگەن بىر پىلانىم بار.

ئۈچ كاللا بىر يەرگە يىغىلدى. چاۋار ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە قاراپ قويۇپ، خېلى ئۇزۇن كۇسۇرلىدى. ئىگەمبەردى ئاڭلىغانسېرى خۇددى بىر توپ ھەرە كىرىۋالغاندەك ئۇنىڭ قۇلاقلىرى غۇڭشۇپ كەتتى. ھاشىمنى ئوغلى ساتتار، ئۆزىنىڭ ئارغامچىسى ۋە ئايىغى ئارقىلىق كالا ئوغرىسى قىلىپ يوقىتىشنىڭ ئامال ـ چارىلىرى شۇنچىلىك روشەن، ئېنىقلىق، سۇ كىرمىگۇدەك مۇكەممەل پىلان بولغانىدى. ھەتتا ساتتارنى قانداق ئۇسۇللاردا قولغا كىرگۈزۈشنىڭ يوللىرىمۇ تولىمۇ ئەپلىك تۈزۈلگەندەك قىلاتتى. ئىگەمبەردى بىلەن مەتسىدىق قانچىلىك ھاڭغىيىپ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي، ئۆزلىرىنى تىڭشاپ قىلىشتى، ھەتتا مەتسىدىق ئوچۇق قالغان ئاغزىنىڭ جاۋغايلىرىدىن سوزۇلۇپ چۇشۇۋاتقان شالۋىقىنىمۇ سەزمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككى خام بەندە چاۋاردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، ھەزەر ئەيلىگەنسېرى گېپىدىن چىقمايدىغان، قورققانسېرى ئەسكىلىككە دادىل قەدەم تاشلايدىغان بولدى.

ھاشىمنىڭ ساتتار ئىسىملىك تاپتىن چىققان بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ داۋاملىق ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ، نەشە چېكىپ،

قەرزگە بوغۇلۇپ قالسا ئوغرىلىق قىلىپ، بىزار قىلىۋەتكەچكە ھاشىم ئۇنى ئۆيلەپ ئۆي ئايرىپ چىقىرىۋەتكەنىدى. ساتتار قومچاقاردا بىر ئەترەتنىڭ كالىسىنى ئوغرىلاپ، تۈرمىدە ئىككى يىل يېتىپ چىقتى. ئاڭغىچە خوتۇنى ئەرگە تېگىپ كەتتى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھاشىم ئۇنى ئۆيىگە يولاتمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دادىسى يوق چاغلاردا ئانىسىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ جان بېقىپ يۈردى. بىر كۈنى چاۋارنىڭ پىلانى بويىچە دۈدۈزە ئويناش ئۈچۈن ئىگەمبەردى، مەتسىدىق، ئىگەمبەردى، روزى كاتاڭلار بىرلىشىۋېلىپ قول، كۆز، ئېغىز ئىشارىلىرى ئارقىلىق بىردەمدىلا ساتتارنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقداپ قويۇشتى. ئارقىدىن پىلان بويىچە مەتسىدىق ئۇتتۇرۇۋەردى. ئاخىرىدا ئۇ «تەتۈر خورۇم باجىڭگىر» دەپ ماختايدىغان ئايغىنى سېلىپ سەكسەن سوم باھادا دوغا تىكتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئۇتۇۋالدى. ھەممىسى ئۇنىڭغا سەكسەن سومدىن پۇل بېرىشتى. لېكىن، ئۇتتۇرۇپ تىككۈدەك ھېچنېمىسى قالمىغان ساتتار ھۇرپىيىپ قوپتى.

— ھەي، ئاشۇ كونا كېپىشىڭنى سەكسەن سومغا سۇندۇرۇپ پۇل ئالامسەن؟

— بۇ دېگەن قىمار، — مەتسىدىقمۇ بوش كەلمىدى، — بىر تال تېزەكنىمۇ ئالتۇنغا باراۋەر قىلىپ ئوينايدۇ. بۇلار غىڭ قىلماي بەرسە، سەن ئەجەب پاشىدەك غىڭشىيسىنا.

— بولدى، بولدى تاكاللاشماڭلار، — دېدى ئىگەمبەردى يېنىدىن سەكسەن سوم چىقىرىپ مەتسىدىققا تۇتقۇزدى، — بۇ ساتتار ئۈچۈن، مەن ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇنىڭدىن ئېلىۋالىمەن.

— ھەي ئىگەمبەردىكا، — ساتتار ئالايدى، — بۇ... بۇ قانداق قىلغىنىڭ؟

— بولدى قىلچۇ، — روزى كاتاڭ چاۋارغا كۆز قىسىپ قويدى، — سورۇن كۆرگەن باللا دېگەن ئۇنداق چۈپەي بولغۇلۇق

ئەمەس.

— شۇنى دەيمىنا، — دېدى چاۋار ساتتارنىڭ پۇتىغا ھۆل كېسەك قويۇپ، — خېلى ئوغۇلبالىچىلىقىڭ بار، مەرد يىتىمتىڭ، ساڭا نېمە بولدى، ئەجەب گىر بىلىك قىلىۋاتىسىنا.

شۇ كۈنى كېچىسى ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ، ھەتتا سەكسەن سوم قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ساتتار ئىگەمبەردى بىلەن بىللە قايتتى. ئۇنى ئاچچىق تۇتۇۋالغاچقا، يولدا غۇدۇراپلا ماڭدى.

— ئۇيلىساملا قورسىقىم كۆيىدا، بىر ئەسكى كېپىش ئۈچۈن بىر مۇنچە پۇلغا قەرزدار بولۇپ قالدىم. سەنمىچۇ، ئىگەمبەردىكا ئالدىراپلا.

— ھەممىسى بىر ئۇاتسا، «نامەرد» ئاتىلىپ قالامسەن؟ — ئىگەمبەردىنىڭ بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ساتتارغا لەپپىدە قارىدى، — ھە راست، داداڭنىڭ ئاشۇنداق تەتۈر خۇرۇم بىر ئايىغى باردەك قىلاتتىغۇ، شۇنىلا ئەكېلىپ بېرە، مەن ئۇنى مەتسىدىققا بېرىپ سەكسەن سوم پۇلۇمنى قايتۇرۇۋالسام، سەنمۇ قەرزدىن قۇتۇلامسەن؟

— ئۇمۇ بىر نەچچە يىل كىيىلگەن كونا ئاياغ.

— كونا بولۇشى بىلەن نېمە كارىمىز، ئۇمۇ كونا ئايىغىنى دوغا تىككەن تۇرسا. لېكىن داداڭ بىلىپ قالمىسۇن جۇمۇ.

ئارىدىن ھەپتىمۇ ئۆتمىدى بولغاي، چاۋار قۇمچاقارغا كېتىپ، قايتىپ كېلىپلا مەتسىدىققا:

— بۈگۈن كېچە بىر نەچچە قەرز ئىگىلىرى ساتتارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن كېلىدۇ، سەن ھېلىقى پىلان بويىچە ئۇنى قۇتقۇزۇۋال، — دەپ تاپىلىدى. ئۇ كۈنى راسا بورانلىق بىر كېچە بولدى. ساتتار ئۆيىدە ئۇخلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ئىشىك ـ دېرىزىلەر جالاقلاپ ئېچىلىپ، بىر ـ بىرىدىن بەتبەشىرە تۆت قىمارۋاز يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار يېرىم يالىڭاچ ساتتارنىڭ قوللىرىدىن قايرىپ، گەجگىلىرىدىن بېسىپ،

بىقىنلىرىغا تېپىپ يەرگە تىزلاندۇردى. يۈز - بويۇنلىرىدىن مەيدىلىرىگىچە قاپقارا چۈپۈر قاپلاپ كەتكەن تەمبەل بىر قىمارۋاز ساتتارنىڭ كاچاتلىرىغا ئۇرۇپ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى قانىتىۋەتتى.

— ھەي ھارامدىن بولغان، جالاپنىڭ بالىسى، سەن تېخى مېنىمۇ ئويناتماقچىمۇ؟

— يوغسۇ، يوغسۇ ئەسرۇل ئاكا، سىزنى ئويناتقىلى جېنىم ئونىمۇ؟

— ئەمىسە نېمىشقا قېچىپ، قاراڭنى كۆرسەتمەي يۈرىسەن؟

— پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالمىدىم.

— پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالمىغان بولساڭ، قىمارنىڭ يارىشقىنى قىلايلى... قېنى دەپ باقە، گەدىنىڭدىكى پۇل قانچە بارمىقىڭنى كېسىشكە يېتىدۇ؟

— جېنىم ئەسرۇل ئاكا!

— ئۇنىڭنى ئۆچۈر ھەزىلەك، جاۋاب بېرەمسەن ياكى تىلىڭنى كېسىۋالىمەنمۇ؟

— ھەي قوڭچى، — ئەقمەر ئىسىملىك ئېگىز ئالغاي ساتتارنىڭ بىقىنىغا بىرنى تەپتى، — غوجىكام سەندىن گەپ سوراۋاتىدۇ، ھېلى بىكار، ئاغزىڭنى يىرتىۋەتمەي.

— گە... گەدىنىمدىكى قەرز، — ساتتار يىغلىۋەتتى، — ئىككى... ئىككى...

— ھە، مانا بىلىدىكەنسەنغۇ.

ئەسرۇل غىلىپىدىن پىچىقىنى چىقىرىشى ساتتارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، تىزلانغىنىچە دوكۇلداپ كېلىپ پېشانىسىنى ئەسرۇلنىڭ پۇتلىرىغا قويدى. بىراق، ئۇ ساتتارنى تېپىۋېتىپ، پىچىقىنىڭ بىسىغا بارمىقىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ ئېگىز ئالغايغا قارىدى:

— ئەقمەر، توختى قوچقارنىڭ تۆت بارمىقىنى كېسىپ،

پىچىقىمىنىڭ بىسى سەل يېنىپ قاپتۇ. ساتتارنىڭ جېنىنى قىيناپ قويمايلى:

— ئەسرۇللا ئاكا، مانا تەييارلا.

ئەقمەر ئالدىن تەييارلاپ قويغان خالتىدىكى كىچىككىنە دۆشە بىلەن پارقىراپ تۇرغان چەيدونى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. قالغانلار ساتتارنى سۆرەپ كەلگىنىچە شىرە ئالدىغا تىزلاندۇردى ــ دە، ئۇنىڭ قولىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىككى بارمىقىنى دۆشە ئۈستىگە بېسىپ تۇتۇپ بەردى. ساتتارنىڭ: «جېنىم ئاكىلار، مەن بېرەي، مەن تېپىپ بېرەي» دەپ ۋارقىرىغان، چىرقىرىغان، يىغلىغان ئاۋازى بورانلىق كېچىدە نە ــ نەلەرگە ئاڭلاندى. بۇ ئەسنادا ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ مەتسىدىق بوران بىلەن تەڭلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. چەيدونى ئېگىز كۆتۈرگەن ئەسرۇل ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

— ھەي جېنىم ئاكىلار، — دېدى مەتسىدىق ئارىغا چۈشۈپ، — بىردەم تەخىر قىلىڭلار. مەن ساتتارنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، ئانامنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ كىرگەنىدىم.

— ئەمىسە ئۇنىڭ گەدىنىدىكى قەرزنى سەن تۆلەمسەن؟

— مەندىمۇ ئىككى بارماقنا تۇشلۇق پۇل يوق، — دېدى مەتسىدىق ئەسرۇللاغا يېلىنىپ، — سىلەر ئۇنىڭغا بەش كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭلار، بىز بىر ئامالىنى قىلايلى.

— بولمايدۇ، — ئەسرۇل قولىدىكى چەيدونى چۈشۈرمەي تۇراتتى، — ئۈچ كۈندىن ئارتۇق بېرەلمەيمەن، ھېلىمۇ شۇنچە ئەخمەق قىلغىنى يېتەر بۇ ھاناتات ئوغرىنىڭ.

— بولىدۇ، — مەتسىدىق ئەسرۇلنىڭ چەيدولۇق قولىنى ئاستا چۈشۈردى، — ئۈچ كۈنگىچە مەنمۇ بىر ئامالىنى قىلىشىپ بېرەي.

ئەسرۇل چاپارمەنلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. قىمارۋازلار

ساتتارنىڭ بارمىقىنى بەكرەك سوزۇۋەتكەنمۇ، ئۇ ئىككى بارمىقىنى چىڭ سىقىمداپ ئولتۇراتتى. مەتسىدىق كىگىزگىلا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ئەيىبلەپ ۋارقىراپلا كەتتى. ئۇلار ئىككىسى مۇشۇ مەھەللىدە ئۆچكە بېقىپ، بىر زاغرا تاپسىمۇ بىللە يەپ، دۇم يېتىپ سۇ ئىچىپ بالىلىقى چىگىش دوستلۇقتىن ئۆتكەن، بىراق ئۇنچىۋالا قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكىنى يوقتۇ! ئەلۋەتتە ئىتمۇ سۆڭەك يېسە، قوڭ بىلەن كېڭىشىپ يەيدۇ. كۆتىدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى دېگەندەك ئۆزىنىڭ ھالىغا بېقىپ ھال تارتسا بولىدۇ - دە! مانا ساتتار ئىككى بارمىقىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس - تاماس قالدى. مەتسىدىقنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى بىر يەرلىرىنىڭ قىسىلچىقىغىمۇ كىرىپ باقمىغان ساتتارنىڭ پۈتۈن پىكرى - خىيالى قەرز تۆلەش ۋاقتىدىلا قالغانىدى. شۇڭا ئۇ مەتسىدىققا يېلىنغان ھالدا، ئۇمىدلىك كۆزلىرىنى تىكتى:

— ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە كېلىدۇ، سەن بولساڭ ۋەدە قىلىپ قويدۇڭ، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟

— ۋەدە قىلمىغان بولسام، ئىككى چوڭ بارمىقىڭدىن قان توختىماي ئېقىپ، قانسىراپ ئۆلمەمتىڭ دەلتە.

— بولدىلا، تولا تاپا قىلىۋەرمە، — ساتتار غىل - پال قاراپ قويدى، — ۋەدە قىلغاندىن كېيىن بىرەر ئامالى باردۇ، دەپ ئويلىدىم.

— ئامالىم بار... لېكىن، سېنىڭ كۆتۈڭ چىدىسا.

— قېنى دېمەمسەن؟

مەتسىدىق ئۇنىڭ قۇلىقىغا قىسقىلا پىچىرلاپ، كۆزلىرىگە قارىدى. ساتتار ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، گۇمانىي نەزەردە، مەتسىدىقنىڭ يوم ناندەك سېمىز، دۇپىدۇگىلەك چىرايىغا قادالدى:

— روزى كاتاڭ بىلەن خوتۇنى ئىككىسى مال ئېغىلى يېنىدىكى ئۆيدە تۇرىدىكەن، ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قالامەنمىكىن؟

مەتسىدىق ئىشىك سىرتىغا بىر قارىۋېتىپ ساتتارنىڭ قۇلىقىغا يەنە پىچىرلىغانىدى، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا يامغۇرغا قانغان ئازغان گۈلىدەك ۋىللىدە ئېچىلدى:

— ئەگەر ئۇنچىلىك ئاسانلىق يارىتىپ بەرسەڭ، — ساتتار جانلىنىپ كەتتى، — ھېلىغۇ 3 ـ ئەترەتنىڭ بىر كالىسىكەن، بىر توپ مېلى بولسىمۇ ھەيدەپ چىقىپ كېتەلەيمەن.

كۆزلىگەن رىجىسىغا يەتكەن مەتسىدىق خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنى چاۋار بىلەن ئىگەمبەردى بېغىدا ساقلاۋاتاتتى. ھاسىراپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان مەتسىدىق باغقا كىرىپلا: «خۇش خەۋەر، ساتتار قارماققا ئىلىندى» دېدى ـ دە، شېخىدا ساڭگىلاپ تۇرغان بىر خام ئامۇتنى ئۈزۈپلا ۋارسىدە چىشلىدى. بىراق، ئىككى كۈن ئۆتكەن بىر سەھەرلىكى 3 ـ ئەترەتنىڭ ئالدىغا دېھقانلار توپلاشتى. سورۇن ئوتتۇرىسىدا قاتتىق باغلانغان ساتتار بىلەن بىر ئۆكۈز تۇراتتى. توپلاشقانلار بەس ـ بەستە ۋارقىرىشاتتى، تىللىشاتتى:

— ساتتار كېچىدىن ئەترەتنىڭ كالىسىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپتۇ.

— بۇرنىغا سۇ كىرمەيدىغان نېمىكەن، كالا ئوغرىلاپ ئىككى يىل تۈرمىدە ياتتى. شۇنىڭدىنمۇ ساۋاق ئالمايدىكەن.

— ھاشىمكامغا بالا بولدى ـ دە، بۇ قىمارۋاز.

— بۇ مۇناپىق ئۆكۈزنى ئوغرىلىسام 3 ـ ئەترەت دېھقانلىرى نېمىدە تېرىقچىلىق قىلار، دەپمۇ ئويلىماپتا.

— كەنت تەشكىلىگە ئاپىرىپ سولىتىۋېتىڭلار، — دېدى ئىگەمبەردى ۋارقىراپ، چاۋارمۇ:

— ھابىل ئىشەنچلىك بىر مىنبىلىڭ بىلەن ئۆزۈڭ ساقلا، — دېدى ـ دە، مەتسىدىق بىلەن ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويۇشى ئۇلارمۇ «بىلىمىز» دېگەندەك بېشىنى گىلدىڭلاتتى.

... خاتىرىگە سۆزلەنگەن مەسىلىلەرنى ناھايىتى تېز يېزىۋاتقان جەۋلان قەلىمىنى توختىتىپ ئىگەمبەردىگە قارىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا بەزىبىر ئۇقتىلار چۈشىنىكسىز تۇيۇلغانىدى:

— ئىگەمبەردىكا، مەتسىدىق ساتتارغا «ئاسانلىق يارىتىپ بېرىسەن» دەپ ئۇنى تۇتۇپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— بۇ چاۋارنىڭ بەكمۇ زىل پىلانى، — دېدى ئىگەمبەردى ئاچچىققىنا كۈلۈپ، — ئۇ ساتتارنى قوش جىنايەت بىلەن قۇمتامغا مەڭگۈ كېلەلمەس قىلىۋېتىش، لېكىن بۇ ھاشىمنى ئۆزۈل - كېسىل يوقىتىشتىكى تەييارلىق باسقۇچ...

— پاھ، بۇ ئەبلەخنىڭ كاللىسى نېمىدېگەن ئىشلىگەن.

— شۇ كۈنى، — ئىگەمبەردى سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھاشىم ماڭا، چاۋارغا، مەتسىدىققا يالۋۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزى تېلېفون قىلدى. ئەمما، شۇ كۈنى ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندا، ئەقىل يەتمەيدىغان بىر ئىش يۈز بەردى...

... كەنت تەشكىلىنىڭ باغ تېمىدىن سەكرەپ چۈشكەن مەتسىدىق ئىشخانا دېرىزىسىگە يېقىنلاشتى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان ھابىل بىلەن ئازراقلا بىر نېمە دېيىشىۋالغاندىن كېيىن دېرىزىنى ئېچىپ ئىشخانىغا سەكرەپ چۈشتى. «مەتسىدىق مېنى قەستەن تۇتۇپ بەردى» دېگەن قورساق كۆپۈككىدە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن ساتتار ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ كارنىيىنى بوغۇۋالدى:

— مەتسىدىق، ھەي ئىت پاكار، — ساتتارنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى، — مېنى... مېنى نېمىگە قەستلەيسەن، يا، خوتۇنۇڭ بىلەن چاتقىم بولمىسا...

— سات... ساتتار، كارنىيىمنى قويۇۋەت، — خىرقىرىدى مەتسىدىق، — مەن ساڭا «شارائىت يارىتىپ بېرەي، 3 -

ئەترەتنىڭ كالىسىنى سېتىپ قەرزلىرىڭنى تۆلىۋال» دېگىنىم راست. خۇدا ھەققى، بۇ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈم ئىدى.

— «روزى كاتاڭ بىلەن مالچىنى ئۆيۈمگە مېھماندارچىلىققا چاقىرسام، ئىغىل ئادەمسىز قالىدۇ» دېگەنتىڭ، ئەجەبا ئۇلار ماراپ تۇرغاندەكلا يوپۇرۇلۇپ كەلدىيا، چىغ سۇپۇرگىنىڭ دەستىسىدە ئۇرۇپ بېشىمنىمۇ يېرىۋەتتى.

— مال... مالچىنىڭ خوتۇنى، — مەتسىدىق كارنىيىنى سىلاپ قويدى، — پايپاسلاپ كېلىپ ئىشنى بۇزدى. مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن.

— ئەمدى سەن پايپىنىڭ كاساپىتىدىن يەنە تۇرمىدە ياتامتىم؟

— سېنى ھازىرلا، — مەتسىدىق دېرىزە تەرەپكە قاراپ قويدى، — قاچۇرۇۋەتسەم قانداق؟ بىر نەچچە زامان جېنىڭنى جان ئەتكۈدەك پۇلۇڭ بارمۇ؟

— مەندە ئىسسىق جان، بار، بىلەمسەن ئىسسىق جان!

— مېنىڭ مەسلىھەتىم بىلەن مۇشۇ كونگە قالدىڭ، ئالدىڭدا خىجىلمەن، — مەتسىدىق ساتتارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — قانداق؟ ئەمدىغۇ ماڭا ئىشەنگەنسەن؟

— مۇشۇ گېپىڭ راستما؟ ياكى...

— ئەگەر بۈگۈن كېچە كالىنى ئوغرىلاپ قولۇڭغا تاپشۇرمىسا خوتۇنۇم «تالاق»، ئۆزۈم ئىمانسىز ئۆلەي... لېكىن، سەن ھازىرلا «قۇمتۇغ»قا بېرىپ مېنى ساقلا.

— ئالدىم بىلەن ئارقامدا پايلاقچى تۇرسا، قانداق قاچىمەن؟

— ئۇلارنى رازى قىلدىم، ھابىل يۆتىلىپ قويۇپ خالاغا ماڭىدۇ، نەق شۇ پۇرسەتتە، چۈشەندىڭمۇ؟

دەرۋەقە شۇ كۈنى تۈن كېچىدە ساتتار قېچىپ كەتتى. 3 ـ ئەترەتنىڭ كالىسىمۇ راستتىنلا ئوغرىلاندى. مەتسىدىق باشلىق تۆت مىنىبىڭ ئاتلىق قوغلاپ كەتتى. چاۋار، ئىگەمبەردى، روزى كاتاڭ، ھاشىملار نەق مەيداننى ساقلاپ، تاڭ يورۇشقا يېقىن خاس

خادىم نەسرۇللا ئات بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ھاشىمنىڭ قورۇسىدىن 3 ـ ئەترەت ئېغىلىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىزلارنى تەكشۈرۈپ قومۇتۇغقىچە باردى. چۈنكى، كالىنى ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ ئاياغ ئىزى قومۇتۇغقا بېرىپ، يەنە ئارقىسىغا قايتىپ ھاشىمنىڭ قورۇسى ئالدىدا يوقاپ كەتكەنىدى. شۇڭا، نەسرۇللا ھەممىنى باشلاپ ھاشىمنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. يۈز بېرىۋاتقان سۈيىقەستنى، ئالدىن كولانغان ئورىنى بىلىپ بولغان ھاشىم سەۋرچانلىق بىلەن تەمكىن ھالەتنى ساقلاپ قالغانىدى. لېكىن، نەسرۇللا گويا ئالتۇن توشقان تېپىۋالغاندەك كۆرەڭلەپ، قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— يولداشلار، بۇ قېتىمقى ئوغرىلىق ۋەقەسىنى تۇغدۇرغان ئادەم كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى كېرىم شاڭجاڭ ئۇنى دەرھال تۇتۇشىمىزنى بۇيرۇدى. ھازىر ئوغرىنىڭ ئىزى مۇشۇ قورۇدىن چىقىپ يەنە مۇشۇ قورۇغا كەلگەن. شۇڭا، ئاشۇ ئاياغنى ھەم ئۇنىڭ ئىگىسىنى تېپىشىمىز كېرەك.

چاۋار، ئىسگەمبەردى، ھابىل، ئىمىن، روزى كاتاڭلار يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ بىر نەچچە ئېغىز ئۆي، ئامبار، باغلارنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتتى. پەقەت كامالىلا ھېچنېمىگە ئارىلاشماي ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ ھاشىمغا قارىسىلا يۈرىكى سىقىلاتتى. ھويلا ـ ئاراملارنى تىنتىتقۇچىلار ھېچنېمە تاپالمىدى. ئەمما، قاچانلاردۇر ئۆگزىگە چىقىۋالغان ھابىل «مانا قاراڭلار» دەپ بىر جۈپ ئاياغنى ئېگىز كۆتۈردى. ئۇ شوتا بىلەن پەسكە چۈشۈپ، ئاياغنى يەرگە تاشلىدى. ھەممە بىردەك كالا پوقى ۋە ساپسېرىق چىلە بىلەن بۇلغانغان ئاياغقا قاراشتى. مۇرادى ھاسىل بولغان نەسرۇللا ھاشىمغا تىكەندەك سانجىلدى:

— بۇ تەتۈر خورۇم ئاياغ كىمنىڭ؟

— مېنىڭ، — دېدى ھاشىم تەمكىن ھالدا.

ئىگەمبەردى ئوڭايسىزلانغان ھالدا يەرگە قارىدى. كامال غەزەپتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. ھاشىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھەتتا ئوينىشىۋاتقان ئويۇنلارغا ھەيرانمۇ بولمىغاندەك چاۋارغا تىكىلگەنىدى. بىراق، نەسرۇللا ئاغزىنى قىيسايتىپ كۈلۈمسىرەيتتى...

ئۇلار ھويلىدىن چىقىپ ئۇدۇللا كەنت ئىشخانىسىغا كەلدى. ئىشخانا ئىچى سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆمدى. نەسرۇللا «ئوغرىلىقنى تەكشۈرۈش» دەسلەپكى ماتېرىيالىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ ھەممىگە كۆرەڭلىك بىلەن نەزەر تاشلىدى:

— يولداشلار، تاڭ سەھەردىن باشلاپ ھازىرغىچە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلدى. كالىنى ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ ئىزى ھاشىمنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ 3 - ئەترەت مال ئېغىلىنىڭ ئارقىسىغا كەلگەن، — نەسرۇللا سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويدى، — ئوغرى ئۆرۈلگەن تامنى قاشارلىغان شاخلارنى ئېلىۋېتىپ، كالىنى شۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىپ كەتكەن ھەم مەھەللە سىرتىدىكى قۇمتۇغقا ئاپىرىپ ساتتارغا بەرگەن. چۈنكى، ئۇ يەردە ساتتارنىڭ ئىزى بايقالغان! ئادەمنى گۇمانغا سالىدىغىنى، ئوغرىنىڭ ئىزى يەنە كەنتكە قايتىپ، ھاشىمنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەتكەن. ھاشىم، بۇ ئىشلارغا قانداق قارايسىز؟

— مەن كەنت كادىرلىرىنى رەنجىتىپ قويدۇم، — ھاشىم مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ قويدى، — ئەمما، مەن خاتا قىلمىدىم. مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىشىنى كۆڭلۈم تويغان. لېكىن، بۇنچىۋالا تېز يېتىپ كېلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن.

— ئۇنداقتا، شۇنچە ئەمەلىي پاكىتلار ئالدىدا يەنە ئىقرار ئەمەسكەنسىز - دە؟

— بۇ ئىپلاس ئويۇننى پىلانلىغان ئادەم تولىمۇ ئەقىللىق، زېھنى بەرقارار، دانا، پاراسەتلىكەن، — ھاشىم تەنە بىلەن چاۋارنى

قامچىلىدى، — ئەگەر ئۇ ئەقىل - پاراسىتىنى قۇمتامنىڭ نامرات تەقدىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولسا، بىزنىڭ يۇرتىمىز قانچىلىك گۈللەپ كەتكەن بولار ئىدى! ئەپسۇس، ئۇ غالجىردەك تالاۋاتىدۇ.

چاۋار ھۇپپىدە ئېسىلىپ، دىمىقىقاندەك بولدى - دە، كۆزلىرىنى نەلەرگىدۇر ئاغدۇردى. ھاشىمنىڭ سۆزلىرى ئىگەمبەردىگىمۇ قامچىدەك تەگكەن بولۇشى كېرەك، ئۇمۇ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇزۇن قوللىرىنى نەگە قويۇشىنى بىلمىگەندەك، بىر كەينىگە بىر ئالدىغا ئېلىپ، ئېغىر تىنىپ قوياتتى. نەسرۇللا بولسا «خاس خادىم»لىق سالا - سۇپىتىدىن چۈشمەي گەپ باشلىدى:

— سىز شۇجىلىق كىبىرىڭىز بىلەن بىزگە تەشۋىق ئېلىپ بارماقچىمۇ، قىزىق گەپ، بىر كالا ئوغرىسى - ھە؟

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، — ھاشىم غەزەپتىن قىزىرىپ كەتتى، — مېنى كالا ئوغرىسى قىلىپ قويغانلارنىڭ يالىقىنى قانچىلىك يالىغانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ھامان بىر كۈنى ھېسابىنى بېرىسىز!

— سىلەر ھاشىمكامنى ئوغرى تۇتۇۋاتامسىلەر؟ بۇنىڭغا قۇمتامدىكى تۆشۈكتىكى - بۆشۈكتىكىلەرمۇ ئىشەنمەيدۇ، — ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان كامال قاتتىق ۋارقىرىدى، — چاۋاركا، ئىگەمبەردىكا، سىلەر زادى نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسىلەر؟ نومۇس قىلىساڭلار بولمامدۇ؟ بالىسى ئوغرىلىيالمىغان كالىنى دادىسى ئوغرىلاپ يەتكۈزۈپ بەرگەنمىدۇ؟ ھاشىمكام ئوغرىلىغان بولسا، ئۆزى ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلامدۇ؟!

— ھەي كامال، — چاۋار قولىنى جۆڭىدى، — سەن كەنت كادىرى ياكى مىنباڭ بولمىساڭ، ئارىلىشىدىغان نېمە يولۇڭ بار؟ ھارۋىكەشلىكىڭنى قىل.

— چاۋاركا، سىز قۇمتامغا قاچان ئۇندىڭىز، بۇ سىزگە

ئايان، لېكىن مەن مۇشۇ تەكلىماكان قۇملۇقىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، هاشىمكام كىم؟ سىز كىم؟ قۇمتاملىقتا بۇمۇ بەش قولدەك ئايان!

— سەن! — چاۋار ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — يوقال بۇ يەردىن!

— نېمە، سەن مەن بىلەن مۇشتلاشماقچىمۇ؟ — كامال ئورۇندۇقتى بىر تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ ئۇستەلگە دەسسىگەنچە ئالدىغا سەكرەپ چۈشتى، — ئەمىسە هويلىغا چىق، سېنىڭ كارامىتىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي... قۇمتامدىن يوقىلىدىغىنى سەنمۇ، مەنمۇ؟ تالا مۇشۇكنى قوغلىغاندەك تېخى، مېنى يوقال دەيسەنا، سەن هاشىمكامنى يوقىتىپ قۇمتامنى پۈتۈن يۇتماقچى!

ئىشخانا ئوتتۇرىسىدا خۇددى كۆشەندىسىگە پەنجە ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان يولۋاستەك هۆرپىيىپ تۇرغان كامالنىڭ قەهرى - غەزىپىدىن هەممىسى تۇنجۇقۇپ كېتىشتى. ئۆزىنىڭ ئىمتىياز كالتىكىنى نامايان قىلىش، هاشىمنىڭ هەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن كۆپچىلىك ئالدىدا ئۇنى باغلاپ ئېلىپ مېڭىشنى كۆڭلىگە پۈككەن نەسرۇللا دەرهاللا بۇ پەيلىدىن ياندى. ئۇ هاشىمنىڭ يىلتىزىنىڭ خېلىلا چوڭقۇرلىقىغا ئىشەندى. هېلىمۇ ئەقلىنى جوروپ، بۇ يىغىننى دېھقانلارغا ئوقتۇرمايلا ئاچقىنى! بولمىسا كامالدەك بۇرنى كۆپكەنلەر نەسرۇللانى قوغلاپ يۈرۈپ، كۆرۈكى يېشىلمىگەن كۆرۈك توخۇدەك رۇكۇلدىتىۋەتكۈدەك... شۇڭا ئۇ دىمىقىپ جىممىدە ئولتۇرۇۋالدى. «هاشىم كىم؟ سىز كىم؟» «تالا مۇشۇكى»، «قۇمتامنى پۈتۈن يۇتماقچى» دېگەن سۆزلەردىن هوشىنى يوقاتقان چاۋارمۇ يۈرىكى تارسىدە يېرىلىپ كەتكەندەك زوۋان سۈرەلمىدى. چۈنكى، كامال بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، هەممە ئۇنىڭغا بىردەك قارىغانىدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى

كامال ئاشكارىلاپ بەرگەنلىكى ئېنىقلا تۇرمامدۇ؟ تېخى نەسرۇللا چىغىدا «ئىچىگىدىكىنى تېپىۋالدى - ھە؟» دېگەندەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويغىنىنى نېمىسى؟! ھېلىقى بىر چاغلاردىكى خوتۇنى بىلەن قىزىنىڭ ئۆچىنى ئېلىۋاتامدۇ - يا، بۇ خۇمسى!

ھابىل، ئىمىن، مەتسېلىملەر كامالنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ئىشخانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن نەسرۇللا «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى - دە، «غالجىر يولۋاسنىڭ ئۆزىغۇ» دەپ قويدى. ئۇلارنى بۇ ئوسال ھالەتتىن مەتسىدىق قۇتقۇزۇۋالدى. ئۇ ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئىشخانىغا كىردى - دە، قولىدىكى تۇرتەكلەنگەن ئارغامچىنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلىدى:

— ساتتار كالىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى، بۇ كالىنىڭ بوينىدىكى ئارغامچا.

— بۇ ئارغامچىنى، — نەسرۇللا خۇپسەنلىك قىلدى، — نېمانداق بۇ يەرگە تاشلاپ قويىسەن؟

— ھاشىمكامنىڭ ئارغامچىسىنى مەن ئۆيگە ئېلىپ كەتسەم بولماس!

ئوشۇقى «ئالچۇ» چۈشكەن قىمارۋازدەك خۇش بولۇپ كەتكەن نەسرۇللا باشقىدىنلا جانلىنىپ «ئەمدى نېمە دەيسەن؟» دېگەندەك ھاشىمغا مەسخىرە بىلەن قارىدى.

خاس خادىم نەسرۇللا ھاشىمنى ئات ئالدىغا سېلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئېلىپ كەتتى. ھاشىم يېزىلىق ھۆكۈمەت قوغداش بۆلۈمىنىڭ يەرلىك گۇندىخانىسىدا ئىككى ئايدىن ئارتۇق سولاندى. سوئال - سوراق بىرەر ئايغىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ، ھاشىم ھېچنېمىگە ئىقرار بولمىدى ھەم نەسرۇللا باش قاتۇرۇپ يازغان، كىرىم مۇدىر تۈزەتكەن ماتېرىيالغا قول قويغىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار ناھىيىلىك «ساقچى ئىدارىسى»، «ئىنتىزام تەكشۈرۈش»، «دائىمىي كومىتېت» ھەتتا ھاكىم، شۇجىلارغىمۇ

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

ھاشىمنىڭ ئوغرىلىق دىپلوسىنى بىر نۇسخىدىن ئەۋەتكەن بولسىمۇ تەستىقلانمىدى ياكى قايتۇرۇۋېتىلدى. تاقىتى تاق بولغان كېرىم تېلېفون ئارقىلىق سۈرلەشكەنىدى، ئابلىز ھاكىم ئاچچىقلاپ قالدى. دېمىسىمۇ يوللىغان يازما، ئېغىز ئىقرارلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىغا ھاشىم قول قويمىغانىدى. پەقەت ئاساسلىق خۇلاسە ماتېرىيالىغا قول قويۇلغان بولسىمۇ، يەر ئىسلاھاتىدا بىر يىلدەك بىللە ئىشلىگەن ۋاڭ يۈڭ: «ئوخشىتىپ ياسالغان ئىمزا، ھاشىمنىڭ ئىمزاسى ماڭا مۆھۈردەك ئايان!» دېگەن بىر ئېغىز گېپى بىلەن رەت قىلىنىۋەتتى. ئابلىز ھاكىم ھاشىمغا يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىچىدە «ئاگاھلاندۇرۇش»، «چوڭ گۇناھ يېزىش» ياكى «ۋاقىتىنچە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىش» دېگەندەك چارىلەردىن بىرىنى قوللىنىپ تۇرساڭلار، دەپ ئۇقتۇردى. ھېچ ئامالى قالمىغان كېرىم ھاشىمنى يېزىلىق پارتكوم تەرىپىدىن مەمۇرىي ۋە سىياسىي جازا بېرىپ، ئادەتتىكى دېھقان سالاھىيىتى بىلەن قويۇۋەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭسىزمۇ كېرىم ھاشىمنىڭ ناھىيە ئىچىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىن چۆچۈپ قالغانىدى. ئۇ بىر كۈنى ھاشىمنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ سىلىق - سىپايىلىك بىلەن سۆھبەتلەشتى:

— يېزىلىق ھۆكۈمەت قوغداش بۆلۈمىنىڭ، — كېرىم ھاشىمنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن كۆكۈچ ئاق چاچ، ساقاللىرىغا قاراپ قويدى، — ئېنىقلاش مېھمانخانىسىدا ئەللىك كۈندەك ياتتىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ئەللىك كۈن ئەمەس، — ھاشىممۇ مەسخىرە قىلغاندەك پىخىلدە كۈلۈپ قويۇشى، كېرىمنىڭ نەلىرىدۇر سىرقىراپ كەتتى، — ئاتمىش ئۈچ كۈن يەرلىك تۈرمىڭىزدە ياتتىم...

— نېمە دېسىڭىز دەڭ، ھەر ھالدا يۇقىرىدا سىزنى قوللايدىغانلار خېلىلا كۆپكەن، — دېدى كېرىم تونجۇققاندەك

بولۇپ، — بىرى «تۇنجى يەر ئىسلاھاتى كادىرى، دېسە، يەنە بىرى «قۇمتام قۇملۇقىدا تۇنجى بىخلانغان پارتىيە ئۇرۇقى» دېيىشىپ جىنايىتىڭىزمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىدى. بولۇپمۇ ناھىيىلىك كومىتېت ئىچىدىكى ۋاڭ يوك دېگەن بىر ۋېيىيۈەن چىڭ تۇرۇۋالدى.

— ئاڭلىدىم.

— نېمە؟ كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— ئادەملىرىڭىز ئىچىدە سىزگە ئوخشىمايدىغانلارمۇ باركەن...

— قالتىس كەنسىز... مېنىڭ ئادەملىرىم ئىچىدىمۇ تەسىرىڭىز بار ئىكەن ـ دە؟

— ھەممىلا ئادەم سىزنىڭ قارىشىڭىزدا قايناۋەرمەيدۇ ـ دە! سىزنىڭچە بولغاندا بىر نەچچە يىل تۈرمىدە ياتسام بولاتتى، — ھاشىم تەئەددى بىلەن كۈلدى، — ئەپسۇس، نىيىتى يامانىنىڭ قارىنى تۆشۈك دېگەندەك يۇقىرىغا يوللىغان قارا ماتېرىياللىرىڭىزنىڭ ھەممىسى پۇچەك پۇلغا يارىمىدى.

كېرىمنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، غەزىپىنى ئارانلا بېسىۋالدى. چۈنكى ئۇ چالۋاقىغاندا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ رەسۋا بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئىچىدىكى زەھەرنى چىقىرىۋالدى:

— شۇجىلىقتىن قالدۇرۇش، پارتىيىدىن چىقىرىش، دېگەن جازالار يېنىك بولمىسا كېرەك.

— ۋاقتى كەلگەندە بۇ جازالار توزغاقتەك توزۇپ كېتىدۇ! بۇنىڭغا داپ چالغانلارنىڭمۇ ھالىغا ۋاي...

— بەكمۇ ئۈمىدۋاركەنسىز.

— ئۈمىدسىزگە ھايات زىندان دېگەن گەپ بار. سىز ئۈمىدلىك ياشاشتىن مەھرۇم بولغان ئادەمسىز، ئۆمرىڭىز دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتىدۇ...

— پاھا! ئەۋلىيادەك گەپ قىلىسىزغۇ، گەپلىرىڭىز روشەنرەك بولسۇن.

— ئەگەر سىز يامانلارغا يانتاياق بولىدىكەنسىز، ھېچنېمىدىن ئۈمىد كۈتمەڭ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟

— «يامانلارغا يانتاياق» دېگىنىمنى راستىلا چۈشىنەلمىدىڭىزما؟ — ھاشىم ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى، — چاۋارغا خىيانەت يوللىرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن قانچىلىك ھەرەج تارتمىدىڭىز؟ چاۋارنى قۇمتامغا ئۇندۇرگەنمۇ سىز، كامالدىن ئامبارچىلىقنى تارتىۋېلىپ، چاۋارغا ئاشلىق ھوقۇقىنى بەرگەنمۇ سىز... بۇلاردىن ھەرگىز تېنىۋالالمايسىز... ئاڭلىسام، شەھەرگە يۆتكىلىپ كېتىدىكەنسىز، نەگىلا كەتمەڭ، چاۋاردەك قۇيرۇقىڭىز بار ئىكەن، ئاخىر شۇنىڭ قولىدا تۈگىشىسىز!

ھاشىمنىڭ سۆزلىرى بىر - بىردىن ئىتتىك خەنجەردەك كېرىمنىڭ ئىچ - باغرىنى تىلىۋەتتى. بولۇپمۇ ئاخىرقى بىر نەچچە كەلىمە يالىڭاچ بېشارىتى ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. كېرىم راستتىنلا ئابدۇش جودانىڭ قولىدا زاۋاللىققا يۈز تۇتارمۇ؟ ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. چاۋار «مەئىشەت» خەزىنىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تۇسالغۇ بولغانلارغا ئورا كولاۋەرسە، ئاخىر بېرىپ ئاشۇ ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر يىپقا باغلانغان كېرىممۇ ئورىغا چۈشمەي ئىلاجى يوق! بۇ گومىنداڭنىڭ جاللىتى، قاچقۇن قاتىل ئىنامىغا پاتماي يەنە قانچىلىك ئاۋارىچىلىكلەرنى تۇغدۇرار! يامانلىق قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەملەر يامانلىق قىلمىسا ياشىيالمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ كېرىم قاچانغىچە قوتۇر ئېشەكنىڭ چۆلۈۋۈرىغا باغلىنىپ قالغان تۆگىدەك، بۇ ئەبلەخنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ يۈرەر! ھاشىم ئېيتقاندەك، ھېلىتىنلا دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغان كېرىم يۈرىكى ئەنسىز سالغان ھالدا، مۇلايىملىق بىلەن ھاشىمغا

قارىدى:

— سىزنى ئادەملىرىم ئۇلاغ بىلەن قۇمتامغا ئاپىرىپ قويسۇن.

— ھەممىتىڭىزگە رەھمەت، — ھاشىم كۆلۈپ ئورنىدىن تۇردى، — سىزنىڭ ئۇلاغلىرىڭىزدا بەگدەك ئولتۇرۇپ بارسام، قۇمتاملىقلار مېنى سىزگە ئوخشىتىپ قالار!...

ھاشىم چىن مەنىسى بىلەن، كېرىم ياسالمىلىق، خۇدۈكسىرەش ھەم ئەنسىزلىك ئىچىدە بىر - بىرىگە قاراپ كۆلۈمسىرەشتى. لېكىن، بۇ مەغلۇبىيەتتىن خەۋىرى بولمىغان چاۋار ئاشلىق ئامبار ئىشخانىسىدا قانداقتۇر بىر ئاھاڭنى غىڭشىپ، ھەربىر دېھقان ئائىلىسىدىن ھەر ئايدا قايرىۋالغان ئاشلىقنى جەملەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھاشىمنى ئېلىپ كەتكەن ئىككى ئايدىن بېرى تەنلىرى يايراپ، خۇش پېئىل، خۇشناۋا بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى. لېكىن، كامالنىڭ يىغىندا دېگەنلىرى جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكىمۇ، ئۇنىڭدىن قانداق ئۆچ ئېلىشنى ئويلاپ، بىرەر ئامال - چارە تاپالماي يۈرەتتى. ئۇ كامالغا ئاسانلىقچە چېقىلغىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. چۈنكى، ئۇ داۋاملىق شەھەرگە ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، قۇرۇق يەل - يېمىش، گىلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى يۆتكەش جەريانىدا نۇرغۇن ئىدارە، ئورگان، زاۋۇتلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن بۇرادەرلىك كەمىرى باغلىغانىدى. بولۇپمۇ سودا ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى، ناھىيىلىك كومىتېت ۋېيىيۈەنى ۋاڭ دېگەن خەنزۇنىڭ قولى ئۇزۇندەك قىلاتتى. ئەگەر كامال ئۇنىڭغا دادلاپ سالسا، چاۋارنى تەكشۈرگىلى ئادەم ئەۋەتىشتىن يانمايتتى. شۇڭا يەنىلا قۇيرۇقىنى يىغىشتۇرۇپ بىر مەزگىل سەۋر قىلىش كېرەك. ھەدىستىمۇ «ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» دېگەن ئايەت بار ئەمەسمۇ.

ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىۋاتقان چاۋار مەتسىدىقنىڭ

ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالدىدىكى ھېسابات دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇردى. ئاڭغىچە مەتسىدىق كىرىپ كەلدى.

— چاۋاركا، تېلېفون، يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى كېرىم شاڭجاڭدىن كەپتۇ.

چاۋار كەنت ئىشخانىسىغا كىرىپ تېلېفوننى قولىقىغا تۇتتى. تۇرۇپكىدىن كەلگەن قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز گېزىت كۆرۈۋاتقان ئىگەمبەردىگىمۇ ئاڭلاندى.

— ھەي، ئابدۇشمۇسەن؟

ئىگەمبەردىنىڭ ھەيران بولۇپ قارىشىدىن خۇدۇكسىرەپ قالغان چاۋار ئۇنىڭغا غىل ـ پال قارىغىنىچە بوشقىنا «ھە، مەن چاۋار» دەپ قويدى. ئەمما، تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن كېلىۋاتقان غەزەپلىك ئاۋاز پەسلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى:

— ئاڭلاپ قوي، ھاشىم كەنتكە قايتىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشكۈچى بولما، ئۇ سېنىڭ ئوينىغان ئويۇنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىكەن. «چاۋارنى قۇمتامغا ئۇندۇرگەنمۇ سەن»، «ئۇنىڭغا خىيانەت يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەنمۇ سەن»، «كامالدىن ئاشلىق ئامبىرىنى تارتىۋېلىپ، ئاشلىق ھوقۇقىنى تۇتقۇزغانمۇسەن»، «چاۋاردەك قۇيرۇقۇڭ بار ئىكەن، ھامان شۇنىڭ قولىدا تۇگىشىسەن» دېگەندەك ھاڭگا ئىشەكنى تۇغدۇرۇۋەتكۇدەك ئاچچىق، قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلدى. ئۇنى جازالاش ئۇچۇن ئىككى قېتىم يوللىغان ماتېرىيال ئۆزۈمگە ياندى. ھاشىمنى ناھىيە رەھبەرلىرى قوللايدىكەن. بولۇپمۇ ۋاڭ دېگەن بىر خەنزۇ «ياسالما ئىمزا!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئەمدى كۆتۈڭنى قىس، بولمىسا مېزىمىزنى چۇۋۇۋەتكۇدەك!

تېلېفوندىكى گەپ ئۈزۈلۈپ «تاراق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغان بولسىمۇ، چاۋار تۇرۇپكىنى يەنىلا قولىقىغا تۇتۇپ تۇراتتى. ھەممە گەپلەرنى ئاشكارا ئاڭلىغان ئىگەمبەردى كېرىمنىڭمۇ ئامالسىزلىق ئىچىدە دەرغەزەپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى...

... ھاشىمنىڭ قەستكە ئۇچراش جەريانىنى سۆزلەپ تۈگەتكەن ئىگەمبەردى بىر ھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن: «ئۇھ، يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان تاغنى ئۆرۈۋەتكەندەك يېنىكلا بولۇپ قالدىم» دەپ قويدى.

— مەتسىدىق ھاشىمكامنىڭ ئايىغىنى كىيىپ، كالىنى ساتتارغا بەرگەندىن كېيىن، — دېدى جەۋلان سەل ھەيران بولۇپ، — ئەجەبا كالىنى قايتۇرۇپ كەپتۇ، ساتتارنى نېمىشقا تۇتالمىدى؟

— قۇملۇق ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان مىنىبىڭلار بار. ئۇلار يوپياڭ كۆتۈرۈپ قوغلىغان بولىدۇ. لېكىن، كالىنى تاشلاپ قاچقان ساتتارنى قوغلىمايدۇ. ئۇ قۇمتامدىن مەڭگۈ يوقىلىدۇ. نەسرۇللا: «ھاشىم ئەترەتنىڭ كالىسىنى ئوغرىلاپ ئوغلىغا يەتكۈزۈپ بەردى» دېگەن ماتېرىيالنى قاتۇرۇپ يازالايدۇ.

— ھاشىمكام كېيىن ئەرز قىلمىدىمۇ؟

ھاشىم ئۈچ يىلدىن بېرى بىرەر يەرگىمۇ دادلاپ بېرىپ باقمىدى. ئەرز قىلغىنى بىلەن چۈشەندۈرۈپمۇ چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيدىغان مۇرەككەپ، سىرلىق ئامىللار بار ئىدى. ساندۇقتىكى ئاياغ قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ پۇتىغا چىقىپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن ھاشىمنىڭ ئۆيىدىكى ئارغامچا ئوغرىلانغان كالىنىڭ بوينىغا باغلانغان؟ ئاياغ ئىزى نېمە سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن باشلىنىپ، يەنە شۇ يەرگە قايتىپ كەلدى؟ كالا يوقى ئاياغ ئۆزىنىڭ ئۆگزىسىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ يات بىراۋلار ساتتارغا كالا ئوغرىلاپ ئاپىرىپ بېرەرمۇ؟ دېگەندەك سوئاللارغا باشقىلارنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە! ھاشىم بۇلارغا پاكىت كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. تېخى ئۇنىڭ خوتۇنى جەننەتخان ئېرىدىن قورقۇپ: «ساتتار بالام نەچچە ئايلاردىن بېرى ئۆيىمىزگە ئاياغ باسمىدى» دېگەچكە، ساندۇقتىكى ئاياغنى ھاشىم ئۆزى ئالغان بولىدۇ - ھە! مانا بۇنىڭ

ھەممىسى چاۋارنىڭ قىسرىق چىقمىغۇدەك قۇراشتۇرۇپ چىققان ئويۇنلىرى ئىدى!

— پاھ! — دېدى جەۋلان سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ، — چاۋار مەن دېھقانلاردىن ئاڭلىغاندىنمۇ بەتتەر ھىيلە - مىكرى كۆپ ئالۋاستىكەن.

— ھازىر بۇ ئالۋاستىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن پۈت تېپىشقۇدەك مادارى قالمىدى.

— قانداق دەيلا؟

— ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەپسۇن ئوقۇپ بېرىدىغان كېرىم، نەسرۇللادەك جادۇگەرلەرنىڭ سېھىرىي - كارامەتلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتىلە.

ئىگەمبەردىنى ئېغىز ئاچۇرالىغان جەۋلان ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاچچىق قاپلىۋالدى. ئۇ ئىچىدە: «ئىبلىسلارنىڭ زەھەرلىك ئويۇنلىرى» دېگەن سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلاپ ئىشخانىغا قايتىپ كەلگەندە، چاۋار، ھابىلنىڭ ئانىسى قونىخانلار بىلەن سۆھبەتلەشكىلى كەتكەنلەرمۇ يىغىلىپ بولغانىدى. ئۇلار جەۋلاننىڭ قىزىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ قاراشتى. ئۇ ھاشىم، كامال، زۇلال، مەتنىياز، كېرىمۇللا، يار بەختى، ئايشەم، كامالەتلەرنىڭ دوكلاتىنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، خاتىرىسىنى ئاچتى. جەۋلان ھەممىگە ئېغىر نەزەردە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزنى باشلىدى:

— مەن ھازىر ھاشىمكامنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىبلىسلارنىڭ ئوينىغان رەزىل ئويۇنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن! چاۋار بىر قوللۇق پىلانلاپ چىققان بۇ ئويۇنلارنىڭ ئىجراچىلىرى چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىق، روزى كاتاڭ، ساتتار، ھابىل، ئىمىن، نەسرۇللا قاتارلىقلار!...

جەۋلان ھاشىمنىڭ قەستكە ئۇچراش جەريانلىرىنى ئوقۇش

بىلەن ئىشخانا ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتتى. ئۇ بىردە ئوقۇپ، بىردە چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ مۇرەككەپ ھەرىكەت باغلىنىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانسېرى ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى غەزەپتىن مۇشتۇملىرىنى تۈگسە، بەزىلىرى جىددىيلىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇپ، بارماق ئۇگىلىرىنى چىشلەيتتى. ۋارقىرىۋېتىشتىن قورققاندەك ئاغزىلىرىنى چىڭ تۇتۇۋالغانلارمۇ بار ئىدى. ئەمما، تىزلىرىغا جەينەكلىرىنى قويۇپ ئېڭىشىپ ئولتۇرغان ھاشىمنىڭ ئاياغ ئاستىغا تاراملاپ ياشلار تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— مەن بۇگۈنلا ھاشىمكامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە دوكلات يېزىپ چىقاي، — دېدى جەۋلان جىددىي قىياپەتتە، — ھەممىمىز قول قويۇپ بولغاندىن كېيىن يېزىلىق پارتكومغا يوللايلى.

ھەممە بىردەك ۋارقىراشتى:

— شۇنداق قىلايلى!

— بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي بولمايدۇ!

— قاراڭلار، بۇ قارا نىيەتلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ئويۇنلىرىنى.

— يولداشلار! — زۇلال قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — ئىگەمبەردىنىڭ ئامانلىقى ھەم چاۋارنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، جەۋلاننىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىنى قەتئىي مەخپىي تۇتايلى. كىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتسە، كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە شۇ ئادەم جاۋابكار بولىدۇ.

ئىشخانىدىكى شاۋ - شۇۋلار بېسىقىپ ھەممە بىردىنلا جىمىپ قېلىشتى.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# كولىغان ئورىسغا ئۆزى چۈشكەنلەر

سەھەر بامدات نامىزىدىن تا كۈن تىك كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر جەينامازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلگەن سۈرىلەرنى يېنىش – يېنىشلاپ ئوقۇپ ھەم تىلەك تىلەۋاتقان چاۋار خۇداغا يىلىنماقتا ئىدى. ياشلىقىدا ئادەمنىڭ جېنىنى قىيىش بىرەر ھاشاراتنى ئۆلتۈرگەنچىلىكمۇ بىلىنمەيدىغان، ھېلىمۇ ئادەم قېنى بىلەن ئىككى قولى قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن بۇ جاللاتنىڭ تىلەكلىرىنى خۇدايىم مەقبۇل ئېتەرمۇ؟ ناتايىن! شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىدىكىنىڭ ھەممىسىنى جەينامازغا تۆكۈپ، جېنىنىڭ ئامانلىقىنى، كۈشەندىلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ ياش تۆكۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ تىلىگەن تىلەكلىرىنىڭ ئىچىدە، بىرەر پالاكەت، قازايۇ قەدەر، ھەتتا ئەجەل تىلەۋاتقىنى جەۋلان ئىدى! بۇ ھارامىلىق قۇمتامغا پەيدا بولغان كۈنلەردىن باشلاپلا، چاۋارنىڭ ئاسايىشلىق كۈنلىرى يوقالدى. كۈندە تەشۋىش، كۈندە غەم دېگەندەك ئۆتتى. يىغقان – تۆككەن بايلىقىنى سورۇۋەتتى. شۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، ھازىرغىچە «شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى مەتسىدىق يالغۇز خىيانەت قىلمىغان» دەپ پەيلىدىن يانماي تۇرىدۇ. ئۇ تۆكباش چاۋارنى يەر چىشلەتمىگۈچە ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ. تۇۋا، شەھەر تەرەپمۇ ئەجەب جىمىپ كەتتا. «مەتسىدىقنى بېسىم، زورلار، قورقۇتۇش ئارقىلىق ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلىغان» دېگەن جەۋلاننىڭ يەككە ماتېرىيالىنى نەسرۇللا





شەھەرگە يوللاپ بەرگىنىگىمۇ ئون كۈندىن ئاشتى. ھازىرغىچە بىرەر تىۋىشى يوقمۇ؟ ساقچى ئىدارىسى دېلولارنى ئەلۋەتتە نۆۋەت بىلەن بېجىرىدۇ. ئەمما، ئۆلۈم ۋەقەلىرىگە جىددىي مۇئامىلە قىلالامتىغۇ؟ كېرىم مۇدىرمۇ سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوقاپ كەتتى. مەتسىدىق بىلەن ھابىلىنىڭ ئىغىزى جىمىقتى دەپ خۇشال بولغان چاۋار ئەمدىلىكتە ئىگەمبەردىدىن تەشۋىشكە چۈشكەن ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئىغىزى ئېچىلسا، چاۋارنىڭ تۈگەشكىنى شۇ! ئەڭ قورقۇنچلۇقى، مەتسىدىق بىلەن ھابىلىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈپ قالغانلىقى چاۋار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن بېشارەت بولماي نېمە؟! ئەگەر ئىگەمبەردىمۇ بېسىم، زورلاش، تەھدىت سىلىشقا چىدىماي بىر كېچىدىلا ئىسىلىپ ئۆلۈۋالسا، جەۋلانغا ئىككى ئادەمنىڭ خۇنى ئارتىلىپ بارار جايىنى تاپقان بولاتتى!

چاۋار تېخى ئىككى كۈن بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئەسكە ئالدى. ھېلىقى مەرگىمۇش، مېھمانغا چاقىرىش، ئىگەمبەردىنىڭ ئارغامچىسى دېگەنلەر كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن، ئەڭ مۇۋاپىق ياردەمچى ئىمىن تازىنى دەرھال تېپىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئاندىن نەسرۇللانىڭ ساقچى ئىدارىسىگە يوللىغان ماتېرىيالىنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشىنى خۇدادىن تىلەپ ئورنىدىن تۇردى.

چاۋارنىڭ تىلەكلىرىنى خۇدا مەقبۇل كۆردىمۇ ياكى كېرىمنىڭ چۈشلىرىگە ئايال بولغانمۇ، ئىشقىلىپ كېرىم مۇدىرنىڭ ئىدارە ئىچىدىكى ئۆيىنىڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسىدا ساقچى باشلىقى ئابباس ئولتۇراتتى. ئۈستەل ئۈستىدە نازۇنېمەتلەر خېلىلا مول ئىدى. «ئېلىڭ، بېقىڭ، لايىقىڭىزدا بولمىسىمۇ» دېگەندەك تەكەللۇپلار بولۇنۇۋاتاتتى. بىر پارچە قوۋۇرغا گۆشنى ئابباسقا تەڭلىگەن كېرىم كۈچۈكلەنگەن ھالدا ئېغىز ئاچتى:

— ئابباس جۇيجاڭ، سىزنى ئاۋارە قىلىپ چاقىرىپ كەلگەننگە

تۇشلۇق چوڭ ئىشمۇ يوق، ــ كېرىمنىڭ چىرايى خۇشامەتتىن پۇرۇشۇپ كەتتى، ــ ماڭا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزاسى جەۋلان ھەققىدە بىر ماتېرىيال كەلگەن، سىلەرنىڭ ساقچى ئىدارىسىگىمۇ كەلدىمۇ؟ شۇنى ئۇقاي دېگەنىدىم.

ــ كەلدى، ئۆزۈم كۆرۈپ چىقتىم، ــ دېدى ئابباس گۇمانىي نەزەردە قاراپ، ــ ئۇنى ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل خاس خادىم نەسرۇللا ئەۋەتىپتۇ.

ــ سىزچە قانداق؟

ــ يېزىلغان پاكىتلارغا قارىغاندا، بېسىم، تەھدىتكە چىدىماي، قورقۇپ ئۆلۈۋالغاندەك تۇرىدۇ.

ــ ئۇنداقتا جەۋلانغا بىرەر مەسئۇلىيەت كېلەمدۇ ـ يوق؟

ــ ئەلۋەتتە، ــ ئاباس قوللىرىنى سۇرتتى، ــ دۆلەت كادىرى بولسا، مەمۇرىي ۋە ئىنتىزام جازاسى بېرىلىدۇ. ئەگەر راستىنلا ئىشلەتكەن ئۇسۇللىرى قەبىھ بولسا، قانۇنىي جارىمۇ كۆرۈلىدۇ.

ــ ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى مەنمۇ كۆردۈم، شۇنداقتىمۇ تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلەشتىم. جەۋلاننىڭ ھەققەتەن خورىكى ئۇستۇن نېمىكەن. ساقچى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنى كۆزىگە ئىلمىمۇ قويمايدىكەن.

ئاببىاس جۇيجاڭ ئويلىنىپ قالدى. كېرىم قانۇن ئورۇنلىرىدا ئىشلىمىسە، ئۇنىڭغا بۇنداق جىنايى ئىشلارغا ئائىت ماتېرىيالنىڭ كېلىشى ھەركىمنى ئويغا سالاتتى.

ــ ئەجەبا، ــ دېدى ئاببىاس ساقچىلىق سالاھىيىتى بىلەن، ــ سىز ساقچى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىدە ئىشلىمىسىڭىز، ئۇ ماتېرىيال قانداق بولۇپ...

ــ ھە، بۇ... بۇ، مۇنداق ئىشتى، ــ كېرىم دەمال جاۋاب بېرەلمىدى، ــ بۇرۇن مەن ئىنتىزام تەكشۈرۈشتە ئىشلىگەچكە، ئۇلار مېنىڭ يۆتكىلىپ كەتكىنىمنى بىلمەي ئەۋەتكەن چېغى.





ئابباس قىزىرىپ كەتكەن كېرىمنىڭ چىرايىغا قاراپ، كۆڭلىگە «پارا يېگەنمۇ يا» دېگەن گۇمان چۈشتى بولغاي، ئەمدىلا گەپ قىلىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرۇشى ئىشىك چېكىلىپ ئۆي خىزمەتچىسى بولسا كېرەك، ياشقىنا بىر چوكان بوسۇغىدا تۇرۇپلا:

— كېرىم مۇدىر، سىزگە نەسرۇللا دېگەن بىر ئادەمدىن تېلېفون كەلدى، — دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

— بولىدۇ، مەن ھازىرلا چىقاي، — كېرىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئابباسقا قارىدى، — ئابباس جۈيجاڭ كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، چىقىپلا كىرەي.

— بولىدۇ، چىقىڭ.

نەسرۇللانىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ئابباسنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ «بۇ دېلودىن ئالدىراپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كېلىشى بىلەن مەۋھۇم خىياللار ئۇنى ئورىۋالدى. ئۇ ئارقىسىدىكى ئەينەك ئىشكاپ ئىچىدە تۇرغان ئالبومنى ئېلىپ مەقسەتسىزلا ۋاراقلىدى. ئۇنىڭغا ھەرخىل شەكىلدىكى چوڭ - كىچىك رەسىملەر چاپلانغانىدى. ئابباس تۇرغۇن كىشىلەر ئوپچە چۈشكەن رەسىم ئۈستىدىكى «قۇمچاقار يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىللىق خۇلاسە يىغىنىدىن خاتىرە» دېگەن خەتكە قارىدى. رەسىمدە ئەللىكتەك ئادەم بىر نەچچە قاتار تىزىلغان بولۇپ، ئەڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقلاردا ناھىيە رەھبەرلىرىدىن لى چاڭمىن شۇجى، ئابلىز ھاكىم قاتارلىقلار، يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرىدىن كېرىم، نەسرۇللا، ئوبۇلھەسەنلەر ئولتۇراتتى. ئابباس بىردىنلا ئادەملەر ئارىسىدىكى يوغانباش، سېمىز يۈزلۈك، ئۆڭى قارا، تەمبەل گەۋدىسى ھەممىدىن ئېگىز تۇرغان بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ قارىماققا تونۇشتەكلا قىلاتتى. لېكىن، يۈزى بەك كىچىك بولغاچقا، چىرايىنى ئانچە تونۇغىلى

بولمىدى. ئابباس ئالبومنى ۋاراقلاپ ئالىقاندەك چوڭلۇقتىكى رەسىمگە قادىلىپ قالدى. ئۇنىڭدا چاۋار، ئىگەمبەردى، ھاشىم، مەتسىدىق، نەسرۇللا قاتارلىق بەش ئادەم كىرىم مۇدىرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چۈشكەنىدى. ئابباس چاۋارغا قاراپلا، ئۇپچى رەسىمدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ سىنچىلاپ قارىغانسېرى بۇ چىراي تونۇشتەكلا قىلاتتى. توغرا، ئۇن يىللار ئىلگىرى تۈرمە ئارخىپ بۆلۈمىدىن ئېلىپ كەلگەن رەسىمدىكى ئادەمگە بەك ئوخشايتتى. ئابباسنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى. «بۇ يەر ئىسلاھاتى كادىرى سىدىقۇللانى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن ئابدۇش جودا بولۇپ قالمىسۇن، يەنە» دېگەن گۇمان ئابباسنى دەلىللەشتۇردى. ئۇ رەسىمنى ئالدىراپ سۇغۇرۇپ ئالدى ــ دە، قويۇن يانچۇقىغا سالدى...

ئابباس كىرىمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپلا ساقچى ئىدارىسىگە باردى. ئۇ ئارخىپ باشقۇرۇش خادىمى ئارقىلىق، ئابدۇش جودانىڭ ئارخىپىنى ئالدۇرۇپ، رەسىمنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەنىدى، ئوخشاش چىقتى. ئۇ شۇ كۈنىلا كەچ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، لاتا پىكاپ بىلەن تۈرمىگە باردى. ئابباس مۇناسىۋەتلىك باشلىقلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن تۈرمە ئىشخانىسىدا چاي ئىچكەچ بىردەم ئولتۇردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بىر تۈرمە ساقچىسى چېكىلىرىدە ئاق چاچلار پەيدا بولۇشقا ئۈلگۈرگەن زىبادىگۇلنى يالاپ ئېلىپ كىردى. تۈرمە ساقچىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابباس زىبادىگۇلنىڭ ياداڭغۇ چىرايىغا، ئولتۇرۇشقان چوڭ كۆزلىرىگە قاراپ گەپ باشلىدى:

— زىبادىگۇل، بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— تۈرمىگە كىرگەنگە 10 يىل بولدى. 9 ـ ئاي كەلسە 38 ياشنى تۈگىتىمەن.

— ئەسلىدە ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىككى يىل





كىچىكتۇرۇپ ئىجرا قىلىش بەلگىلەنگەن. سىنىڭ ئىپادەڭ ياخشى بولغاچقا، بىرىنچى قېتىم مۇددەتسىزگە چۈشتى. ئىككىنچى قېتىملىق باھالاشتا مۇددەتلىك 18 يىلغا ئۆزگەردى. بۇ قېتىم يەنە خىزمەت كۆرسەتسەڭ جازا مۇددىتىڭ يەنە قىسقىراشقا پايدىسى بار.

— قېنى دېسىلە باشلىق، قانداق تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟

ئابباس پوپكىسىدىن كېرىم مۇدىرنىڭ بەش كىشى بىلەن چۈشكەن سۈرىتىنى ئېلىپ زىبادىگۈلگە بەردى.

— مۇشۇ ئالتە ئادەمنىڭ ئىچىدە ساڭا تونۇشلۇق ئادەملەر بارمىكەن؟

— تونۇيدىغانلىرىمدىن ئىككىسى باركەن. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان مۇنۇ ئادەم، — زىبادىگۈل كېرىمنى كۆرسەتتى، — مېنى ئالىمەن، دەپ قىزلىق ئىپپەت - نومۇسۇمنى بۇلىغان كېرىم ئابدۇممەت. ئۇ مەن تۈرمىگە كىرىپ كەتكۈچە مېنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ كەلگەن.

— ئىككىنچىسى كىمۇ؟

— مانا بۇ كۆتەكتەك يوغان ئادەم ئابدۇش جودا. ئۇ ئانىسى، سىڭلىسى ۋە مەن ئۈچۈن يەر ئىسلاھاتى كادىرى سىدىقۇللانى ئۆلتۈرگەن قاتىل. بۇ ئىككى مەرەزنىڭ بىللە بولۇپ قېلىشىنى ئويلىماپتىمەن.

— ئۇ ئىككىسى بۇرۇن تونۇشامتى؟

— بىر كەنتلىك بولغىنى بىلەن بېرىش - كېلىشى يوق ئىدى. لېكىن، كېرىم «زىبادىگۈلنىڭ ھاجىتىنى ئورۇنداپ بەر» دەپ ئابدۇشقا ئوتتۇز سوم بېرىپتىكەن.

— قاتىللىق ئۈچۈنمۇ؟

— شۇنداق. شۇڭا كېرىم ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ھازىرغىچە يوشۇرۇپ كەلگەنلىكى ئېنىقلا تۇرمامدۇ؟

— سەن بۇرۇن كېرىم توغرۇلۇق دېمىگەن ئىدىڭغۇ؟

— مەن ئۇنى دۆلەت كادىرى بولغاندىن كېيىن مېنى قۇتقۇزۇۋالار، دېگەن خام تەمەدە بولغان، — دېدى زىبادىگۈل يوشۇرمايلا، — چۈنكى ئۇ ئىككى يىلغىچە ئادەم كىرگۈزۈپ، مېنى ئاش - ئوزۇق، كىيىم - كېچەك، پۇل - پۈچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى ھەم «چىداپ تۇرغىن، ئاغزىڭنى چىڭ تۇت، سېنى ئاچىقىۋالىمەن» دېگەن خەتمۇ كىرگۈزدى. كېيىن ئۇ مېنى بارا - بارا تاشلىۋەتتى. قايتا پاش قىلاي دېسەم، ماڭا كېسىم كېسىلىپ ئۆزگەرتىش مەيدانىغا كېتىپ بولغاندىم. ھازىر ئويلىسام، بۇ قارا نىيەت: «زىبادىگۈل ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلىدۇ، شۇ چاغقىچە ئاغزىنى ئاچۇرماي» دەپ ئالداپ كەپتىكەن.

ئابباس يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن زىبادىگۈلگە قول قويدۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. لاتا پىكاپ چۆل يولىدا جالاقلاپ يولغا چىقتى. بۇ يوللارنى «تاشيول» دېگەندىن كۆرە «تاش تاشلىغان يول» دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئەمما تاشلارنىڭ شاراقلاپ تەرەپ - تەرەپكە چاچرىشى، تارسىلداپ ماشىنا ئەينەكلىرىگە تېگىشى، ماشىنىنىڭ ئېگىز - پەس سەكرىشى ئابباسنىڭ ئاچچىق خىياللىرىغا توسالغۇ بولالمىدى. ئۆلكە ئازاد بولۇپ ھازىرغىچە قاتىل ئابدۇش، ئامانلىق قوغداش كادىرى خاس خادىم نەسرۇللا، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىدا رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ كېلىۋاتقان كېرىملەرنىڭ شۇنچە چوڭقۇر يوشۇرۇنغانلىقىغا ئەقىل يەتمەيتتى. ئەگەر بۇ قېتىمقى مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمى يۈز بەرمىگەن بولسا، ئۇلار يەنە قاچانغىچە ئاشكارىلانماي ئۆتۈپ كېتەرىدى؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا «چاۋار» تونىنى كىيىۋالغان ئابدۇش مەتسىدىقنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىگە تەھدىت بولۇۋاتقان جەۋلاننى يوقاتماقچى بولغان. پالتىنىڭ ئوق يىلتىزىغا قادالغانلىقىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن نەسرۇللا، كېرىم ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن




ئابدۇشنى جىنىنىڭ بارچە قوغدىغان ھەم قانات ئاستىغا ئالغان... لېكىن، جەۋلانغا قۇرغان تۇزاققا ئۆزلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى ھەرگىز ئويلىمىغان.

ئابباس ئەتىسى ئەتىگەندە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى چاڭمىن، ئابلىز ھاكىملارغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ناھىيىلىك كومىتېت ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئابباس جىددىيلىشىپ قالغان مۇشۇ پەيتتە، ئىمىن تازىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان چاۋارمۇ قاتتىق ئىزتىراپ ئىچىدە جىددىيلىشىپ تۈگمەن بېشىغا يېتىپ كەلدى. ئىمىن يېرىم خالتا ئۆگۈتنى كۆتۈرۈپ تۈگمەنگە كىرىپ كېتىشى چاۋار بۇكىدە مەجنۇنتاللار ئارىسىدىكى بىر تۈپ دەرەخ غولىغا يۆلىنىپ ئىمىننىڭ چىقىشىنى كۈتتى. ئىمىن ئۆگۈتنى تارتماي تۈگمەنچىنىڭ تەييار ئۇنىغا تېگىشكەن بولسا كېرەك، ئانچە ھايال بولمايلا خالتىسىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ چىقتى. مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتكەن چاۋار سۆگەتلىكتىن لىپپىدە چىقتى ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. قورقۇپ كەتكەن ئىمىن غال ـ غال تىترەپ، قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

— ئىمىن ئۇكا، سەن بىلەن ئازراق پاراڭلىشاي دېگەن، يۈرە، ئاۋۇ تاللىقنىڭ ئىچىگە كىرەيلى:

— يا... ياق، — ئىمىن چاۋارنىڭ چىرايىغا ۋەھىمە بىلەن قارىدى، — ئۇ... ئۇ يەردە نېمىش بار؟ گەپ... بولسا مەشەدە دېسىلە.

— ۋۇي ساڭا نېمە بولدى؟ خۇددى تۈگمەننىڭ نورىغا ئىتتىرىۋېتىدىغاندەك تىترەيسەنغۇ، — چاۋار ئۇنىڭ دولىسىدىن بوشقىنا ئىتتىردى، — يۈرە ماڭ. ساڭا دەيدىغان ياخشى گەپ بار.

— زا... زادى... نېم... نېم... گەپلىرى بار؟

— ھاشىم دېگەن چاۋاش ھابىل ئىككىڭلارنى مىنبىڭلىقتىن چىقىرىۋېتىپ بىكارغا كېلىدىغان ئەمگەك نومۇر، مۇت تاماقتىن

قورۇق قالدىڭلار، ھابىل شۇ ئاچچىقىدا «ئوقەت قىلىمەن» دەپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتى.

— ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتى؟ — ئىمىننىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — توۋا، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپتىمىش...

— نېمە؟ ئىشەنمەمسەن؟ مەن ئۇنىڭغا دەسمايە قىل، دەپ ئىككى كاللەك پۇل بەردىم.

— بېرىپ بولۇپ، يەنە ئېلىۋالغانلا؟

— نېمانداق تاققا ـ تۇققۇ سۆزلەيسەن؟ سېنى، دەسمايىگە پۇل بەرسەم ھابىلدەك يولىنى تېپىۋالارمىكىن دېگەن ياخشى نىيەتتە ئىزدىشىم.

— ئۇ پۇلنى بىكارغا بەرمەيدىغانلا؟

چاۋار ئۇنىڭغا ئېگىشىپ، ئازراقلا شىۋىرلىغاندى، ئىمىننىڭ كۆزلىرى پۇلتىيىپ چىقىپ كەتكۇدەك چەكچەيدى. چىرايىمۇ بىردەمدىلا تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە، ئىگەمبەردىنىڭ ئارغامچىسى؟!...

ئىمىننىڭ كۆز ئالدىدا يۇلغۇنلۇقتىكى قورقۇنچلۇق ھېلىقى كېچە ئايان بولدى. ئۆزىنىڭ ئەجەل ئالىقىنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن مەتسىدىق: «كىر يايىدىغان ئارغامچامنى ئەسلىدە سەن ئوغرىلاپسەن ـ دە!» دەپ ھابىلنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغانىدى. ھابىل گەرچە مەتسىدىقنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى ئوغرىلاپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بىقىنىغا پىچاق يەپ ھەم بوغۇزلىنىپ، ئۆزى كولىغان ئورەككە تاشلاندى! چاۋارنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن ئىمىن قورقىنىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى «ياخشىلىقتىن بېشارەت» دەپ چۈشەنگەن چاۋار ئۇنىڭ قولىغا بىر كاللەك پۇلنى تۇتقۇزۇپ ئاستا پىچىرلىدى:

— بىر ئىش بار، ئۇنى ساڭا ئارغامچىنى ئېلىپ كەلگىنىڭدىن

كېيىن دەيمەن. ئۇ چاغدا يەنە ئىككى كاللەك پۇلغا ئىگە بولىسەن!

— راستىما؟ — ئىمىن ئۇنىڭ پىلانىغا قىزىقىپ قالدى، — ئۇ... ئۇ ئىشنى دېمىسىلە، مەن قىلمايمەن...

«ئىمىننى پۇل بىلەن قولغا كەلتۈردۈم» دەپ چوتنى خاتا سوققان چاۋار ئىگەمبەردىنى يوشۇرۇن مېھمانغا چاقىرىپ بېرىش، ئۇ خۇدىنى يوقىتىپ مەست بولۇپ قالسا، ئىشىك ئالدىغىچە يۆدەپ ئاپىرىپ بېرىش قاتارلىق پەردازلانغان گەپلەرنى پىچىرلىغاندا ئىمىن يۇلغۇنلۇقتىكى مەتسىدىقنىڭ جەسىتىنى يۆدۈۋېلىپ، ئىز ئۆچۈرۈپ كېتىۋاتقان چاۋارنى قايتا كۆرگەندەك بولدى.

— ئۇ... ئۇ چاغدا... مېنىمۇ ھابىلدەك ئۆدۈل دوزاخقا يولغا سېلىپ قويىدىلا، شۇنداقمۇ؟

قورقۇپ ئېسىنى يوقاتقان ئىمىن نېمە دەپ سالغىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ ئاغزىنى كاپلا تۇتۇۋالغان بولسىمۇ كېچىككەن ئىدى. دەھشەتلىك بىر ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەن چاۋار ئىمىننىڭ بەدرەڭ چىرايىغا تىكىلگىنىچە ئېغىر ھاسىرىدى ھەم يۇلغۇنلۇقتىكى «ھا...» دەپ توۋلىغان ئاۋاز قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى ـ دە، يانباغىر قۇملۇقتىكى تىلغانغان ئىزلار كۆز ئالدىغا كەلدى.

— سەن! — چاۋارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ياندى، — ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن ـ دە!؟

چاۋارنىڭ قولى شارتلا غىلاپلىق پىچاققا يۈگۈردى. يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغان ئىمىن ئارقىغا داجىدى. ئەمما، تۈگمەن ئارمىسىغا ئۈستۈۋېشى ئاپئاق ئۇن توزۇندىسى بولۇپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ چىقىپ كېلىشى چاۋار دەرھاللا قولىنى يىغىشتۇرۇۋالدى. تۈگمەنچى ئازما بېشىدا، ئىككىنچى نورنىڭ تاقىقىنى سېلىپ بولۇش ئارىلىقىدا ئىمىن قولىدىكى پۇلنى

تاشلىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. چاۋار تۇگمەنچىگە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ يولىغا راۋان بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ قۇلاق تۇۋىدە: «ھابىل ياقا يۇرتلارغا كېتىپ قاپتىمىش...»، «پۇلنى بېرىپ بولۇپ يەنە ئېلىۋالا...»، «مېنىمۇ ھابىلدەك دوزاخقا يولىغا سېلىپ قويالا...» دېگەن سۆزلەر ئەكس سادا بولۇپ تەكرارلانماقتا ئىدى.

— خەپ تاز... خەپ تاز... ئەسلىدە يوشۇرۇن كۆزەتكەن سەن ئىكەنسەن - دە!

چاۋار ئىمىنىنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ كېتىۋاتقاندا، يېرىم خالتا ئۇننى يۈدۈگەن ئىمىن دەرۋازىدىن تاراقلاپ كىرگىنىچە ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا يۇتلىشىپ يىقىلدى. خالتىدىكى ئۇنمۇ تۆكۈلۈپ قەمەرخان ئاننى قورقۇتۇۋەتتى. يىغلاپ ھەم ساراڭلاردەك ۋارقىرىۋەتكەن ئوغلىنى يۆلەپ تۇرغۇزغان ئانا ئىمىننىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ ئۇمۇ ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋاي جېنىم بالام، ساڭا نېمە بولدى؟ چىرايىڭ سارغىيىپ كېتىپتىغۇ؟

— ئانا... جېنىم ئانا... شاپ - شاپبول... دەرۋازىغا تاقاقنى سېلىۋەت... بول، چاپسان، ھەرگىز ئاچما.

قەمەرخان ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا يېنىپ كىردى.

— ھە، دېگىنە بالام، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — قەمەرخان ئوغلىنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى، — نەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلۈمنىڭ ھېچ ئارامىنى قويمىدىڭ.

— ئانا... — ئىمىن ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، — مەن... مەن دەھشەتلىك بىر قاتىللىقنىڭ شاھىتى بولۇپ قالدىم... ئۇ... ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ... مۇشۇ تۇرقىدا قوغ... قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىمىننىڭ كۆڭلى تۇيغاندى. چاۋار ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىغا

قولاق يېقىپ تىڭشاپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ بولۇنۇۋاتقان گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭلارنى ئاڭلاپ قەمەرخاننىڭ بارلىقىنى بىلدى ـ دە، «ئاپلا» دەپ ئېڭىكىنى قاماللىدى. ئەمما ئۇ ھويلىدىكى شاپۇر ـ شۇپۇر ئاياغ تىۋىشىنى ھەم قەمەرخاننىڭ:

— بالام، ئىككى ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى جەۋلانغا ھەممىنى قالدۇرماي دېگىن، — دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زەھەردەك كۆلۈمسىرىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارا كۆڭلىدە ئىمىن بىلەن قەمەرخاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ بېغىغا كۆمۈۋېتىش ياۋۇزلۇقى قوزغالغانىدى. ئەتراپ كۆز باغلانغۇدەك گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ، چاۋار ئىمىننىڭ ماڭار يولىنى توسۇش ئۈچۈن بولجاللىقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كېتىش بىلەن ئىمىن ئانىسىغا دەرۋازىنى ئىشارەت قىلدى. قەمەرخان پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ كىلىتانى چىقىرىپ دەرۋازىنى ئاستا ئاچتى ـ دە، كوچىغا بويۇنداپ قارىدى:

— بالام، كوچىدا ھېچكىم يوق، — قەمەرخان بوش پىچىرلىدى، — دەرھال ماڭ، ھازىر تەشكىلگە بارماي، ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە بار، ئۇنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قوي. بىكاردىن بىكار جېنىڭدىن ئايرىلمىسۇن، مەتسىدىق بىلەن ھابىلنىڭ ئۆلگىنىمۇ يېتەر.

— ئانا، قورقۇۋاتىمەن، ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگىچە بىللە بارغىن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ بالام، مەنمۇ بىللە باراي.

قەمەرخان بىلەن ئىمىن ئىگەمبەردىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتقاندا، كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىدا جىددىي يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. جەۋلان، ھاشىم، كامال، زۇلال، مەتنىياز، ياربەختى، كېرىمۇللا، ئايشەملەر كامالەتنىڭ ئۈچ ئادەمنىڭ خۇلاسىلىغان خىيانىتى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلارنىڭ يىللاردىن بېرى خىيانەت قىلغان پىششىق ۋە خام ماللار، نامراتلارنى قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ پاش بولغان ھەم تېزىملىكتىكىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۆلەپ قايتۇرغان بولسىمۇ، تېزىملىكتە يوق، ئۆزئارا بۆلۈشكەنلىرىدىن ئېغىز ئاچماي تۇراتتى. بولۇپمۇ مەتسىدىقنىڭ ھېساباتىدا مەسىلە ئېغىر بولۇپ، كامالنىڭ دەپتىرىگە پۈتۈلگەن تالون نومۇرلىرى، پۇل سانى، مال تۈرىنى شەھەردىن كەلتۈرۈلگەن تالون كۆتەكلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، مەتسىدىقنىڭ گەدىنىدىكى نۇرغۇن پۇل بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. ئەمما، مەتسىدىقتىن تاپشۇرۇۋالغان تالونلارنىڭ قىرىق پىرسەنتىنىڭ ئورنى يوق بولۇپ، بار بولغان تالونلارنىڭمۇ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ئېنىقلا تۇراتتى. كامالەتنىڭ ھېسابات خۇلاسە دوكلاتى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن مۇكەممەل يەكۈنلىكى ھەممىگە ئايان بولۇپ، شۇنچىۋالا نۇرغۇن پۇلنى مەتسىدىق ئۆزى يالغۇز تەسەررۇپ قىلىشى ئەقىلگە سىغمايتتى. بۇنىڭغا چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىمۇ ھەرگىز يول قويمايتتى. مەتسىدىق ئۆلگەندىن كېيىن چاۋار، ئىگەمبەردىلەر: «خىيانىتىمىزنى ئاساسىي جەھەتتىن قايتۇرۇپ بولدۇق، بوغالتىر ھېساباتىدىكى كەم پۇلغا مەتسىدىق ئىگە» دېگەن كاۋاكقا كىرىۋالدى. شۇڭا، مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمى تاسادىپىي ئەھۋال بولماي، نۇرغۇن پۇلنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇش ئۈچۈن قىلىنغان سۇيىقەستلىكى ئېنىقلا ئىدى. بىراق، بۇنىڭغا تۇتقۇدەك ساپاق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي خىيانىتى بېكىتىلمەي ئېسىلىپ تۇراتتى.

كامالەتنىڭ دوكلاتى ئاخىرلىشىشى بىلەن ھەممىسى بىر ـ بىرىگە قوۋناق بەرمىگەن ھالدا مەتسىدىقنىڭ پاجىئەسى ھەققىدە تالاش ـ تارتىشقا چۈشۈپ كەتتى. تەكشۈرۈلگەن ئىسپاتلاردىن: «ئۆلۈم ۋەقەسىدە چاۋار، ئىگەمبەردى، ھابىل، ئىمىنلارنىڭ قولى بار» دېگەن گۇمان ھەممىنى بىتاقەت قىلىۋاتسىمۇ، لېكىن ھېچ





يەردىن يوچۇق تاپقىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق گاڭگىراش، تېڭىرقاش، تاقەتسىز ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا ھابىلنىڭ يوقاپ كېتىشى، ئىمىننىڭ ئەسەبىيلىك ھالىتىدە تۇرۇشى ھەممىنىڭ گۇمانىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. جەۋلاننىڭ كېچە - كۈندۈز كاللىسىدىن چىقمايۋاتقىنى مەتسىدىق نېمە ئۈچۈن نىقابلىنىپ بوغالتىر ئىشخانىسىغا كىرمەكچى بولىدۇ؟ ھابىل زادى نەگە كەتتى؟ سائادەتنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىل مەتسىدىقنىڭ ئۆيىدىن نېمە ئىزدىمەكچى؟ دېگەن سوئاللار ئىدى. ئەگەر بۇ ئۈچ سىر يېشىلسە مەتسىدىقنىڭ ئۆلۈمى ھەم ئۇنىڭغا ئارتىلغان شۇنچە نۇرغۇن پۇلمۇ خىيانەت ئىگىلىرىنى تاپقان بولاتتى.

— جەۋلان ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ سىر، — دېدى ھاشىم كۆپچىلىككە قاراپ، — قاتىللىق ھەم ئىقتىسادىي خىيانەتنى پاش قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ئەمما، بىز ھازىرغىچە بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمايۋاتىمىز.

— سائادەت ھازىرغىچە ھوشىغا كەلمىدى، — جەۋلان ئېغىر تىنىپ قويدى، — قاتىلنى كۆرگەن بىردىنبىر شاھىت شۇ ئىدى.

— مەتسىدىق ھېساباتىدىكى خىيانەتنى، — دېدى كېرىمۇللا، — ئۈچ كىشىگە چېچىپ بانكىدا توڭلىتىلغان پۇللىرىدىن تۇتساقلا بولمىدىمۇ.

— بۇنداق پاكىتسىز قاراملىق قىلساق ئۆزىمىز ئوسال ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز، — جەۋلان كېرىمۇللاغا قارىدى، — يۇقىرىنىڭ ئېنىقلىشىچە، ئىگەمبەردىنىڭ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا خېلى نۇرغۇن پۇلى بار ئىكەن. مەتسىدىقمۇ پۇلىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى بانكىغا قويۇپتىكەن. لېكىن چاۋارنىڭ ھېچقانداق بانكىدا پۇلى يوقكەن.

— ئۇ دۆلەت بانكىلىرىغا ئىشەنمەيدۇ، — دېدى كامال، — ئۇنىڭ پۇللىرى چوقۇم ئۇنىڭ بىرەر يېرىگە كۆمۈلگەن.

كۆپىنچىسى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇلغان.

— بۇ ئىشەنچلىك گەپمۇ ياكى پەرىزىڭمۇ؟ — سورىدى هاشىم.

— چاۋار مەن بىلەن هەر قېتىم شەهەرگە كىرگەندە، — دېدى كامال ئىشەنچلىك هالدا، — خوتۇنۇمغا ئۈزۈك، سوپۇزا، بىلەزۈك، بۇلاپكا سوقتۇرۇپ بېرىسمەن، دەپ خام هەم پىششىق ئالتۇن ئالاتتى.

— جەۋلان، — هاشىم بىردەم ئويلىنىۋالدى، — كۆڭلۈمگە مۇنداق بىر پىلان كېلىۋاتىدۇ. ئويلىغانلىرىم قانۇن - سىياسەتكە ئۇيغۇنمۇ، ئەمەس بىلمەيمەن.

هاشىمنىڭ ئىشەنچ قىلالمايمەن، دېگەن پىلانى سەل تەۋەككۇلچىلىك بولۇپ، كېيىنكى ئاقىۋەت بىلەن هېسابلاشمايدىغان قاراملىق ئىدى. بۇنىڭ ياخشىلىقتىن، يامانلىق تەرىپىنى ئويلىماي بولمايتتى. چاۋار بىلەن ئىگەمبەردىنى تۇتۇپ كېلىپ، سىرت بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، نەزەربەند ئاستىغا ئېلىش هەم ئۈچ ئائىلىنى ئاختۇرۇپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ئەلۋەتتە بىردەملىككىلا ئىش ئىدى. لېكىن، قانۇنىي چارىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇلۇشقان پۇل هەققىدىكى ئىسپاتىنى كۆرسىتەلمىگەندە، ئۇلار: «چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش ۋە خىيانەتلىرىمىزنى تۆلەپ بولساق، ئەمدى مەتسەدىقنىڭ خىيانىتىنى تەڭ تۆلەيسەن، دەپ بىزگە يولسىزلىق قىلىۋاتىدۇ...» دېيىشە ئۇلارنىڭ دېگىنى يوللۇق بولۇپ قالاتتى، هەتتا چاۋار يۇقىرىغا ئەرز قىلىشتىن يانمايتتى. ئۇنداقتا ئۇنىڭغا قويىرۇق تۇتقۇزۇپ قويۇشتەك خاتالىق يۈز بېرەتتى. ئولتۇرغانلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جىمىپ قېلىشتى. بۇ چۈشكۈن هالەتتىن جەۋلان تەڭلىكتە قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈچ ئادەمنى نەزەربەندكە ئالمىغانلىقتىن، ئارقا - ئارقىدىن ئېغىر مەسىلىلەر كۆرۈلدى. بىر - بىرىگە چېتىلغان

ئادەملەرنىڭ قاتىللىق ۋە ئىقتىسادىي جىنايەتلىرىنى ئېنىقلاشتا، ئەزەلدىن ئۆزئارا كۆرۈشتۈرمەي ئايرىم - ئايرىم نەزەربەند قىلىش بولۇپ كېلىۋاتقان كۆرەش ئۇسۇلىغۇ.

— يولداشلار، — دېدى جەۋلان روھلانغان هالدا، — ئويلاپ باقسام هاشىمكامنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئاساسى بار ئىكەن. بىز بۇ چاغقىچە نەزەربەندكە سەل قاراپ، مىنبەگلار ئارقىلىق كۆزىتىپ كەلگەچكە، بەزى مەسىلىلەر يۈز بەردى. يېزىلىق هۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە هەم ئەيسايۇپقا تېلېفون قىلايلى دېسەك هازىر هەممىسى ئىشتىن چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا، ئەتە سەھەردە هاشىمكام ئىككىمىز ئۇلارنى تېلېفون ئارقىلىق خەۋەرلەندۈرۈپ قويساق.

يىغىن ئەھلى بىردىنلا جانلىنىپ كېتىشتى. ئۇلار «شۇنداق قىلماي بولمايدۇ»، «ئەمدى ياخشى بولدى» دېيىشىپ ۋارقىراشتى.

— يەنە بىر گەپ، — جەۋلان قولىنى كۆتۈردى، — قەمەرخان ئانىغا «ئىمىننىڭ ئامانلىقىنى قوغدايمىز» دەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىمۇ ئايرىم ئۆيدە ساقلاپ خىزمەت ئىشلىسەك.

— ھەببەللى، — دېدى كامال ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنىڭمۇ دېمەكچى بولغىنىم شۇ ئىدى.

— ئەمما، چاۋار يانتاق ئۆي ئەتراپىغا ئىشەنچلىك هەم خىللانغان مىنبەگلارنى قويۇشىمىز كېرەك، — دېدى هاشىم، — ئۇ هازىر كىمنى چاقسام بولاركىن، دەپ تۇرغان ئۇششۇك هەرىسى.

— توغرا، — ۋارقىرىدى كامال، — جان تالىشىپ قالغان بۇ غالجىر ئىت يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال دەپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن يانمايدۇ.

يىغىندىكىلەر بەس - بەس بىلەن پىكىر بايان قىلىۋاتقاندا، چاۋار قېرى سۆگەت ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئىمىنى

كۆتۈۋاتاتتى. ئۇ: «ھەي، خۇدا ماڭا مەدەت بەر، ئىشلىرىمغا ئاسايىشلىق ئاتا قىل» دەپ پىچىرلايتتى ھەم پات ـ پاتلا غىلاپلىق پىچىقىنى سىلاپ قوياتتى. ئىمىنغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ ئۇنى يۇدۇگەنچە چوڭقۇر ئېرىق ئارقىلىق بېغىغا ئەكىرىشى، ئۇ يەردىن ئۇچقاندەك كېلىپ قەمەرخاننى بوغۇپ جېنىنى ئېلىش، ئاندىن ئۇلارنى بېغىغا كۆمۈۋېتىشتەك ياۋۇزلۇق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇ ئىش ئېپى ـ جېپى بىلەن ئاياغلاشسا، دېھقانلار ئۇلارنى دەمال سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيتتى. بولمىسا چاۋار: «قەمەرخان 〈 ئوغلۇم غەلىتىلا بولۇپ قالدى، يۇرتقا ئاپىرىپ داخانغا ئوقۇتىمەن 〉 دەپ مەندىن پۇل قەرز ئالغان» دەپ قويسىلا بولىدىمۇ، ئۇلار چاۋارنىڭ ئاغزىغا قايناقسۇ قۇيامتى! يامىنى كەلسە، تەكلىماكان ئارقىلىق تاغ ئارقىسىغا قېچىپ كەتسىلا، ئۇنى كىم تۇتالايتتى؟

چاۋارنىڭ بارغانسېرى كەيپى ئۆرلەپ جىددىيلىشەتتى، تاقەتسىزلىنىپ ئالدى ـ ئارقىسىغا قارايتتى. ئىمىن ئاللىقاچان كېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى ياكى ئۇ تەشكىلگە بېرىشتىن يالتىيىپ قالدىمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، بۇ تاز ئانىسىغا دېگەن يەردە، جەۋلانغا دېمەي قالارمۇ؟ ئۇ قوغۇنچى مەھەللىسىنى ئايلىنىپ ماڭغان بولسىچۇ؟ ئەنسىزلىك ئىچىدە جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بۇ بەدرەك يىراق يولغا مېڭىشتىن تېخىمۇ قورقىدۇ. چاۋار تىلىڭ ـ تىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئىمىننىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ پەيلىنى بۇزۇپ تۇرۇشى، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن ئالدىراپ كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار يېقىن كەلگەندىلا ئىگەمبەردى بىلەن ئىمىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالغان چاۋار دەرھال سۆگەت غولىغا ئارقىچە چاپلىشىپ بارماق ئۇگىلىرىنى چىشلىدى ھەم: بۇ تاز ئەسلىدە ئىگەمبەردىگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى.

ئىمىن تۆت ئەتراپىغا قاراپ، چۆچۈپ ۋە ئەندىكىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار كەنت تەشكىلى كوچىسىغا قايرىلىشى جىددىيلىشىپ قالغان چاۋار ئۇلارنى توسۇش كويىدا، دەرەخ ئارقىسىدىن چىقىپ «ئىگەمبەرداخۇن!» دەپ توۋلىشى، ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن ئىمىن:

— ۋايجان، شۇمپەن!... قاتىل!... قاتىل!! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە كەنت تەشكىلى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ ۋارقىراش، چىرقىراشلىرىدىن مەڭدەپ كەتكەن ئىگەمبەردىمۇ ئىمىننىڭ ئارقىسىدىن تىكىۋەتتى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەن چاۋار ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. چاۋار ئىگەمبەردى، ئىمىنلار ئىكى تەرەپكە بۆلۈنۈپ قاچقاندا، كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىدىكى يىغىن ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. جەۋلان قايتماقچى بولۇپ تۇرغانلارغا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلمەي تۇرغان بىر تۈگۈننى يەنە قايتا ئەسكەرتتى:

— يولداشلار، ماڭا مەتسىدىقنىڭ بوغالتىر ئىشخانىسىدا مۇھىم بىر نەرسىسى باردەكلا تۇيۇلىدۇ. سائادەتنى يارىلاندۇرغان قاتىلمۇ نەق شۇ نەرسىنى دەپ ئوغرىلىققا كىرگەن.

— ئىككى قېتىم ئىشخانىنىڭ ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈۋەتكۇدەك ئىزدىدۇق، — دېدى ئايشەم ئەسنەپ تۇرۇپ، — ھېچنېمە تاپالمىغان تۇرساق.

— ئۇستەل، ئىشكاپلارنى يۆتكەپ ئىشخانىنىڭ تېگىنى كولاپ باقساق، — دېدى جەۋلان، — مەتسىدىقنىڭ چاۋار، ئىگەمبەردىدىن يوشۇرىدىغان ھەم قەتئىي مەخپىي تۇتىدىغان بىر نەرسىسى بولۇشى مۇمكىن.

— راست، — ھاشىم ئورنىدىن تۇردى، — بۇ چاغقىچە نېمىشقىمۇ...

ھاشىمنىڭ گېپى ئاخىرلاشمايلا ھويلىدا: «ۋايجان، قاتىل!... قۇتقۇزۇڭلار!...» دېگەن چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەممىسى

يۇگۇرۇشۇپ ئىشخانا ئالدىغا چىقىشى ھاسىراشتىن مەيدىسىنى تۇتۇۋالغان ئىگەمسىبەردى بىلەن ئىمىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلارنى كادىرلار قولتۇقلاپ ھەم يۆلەپ ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ھاشىم دەرھاللا ئىشىك، دېرىزە ۋە باغ تەرەپتە تۇرغان مىنبەگلەرگە نىمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ، قانداقتۇر ۋەزىپىلەرنى تاپشۇردى. كەنت تەشكىلى كېچىكى تۇندە ئۆرتتۆپە بولۇۋاتقاندا، چاۋارمۇ كىيىم، نان قاچىلاپ ئالدىن تەييارلاپ قويغان خۇرجۇنغا ساندۇقتىكى قالغان ـ قاتقان پۇللارنى پۇرلاپ سېلىۋاتاتتى. بىر چەتتە ئوغۇلخان ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاۋاتاتتى. خۇرجۇن، قاپاقلارنى قاشقا تورۇققا غانجۇغىلاپ باغلاۋاتقان چاۋار خوتۇنىنىڭ يىغلاپ ـ قاقشاشلىرىدىن پەرۋايى پەلەك ھالدا ئۆز ئىشىنى چاقماق تېزلىكىدە قىلىۋاتاتتى.

— دادىسى، مۇشۇ كەتكەنچە قاچانمۇ كېلەلا؟

— مۇشۇ خوتۇن خەقنىڭ ئەقىلسىزلىكى، كونىلار: «ئون خوتۇننىڭ بىر توخۇچە ئەقلى يوق، ئول توخۇنىڭ ئەقلى بولسا يەمدۇ يوق» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. نېمانداق ئويلىمايدىغانسەن؟ ھېسابسىز خىيانەت، مەتسىدىق، ھابىللارنىڭ خۇنى، لەيلى بىلەن كامالنى قەستلەش، دېھقانلارغا قۇم ـ توپا يېدۈرۈش قاتارلىقلارغا ھۆكۈمەت مېنى ئون قېتىم ئاتسىمۇ دەردى چىقماس! ئەدناسى ھاشىم ئۆزى ۋە ئوغلى ئۈچۈن قىساس ئالماي قالارما؟

— ئەمىسە قاچانلارغىچە ساقلارمەن؟

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، مەڭگۈ كېلەلمەسلىكىممۇ مۇمكىن.

ئوغۇلخان ۋاررىدە يىغلاپ ئۆزىنى ھويلا ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋەتتى.

— زۇۋانىڭنى يىغ، كۆزىتىۋاتقان مىنبەگلەر ئاڭلاپ قالىدۇ، — چاۋار زەردىسى بىلەن بوش ۋارقىرىدى، — ئېشىكى ئۆلۈۋاتسا،

كۆتى غىجەك تارتىپتۇ، دەپ يىغلاپ، شۇملۇق تىلەۋاتقىنىنى قارا.

— سىلى ھەممە پۇلنى ئەپكەتسىلە، مەن قانداق قىلىمەن، — ئوغۇلخان ئورنىدىن قوپماي ۋارقىرىۋەتتى، — ئەڭ بولمىسا ھابىل ئىككىڭلار يۆتكىگەن گىلەملەر بىلەن ئالتۇن نەدە، دەپ بەرسىلە.

— يۇلغۇنلۇقتىن 30 قەدەم ئارىلىقتا، ئۇستىگە يۇلغۇن شىخى سانجىلغان بىر قۇم بارخان بار، لېكىن جەۋلان كەنتتىن كەتكەندىن كېيىن داداڭ بىلەن كېچىدە بېرىپ ئەكىلىۋال.

چاۋار ئىتنى «كىشنىمە» دېگەندەك پېشانىسىنى سىلاپ قويۇپ، ئاستا يېتىلەپ ماڭدى. ئۇ دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ سىرتنى تىڭشىدى. ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جىغانلىق تۇۋىدە كالتىكىنى قۇچاقلاپ، قۇمدىلا تۈگۈلۈپ ئۇخلاۋاتقان مىنبېگىنىڭ بىر خىلدا تارتىۋاتقان خورىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا دەرۋازىنى چوڭ ئاچتى ھەم بارمىقىنى ئاغزىغا بېسىپ «تىش..ش» دېدى. لېكىن، ئوغۇلخان پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىدى:

— قۇملۇق چۆل ئارقىلىق تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتەملا؟

— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — چاۋارمۇ شىۋىرلىدى.

— يا دەيمىنا، قاپاقتا سۇ ئالغانلىرىغا قاراپ...

— خوش، مەن كەتتىم، مېنى ئىزدەپ كەلگەنلەرگە شەھەر يولىنى كۆرسىتىپ قوي.

ئاي بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغاندىن كېيىن جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى. ئاتنىڭ تۇيىقى دەرۋازا بوسۇغىسىغا «تاق» قىلىپ تەگكەندە، چاۋار نەپەسمۇ ئالماي جىم تۇرۇۋالدى. ئۇ جىغانلىق ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئىتنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. چاۋار چوڭ يولغا چىقىۋالغاندىن كېيىنلا ئېگەرگە لىككىدە مىندى ـ دە، ئاتنىڭ

ساغرىسىغا قامچا سالدى. قاشقا تورۇق قۇملارنى چاچرىتىپ چەكسىز قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئاتنى جىدەللەپ چاپتۇرۇپ يۇلغۇنلۇققا يېتىپ كەلگەندىلا، قۇمغا كۆمۈپ قويغان قىسقا دەستىلىك تۆمۈر كۈرەكنى ئالدى. چاۋار چاپىنىنى سېلىۋېتىپ شۇنچىلىك چەبدەسلىك بىلەن يۇلغۇن شېخى سانجىلغان قۇم بارخان ئۈستىنى كولاشقا باشلىدى. بىردەمدىلا دۇنيا دەپىنە ئۈستىگە قويۇلغان ئارا ساندۇقنىڭ يۈزى ئېچىلدى. چاۋار ساندۇقتىن بىر نەچچە باغلام پۇل ھەم ئالتۇن قاچىلانغان دۇخاۋا خالتىنى ئېلىپ ئاي يورۇقىغا تۇتتى. ئاندىن ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ قوينىغا سالدى. ئۇ پۇل ۋە ئالتۇننى ئاتنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇنغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ساندۇقنى قايتا كۆمۈۋېتىپ ئۈستىگە يۇلغۇن شېخىنى سانجىپ قويدى. چاۋار ئېتىغا مىنىپ ھابىل كۆمۈلگەن بارخان تۈۋىگە كەلگەندە بىردەم توختىدى:

— ھابىل، بىر قانچە يىللار خىزمىتىمنى قىلغانىدىڭ. شۇڭا، سەن بىلەن خوشلاشماي كەتسەم بولامدۇ؟ ئەمما تەقدىر — قىسمەت شۇنداقكەن، سەن ئارزۇ قىلىپ يېتەلمىگەن ياقا يۇرتلارغا مەن كېتىدىغان بولدۇم. خوش ئەمسە، جايىڭ جەننەتتە بولسۇن!

چاۋار تۈن نىسپىدە قۇم دەشتىگە قاراپ ئات سالغاندا، كەنت ئىشخانىسىدىكىلەر مۇ جىددىي ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. جەۋلان ھاياجان ئىلكىدە سۆزلەۋاتاتتى:

— يولداشلار! قۇمتامىنىڭ تېنىمدىكى ئۇزۇندىن بېرى ساقايماي كېلىۋاتقان جاراھەت ئېغىز ئالدى! بىز ئەمدى ئۇنىڭ قان — يىرىڭلىرىنى ئۈزۈل — كېسىل تازىلاشقا ئاتلىنايلى، — دېدى جەۋلان قاتتىق تەلەپپۇزدا، — ھازىر قۇمتامىنىڭ پېشقەدەم سېكرېتارى ھاشىم ئاكا پەۋقۇلئاددە جىددىي خىزمەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ھاشىم ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىككە نەزەر سالغاندىن

كىيىن قولىدىكى قەغەزگە قارىدى:

— ھازىردىن باشلاپ ھەممىمىز جەڭگىۋار ھالەتنى شەكىللەندۈرىمىز. كامالەت باشلىق كىرىمولّلا، مەتنىيازلار بوغالتىر بۆلۈمىگە كۆمۈلگەن خاتىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۈچ ئادەمنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئۆلەشكەن پۇللىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھېسابلاپ چىقىڭلار! — ھاشىم بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىقىغا قايتىپ كەلگەندى، — ئىككىنچى، يار بەختى باشلىق مەن، ئايشەم، ئىمىن، يەنە بىر نەچچە مىنبىلىق ھابىلنىڭ جەسىتىنى ئىچىشقا بارىمىز. ئۈچىنچى، چاۋارنى تۇتۇشقا كامال، زۇلال، مەتسىلىم باشلىق يەنە بىر قانچە مىنبىڭلار مەسئۇل بولىدۇ... دەرھال ئاتلىنايلى!

— ھاشىمكا، — دېدى جەۋلان، — مىنبىڭلارنى تەشكىللەش ئىشىدا مەتسىلىم بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا مەن باراي.

— بولماسمىكى، ئالىمادىس، — ھاشىم ئىككىلەندى، — ئەگەر بارنىياز، ئەيسايۇپلار ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ، ھە راست، مەتسىلىم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ بايا ئىمىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا، — دېدى زۇلال — تۇردىدىن ئەنسىرەپ چاۋارنىڭ ئۆيىگە كەتكەن.

بۇ چاغدا كوچىدىن يۈگۈرۈپ كىلىۋاتقان مەتسىلىم ھاسىراپ ئارانلا گەپ قىلدى:

— بار... بارسام تۇردى ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇ ئاخشام مۇسەللەس ئىچىپتىكەن... ھويلىدىن ئوغۇلخانىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ... چاۋ... چاۋار قاچقان ئوخشايدۇ.

— ئۇ گالۋاڭ ئۆزى قېنى؟

— قورقۇپ كىلەلمىدى، — مەتسىلىم غۇدۇڭشۇپ قويدى، — ئۆزىمۇ خىجىل.

— خىجىللىقى قۇرۇپ كەتسۇن، — ۋارقىرىدى ھاشىم، — مۇشۇنداق جىددىي ۋاقىتتا مۇسەللەس ئىچىپ قاراۋۇللۇق

ئورنىدا ئۇخلىغىنىنى كۆرمەمدىغان. ئەمىسە بوغالتىر ئىشخانىسىنى كولايدىغان، هابىلىنىڭ جەسىتىنى ئېچىشقا بەلگىلەنگەنلەر دەرهال چىقىپ، كەتمەن، كۆرەك تەييارلايلى!

هاشىم ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ كېتىشى جەۋلان، كامال، زۇلاللار بىر نەچچە مىنىبىگىنى ئېلىپ چاۋارنىڭ ئۆيىگە ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى، تېلېفون قاتتىق جىرىڭلاپ سىگنال بەردى. جەۋلان تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قۇلىقىغا تۇتۇپلا: «ئەيسايۇپكاما؟» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ بۈگۈن كېچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى قىسقا ھەم تېزلا دوكلات قىلغۇچە كامال بىلەن زۇلال ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشتى. ئاندىن ئەيسايۇپنىڭ ئالدىراپ ئاڭلانغان ئاۋازىغا قۇلاق سالدى:

— خىزمىتىڭدە بۇسۇش خاراكتېرلىك نەتىجە يۈز بېرىپتۇ. جەۋلان، بىزدە: «ئىش ئوڭىغا تارتسا، ئىشتان قوڭغا تارتىدۇ» دېگەن ماقال بار، بۇ ماقال گەرچە قوپال ئاڭلانسىمۇ، كونىلار بىكار دېمەپتىكەن. بۈگۈن كەچتىلا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن تېلېفون تاپشۇرۇۋالدىم. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا. تارتقان جاپالىرىڭنىڭ ھاردۇقى بىر يولىلا چىقىدىغان بولدى. ۋەي، نېمانچىۋالا ئالدىرايسەن، نېمە چاۋارنى كۆزەتكەن مىنىبىڭ ئۇخلاپ قېلىپ چاۋار قېچىپتۇما؟ بولىدۇ، ئەمىسە مەن ساڭا دەپ بېرەي.

تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ تۇرغان جەۋلاننىڭ قاپاقلىرىنىڭ تۈرۈلۈشى، كۆزلىرىنىڭ غەزەپتىن چوڭ ئېچىلىشى، ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرىدىن بىر چوڭ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە كۆزى يەتكەن كامال بىلەن زۇلال بىر ـ بىرىگە ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراپ قويدى. جەۋلاننىڭ تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىشى ئۇلارنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى:

— ئەسلىدە ئۇ قېچىپ يۈرگەن قاتىلكەن ـ دە! بولىدۇ، مەن ھازىرلا يولداشلارغا يەتكۈزەي.

جەۋلان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇشى زۇلال ئۇنىڭغا پىچىرلىدى:

— جەۋلان، بىرەر ئىش يۈز بېرىپتىما؟

— يۇرۇڭلار، يولداشلار تارقاپ كەتمىگەن بولسا، شۇ يەردە ئاڭلاڭلار.

ئۇلار ئىشخانا ئالدىغا چىقىشى كەتمەن - كۆرەكلىرىنى تەييارلىغانلار ئۆز ۋەزىپىلىرىگە ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى. ئاڭغىچە ھاشىم بىلەن ئايشەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— سىلەر تېخى ئاتلانماپسىلەرغۇ، — دېدى ھاشىم، — چاۋار بەك ئۇزاپ كەتمىسۇن.

— ھاشىمكا، — كامال ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولدى، — چاۋار كارۋان يولى بىلەنلا ماڭىدۇ. باشقا يوللارنى بىلمەيدۇ. ئۇ قانچە ئۇزاپ كەتسىمۇ تۇتىمىز. چۆل دەشتى يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك يول. ئىككى مىنىبىڭ ئاتلارنى توقۇغىلى كەتتى. ئەمما، جەۋلاننىڭ تېلېفوندا ئاڭلىغان خەۋىرىگە تەقەززا بولۇۋاتىمىز.

— ۋۇي، شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ؟ — ھاشىم جەۋلانغا قارىدى، — قېنى دەڭا، خۇش خەۋەرمۇ ياكى شۇم خەۋەرمۇ؟

— چاۋارنى تۇتقىلى ناھىيىدىن ساقچىلار چىقىپتۇ.

— ئۇ... ئۇلار... قانداق بولۇپ...

جەۋلان چاۋارنىڭ ئەسلىدە كىم ئىكەنلىكى، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، كېرىم، نەسرۇللالارنىڭ ئۇنى نېمە سەۋەبتىن ھازىرغىچە يوشۇرۇپ، ساقلاپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشى ھەممىسى ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. بەزىلىرىنى نېمىلەرنىدۇر دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى غەزەپ بىلەن تىللاشتى.

— پاھ، نېمىدېگەن چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئەبلەخ بۇ، — دېدى ھاشىم، — تېخى ئىسمى ئابدۇش، لەقىمى جودا ئىكەن - دە! كېرىمنىڭ ئۇنى ئاتۇشلۇق تۇغقىنىم دېگىنىنى قارا.

— كېرىم مۇدىر بىلەن نەسرۇللانىڭ يۇرىكىنىڭ قارىلىقىنى

كۆرمەمدىغان، — دېدى ئايشەم، — گومىنداڭ جازالاش ئەترىتىدىكى جاللات، يەر ئىسلاھاتى كادىرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل دۈشمەننى قانات ئاستىغا ئېلىپ، يوشۇرۇپ بېقىپ، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشقانلىقىنى كۆرمەمدىغان بۇ ئىپلاسنىڭ.

— كېرىم قولغا ئېلىنىپتۇ،— جەۋلان ئۈنلۈك ۋارقىرىدى، — نەسرۇللانى ئاخشام تۇتقان ئوخشايدۇ.

كۆپچىلىك خۇشاللىقىدا، «نەسرۇللانىڭ ئەرزىسى ئۆزلىرىنى تۇتۇپ بېرىپتۇ...»، «شۇنچە يىل ئاشكارىلانمىغان جىنايەتنى ئۆزلىرى ئاشكارىلاپتۇ» دېيىشىپ، بىر تۈركۈم مىنبىلىك، كادىرلار يۇلغۇنلۇققا قاراپ مېڭىشى. بۇغالتىر ئىشخانىسىنى كولاشقا ماڭغانلار كىچىك ئەگۈن ئارقىلىق يان قورۇغا كىرىپ كەتتى. ئەمما، جەۋلاندىن خاتىرجەم بولالمىغان ھاشىم چاۋارنى تۇتۇشقا مەسئۇل بولغانلارنى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ چۆلگە ئاتلانغان ئۈچ ئادەمنىڭ ئازلىق قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. لېكىن، كامال دادىللىق بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ، جاۋاب بەردى:

— ئەسلىدە ماڭا بىرىلا ھەمراھ بولسىمۇ يېتەتتى. چاۋارغا ئۆزۈم تېتىيالايمەن. مەسىلە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشتە. چاۋارنىڭ قاشقا تورۇقى قەدىمى چوڭ، يورغىسى ئىتتىك ئات. ئادەتتىكى ئاتلار ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ماڭالمايدۇ. لېكىن، مېنىڭ ئامالىم بار.

— جەۋلاننى زادىلا ئەۋەتكۈم يوق، — ھاشىم ئەنسىرەپ تۇراتتى، — چاۋار ھېيلىگەر نەرسە، قوغلاپ تۇتۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە، قۇم چۆللۈكىدىن 15 ~ 20 كۈندىمۇ چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ، خېيىمخەتەر يۈز بېرىشى مۇمكىن.

— ھاشىمكا، ئۆتۈنۈپ قالاي، — جەۋلان كۆكسىگە قولىنى قويدى، — مېنى تۇتۇپ قالمىسىڭىز.

— جەۋلاندىن خاتىرجەم بولۇڭ،— كامال ھاشىمغا قارىدى، —

بىز يېمىسەك، ئىچمىسەك مەيلى، جەۋلاننى قوغدايمىز.

تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قالغان ھاشىم ئامالسىزلىقتىن بېشىنى لىڭشىتقان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىنى بىر خىل ئەنسىزلىك قاماللىۋالغانىدى.

— ئەمىسە سۆنى كۆپرەك ئېلىڭلار. قۇم چۆللۈكىدە بىردىنبىر جان ئاتا قىلغۇچى نەرسە سۇ! توغرا، يەنە بىر گەپ، قوغلىغۇچى گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى كامال. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىڭلار. قۇم مۇساپىسىنى ئۇ بەش قولدەك بىلىدۇ. چۈنكى، 11 ~ 12 ياش چاغلىرىدا دادىسى بىلەن بىر نەچچە قېتىم سەپەر قىلغان.

— بۇگۈنلا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئادەم كېلىدۇ، — دېدى جەۋلان، — ئۇلار ئۈچ ئائىلىنىڭ مال - مۈلكىنى تىزىمغا ئالىدۇ. لېكىن، ھاشىمكا ئىگەمبەردى مال - مۈلكىنىڭ تىزىملىكىنى بەرسىلا بولدى. ئۇنى مەجبۇرلىماڭلار، ئائىلىسىگە بېسىپمۇ كىرمەڭلار، ئۇششاق باللىرى بار، قورقۇپ كەتمىسۇن.

كامال بىلەن زۇلال جەۋلانغا لەپپىدە قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن «بۇ باغرى يۇمشاقلىقمۇ ياكى كامالەت ئۈچۈنمۇ؟» دېگەن گۇمان چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئىگەمبەردىنىڭ قىر دەريا سايلىقىغا يۆتكەلگەن ئاشلىق ھەققىدە خەۋەر بېرىشى، ھاشىمنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچراش جەريانىنى پاش قىلىشى، نۇرغۇن خىيانەتكە بوغۇلۇپ قېلىشىدىن قورقماي كۆك خاتىرىنى پاش قىلىشلىرىنى ئويلىغاندا، جەۋلاننى ئەيىبلەشكە بولمايتتى.

ھاشىم ئاتلارغا غانجۇغىلاپ باغلانغان تۇلۇمدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق سېلىنغان خۇرجۇنلارنى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن جەۋلان، كامال، زۇلاللار ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئۇلار كەنت تەشكىلى قورۇسىدىن كوچىغا ئەمدىلا چىقىشى مىنبىنىڭ تۇردى يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ھاشىمدىن يۈزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىغىنىچە، ئوغۇلخانىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا تۆمۈر ئارىنى تۇتۇپ،

مىنبەگلارنى قورۇغا كىرگۈزمىگەنلىكىنى دەپ قويۇپلا كەينىگە قايتىپ كەتتى. جەۋلان، كامال، زۇلالىلار ئىتىنى چاپتۇرۇپ چاۋارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى. ئوغۇلخان جەۋلاننىڭ تۇرۇلگەن قاپاقلىرىغا قاراپلا جىمىپ قالدى. لېكىن، ئۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدا لالىيىپ ئولتۇرۇپ يىغىنى باشلىدى:

— ئۇ كەتتى... كەلمەسكە كەتتى! ئەمدى ھەرگىز كەلمەيدۇ... ئاھ خۇدا، قانداقمۇ قىلارمەن؟ بۇ دەردلەرگە قانداقمۇ چىدارمەن؟

جەۋلان، كامال، زۇلال ئاتتىن چۈشۈپ ھويلىغا كىردى. يۈزىنى قامالىلاپ، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ يىغلاۋاتقان ئوغۇلخان ئۇنى كۆرۈپ جىملا بولدى.

— مەتسىلىم، — ۋارقىرىدى جەۋلان، — قاتىل جىنايەتچى ئابدۇش جوداننىڭ ئائىلىسىدىكى بارلىق مال - مۈلۈكلەرنى ئەنگە ئېلىشنى باشلاڭلار! قارشىلىق قىلغۇچىلارنى كەنت تەشكىلىگە ئاپىرىپ سولىۋېتىڭلار.

— خوپ، — مەتسىلىم ئەتراپىدىكى مىنبەگلارغا قارىدى، — قېنى ئەمسە تىزىملاشنى باشلاڭلار!

ھويلىدا ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرغان ئوغۇلخان ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆز قارىچۇقلىرىنى پىلدىرلىتىپ «ئابدۇش جودا»، «ئابدۇش...» دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى. بۇ چاغدا جەۋلان، كامال، زۇلالىلار ئاتلىرىغا مىنىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار كوچا دوقمۇشىدىن قايرىلىشى بىلەن يول چېتىدىكى سۆگەت تۈۋىدە ئالتە ئايلىق بوۋاقنى كۆتۈرگەن زۇلالنىڭ ئايالى رەيھان تۇراتتى.

— زۇلال، ئايالىڭىز بىلەن كۆرۈشۈۋېلىڭ، — جەۋلان كامالغا قارىدى، — سىزمۇ ئۆيدىكىلىرىڭىزنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ كېلىڭ. مەن سىلەرنى ئۆستەڭ بويىدا ساقلايمەن.

زۇلال ئاتتىن چۈشۈپ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۆزى ۋىجىك، پاكارغىنا چوكان رەيھانگۈل زۇلالنىڭ ئىككى يانچۇقىغا ئۈچتىن ئالتە تۇخۇم سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئېگىز ھەم

قامەتلىك ئېرىگە قاتتىپ قارىدى:

— ۋىيەي، بېشىڭنى يەيدىغان دوزاخ شوتىسى، نوغۇچ يۇتۇۋالغاندەك تىككىدە تۇرماي ئېڭىشكىنە.

— ھەي، رەيھان، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — زۇلال ئۆستەڭ بويىدا ئېتىنى سۇغىرىۋاتقان جەۋلانغا قارىدى، — جەۋلان كۆرۈپ قالىدۇ.

— كۆرسە كۆرمەمدۇ، ئۇ ئەمرىگە ئالمىغان كامالەتنى قۇملارغا پۇچىلاپ يۈرسە گەپ يوق، مەن ئۆزۈمنىڭ ئېرىنى جەرەستاندا سۆيسەم بولمامدىكەن؟

— ئەستاغپۇرۇللا، ما خوتۇننىڭ قىلىنىقىنى.

رەيھانگۈل قولىدىكى بالىنى دالدا قىلىپ سۆيۈۋاتقاندا، كامالمۇ ئانىسىغا ئېڭىشىپ بېرىۋاتاتتى. نېۋىخان ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، «ئاق يول بولسۇن، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن» دەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. باياتىن بېرى ئېرىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان لەيلى ئاستا كېلىپ كامالنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ قورسىقى خېلىلا يوغىناپ قالغان بولۇپ، ئۆزىمۇ ھاسىراپ تۇراتتى. ئۇ ئاتنى دالدا قىلىپ تۇرغىنىدا، پۇتىنىڭ سونجىقى ئېگىز كۆتۈرۈلدى...

كامال ئېتىنى مىنىپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، ئاتتىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ، لەيلىنىڭ لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى قوندۇردى ھەم «ئېغىر ئىشلارنى قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ» دەپ پىچىرلىدى. كامال ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە، جەۋلان بىلەن زۇلال ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇراتتى. ئىككىسىگە زوقى كەلگەن جەۋلان ئۇلارغا چاقچاق قىلدى:

— خوتۇنى بارلار كەمپۈت شورايدۇ، بىز دەك بويتاقلار قۇملۇققا توپا شورايمىز... نېمىدېگەن تەڭسىز جاھان بۇ!

ئۈچىلىسى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئاتلىرىغا قامچا سالدى.

كۈنچىقىش تەرەپ ئوتقاشتەك قىزىرىپ، قۇياش چىقىش

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار ئەمدىلا كەنتتىن چىقىپ چەكسىز قۇملۇققا قەدەم قويۇشى، زۇلال جەۋلاننى قامچىسى بىلەن نوقۇپ، ئېگىز بىر توپ يۇلغۇننى ئىما قىلدى:

— ئەمدى كەمپۈت شوراش نۆۋىتى سىزگە كەلدى...

جەۋلان قايرىلىپ قاراپلا، يۇلغۇن ئارقىسىدا قاراپ تۇرغان كامالەتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىككى ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا قانداق قىلارىنى بىلمەي، ئىككى ئويلۇق بولۇپ تۇرۇشى كامال ئۇنىڭغا مەدەت بەردى:

— جەۋلان، بېرىپ كۆرۈشۈڭ، قىز بالا دېگەننىڭ كۆڭلى نازۇك بولىدۇ، ئازار يەپ قالمىسۇن.

— بىز ئاستا ماڭغاچ تۇرىمىز، — دېدى زۇلال چاقچاق قىلىپ، — لېكىن كەمپۈتنىڭ شىرنىسىغا چاپلىشىپ قالماڭ.

ئۇچىلىسى تەڭلا كۇلۇشتى. جەۋلان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ، قىزنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. كامالەت قولىدىكى كىچىككىنە تۇگۇچ بىلەن يوغان ئۇچ تال ئانارنى ئاتتىكى خورجۇنغا سېلىپ قويدى.

— ئانارنى ئۇسسىغاندا يەڭ، ياغلىقتىكى قاتلىمىنى قورسىقىڭىز ئاچقاندا...

— بولىدۇ، خوتۇن!

— قېلىن، — قىز قىزاردى، — ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ...

— كامال، زۇلاللارنىڭ خوتۇنلىرى ئەرلىرىنى سۆيۈپ ئۇزىتىپ قويىدى، سىزمۇ مېنى، — جەۋلان كامالەتنىڭ دۇمسايغان چىرايىغا قارىدى، — نېمە، خاپا بولدىڭىزما؟

— خاپا بولمىدىم، خۇش بولدۇم، — كامالەتنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى، — لېكىن سىز...

— «چىن كۆڭلىڭىزدىن دېمىدىڭىز» دېمەكچىمۇ؟

— بىلىدىكەنسىزغۇ؟

— كامالەت، مەن سىزگە نېمە دېسەم بولار؟

— بولدى، ھېچنېمە دېمەڭ، تۆت كۈننىڭ ئالدىدىكى سىرداشقىنىمىز ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق!

— چارقۇمنىڭ ئاپئاق ئايدىڭ كېچىسى «سۇباتلىق يىگىت»، «رەمچى خوتۇن» ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭىز مېنىڭمۇ ئېسىمدە!

— بولدى، جەۋلان، ئۇ كۈنكى ئىشلار تەممەت ئېسىمدە يوق، سىز نېمە دېدىڭىز، مەن نېمە دېدىم، بىلمەيمەن، — كامالەت ياشلىق كۆزلىرى بىلەن كۈلدى، — «سىزدەك مۇلايىم، ساددا سەھرا قىزىنى ئالداپ قويۇپ، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابىدا ياشىغۇم يوق!» دېگەن سۆزىڭىزلا يادىمدا قاپتۇ...

— خوش ئەمىسە، — جەۋلان يىراقتا كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىققا قارىدى، — ئامان بولۇڭ.

— توختاڭ، — كامالەت جەۋلاننىڭ بوينىغا گىرە سالدى، — ئىككىمىزنىڭ ئىزىغا چۈشىدىغان ئۈچ ئوتقۇيرۇقى پوتلىسىنى تارتالماي قالدى... ئەمدى ئارقىمىزدىن ھېچكىم ناغرا چالمايدۇ.

كامالەتنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگمەيلا جەۋلان ئۇنىڭ بوينىدىن قايرىپ قاتتىق سۆيدى ھەم ئۇلار لەۋلىرىنى خېلى ئۇزاققىچە ئاجرىتالمىدى. لېكىن، زۇلالنىڭ «كەمپۈت شىرنىسىغا چاپلىشىپ قالماڭ» دېگەن گېپى ئېسىگە كېلىشى بىلەن جەۋلان تېخىمۇ بەكرەك چاپلىشىپ قالدى...

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# تەكلىماكان ئوغلى

قۇنىخان ئانىنىڭ يىغا ئاۋازى يۇلغۇنلۇق چاتقاللىقنى زىلزىلىگە سالدى. قومغىلا ياتقۇزۇپ قويۇلغان ھابىلنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئاق ماتادىن يوپۇق يېپىلغان بولۇپ، ئىغىز - بۇرۇنلىرىنى لاتا بىلەن يۆگىۋالغان ھاشىم، يار بەختى، مەتسېلىم، ئىمىن، ئايشەملەر غەزەپ ھەم ئېچىنىش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. قۇنىخان ئانا بەتبۇي پۇراپ تۇرغان جەسەتنى قۇچاقلاپ زار - زار يىغلايتتى. مىنىبىگلار ئۇنى بىرقانچە قېتىم يۆلەپ تۇرغۇزغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بولجۇنۇپ، ۋارقىراپ - چىرقىرىغىنىچە جەسەتكە ئۆزىنى تاشلايتتى. ھاشىم ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىنلا قۇنىخاننى ياربەختى بىلەن بىر مىنىبىگ تەستە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ھابىل كۆمۈلگەن قوم بارخاننى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ئون نەچچە قەدەم ئارىلىقتىكى ئات تېزەكلىرىنى كۆرۈپ قالغان يار بەختى بىردىنلا توختىدى. ئۇ مىنىبىگغا قۇنىخاننى ئېلىپ مېڭىشنى ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ يەر - بۇ يەرگە تۆكۈلگەن تېزەك ھەم ئات تۇياقلىرى ئىزى چۈشكەن يەرگە كەلدى. تېزەك ھەم ئىزلارنىڭ چۈشكىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھاشىم، مەتسېلىم، ئايشەم، ئىمىنلارغا «كېلىڭلار» دېگەندەك قولىنى پۇلاڭلاتقانىدى، ئۇلار كەتمەن - كۆرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى. ھاشىم يەردىكى ئادەم ۋە ئات تۇياقلىرىدىن تىلغانغان ئىز ھەم

تېزەكلەرگە بىر هازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بىر تال تېزەككە ياغاچ سانجىپ باقتى. ئاندىن ئۇ جىددىيلەشكەن هالدا:

— بۇ تېزەك هەم ئىزلارنىڭ چۈشكىنىگە ئانچە كۆپ بولماپتۇ. بۇ يەرگە 3 ~ 4 سائەت ئالدىدا ئادەم كەلگەن، — دەپ قويدى.

— قاراڭلار، — دېدى ئايشەم قۇم بارخان باغرىنى كۆرسىتىپ، — بۇ يەردە كۆرەك ئىزى تۇرىدۇ.

— راست، كۆرەك ئىزىكەن، — هاشىم قۇم بارخانىنى ئايلىنىپ كۆزەتتى، — بىر كىم بارخان ئۈستىگە قۇم دۆۋىلەپتۇ.

ئۇلار قۇم بارخان ئۈستىدىكى قۇرۇق يۇلغۇن شېخىغا تىكىلىپ تۇرۇشى، كەنت تەشكىلىدىن كەلگەن تۆت مىنبىلىڭ هابىلىنىڭ جەسىتىنى تاختىپۇشقا سېلىپ، ئۈستىنى كىگىز بىلەن يۆگەپ ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويغان هاشىم قايتىپ كېلىپ قۇم بارخان ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ كولاشقا باشلىدى. ئاڭغىچە باشقىلارمۇ كۆرەك، كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بارخان ئۈستىگە چىقىشتى. ئۇلار بىردەمدىلا قۇملارنى پەسكە ئىتتىپ چۈشۈرۈشى ئارا ساندۇقنىڭ يۈزى ئېچىلدى. مەتسېلىم بىلەن ياربەختى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئېلىشى ئۇنىڭ ئاستىدىكى باغلام - باغلام گىلەم، بىر نەچچە تاغار قىممەت باھالىق ئۆچكە تىۋىتى، ئۈچ دانە چوڭ ساندۇق قاتارلىق نەرسىلەر كۆرۈندى. خۇددى بارخاندەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان دۇنيا دەپىنىگە قارىشىپ تۇرغان هاشىم، ياربەختى، مەتسېلىم، ئايشەم، ئىمىنلار خۇشاللىقدا ئۆزلىرىنىڭ پەرەز هەم ئويلىغانلىرىنى دېيىشمەكتە ئىدى.

— ئات تېزىكى، تۇياق، ئادەم هەم كۆرەك ئىزلىرىغا قارىغاندا، — دېدى يار بەختى، — چاۋار كېچىدىن بىر نەرسە

كۆڭلى كەلدىمكىن دەيمەن.

— ئۇ قاچىدىغان چاغدا، — ئايشەم دەرھاللا ئېتىراز بىلدۈردى، — بىر نەرسە قويۇپ مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس. چاۋار ساندۇقتىن مۇھىم بىر نەرسىنى ئېلىپ، ئالدىراپ - تېنەپ قاچقان. شۇڭا، يەرگە چۈشكەن ئىزلار بىلەنمۇ كارى بولمىغان.

— بەلكىم، پۇل بىلەن ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن، — ھاشىمنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئەنسىزلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى، — چاۋار ئۇرغۇن دۇنيا بىلەن قاچتى. ئۇ جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق قىلىدۇ. مەن جەۋلاندىن ئەنسىرەپ قالدىم. جەۋلان جىسمانىي ئېغىر چىلىقلاردا پىشمىغان... ئۇنى ئەۋەتمىسەممۇ بوپتىكەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ ھاشىمكا، جەۋلانمۇ قۇمتامىنىڭ قۇملۇقلىرىدا يۇمىلىنىپ يۇرۇپ پىشىپ كەتتى دەڭگا...

ياربەختىنىڭ چاقچىقى كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى.

— كامالىنىڭ تويى بولغان كۈنى چارقۇمنىڭ ئېدىرلىقلىرىدا راسا پىشتىغۇ دەيمەن...

مەتسېلىمنىڭ بۇ يالىڭاچ ھەزىلى كۈلكىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى.

— مەست بولۇپ قالغاندا يۇمىلانسا، — ياربەختى كۆزلىرىنى ئويناتتى، — تېخىمۇ پەيزى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ - دە!

قاقاقلاپ كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ئايشەمنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن بىردىنلا جىمىقتى.

— تولا تېتىقسىزلاشماڭلار، يوق ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، قاملاشمىغانلار.

— سىلەر ھەر نېمە دېسەڭلەر، — دېدى ھاشىم تەمكىن تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ جەۋلان بىلەن كامالەتنىڭ ئىشىدىن خەۋىرىم بار. ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. لېكىن، جەۋلان ئۇستىدە سىياسىي ۋەزىپە بولغاچقا، ئۆزىنى

قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، كامالەتنىڭ رايىنى ياندۇرۇپلا كەلدى.

— لېكىن، چاندۇرۇپ قويغان يەرلىرىمۇ بار، — دېدى ياربەختى.

— ياش ئەمەسمۇ، بەزىدە ھېسسىياتنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

— جەۋلاننىڭ، — ئايشەم كۆڭلىدىكىنى دەۋەتتى، — كامالەتنى ئۇرۇمچىدە ئوقۇتمەن، دېگىنىدىنلا ھەممە ئىش ئايدىڭ تۇرمامدۇ.

— بوپتۇ، — ياربەختى كۈلۈپ قويدى، — جەۋلاننىڭ تارتقان جاپاسى ئۈچۈن قۇمتامنىڭ بىر تال گۈلىنى بەرسەك ئەرزىيدۇ. كامالەتكە «قۇملۇق گۈلى» دەپ ئىسىم قويغانمۇ جەۋلان ئۆزىغۇ.

— جەۋلان قۇمتامغا كەلگەندىلا كامالەتكە تامغا بېسىپ قويۇپتىكەن ـ دە...

مەتسېلىمنىڭ چاقچىقى كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى.

كامالەت ئۈستىدە غايىۋانە چاقچاق بولۇنۇۋاتقاندا، بوغالتىر ئىشخانىسى ئەرەختەن ـ پەرەختەن بولۇپ كەتكەندى. كېلەڭسىز ئىشكاپ ۋە ئۈستەللەر بىر تەرەپكە دۈۋىلىنىپ ئىشخانا تېگى پۇتۇنلەي قېزىۋېتىلگەن ئىدى. كامالەت، كېرىموللا، مەتنىيازلار كۆك تاشلىق خاتىرىنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار خاتىرىنىڭ ھەر بىر بېتىنى ئۆرۈگەندە خۇشاللىقتىن، يېزىلغان سان ـ سىپىر، سەھىپىلەرگە كۆز تاشلايتتى. ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ ۋارقىرىشىپ كېتەتتى.

— مەتسىدىق ھەممە خىيانەتنىڭ ئۆزىگە ئارتىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، — دېدى كېرىموللا خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ، — ھېچنېمىنى قالدۇرماي يېزىپ مېڭىپتىكەن ـ دە.

— چاۋار بىلەن مەتسىدىقنىڭ، — مەتنىيازمۇ خاتىرىگە بويۇنداپ قارىدى، — خېلىلا كۆپتەك قىلامدۇ، نېمە؟

— ئىگەمبەردىنىڭمۇ ئاز ئەمەسكەن، — دەپ قويدى كامالەت، —

ئۇمۇ گىلەم كارخانىسىدىن گىلەم، يۇڭ يىپ ھەم ئۆچكە تىۋىتلىرىنى ھۆججەتسىز ئاپتۇ، قاراڭلار.

— بىزنىڭمۇ ئىرىشمەكچى بولغىنىمىز، — دېدى مەتنىياز، — مۇشۇنداق ھۆججەتسىز، ئىسپاتسىز، ئۆزئارا بۆلۈشكەن نەرسىلەر ئەمەسمىدى؟ توۋا، ئىگەمبەردى كەنت باشلىقى تۇرۇپ، باشقىلارغا يول ئېچىپ بەرگىنىنى قارا.

كامالەت، كېرىمۇللا، مەتنىيازلار ئىگەمبەردىنىڭ خىيانەتلىرىنى ئېچىنغان ھالدا تىلغا ئېلىۋاتقاندا، ئىگەمبەردى بىلەن خوتۇنى نىساخان ئەتىگەنلىك چاي ئىچىۋاتاتتى. ئۇ بەكمۇ خامۇش ھەم ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغاندەك قىلاتتى.

— خوتۇن، — دېدى ئىگەمبەردى بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە، — كىيىم - كېچەكلىرىمنى ياماپ، يۇيۇپ تەييارلاپ قوي، تۇيۇقسىز مېنى ئېلىپ ماڭسا.

— تولا شۇم ئېغىزلىق قىلمىسىلا، — نىساخاننىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى، — ھاشىمنى قەستلەش، كۆك خاتىرە، قىر دەريا سايلىقىغا ئاشلىق يۆتكەشتەك ھەر يوغان ئىشلارنى پاش قىلدىلا، بۇلارنىڭ سەخىي - ساخاۋىتى بولا؟

— كۆك تاشلىق خاتىرىنى ئۆزۈم پاش قىلدىم، لېكىن ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن خىيانەت مېنى ئۇدۇل گۇندىخانىغا ئاپىرىدۇ، — ئىگەمبەردى چېكىسىنى قاماللاپ يىغلىۋەتتى.

— بولدى، يىغلىمىسىلا، جەۋلان كادىر «مەن سىلىگە ئىگە بولىمەن» دېدىغۇ.

— جەۋلاننىڭ كۆڭلى ياخشى، بىراق خاتالىقىمنىڭ ئېغىرلىقى ئۆزۈمگە ئايان! — ئىگەمبەردى بېشىنى توختىماي چايقىدى، — مېنى ئازدۇرغان چاۋار! بۇ مۇناپىقنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى يۇلۇۋالسامۇ دەردىم چىقمايدۇ.

ئىگەمبەردى چاۋارنى نەپرەت، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ئىچىدە تىللاۋاتقاندا، قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى كامال، جەۋلان،

زۇلاللار ئاتلىرىنى قاترىتىپ مىڭىلىغان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى قۇملۇق، يۇلغۇنلۇق، شىۋاقلىق جىلغىلاردا كېتىۋاتاتتى. ئەڭ ئېگىز بارخانلار چوققىلىرىغا سانجىلغان خادىلار، خادىلاردا لەپەڭلەپ تۇرغان لاتىلار، قوتاز قۇيرۇقى، ئىچىگە سامان تىقىلغان ئۆچكە تۇلۇملىرى ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇراتتى. كامال ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ھەمراھلىرىغا ئۆزىنىڭ پەرەزلىرىنى دېگەچ كېتىۋاتاتتى. چاۋار ئۇلاردىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى تۇتۇش ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئىمىن بىلەن ئىگەمبەردى ئىشخانىغا قېچىپ كەلگەندىن ھازىرغىچە سەككىز سائەتتەك ئۆتتى. چاۋار سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا بىرەر سائەتتەك كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يولغا چىققىنىغا يەتتە سائەت بولۇپ قالغانىدى. يورغىسى ئىتتىك، قەدىمى چوڭ قاشقا تورۇق سائىتىگە ئون كىلومېتىر مۇساپىنى باسقىنىدا چاۋار قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكىلەردىن 60، 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئىز قوغلاپ ماڭغاندا ئۇنى تۇتۇش تەسكە چۈشەتتى. كامالنىڭ گېپىدىن ئەنسىرەپ قالغان جەۋلان ئېتىنى يانداپ ئۇنىڭغا يېقىن ئېلىپ كەلدى:

— ئۇنىڭغا سىزنىڭ قانداق ئامالىڭىز بار؟ — سورىدى جەۋلان، — قېنى دەپ بېقىڭ.

— بىز يولدىن قېيىپ، ئۆتتۈر پاشىلىققا قاراپ ماڭايلى، — كامال ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىيرىپ توختاتتى، — پاشىلىقتىن ئۆتسەك، «قۇمسىرات» دەيدىغان ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز تاغ بار، ئەمما...

— ھە، ئەمما دەيسەنغۇ، ئۇ يەردىن ئۆتمەك تەس ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى زۇلال ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — قېنى دېگىن، ئاڭلاپ باقايلى.

— شۇنداق! — كامال ئېغىر تىندى، — قۇمسىرات تېغىنىڭ «ئاناماتاش» دېگەن داۋىنىدىن يېرىم كۈندىن ئارتۇقراق ئاتلارنى

يېتىلەپ ماڭىمىز.

— چاۋارنى تۇتقىلى بولسىلا چىدايمىز، — دېدى جەۋلان ئېتىنى قايرىپ.

— داۋاندىن چۈشسەكلا بىر يېرىم كۈنلۈك يولنى قىسقارتىمىز، — كامال يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى، — سىلەر؟!

— بىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، — جەۋلان ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بەردى، — چاۋارنىڭ ئالدىنى توسقىلى بولسىلا، ھەرقانچە جاپا بولسىمۇ يېڭىمىز.

— بىراق، داۋانغا يامىشىش ئاسان ئەمەس، ئادەمنىڭ ئىككى پۇتىسى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك قاتتىق ئاغرىيدۇ.

— بولالماي قالساق ئۆلەيمىز، — دېدى زۇلال چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ.

— كارۋانلار كۆرسە، ئۈچ ئاتنىڭ ئۈچ تايچىقى بار ئىكەن، دەيدىغان بولدى ـ دە.

جەۋلاننىڭ چاقچىقى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

قۇياش قىزىرىپ ئولتۇرماقتا. قۇمسىرات تېغىنىڭ ئاسمىنى قان قۇيغاندەك قىزارغان ئىدى. كامال، جەۋلان، زۇلال داۋاندا ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بېلىگە باغلاپ، ھاسىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئوتتۇردا ماڭغان جەۋلان چاپان ـ كۆڭلەكلىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتكەن بولۇپ، يۈز ـ بويۇنلىرىدىن ئاققان تەردىن ھور كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. چاپىنىنى ئېگەر ئۈستىگە ئارتىپ قويغان زۇلال كۆڭلىكىنى بېلىگە باغلاپ، ئاسما مايكىسى بىلەنلا بەزىدە ئۆمىلەپ، بەزىدە ئېڭىشىپ ماڭاتتى. ئۇ پات ـ پاتلا پۇتىسىنى ئۇۋۇلايتتى ياكى پاقىلدىتىپ ئۇراتتى. كامال گەرچە تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ھەم ئېتىپ، پوتىسىنى چىڭ باغلىۋالغانىدى. ئۇ ئېتىنى توختىتىپ، ھەمراھلىرىغا قارىدى.

— ئاغىنىلەر، داۋان بەك تىك ھەم ئۇزۇن بولغاچقا، تەرلەپ





كېتىشىمىز بەك كۆچىگەنلىكتىن، ماغدۇرنىڭ خورىغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ، تەرلىسەكمۇ كىيىملەرنى سالمايلى، — دېدى كامال كۆيۈنگەن ھالدا، — ھازىر 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئەگەر بۇ چۆلدە كېسەل بولۇپ قالساق، ئەڭ خەتەرلىكى شۇ.

كامالنىڭ سۆزلىرىدىن خىجىل بولغان جەۋلان بىلەن زۇلال دەرھال چاپانلىرىنى كىيىپ تۈگمىلىرىنى ئېتىشتى.

قۇياش قۇمسىرات تېغىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىش بىلەن ئۇتقاشتەك قىزارغان ئاسمان قەرىدە «ئانامتاش» داۋىنى بىنەپشەرەڭ نۇر ئىلكىدە غۇۋا كۆرۈندى. يانباغىردىكى تىك داۋان يولىدا كېتىۋاتقان ئۈچ ھارغىن ياش يىراقتىن خۇددى قانغا چىلىشىپ قالغان ھاشاراتلاردەك مىدىرلايتتى. باشلىرى ساڭگىلىغان ئاتلارمۇ گويا قوڭغۇزلاردەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇلار تولىمۇ ئاستا ئۆرلەپ ئانامتاش داۋىنىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ئانامتاش داۋىنىنىڭ ئەڭ ئۈستى پەللىسى تولىمۇ تار بولۇپ، ئىككى تەرىپىدىكى قۇم چېقىلى خۇددى پۈتلىرىنى ئالدىغا سوزۇپ ياتقان ئىككى شىر بىر - بىرىگە خىرىس قىلىۋاتقاندەك قارىشىپ تۇراتتى. قۇم چېقىل دالدىسىدىلا ئەدىياللىرىنى يېيىپ ياتقان جەۋلان بىلەن زۇلال قۇمتاغنىڭ كېچىلىك سوغۇقىنى تۇيماي قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. كۆللى كائىنات ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن تولغان بولۇپ، جەھەننەم چوڭقۇرلۇقىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي پايانسىز قۇملۇقنى سىرلىق كۆكۈچ نۇرىدا يورۇتۇپ تولىمۇ سۈرلۈك مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. كامال ئۈچ ئاتنىڭ بېشىدىكى توۋرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئىچىگە قارىدى - دە، ئاتلارنىڭ بويۇنلىرىغا شاپىلاقلاپ ئەركىلەتتى.

— ھە، يەنە كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارايسىلەرغۇ، ئەمدى شۈكۈر قىلىڭلار، قوناق بىلەن ئارپىنى تېجىمىسەك كېيىن روزى تۇتۇپ

قالارسىلەر ئاغىنىلەر! ئەمدى كالپۇكلىرىڭلارنى نەمدىگۈدەك سۇ بېرىمەن.

كامال قەلەي قاچىغا يېرىمىراق سۇ قۇيۇپ، ئاتلارنىڭ بىرىنىڭ تۇمشۇقىغا تەڭلىدى. قۇملۇقتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاتمۇ سۇنىڭ قەدرىگە يەتكەندەك، قەلەي قاچا ئىچىنى يالاپ پاك ـ پاكىز ئىچىۋەتتى. كامال ئاتلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئازغىنا ئۇسسۇزلۇق بېرىپ بولغاندىن كېيىن ھەمراھلىرىنى ئويغاتماقچى بولدى. لېكىن، كېچىنىڭ سوغۇق شامىلىنى سەزمەي، ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ ئۇخلاۋاتقان زۇلالغا، قۇم دۆۋىسىگە يۆلىنىپ بىر خىلدا پۇشۇلداۋاتقان جەۋلانغا قاراپ، ئۇلارنى ئويغىتىشقا پېتىنالمىدى.

— ئاپلا، ماڭساق بولاتتى، — ئاستا پىچىرلىدى كامال، — چاۋارنىڭ قاشقا تورۇقى ئۇچقۇر شامال.

كامال قۇمدىلا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرى بېسىپ كەلگەن يىراق مەنزىلگە قارىدى. پاشىلىق خۇددى يەرگە قونغان بىر پارچە قارا تۇماندەك سۇس قارىيىپ تۇراتتى. گەرچە چەكسىز پىچانلىق، يالغۇز توغراق، غېرىبانە ئۆي، يۇلغۇنلۇقلارنى قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا يىراقتىن يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر سىيما كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ «كامال!...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قۇشتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. كامالمۇ «لەيلى!...» دېگىنىچە قولىدىكى چالغىنى تاشلىۋېتىپ يۇگۇردى! پاھ، بىپايان قۇم دەشتى، سەھرايى چۆللۇكتىكى ئىشقى ـ سەۋدا ئاتەشلىرىگە ئاپىرىن ئېيتقان تەبىئەت چىداپ تۇرالمىدى! قۇمسىرات تاغ ئارقىسىدىن چىقىلغان چاقماق يالت ـ يۇلت قىلىپ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئىككى تەننى دەممۇدەم يورۇتۇپ تۇردى! شۇنداق، شۇ ئايدىڭ كېچە ئورۇلغان پىچانلار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كامالنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەن لەيلى ئۇيالغىنىچە

يۈزلىرىنى قاچۇرۇپ: «بويۇمدا قاپتۇ...» دېگەنىدى. كامال خۇشاللىقىدا ئۇنى دەست كۆتۈرۈپ، شۇنداق پىرقىراتتىكى، لەيلى چىرقىراپ كەتتى! ئەنە، قارناق ئۆي ئىچىدە كۆزلىرى لىقمۇلىق سۈزۈك ياشلارغا تولغان لەيلى كامالنى قۇچاقلىغىنىچە: «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!» دەۋاتىدۇ... توغرا، توي كېچىسى ئۇلار تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ھۇجرا ئۆيدىن چىقىپ ھويلا ئالدىدىكى ئېرىق بويىغا كەلدى. ئېرىقتىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ ئۇلارنى كۆرۈپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ۋىلىقلاپ كۈلۈشتى. ئاندىن كىچىك نور ئىچىدە بوغۇق گۈگراپ ئازمىغا ئىتتىكلا چۈشۈپ كېتىشتى. ئاسماندىكى تولۇن ئاي يۈزلىرىگە يېقىپ، قۇچاقلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ سېيماغا قارىغانسېرى زوقى كەلگەنمۇ، نېمە، ئۇلارنى ئالتۇن نۇرلىرىغا پۈركەپ «توي چاچقۇسى» ئاتا قىلدى...

... تاتلىق ئەسلىمىلەردىن لەيلىنى سېغىنغان كامال تىك كۆتۈرۈلگەن ئايغا قاراپ، ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتقان ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارنى ئويغىتىشقا كۆڭلى يەنىلا قىيىمىدى. بولۇپمۇ لايدەك ئېزىلىپ ياتقان جەۋلاننى كۆرۈپ ئارقىسىغا ياندى. كامال ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ زۇلالنى تۇرتۇپ ئويغاتقاندا، تاڭ يورۇشقا باشلىغانىدى. كامالنىڭ ئولتۇرۇشقان ھەم قىزىرىپ قالغان كۆزلىرىنى كۆرگەن جەۋلان بىلەن زۇلال ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى ئويغىتىشقا پېتىنالماي كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلىپ خىجىل بولغىنىدىن بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

ئۇلار ئاتلىرىنى مىنىپ ئاناماتاش داۋىنىدىن چۈشكۈچە قۇياش قۇم دەشتىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. كېچىچە ئارام ئېلىپ، قۇمغا ئېغىناپ، بوغۇز ۋە سۇ بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ناشتا قىلغان ئاتلارمۇ تاپۇر ـ تۇپۇر چېپىشىپ، كارۋان يولىغا چۈشكەندە، كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنىدى. سەپەرگە چىققاندىن بېرى يولغا زەن

سىلىپ كېلىۋاتقان كامال قۇمدىكى تىلغانغان تۇياق ئىزلىرى بىلەن تېزەكلەرنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ يەرگە تىزلانغىنىچە ئات تېزىكىگە تەمەچ سانجىپ بېقىپ، چۆچۈگەندەك بولۇپ ھەمراھلىرىغا قارىدى. ئاڭغىچە جەۋلان بىلەن زۇلال يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— ئاپلا، چاۋار ئۆتۈپ كېتىپتۇ، — دېدى كامال ئۆكۈنگەن ھالدا، — تېزەكنىڭ يۇمشاق ھەم پۇرىقىغا قارىغاندا، ئىككى - ئۈچ سائەتتەك بولۇپ قاپتۇ.

— ئاخشام بىزنى ئويغاتساڭ بولماسمىدى، — غودۇڭشىپ قويدى زۇلال، — مانا ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— بىرنەچچە قېتىم تەمشەلدىم، قارىسام قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپسىلەر، — كامال جەۋلانغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، كۆزلىرىنى قاچۇردى، — ئويغىتىشقا پېتىنالمىدىم شۇ.

— سەۋەنلىك مەندە، — جەۋلان خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى، — ھاردۇقتا ئۇخلاپ قالغىنىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن.

قۇياش تىك كۆتۈرۈلۈش بىلەن كۆك ئاسمان، بوز قۇملۇق ئىللىشقا باشلىدى. ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىقتىن مادارى قۇرۇغان قاشقا تورۇق تېقىملىرىغا چۈشۈۋاتقان قامچا زەربىسىدىن توغراقتەك يوغان گەۋدىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. چاۋار ئۇنىڭغا رەھىمسىزلىك بىلەن قامچا سالاتتى. ئاتنىڭ بويۇن، يوتىلىرىدىن ساقىپ چۈشكەن قارا تەر كۆپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. سەپەرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى قاشقا تورۇق ئېغىر ھاسىراپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن كۆپۈك قايناپ كېتىۋاتقاندا، قوغلىغۇچىلارنىڭ ئاتلىرىمۇ قۇم ھەم سېغىز تۇپا ئارىلاشقان تىك چېقىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن تار، ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللاردا جېدەللەپ كېلىۋاتاتتى. كامال پات - پاتلا ئاتتىن چۈشۈپ، تۇياق ئىزلىرىغا قارايتتى ھەم يەرگە قولىقىنى يېقىپ چىرايى تۈرۈلەتتى. ئۇلار كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك ھاڭلار

ئوتتۇرىسىدىكى قىستاڭ يوللارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يەنىلا بىپايان قۇملۇقلارغا قەدەم ئالغاندا، كۈن ئولتۇرۇپ بىردەمدىلا جاھاننى قاراڭغۇلۇق ئۆز باغرىغا ئالدى. چۆل ئاسمىنى چاراقلىغان يۇلتۇز تورلىرى بىلەن قاپلىنىپ ئايمۇ ئۆز ئۆۋىسىدىن چىقتى. چۆلدىكى ئۈچ ئاتلىق يىگىت، قۇمتام كەنتى ھەم يارلىرىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ ئۆزگە تەلمۈرۈپ تۇرغان لەيلى، كامالەت ۋە ھاشىملارنى كۆرۈپ تۇرغان ئاي ئۇلارغا ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن سېپىپ تۇراتتى. كەنت تەشكىلى ھويلىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ھاشىم ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئاستا پىچىرلايتتى:

— ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى! ئۇلار قانداق مۇشكۈلاتلارغا يولۇققاندۇ؟ نان ۋە سۇ تېجەپ ئىشلەتسە ھەپتىگە يېتەر، ئەمما ئاتلارچۇ؟ كامالغۇ ئۆزى يېمىسە، ئىچمىسە مەيلىكى ئاتلارغا كۆيۈندۇ. لېكىن، ھېچ ئىش كۆرمىگەن جەۋلانغا ئۇۋال بولدى. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى ئۇلارغا يېتىشىۋالسا بولاتتى...

ھاشىم ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان بۇ كېچىدە، ھويلا ئالدىدا مىس لېگەندەك تولغان ئايغا قاراپ تۇرغان لەيلى كۆزلىرىنى سۇۋارى ياش قاپلىغان ھالدا:

— ئاھ، كامال! سىز... سىز نەدە؟! — دەپ نالە قىلىۋاتاتتى. كامالەتمۇ چارقۇمدىكى يالغۇز توغراق تۈۋىدە يۇم - يۇم ياش تۆكۈۋاتاتتى:

— جەۋلان! مۇشۇ ئايدىڭ كېچىدە، ئاينى گۇۋاھ قىلىپ سىز ئۈچۈن بىر ناتىۋاننىڭ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — دەپ پىچىرلايتتى كامالەت، — ئۆتكەندە مېنى يەنە بىر قېتىم ئۈمىدسىزلەندۈردىڭىز. سىز بىلەن سىردىشىپ، مۇڭداشقانلىرىمنى ئەسلىسەم، ماڭا ئازابتىن ئۆزگە نەرسە ئاتا قىلمىدىڭىز. ئەمما، تۇتۇق ئاتام ھاشىمنىڭ نەسىھەت -

## ئەكىلىماكان ئوغلى (2)

تەنبىھلىرىنى ئويلىسام ئۈمىد چىراغلىرىم باشقىدىنلا يورۇپ كېتىدۇ. جەۋلان!... جەۋلان!... ئامان بولۇڭ، پات ـ پات چۈشۈمگە كىرىپ تۇرۇڭ... ئەگەر چۈشۈمگە كىرمىسىڭىز مېنى ئەسلىمەپتۇ، ئۇنتۇپتۇ دەيمەن...

... جەۋلان كامالەتنىڭ نالە ـ پىغانلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئېگىز قۇم دۆڭلۈكىدە تولغان ئايغا قاراپ تۇراتتى. پەسلىكتىكى جىلغىدا كامال، زۇلاللار ئاتلارنىڭ ئېگەرلىرىنى ياستۇق قىلىپ، قۇمغا كىگىز، ئەديياللىرىنى سېلىپ يېتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. پىغانى ئۆرلەپ قالغان جەۋلان كامالەت بىلەن بولغان ئاخىرقى قېتىمقى سۆھبەتنى ئەسكە ئېلىپ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يېرىم ئىدى. ئۇلار چارقۇمدىكى ئېگىز ـ پەس قۇملۇق ۋە ئېدىرلىقلارنى ئايلىنىپ، ئايدىڭ كېچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. جەۋلاننىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن يۈرىكى ئەلەمزىدە بولغان كامالەت ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئوقۇشقا باغلاپ ئاستا سورىدى:

ــ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا راستىنلا ئاغىنىڭىزنىڭ دادىسى مۇدىرما؟

ــ مەن ئۇ ئادەمگە ئىشەنچەم بولمىسا، سىزگە ھەرگىز ۋەدە قىلمايمەن. ئۇ ئادەم مېنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدۇ.

ــ مېنى ئالداپ قويمايدىغانسىز؟

ــ سىزدەك مۇلايىم، ساددا سەھرا قىزىنى ئالداپ قويۇپ، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابىدا ياشىغۇم يوق.

ــ جەۋلان، راستىنلا مېنى ياقتۇرامسىز؟

ــ كامالەت، مېنى... تەڭلىككە سالماڭ، بولامدۇ؟

كامالەتنىڭ ئانىسى گۈليارىخان ياتلىق بولۇپ ئىلىغا مېڭىش ئالدىدا قىزىنى قۇماقتىغا ئاپىرىپ رەمچى خوتۇنغا رەم سالدۇرغانىدى. رەمچى كامالەتنى: «يولۇڭ ئوچۇقكەن، بەخت ساڭا يار بولغۇدەك، بىر سۇباتلىق يىگىت قۇمتامدا پەيدا بولغۇدەك...» دېگەنىدى. كامالەت جەۋلاننى كۆرمەي تۇرۇپ: «سالپاڭ قۇلاق

توشقان» دېگەنلىكى راست! لېكىن، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن رەمچى خوتۇن راست دەپتىكەن، ھېلىقى سۇباتلىق يىگىت ئەمدى كەپتۇ.. دەپ ئۇمىدلىرى باشقىدىنلا چېچەكلىدى. كامالەتنى ئانىسى ھەم رەمچى خوتۇنمۇ ئالدىمىغاندۇ؟

كامالەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جەۋلان ئۇنىڭ ساددىلىقىغا ئامراقلىقى كەلدى ھەم ئېچىندى. شۇنداقتىمۇ ئىلاجسىز كامالەتنىڭ مەيلىنى ياندۇردى.

— كەچۈرۈڭ كامالەت، مېنىڭ كۆڭلۈمدە سىزگە نىسبەتەن خەيرخاھلىقلا بار.

— ياق، ياق... ئىشەنمەيمەن. سىز ھەر قېتىم ماڭا قارىغىنىڭىزدا كۆزلىرىڭىزدىن مېھىر - شەپقەتلىك ھەم ئوتلۇق بىر نۇر چېقىن چاقاتتى. لېكىن، ئىگەمبەردىنىڭ مېنىڭ چوڭ دادام ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ئۇ نۇر بىردىنلا ئۆچتى! ئۇنىڭ ئورنىغا سوغۇق، ئاي نۇرىدەك سوغۇق بىر نۇر ئالماشتى!

... دۆڭلۈك ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنچە - مەرۋايىتلاردەك چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ قالغان جەۋلان شۇ چاغدىكى كامالەتنىڭ نۇرانە يۈزلىرىنى سۆيۈپ تۆكۈلۈۋاتقان ھال رەڭ ياشلارنى قايتا كۆرگەندەك بولدى - دە، ئۆزىنىڭمۇ كۆزلىرى مانانلاشتى:

— سۆيۈملۈك كامالەت، — ئۇ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — مەن سىزنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى ھېس قىلالامسىز؟ ئەمما مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ھازىر ئىلاجسىزمەن!

جەۋلان شېرىن ئەمما ئازابلىق خىياللارغا چىرمىلىپ دۆڭلۈكتە تۇرۇۋەرگەنمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇ زۇلالنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن سەگىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. كامال ئۇلارغا بىر پارچىدىن نان ئۈشتۈپ بەرگەندىن كېيىن ئۆزى دوپپىسىدىكى قوناقنى ئاتلارغا يېدۈردى. ئاندىن قەلەي قاچىغا سۇ قۇيۇپ ئاتلارنىڭ تۇمشۇقىغا يېقىن ئەپكەلدى. ئۇلار سۇنى ئاياپ يول

بويى بىرەر ـ يېرىم يۇتۇم سۇ ئىچىپ، ناننى قۇرۇق يەپ كېلىۋاتاتتى.

— كامال، ئازراق نان يەپ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچىۋالامسىز؟ — دېدى جەۋلان قۇرۇق ناننى ئارانلا يۇتۇپ، — ئاتلارنى دەپ يېقىلىپ قالماڭ يەنە؟

— بايا بىر بۇردا نان چايىنىدىم، سۇ ئىچسەم بولىدۇ.

كامال قەلەي قاچىدىكى ئاتتىن ئاشقان بىرنەچچە تېمىم سۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى نەمدىدى. ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ، كۆلسە ياكى ئۇنلۇكرەك گەپ قىلسىمۇ كالپۇكلىرىدىن قان تەپچىرەپ چىقاتتى. كامالنىڭ ئاتتىن ئاشقان بىر ـ ئىككى تېمىم سۇ بىلەن كالپۇكىنى نەمدىگەنلىكىنى كۆرگەن جەۋلاننىڭ تۇيۇقسىزلا بىر ئىش ئېسىگە كەلدى ـ دە، ئورنىدىن دەست تۇرۇپ، ئاتنىڭ يوپۇق، يۇگەنلىرى دۆۋىلەنگەن يەردىكى سومكىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ سومكىدىن يوغان ئۈچ دانە ئانارنى ئېلىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— قاراڭلار بۇنىڭغا! ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

— جەۋلان بېگىم، — دېدى زۇلال چاقچاق قىلىپ، — كامالەت بەرگەن نېمەتنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭىز بولماپتۇ، يەنە كېلىپ «قۇملۇق گۈلى»نىڭ ئانىرى دەڭا.

— چاقچاقنى قويۇڭ، ھەممىمىز تەڭ يەيلى.

جەۋلان ئۈچ ئانارنى بىردىن تەقسىم قىلىپ بەرگەندى، كامال ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئىككى ئانارنى ئېلىپ سومكىغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ قولىدىكىنى پىچاقتا ئۈچ پارچە قىلىپ كەستى.

— سۇ ئاز قېلىۋاتىدۇ، — دېدى كامال ئانار پارچىلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، — ۋاقتى كەلگەندە ئانارنىڭ 4، 5 دانە ئۇرۇقى بىر نوگاي سۇنىڭ ھۆزۈرىنى بېرىدۇ. بۇگۈنچە سۇ ئىچمەي،





ناننى ئانار دانىلىرى بىلەن يەڭلار.

— بۇمۇ بولىدىكەن، — دېدى زۇلال ئانار دانىلىرى بىلەن ناننى قوشۇپ چايناۋېتىپ، — ئېغىزغا سۇ پەيدا قىلىدىكەن ئەمەسمۇ.

— چاۋار چايانمۇ قورسىقىنى كۆتۈرۈپ بولالماي، ھاردۇقتا راسا ئۇخلاۋاتقاندۇ. شۇڭا بىزمۇ بىرەر سائەتتەك كۆز يۇمۇپ، ئاندىن يولغا چىقىمىز.

كامال توغرا پەرەز قىلمىغانىدى. ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قالسا قانداق ئاقىۋەتكە قېلىشىنى بىلىدىغان چاۋار ئاز ئۇخلاپ ياكى ئۇخلىماي مېڭىشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، يەرگە قۇلىقىنى ئۇزۇن يېقىپ، خۇددى قۇدۇق ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تولىمۇ زەئىپ دۈكۈرلىگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قوغلىغۇچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ھەتتا تىك چېقىل، چاتقاللىقلار ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن قارا تاز، قۇزغۇن ھەم باشقا تاپخور قۇشلارنىڭ ئۈركۈپ ئۇچۇشلىرىدىن، ئەنسىز سايراشلىرىدىنمۇ قوغلىغۇچىلارنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى مۇسەللەپ بولاتتى. ئۇ توختىماي قېچىۋاتقاچقا، قاشقا تورۇقنىڭمۇ قارنى ئىچىگە تارتىلىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئەدناسى جەۋلان، زۇلاللار بىردەملىك كۆز يۇمۇۋېلىش ئۈچۈن ئېگەرگە باش قويغاندىمۇ چاۋار ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ بىر قۇم يامزىلى باغرىدا نان يەپ، سۇ ئىچىۋاتاتتى. سۇسىز، ئوزۇقسىز توختىماي چېپىپ ھالىدىن كەتكەن ئات قاپاقنى پۇراپ قويۇشى چاۋار ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى سالدى:

— ئاناڭنى... تېخى سۇدىن تەمەيىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ بۇ سۇنى ساڭا بەرسەم، چۆلدىن مەن قانداق چىقىمەن؟

چاۋار ئازراقلا بىر نېمە يەپ، قاپاقنى ئاتقا غانجۇغىلاپ

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

باغلاپ، ئاشقان ناننى خورجۇنغا سالدى. ئاندىن قۇم قاپتىلىدىن ئاتنى يېتىلەپ چىقىپ يولغا تىزلاندى. ئۇ دۆم يېتىپ يەرگە قۇلىقىنى يېقىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى. ئارقىدىن قۇملۇق ئاستىدىن كېلىۋاتقان تىۋىشكە يەنە قۇلاق ياقتى ـ دە، قورقىنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ... بۇ... گۇرۇلدىگەن نېمە ئاۋاز ـ ھە؟ — چاۋارنىڭ قارىچۇقلىرى قېتىپ قالدى، — لاتا پىكاپتەك قىلامدۇ، نېمە؟ ساقچى... ساقچىلارمۇ كەپتۇ ـ دە!

چاۋار ئېتىغا مىنىپ، غەزەپ بىلەن قامچا سالدى. قاشقا تورۇق بىر ـ ئىككى قېتىم مۆدۈرۈپ كېتىپ، قۇملۇق ئىچىدە غايىب بولدى. ھېيلىگەر چاۋارنىڭ سەزگۈلىرى ئۇنى ئالدىمىغانىدى. تەكلىماكان ئىچىدىكى پورپاڭ قۇملۇق يوللاردا بىر لاتا پىكاپ ھەم ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتتىكى يەتتە ساقچى توپىلارنى پۇرقىرىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بەزىدە يەرگە چۈشۈپ پىكاپ بىلەن موتسىكلىتنى كۆچەپ ئىتتىرەتتى. بىر نەچچىسى ئالدىدىن ئارغامچىلاردا كۆچەپ تارتاتتى. قاتتىق قىزىپ كەتكەن ماتوردىن پۇرقىراپ پار كۆتۈرۈلەتتى. چۆل ئارا ھۇشقىيتىپ چىقىۋاتقان شامال قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كۆزلەرنى ئاچۇرمايتتى. گاھ پەسىيىپ، گاھ كۈچىيىۋاتقان شامال بىردىنلا بورانغا ئايلىنىپ چۆل ئارا قويۇن كۆتۈرەتتى. قۇم، توپا قامغاقلارنى ئاسمان قەرىگە ئۇچۇرسا، بەزىدە ياۋا قومۇش، قۇرۇغان يۇلغۇن، تىكەنلىك زاغزاغلارنى تۈۋىدىن قومۇرۇپ، نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتەتتى. يالاڭ ئاياغ، كۆڭلەكچان بولۇۋالغان ساقچىلارنىڭ پېشانە، دوللىرىدىن تەر تەپچىپ تۇرسىمۇ، سوغۇقتىن تىترىشەتتى.

يەنە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەنسىرەش ئىچىدە قالغان ھاشىمنىڭ ھەپىسلىسى پىر بولۇپ، ئىشخانا ئىچىدە مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ نېمىدۇر يازماقچى، قانداقتۇر ھۆججەتلەرنى

كۆرمەكچى بولۇپ ئۇستەل ئالدىغا كېلەتتىيۇ، ئورنىدىن يەنە تۇرۇپ كېتەتتى. ھاشىم دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى:

— بۈگۈن ئالتىنچى كۈنى، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ سۈيىمۇ تۈگىدى، — ھاشىم دېرىزىدىن يالاڭلىقتا ئايلانغان باغقا قارىدى، — ساقچىلارنىڭ كەتكىنىگىمۇ تۆت كۈن بولدى. ئۇلارنىڭ پىكاپ، موتسىكلىتلىرى قۇملۇقتا ئوشۇقچە بىر يوك... بىرەر قۇملۇقتا پېتىپ ياتقاندۇر. ھەي چاۋار، مۇناپىق ئابدۇش، قانداقمۇ پوشتىپاناھتىن تۆرەلگەن بولغىيتتىڭ؟ سېنىڭ شۇملۇقلىرىڭنىڭ چېكى بارمۇ، يوق!

غەزەپ ئاچچىقىدا ئۆرتىنىۋاتقان ھاشىم ئىشىكنىڭ چېكىلىشى بىلەن قايرىلىپ قارىدى. سالام بىلەن كىرىپ كەلگەن كامالەت قولىدىكى پۇل چېكىنى ئۇنىڭغا سۇندى:

— ئىگەمبەردى بانكا چېكىنى بۇرۇنلا تاپشۇرغان، — دېدى كامالەت، — بۇ چەكنى سائادەت بۈگۈن تاپشۇردى.

— بىشەملىك قىلمىغاندۇ ـ ھە؟

— دوختۇرخانىدىن چىقىپ بىردىنلا ياۋاشلاپ كېتىپتۇ. ئېرى بىلەن ئۆزىگە قەست قىلغان ئادەم چاۋار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خىجىل بولغان ئوخشايدۇ. ئەمما، چاۋارنىڭ خوتۇنى ئوغۇلخان «مەن ئەزەلدىن ئېرىمنىڭ پۇلنى قەيەرگە قويىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇنىڭ دېگىنى توغرا، چاۋارنىڭ دېنى قىيىق ئادەم.

يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كەلگەن كادىرلار، ج خ ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى ھەم مەتنىياز، ياربەختى، كېرىمموللا، ئايشەملەر چاۋار، مەتسىدىقلارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش، مال ـ مۈلكىنى تىزىملاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەدۋەللەشتۈرۈلگەن تىزىملىكنى كامالەتكە تاپشۇرغانىدى. جەۋلاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆز ئىختىيارىغا قويۇلغان

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

ئىگەمبەردىمۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنىڭ تىزىملىكىنى بېرىشتىن سىرت، قوماقتىغا يۆتكىۋەتكەن نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاپشۇرغانىدى. كامالەتنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغان ھاشىم مەمنۇنىيەت ئىلكىدە كۈلۈمسىرىدى:

— ياخشى، بۇ قېتىم قۇمتام ئۇزۇل ـ كېسىل ئوڭشىلىدىغان بولدى.

— ھاشىم دادا، — كامالەت قىزىرىپ كەتتى، — مەن.. مەن قوغلىغۇچى ئەترەتتىكىلەردىن ئەنسىرەپ قالدىم.

— جەۋلاندىن دەڭا، — ھاشىم بېشىنى چايقىدى، — كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، ئۇلارغا ھېچ ئىش بولمايدۇ.

— ئۇ... ئۇ... — كامالەت دۇدۇقلاپ كەتتى، — چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن...

كامالەت ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسقىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشى تېلېفون قاتتىق جىرىڭلاپ كەتتى. ھاشىم تېلېفوننى قۇلىقىغا تۇتۇشى بىر ھازا غۇڭۇلداشتىن كېيىن تۇرۇپكىدىن ئۈيغۇرچە سۆزلەۋاتقان ۋاڭ يۈڭىنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى. ھاشىم ھاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋەي، ۋاڭ يۈڭ جۈيجاڭما؟

— ھەي، ھاشىممۇ سەن؟ مەن ساڭا ئۈرۈمچىدىن تېلېفون قىلىۋاتىمەن، ناھىيىدىن قۇمچاقارغا، قۇمچاقاردىن قۇمتامغا بەكمۇ تەستە ئۇلاندى. مەن ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم، جەۋلاننى نېمىشقا چاۋارنى تۇتۇشقا ئەۋەتتىڭ؟

— مەنمۇ ئۇنىمىغان. لېكىن، جەۋلان بەك چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئامال قىلالمىدىم.

— ھەي ھاشىم، ئۇ دېگەن ئۇچ ئايلىق پراكتىكىغا كەلگەن ئوقۇغۇچى تۇرسا، پايانى يوق قۇم چۆلدە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، ناھىيە رەھبەرلىرى يۇقىرىغا قانداق جاۋاب قىلىدۇ؟ تېخى يېڭى تويى بولغان كامالنىمۇ كىرگۈزۈپسىنا؟

— ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مەنمۇ پۇشايمان قىلدىم.

— قۇمتامدىكى غەلىبىدىن مېڭەڭ قىزىپ كېتىپتۇ، سەن ئاقباشىنىڭ...

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، خۇشلۇقتىن باشقا ئىشلارنى ئۇنتۇپتىمەن.

— ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى تولۇقلاپ ئەۋەتتىڭمۇ؟

— ساقچىلاردىن سۇ، نان، ئۈزۈم، قوغۇن ئەۋەتتىم. ئاتلارنىڭ يېمىكىمۇ بار.

— بولىدۇ، ئۇلاردىن خەۋەر ئالساڭلا، كاتىپ ئوبۇلھەسەنگە تېلېفون قىلىشنى ئۇنتۇما. ئۇ ماڭا يەتكۈزىدۇ. ھەي ئاقباش، ھەي ئاقباش، ساقىلىڭ نەدە ئاقاردى سېنىڭ؟ چاۋار پۈتۈن بالايى - بەتتەرلەرنى جەۋلاندىن كۆرۈۋاتسا، يەنە ئۇنى ئەۋەتكىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ غالجىر ئىت تۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، جەۋلانغا قول سېلىشتىن يانمايدۇ.

ۋاڭ يۈڭنىڭ ئاخىرقى ئەسكەرتكەن سۆزى دەرۋەقە ھاشىمنى چۆچۈتۈۋەتتى. دېمىسىمۇ توغرا، چاۋار بىر كېچىسى نىقابلىنىپ باغ ئارقىلىق كەنت تەشكىلى ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسىنى كۆزلەپ كەلمىگەنمىدى؟ ئۇ قاچقان چېغىدا قولىدىكى پىچاقنىڭ ئاي يورۇقىدا يالتىرىغانلىقىنى مىنبەگلار كۆرگەنىدى. خەيرىيەت چىققان كۆز ئورنىغا كەلمىگەنىدەك، ئەمدى مېنىڭ قاقشىغىنىنى بىلەنمۇ بىكاردە! ۋاڭ يۈڭ بىلەن ھاشىمنىڭ كۆڭلى تۈيغانىدەك شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن توختىماي بىر كۈن يول ماڭغان چاۋار يول ئىزناسىدىن قايرىلىپ، زىچ بارخانلار ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئارانلا قەدەم ئېلىۋاتقان ئېتىنى سۆرەپ، قامچىلاپ يولدىن يىراقلاشتۇردى. ئاندىن ئېگەرگە قىستۇرۇپ قويغان يۇلغۇن شېخىدا ئىزلىرىنى ئارقىچە مېڭىپ ئۆچۈرگەندىن كېيىن خورجۇندىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ قۇمغىلا يانپاشلىدى. چاۋار ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچىپ قاپاقنى چايقىدى.

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

— ئاپلا قۇم دەشتىدىن چىقىپ كېتىشكە يەنە بىر قانچە كۈن تۇرسا، سۇ يەتمىسە قانداق قىلارمەن؟

چاۋار ئازراقلا نان يەپ، ئېگەر ئۈستىدىكى كۆرپىنى ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدىلا ئۇ پۈت ـ بەللىرىنىڭ ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا مىسقالچە مادار قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى نەملەشكەن قاشقا تورۇقىمۇ تۇمشۇقىنى قۇمغا تىرەپ ئېغىر ـ ئېغىر تىنىۋاتاتتى. ئۇ ۋاپاسىز ئىگىسىگە: «سەن نېمىدېگەن رەھىمسىز ئادەم! شۇنداقتىمۇ سەن بىلەن ۋىدالىشىدىغاندەك تۇرىمەن، خوش، مەندىن رازى بول» دېگەندەك زەئىپ خىرىلدايتتى...

ئۈستىگە كۆرپىنى يېپىنغان چاۋار قاراڭغۇ ئاسمانغا قارىغىنىچە:

— خەپ جەۋلان، مېنى مۇشۇ كۈنلەرگە قويغىنى سەن! — دەپ ئاستا پىچىرلىدى. ئۇ: قوغلىغۇچىلار زادى قانچە ئادەم، ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىدە جەۋلانلا بولۇپ قالسا، بىر پاي ئوققا نېسىپ بولسامىمۇ ئۇنىڭدىن قىساس ئالىمەن... دېگەنلەرنى ئويلاپ ياتقىنىدا جەۋلان بىلەن زۇلال يۇلتۇزلار جىمىرلاشقان نىل رەڭلىك ئاسمانغا تىكىلگىنىچە پاراڭلىشىپ ياتاتتى. كامال پەس جىلغا يولىدا قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ، بىر قانچە ئورۇنغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ساقچىلارنىڭ ماشىنىلىرى قۇمغا پېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ باش ئۈستىدىن «چىۋ...» قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن قۇشقا قاراپ، — ماتورنىڭ بەكمۇ چىڭقىلىپ گۇرۇلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

— ساقچىلار يېتىپ كەلسە، — جەۋلان كالپۇكلىرىنى يالاپ قويدى، — ھاشىمكام ئۇلاردىن يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنى ئەۋەتەتتى.

— شۈنچە تېجەپمۇ، تۆت قاپاق سۈدىن يېرىم قاپاق سۇ قاپتۇ، — دېدى زۇلال قاپاقنى شالاقلىتىپ، — چاۋارنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولارمۇ؟

— ئەتە بىر يول بار. سەل جاپالىق بولسىمۇ، چاۋارنىڭ ئالدىنى چوقۇم توسايمىز... غەيرىتىڭلار باردۇ - ھە؟

— خاتىرجەم بول كامال ئاداش، — زۇلال قۇمغا جەينەكلىدى، — «قۇمسىرات» تېغىدىن، «ئانامتاش» داۋىنىدىن ئۆتكەن يەردە، سەن دېگەن ئۇ جاپالىق يەردىن ئۆمىلەپ، يۇمىلاپ بولسىمۇ ئۆتىمىز.

جەۋلان كامالنىڭ «ئەتە بىر يول بار» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت - ئېپتىخار بىلەن قارىدى ھەم ئۇنىڭ چىداملىقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ يول بويى ئۆزى ئاز يەپ، ئاتتىن ئاشقىنىنى ئىچىپ، كۆپ ئۇخلىماي ھەمراھلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئاتلارغا مېھرىبانلىق يەتكۈزدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ چۆل شامىلىدا ئازراق قارىداپ قالغانلىقىنى دېمىگەندە، ئۇ يەنىلا بەردەم، كۈچتۈڭگۈر، قامەتلىك تۇراتتى. شۇڭا، جەۋلان ئۇنىڭ باللىق كەچمىشلىرىگە قىزىقىپ قالدى:

— كامال، سىز تەكلىماكاندىكى ھەربىر بارخان، قۇمتاغ، غول يول، تارماق يول، داۋان، قاپتال، ئىزلارغىچە بىلىدىكەنسىز، — جەۋلان ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، — ھاشىمكاممۇ سىزنى 11 ~ 12 ياشلىرىدا تەكلىماكانغا بىرقانچە قېتىم كىرگەن دەيدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا كىچىك تۇرۇپلا بېشىڭىزدىن جىق ئىشلار ئۆتۈپتىكەن - ھە؟ سۆزلەپ بەرمەمسىز؟

جەينەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ، ئاسمانغا قاراپ ياتقان كامال خېلى بىر ۋاقىتچە جىمىپ كېتىپ، كېيىن چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويدى.

— نېمانچە نېزىنقايسەن، — زۇلال يۆتىلىپ كەتتى، — كىچىك چاغلىرىمىزدا سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنى دەپ بەرسەڭ

بولمىدىمۇ.

— ھەي يۆتىلىپ قاپسەنغۇ، چاپىنىڭنىڭ ئۈستىگە مانى يېپىنىپ يات، — كامال ئەدىيالنى تاشلاپ بەردى، — بۇ يەرلەر كۈندۈزى سەل ئىللىغاندەك قىلغىنى بىلەن كېچىسى جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق بولىدۇ.

— ھە، كامال سۆزلەپ بېرىڭا... — دېدى جەۋلان قىزىقسىنىپ، — ھاردۇقىمىز چىقىپ قالىدۇ.

— بۇ ئىشلارغا ئون نەچچە يىللار بولۇپ قالدى، — كامال ھېكىم كۆرەلمىگەن بىر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى، — ئويلىسام قورققۇم كېلىدۇ...

## ئوتتۇز ئۇچىنچى باب

# قەرزىنى تېرىسى بىلەن تۆلىگەن بۆرە

كامالىنىڭ دادىسى نەمتۇللا تېبابەت دورا ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەر ئىدى. ئۇنىڭ سەككىز تۆگە، تۆت قېچىرى بولۇپ، ئۇ سىيادان، جىنكېۋەز ئۇرۇقى، هوماما، قەردىمانە، رۇمبەدىيان، شاقاقۇل، گاۋزىبان، ئازاراقى، بېدەمىشكى، ئاسارۇن، ئادەمگىياھ قاتارلىق يۈز خىلدەك دورا ئۆسۈملۈكلىرى ھەم دورا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنى قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچارلارغا ئاپىرىپ تېۋىپلارغا ھەم سەكسەنخالتا دورىگەرلىرىگە ئۆتكۈزەتتى. ئۇ يەرلەردىن پىستە، بادام، خورما، ياڭاق، گۈلەقاق، مېغىز، شاپتۇل قېقى، مۇناقى، قارىئۆرۈك قېقى دېگەندەك قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنى ئېلىپ يۆتكەپ، ئۇنى پۇل قىلغاندىن كېيىن ئىلىدىكى ھۆسەنباي تېرە زاۋۇتىدىن شىگىرىن، بۇلغار، كۆن، خۇرۇم، شاۋرۇن قاتارلىقلارنى ئېلىپ قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەنلەرگە ئەكېلىپ ساتاتتى. نەمتۇللا ئوغلى 11 ~ 12 ياشلارغا كىرگەن يىلى شەھەردىكى «شۆتاڭ» مەكتەپتىن قايتۇرۇپ ئەكېلىپ «سودىدا كۆزى پىشسۇن» دېگەن ئۈمىدتە ئۇنى تۆگىگە مىندۇرۇپ سەپەرگە ئاتلاندى. كۆز يەتكۈسىز بىپايان قۇملۇقلار، يۈك ئارتىلغان سەككىز تۆگە، تۆت قېچىرنى باشلاپ كېتىۋاتقان ئېشەكلىك كارۋان بېشى نەمتۇللا پات - پاتلا يۈك ئارتىلغان ھىنگان تۆگە ئۈستىدە باش، بويۇنلىرىنى ئاق لاتىدا ئوراپ ئولتۇرغان ئوغلى كامالغا قاراپ

قوياتتى. تۆگە كولدۇرمىلىرىنىڭ «كولدۇڭ... كولدۇڭ...»لىرى تۈگىمەس ناخشىدەك بىر خىلدا تەكرارلىنىۋېرىپ كامالنى ئۇخلىتىپ قوياتتى. ئاياغ ئۇچى كۆرۈنمەس توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، جىغانلىق، پاختا يۇلغۇنلۇق چاتقاللىقلار بىلەن قورشالغان ئىپتىدائىي ئورمان، جاڭگاللار، زېرىكەرلىك قۇملۇق يوللار، كۆرۈمسىز دېھقان ئۆيلىرى، ئاقسۇ، كۇچارنىڭ دەريا ـ سېپىللىرى، بېھىشتەك باغلىرى، قايناق بازارلىرى، ئىسسىق ۋە بۇسلۇق چايخانىلار، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى، زىبۇ زىننەت، ئۈنچە ـ مەرۋايىت بۇيۇملىرى كۆز چاقنىتىدىغان رەستىلەر، گۈلە قاق، خورما، مېغىز قاتارلىقلىرى، بەشكېرەمنىڭ ئانارلىق باغلىرى، تۇرپاننىڭ بۇيلۇق ئۈزۈمزارلىرى... كىچىك كامالنىڭ يۈمران قەلبىگە تاش مۆھۈردەك بېسىلىپ قالاتتى. بولۇپمۇ ئۇ ئىلى ۋادىسى ھەم ئىلى دەرياسىنى تۇنجى كۆرگىنىدە ھاياجىنىنى باسالماي قالغانىدى. دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى توقايلىق، ئورمانلىق، جاڭگاللىق، چاتقاللىقلار، قىزىل يوپۇرماقلىق ئېرەنلەر، بۇلبۇللار چاڭ كەلتۈرۈپ سايراۋاتقان باغلار، نادىر ـ ئەتىۋارلىق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن تاغ قاپتاللىرى، ياپيېشىل يايلاق، قارىغايزارلىقلار ئەبەدىلئەبەد ئەستىن چىقماس خاتىرىلەر ئىدى! كامال بىرىنچى قېتىم ھۆسەنباي تېرە زاۋۇتى تۇرخۇنىنىڭ ئەڭ ئېگىز بېشىدىكى «1909» دېگەن يىل سانىنى كۆرۈپ، ئۈزۈنغىچە قاتىيىپ قاراپ قالغانىدى.

بىر قېتىم كارۋان تەكلىماكان قۇم جەزىرىسىنىڭ «قويۇنلۇق» دېگەن يېرىدە ئارام ئېلىشتى. تۆگىلەر «چوك» بولۇپ كۆشەۋاتاتتى. قېچىرلار بېشىغا كىيگۈزۈلگەن توۋرىدىكى قوناقنى كورۇسلىتىپ چايناۋاتاتتى. نەمىتۇللا تۇلۇمدىكى سۇدىن جامغا قۇيۇپ، نان چىلىدى. ئاندىن ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىسمىللا دەپ يېيىشكە باشلىدى.

— بالام، تۆگىلەرنىڭ ئاغزىغا بىر كاللەكتىن كۇمىلاچ

خېمىر سالدىڭمۇ؟

— سالدىم دادام، ئۇلار راسا مەززە قىلىپ كۆشەۋاتىدۇ.

— بويۇڭ يېتەمدىكەن؟

— بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇقنى تارتسام، بېشى پەسلەيدىكەن.

— يارايسەن ئوغلۇم، مېنىڭ بالام ئەسقېتىپ قالدى.

— دادا، بۇ يوللار نېمانداق ئۇزۇن؟

— نەچچە كۈنلۈك يولنى قىسقارتىقۇدەك يېقىن يوللار بار، لېكىن ئۇلاغلارنى كاردىن چىقىرىپ قويىمىز. بىز بۇ قۇملۇقنى بارخانلار، دۆڭلەر، تاغلار يۆنىلىشى بويىچە كۆپ ئايلىنىپ ماڭىمىز، — نەمتۇللا قۇمغا يىلانباغرى ئىزناسىنى سىزدى، — ئەگەر مۇشۇ سول تەرەپتىكى ھەرقانداق قۇم ئېگىزلىكلىرى ھەم داۋانلاردىن يامىشىپ ئۆتەلىسەك، — نەمتۇللا بارمىقىدا سىزىق سىزىپ يىلان باغرى ئىزنا سىزىقىنىڭ ئىككى ئۇچىنى تۇتاشتۇردى، — يەنىلا مۇشۇ كارۋان يولىغا چىقىمىز. ئەگەر يۇرتقا قايتماقچى بولساڭ، ئوڭ تەرەپتىكى بايىقى ئۆتكەللەردىن ئۆتەلىسەڭ، يەنىلا ئەسلىدىكى يولغا چىقىسەن. لېكىن، نەچچە كۈنلۈك يول قىسقىرايدۇ.

جاھاننىڭ رەپتارىنى چۈشەنگەن نەمتۇللا ناۋادا بىر كۈنلەردە ئوغلىنىڭ بۇ يوللاردا يالغۇز - يېرىم قېلىشىنى بىلگەندەك ھەربىر چىغىر يول، ئارا يول، غول يول، داۋان، جىلغىلارنى ئېزىپ ئىچۈرەتتى. ھەتتا ئۇ:

— قېنى، سەن بارخانلار ئارا ماڭ، مەن يول بويلاپ ماڭاي، يالغۇز توغراقتا قايسىمىز بالدۇر چىقىمىز، — دەپ ئوغلىنىڭ بوينىغا نان سېلىنغان تۇۋرىنى ئېسىپ، كىچىك قاپاقتا سۇ بۆلۈپ بېرەتتى. كامال چوڭقۇر جىلغىلاردا توختىماي يۈگۈرۈيتتى. ئۇ چۆل كىرپىلىرى، پاتمىچۇق، كەسلەنچۈكلەردىن قورقۇپ كەتسە، تۇرۇپلا قىپقىزىل ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئاپتاپ

تومۇزنىڭ يەۋاتقان كېلەردىن داجىپ ئۆتەتتى. بەزىدە سۇدەك ئېقىۋاتقان قۇم داۋانلىرىغا تۆت پۇتلۇق بولۇپ يۇگۇرسە، بەزىدە پەسكە قاراپ چاقپەلەكتەك يۇمىلايتتى. ئۇ بىر قانچىلىغان بارخان، داۋان، قۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئاخىرقى ئېگىز چوققا ئۈستىگە چىقىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى. پەستىكى يالغۇز توغراق ئۆتىكى خۇددى تاشلانغۇق ئۇرۇقچىدەك كۆرۈنەتتى. كامال بوينىدىكى توۋرىنىڭ تاسما بېغىدىن تۇتۇپ باش ئۈستىدە پىرقىرىتىپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى:

— ھاي... ھاي!... ھاي!!!... پايانسىز قۇملۇقلار!!... تەكلىماكان ئوغلى سىلەرنى يوقلاپ كەلدى!!...

كامال چوڭ بولۇپ ئەقلىنى تاپقاندىن كېيىنلا بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتتى. ئەسلىدە نەمىتۇللا ئوغلىنىڭ يۈرىكىنى چېنىقتۇرۇش، ناۋادا بېشىغا ئېغىر كۈنلەر سايە سالغىنىدا قورقماس، تۇرگۇن، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولسۇن، دەپ ئويلاپتىكەن. كامال بۇ يوللاردا تۆت يىل ئىچىدە تۆت قېتىم سەپەر قىلىپ، تۆت قېتىم ياندى. لېكىن ئۇ 14 ياشقا كىرگەن يىلى، دادىسى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئاقسۇغا كىرمەيلا ئارقىسىغا قايتتى. چۈنكى بۇ ئازادلىق ئارمىيە پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىش يولىدا شىددەتلىك ئىلگىرىلەۋاتقان، تەرەپ ـ تەرەپتە غەلىبە مارشى ياڭراۋاتقان چاغلار بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىمۇ ئاقسۇ دەريا ۋادىسىغا غەلىبە بىلەن بېسىپ كىرگەن ئىدى. ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ، بارغانلا يەرلىرىدە ئاش ـ ئوزۇق بۇلاپ، ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتاتتى.

كارۋاننى ئارقىسىغا ياندۇرغان نەمىتۇللا قۇم تاغلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردا كېلىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چېقىللار قۇمدىن تاشقا ئايلانغان تىك يارلىقلار بولۇپ، يول بارغانسېرى چوڭقۇر جىلغىلار ئىچىگە

كىرىپ كېتەتتى. سەككىز تۆگە، تۆت قېچىر ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيتتى. ھېلىقى تۆگە ئۇستىدىكى يۈكتە چوقچىيىپ ئولتۇرغان كامال مۈگدەپ قالغانىدى. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان نەمىتۇللا پات ـ پاتلا قېچىردىن چۈشۈپ يەرگە قۇلىقىنى ياقاتتى. ئۇ يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقان شەپىنى ئاڭلىغانسېرى چىرايىنى ئەندىشە، ۋەھىمە تۇمانلىرى قاپلايتتى. كارۋان يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن نەمىتۇللا يەرگە قۇلىقىنى يېقىپ، دەرھاللا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بەلۋاغقا ئېسىلغان تېرە ھەميانىنى ئېلىپ يەكتەكنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، كامالنى تۆگىدىن چۈشۈردى.

ـــ ئوغلۇم، ئاخشام تۇنىگەن يەردە تېرە ھەميانىم قاپتۇ، ـــ نەمىتۇللا يىراقلارغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى، ـــ سەن مۈشۈ ئېگىز قۇم دۆڭلۈكلىرىدىن ھالقىپ ئۆتسەڭ يېتىپ بارىسەن.

ـــ ماقۇل دادا، مەن يامان يۈگۈرىمەن.

ـــ ئەمما، قوراللىق بۇلاڭچى، باندىت ياكى گومىنداڭنىڭ قاچقۇن ئەسكەرلىرىنى چېلىقتۇرۇپ قالساڭ، دەرھال ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، ئۇلار كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا ئات ماڭالمايدىغان يەرلەرگە قاچ، ـــ نەمىتۇللا كامالنىڭ بوينىغا قاپاق بىلەن تۇۋرىنى ئاستى، ـــ بالام، نانىنى، بولۇپمۇ سۇنى ئاۋايلاپ ئىشلەت، ئالدىمىزدىكى 6، 7 كۈنلۈك مۇساپىنى ئويلا، ماڭ ئوغلۇم، تېز... تېز بول.

كامال يۈگۈرۈپ كېتىشى نەمىتۇللا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۇئاغا قول كۆتۈردى. كامال چوڭقۇر قۇم جىلغىلىرى، يۇلغۇن چاتقاللىقلىرى، شالدىرلاپ تۇرغان ياۋا قومۇش، تىكەنلىك قىياقلىقلار ئارا ئۇچقاندەك يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئۇ شورقىراپ تۆكۈلۈۋاتقان تىك قۇم دۆڭلۈكىگە جاھىللىق بىلەن ئۆرلەيتتى. يۈز ـ بويۇنلىرىدىن توختىماي تەر قۇيۇلاتتى. ھەربىر دۆڭلۈكتىن پەسكە يۇمىلاپ، سىيرىلىپ چۈشۈپ، يەنە بىر

ئېگىزلىككە يامىشاتتى. كامال ئەڭ ئاخىرقى داۋاننىڭ قاپ بەلگە كەلگەندە، ئارقا تەرەپتىن قالايمىقان ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى «قارتلا» قىلىپ قالدى. «پاڭ ـ پۇڭ، تاراس ـ تۇرۇس» ئاۋازلار قايتا تەكرارلاندى. كامال دادىسىنىڭ: «بالام نان بىلەن سۇنى ئاۋايلاپ ئىشلەت، ئالدىڭدىكى 6، 7 كۈنلۈك مۇساپىنى ئويلا...» دېگەن سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدى ـ دە، «دادا!...» دەپ ۋارقىراپ ئارقىغا قۇيۇندەك چۈشۈپ كەتتى.

تەردىن يۈزلىرى قۇم ۋە لايغا بۇلغانغان كامال ھاسىراپ يېتىپ كېلىشى بىلەن كۆزلىرى چەكچىيىپ، قانلىق مەيدانغا قادىلىپلا قالدى. نەمتۇللا ئاستىغا بېسىۋالغان گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ كارنىينى بوغقان ھالدا قانغا چىلىشىپ ياتاتتى. بوغۇلۇپ ئۆلگەن ئەسكەر ۋە نەمتۇللانىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ئىدى. يەنە ئون قەدەم ئارىلىقتا بوغۇزلانغان بىر گومىنداڭ ئوفىتسېرىمۇ تۇراتتى. نەمتۇللانىڭ دۈمبىسى ئوق ئىزىدىن ئۆتمۆتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. بادامدوپپا، شايى پوتا، كونا چەكمەن يەكتەكلىرىنىڭ قالايمىقان چېچىلىپ تۇرۇشى، ئادەم ۋە ئاتلار تىلغىۋەتكەن قانلىق مەيدان نەمتۇللانىڭ گومىنداڭ قاچقۇن ئەسكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ــ دادا، ــ كامال دادىسىنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ زار ـ زار يىغلاشقا باشلىدى. گومىنداڭ باندىتلىرى تۆگە ۋە قېچىرلارنى بۇلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىككى جەسەتنى تاشلاپ قاچقانىدى. يىغلاپ ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتكەن كامال قان ئۇيۇتمىسىغا ئايلىنىپ قالغان دادىسىنى ئارانلا يۇدۇپ، بارخانلار ئارىسىدىكى بىر تۈپ يۇلغۇن تۈۋىگە ئېلىپ كەلدى. ئاندىن بىر دانە تۆگە قوۋۇرغىسىنى تېپىپ، تارام ـ تارام ياش تۆككەن ھالدا قۇمنى كولاشقا باشلىدى. ئۇ چۈش پېشىنگىچە بەلگىچە كولانغان

يۇمشاق يەرلىككە نەمتۇللانىڭ جەسىتىنى ياتقۇزغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ يەكتىكىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە ياپتى. لېكىن، يەكتەك جەسەتنىڭ ھەممە يېرىنى ياپالمىدى. شۇڭا، نەق مەيداندا قالغان شايى پوتا ئېسىگە كەلگەن كامال دەرھاللا قانلىق مەيدانغا كەلدى. ئۇ يېرىمى قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان شايى پوتىنى تارتىپ ئېلىشى، ئۇنىڭ ئاستىدىن يېرىم تۇلۇم سۇ، تېرە ھەميان ۋە تۆگە يەيدىغان كۆمىلاچتىن قوشمۇشتەك خېمىر چىقتى. كامال قايتىدىنلا يىغلىۋەتتى. ئەسلىدە نەمتۇللا قورقۇنچلۇق شەپىنى سېزىپ ئوغلىنى قەستەن يولغا سالغانىدى.

چۆل قۇياشى ئۆز چېگراسىنى بويلاپ، قۇم تاغلىرىغا قىڭغايغانىدى. قۇمدا كۆتۈرۈلگەن قەبرە بېشىدا كامال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئانىسى ئۆگىتىپ قويغان: «قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئەيھى راجىئۇن[1]» دېگەن ئايەتنى يىغلاپ تۇرۇپ، بەكمۇ مۇڭلۇق قىرائەت قىلىۋاتاتتى. تارام – تارام ياشلار ئېڭەكلىرىدىن ساقىۋاتقان كامال بىر چاغدىلا ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاسماننى قاپلىغان قىپقىزىل شەپەققە قاراپ قويۇپ سۇ قاچىلانغان تۇلۇمنى ۋە خېمىر بىلەن نان سېلىنغان توۋرىنى بويىنىغا ئاستى. ئاندىن ئاخىرقى قېتىم دادىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ خوشلاشقاندىن كېيىن يولغا چۈشتى. قۇملۇق چۆللەر، تىكىنەك باسقان قاپتاللار، ئېپتىدائىي توغراق ئورمانلىقلىرى، ئادەم ۋە ھايۋان سۆڭەكلىرى ئېچىلىپ قالغان غېرىب قەبرىلەر ئارا تىنماي يۈگۈرۈۋاتقان كامال بەزىدە ئۆزىنى قۇمغا تاشلىۋېتىپ، ئۇڭدىسىغا ياتقىنىچە يۇلتۇزلارنى سانايتتى. «ئاي، ئانامنى كۆرۈۋاتامسەن؟» دەپ پىچىرلايتتى. ئاي ئۇرغىقى شايىدەك تارالغان بۇلۇتلار ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقايتتى. قۇم ئېغىزلىرىدا بوران كۆتۈرۈلۈپ، قۇم – توپا بوغۇناقلىرى

① «بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز، يەنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.»

## تەكلىماكان ئوغلى (2)

تەكلىماكان ئاسمىنىنى سۈۋارى مانانلاشتۇراتتى. ھەتتا بەزى كېچىلىرى كامال ئۇستىنى بېسىۋالغان قۇمنى كۆتۈرەلمەي قالاتتى. كۈندۈزلىرى پىژغىرىم ئىسسىق ئۇنى كۆيدۈرسە، كېچىلىرى سوغۇق شامال دولىسىنى قوروپ، ئىسسىق قۇم ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىۋالاتتى. بارغانسېرى ئىچىپ، قىرتاقلىشىپ كەتكەن خېمىردىن ياڭاقتەك ئۇزۇپ تەستە چاينايتتى ـ دە، بىر يۇتۇم سۇ بىلەن يۇتۇۋېتەتتى. كامال داۋانلارغا يامىشىپ، تىك يانباغىرلاردىن يۇمىلاپ، چاتقاللىقلاردا پۇتلىشىپ مېڭىپ، بەش كېچە ـ كۈندۈز بولغاندىلا قۇمسىرات تېغىنىڭ ئانامتاش داۋىنى خىرە ـ شىرە كۆرۈندى! كامال خۇشاللىقىدىن قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ پىچىرلىدى:

— ئانامتاش!...

كامال كۆلۈمسىرىگەندى، ئۇنىڭ گەز باغلاپ، تېرىلىرى ساڭگىلاپ قالغان كالپۇكلىرىدىن قىپقىزىل قان ساقىپ چۈشتى...

... ئىززەت ـ ئىكراملىق كىتابخان! مەن سىلەرنى ئۆتمۈش ئەستىلىكلىرىگە باشلاپ كېتىپ، ھاردۇرۇپ قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، «بىلمەك، بىلمىگەنلىكتىن مىڭ ياخشىدۇر» دېگەن ھېكمەتمۇ بار ئەمەسمۇ! ئەمدى بىز ھېلىقى قۇم جىلغىسىغا بارايلى، كامالنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ياتقان جەۋلان، زۇلاللار ئۇخلاپ قالغان بولمىسۇن، يەنە، يا... ياق، ئۇلار بەكمۇ سەگەككەن. جەۋلان باللىق كەچمىشلەر تەسىرىدىن چوڭقۇر تىنىپ ئايغا قاراپ ياتىدۇ. زۇلال بولسا قىسقا ـ قىسقا يۆتىلىپ، ئەدىيالغا پۇركىنىۋاپتۇ. ئەمما، كامال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەمراھلىرىغا ئېگىشتى:

— سىلەر كۆزۈڭلارنى ئازراق يۇمۇۋېلىڭلار، مەن ئاتلارغا يېرىم دوپپىدىن بوغۇز يېدۈرۈپ قوياي، پۇتلىرىغا ماغدۇر بولىدۇ.

— ئۇ ھەقىقىي تەكلىماكان ئوغلىكەن، — دېدى جەۋلان كامال كېتىشى بىلەن، — بالىلىقىدىن تارتىپلا بۇ قۇملۇق دىيار ئۇنىڭغا ئانا ماكان بولۇپ كېتىپتۇ.

— تېخى ئۇ، — زۇلال قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، — ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئېتىلغان زەھەرلىك ئاق يىلاننىڭ بويىنىدىن كاپىلا تۇتۇپ، كارنىيىنى سىققانچە بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرمىدى.

— قۇملۇقتا ئاق يىلانمۇ بار ئىكەن - دە!

— كامال قۇملۇقتا ياشايدىغان چۆل كىرپىسى، ياۋا توشقان، كېلەر، كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق، لەڭمەنتاقتاق، ھۆۋقۇش، كۆكىنەك، قاراتاز، قوزغۇن دېگەندەك نۇرغۇن جانىۋارلارنى بىلىدۇ.

جەۋلان قايسىدۇر كىتابتا كۆرگەن «بالىلىق كەچمىشلىرى كۆپ، ئېغىر ھەم رەڭدار ئۆتكەن بالىلار ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، چىداملىق بولىدۇ» دېگەن سەھىپىلەرنى ئەسلىدى.

ئۇلار ئىككى سائەتتەك ئۇخلىۋېلىشتى، ئاندىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئاتلىرىنى توقۇدى ھەم خۇرجۇن، ئەدىيال، تۇلۇم، توۋرىلارنى ئۈچ ئاتقا تەڭشەپ باغلىغاندىن كېيىن جىلغىدىن ئايرىلدى. ئۈچ ئات تاراسلاپ يولغا چىققاندا، چاۋارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. بىراق، ئۇ قاشقا تورۇقنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئاتنىڭ بېقىنىغا بىرنى تەپتى:

— ۋۇ ۋاپاسىز مەخلۇق، ئاخىر مېنى چۆلدە ياياق قويدۇڭما؟

چاۋار كۆرپە، كىگىزلەرنى تاشلىۋېتىپ، ئېغىر خۇرجۇن بىلەن قاپاقنى مۈرىسىگە ئارتىپ يولغا چىققاندا، ئۈچ ئاتلىق يىگىتمۇ ئۇنىڭغا خېلىلا يېقىنلاپ قالغانىدى. چىرايلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ قالغان زۇلال ئات ئۈستىدە توختىماي يۆتىلىپ كېلىۋاتاتتى. جەۋلان كامالنىڭ

## ئەكىلماكان ئوغلى (2)

قىشىغا يانداپ كېلىپ، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:
— زۇلالنىڭ ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، قانداق قىلارمىز؟
— شامال ئۆتۈشمىگۈدەك دالدا يەردە ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرساق ياخشى بولاتتى.
— ئەمىسە شۇنداق يەرنى تاپايلى، لېكىن ... — جەۋلان كامالنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.
— چاۋارنى تۇتالماسلىقىمىزدىن ئەنسىرەۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ — كامال كۈلۈپ قويىدى، — خاتىرجەم بولۇڭ، سىلەر ئىككىڭلارنى بىرەر پىنھانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىزىغا ئۆزۈم چۈشمەن.

كامال سۆزلەپ كېلىۋاتسىمۇ كۆزى يولدىكى ئىزلاردا ئىدى. تاڭ سۈزۈلۈپ قالغاچقا، يولغا چۈشكەن تېزەك ئىزلارغىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كامال بىردىنلا تىزگىننى سىيرىپ ئاتتىن چۈشتى، چۈنكى قاشقا تورۇقنىڭ ئىزى تەرەپبال يوقالغان بولۇپ، ھېچقانداق ئادەم ياكى تۇياق ئىزلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئاڭغىچە جەۋلانمۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئەتراپقا قارىدى. لېكىن، كامال بارمىقىنى كالپۇكىغا قويۇپ: «تىش..ش...» دەپ ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپ قاپتالدىكى چوقچايغان قۇم بارخانلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۇلار ئېگىز قۇم يامزىلىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا قاشقا تورۇقنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ قالدى. قىزىپ ھەم ھاسىراپ تۇرغان زۇلال ئاتتىن ئىنجىقلاپ ئارانلا چۈشتى ـ دە، چاۋارنى تىللىدى:

— مۇناپىق چايان! شۇنچە يىل خىزمىتىنى قىلغان ۋاپادار ئېتىنى كۆمۈپمۇ قويماپتۇ، ۋۇي ئىمانسىز ئەبلەخ! بىز كۆمۈۋېتەيلى.

— قاشقا تورۇقنىڭ، — دېدى كامال، — قارنىنىڭ ئىچىگە تارتىلىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، بىر نەرسە يېمىگىنىگە نەچچە

كۈنلەر بوپتۇ.

كامال كىگىز سېلىپ ياتقان قۇمغا ئالىقىنىنى قويۇپ ھەم بارمىقىنى پاتۇرۇپ بېقىپ دەرھاللا يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىقىپ كەتكەن ئىزغا قارىدى.

— ئۇنىڭ قوزغالغىنىغا بىر سائەتتەك بوپتۇ. جەۋلان، سىز ئۇ تاشلىۋەتكەن كىگىز - كۆرپىنى سېلىپ، ئەدىيال، چاپانلاردا زۇلالنى چىڭ يۆگەپ مەشەدە قېلىڭ، — دېدى جەۋلان جىددىيلەشكەن ئەلپازدا، — مەن چاۋارنى پىيادە قوغلايمەن. ئۇ يوغان قورسىقىنى، سېمىز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ كۆپ ئۇزاپ كېتەلمىدى.

— ئارقىدىن قوغلىماقچىمۇسىز؟

— ياق، ئەنە قاراڭ، — كامال ئالدىدىكى قۇم دۆڭلۈكلىرىنى كۆرسەتتى، — ئاشۇ داۋانلارنىڭ بىر قانچىسىدىن ھالقىپ ئۆتسەم، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىمەن.

كامال ئېگەردىكى ئارغامچىنى ئېلىپ بېلىگە يۆگەپ باغلىدى - دە، يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. خاتىرجەم بولالمىغان جەۋلان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— كامال، ئېھتىيات قىلىڭ، چاۋاردا چوقۇم پىچاق بار.

— ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، — يۇكۈنۈپ ياتقان زۇلال تىترەپ تۇراتتى، — ئۇ كۈچ ئېلىشىشتا يېتىلگەن قۇملۇقنىڭ يىلپىزى.

زۇلال گەرچە كامالنىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكىگە ئىشىنىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئەنسىرەۋاتقانلىقى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ جەۋلاننى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىڭ، دەپ بولۇپ تۈيۈقسىزلا ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى يۇلۇپ تاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لېكىن، زۇلالنىڭ قۇمغا تېيىنىپ تۇرغان قوللىرى تىترەۋاتاتتى.

— جەۋلان... جەۋلان! بىزمۇ كامالنىڭ ئارقىسىدىن ماڭايلى، —

زۇلال يۆتەلدىن نەپەس ئالالماي قالدى، ــــ مېنىڭ ئىچىمگە بىر ئەنسىزلىك كىرىۋالدى... نېۋىخان ئاچام، لەيلى ماخا قاراپ تۇرغاندەكلا قىلىۋاتىدۇ...

ــــ سىز مۇشۇ ئەھۋالدا قانداق ماڭالايسىز؟ ــــ جەۋلان ئۇنى زورلاپ ياتقۇزدى، ــــ سىز قېلىن يۆگىنىپ بىر تەرلىسىڭىز ياخشى بولۇپ قالىسىز.

زۇلالنى قايتا يۆگەپ قويغان جەۋلان ئۇنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ، بېشىدا قاراپ ئولتۇراتتى. ئەگەر زۇلال ئۇخلاپ قالسا، جەۋلان كامالنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭماقچى ئىدى. ئۇ ھەرخىل يامان ئاقىۋەت ھەم قورقۇنچلۇق پەرەزلەردىن تەقەززا بولۇۋاتقاندا، كامال تىك داۋانلارغا ئېگىشىپ، ئۆمىلەپ، قۇملارنى تاتىلاپ جان ـ جەھلى بىلەن ياماشماقتا ئىدى. بىر داۋان ئۈستىگە چىقىپلا پەسكە قاراپ دومىلايتتى. يەنە قوپۇپ ئالدىدىكى داۋانغا يۈگۈرۈيتتى. خۇددى كامالنىڭ جىدەللەپ كېلىۋاتقانلىقى كۆڭلىگە ئايان بولغاندەك، چاۋارمۇ ئېغىر خۇرجۇننى پات ـ پاتلا ئۆرىدەپ، يىلان باغرى يوللاردا ھاسىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كارۋان يولى بويىچە ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ يۈرۈپ چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى. قۇم ـ توپىلار يۈزلىرىگە چاپلىشىپ بەتبەشىرە سەتلىشىپ كەتكەن چاۋار بەزىدە غۇدۇڭشىپ كىملەرنىدۇر غايىۋانىسىگە تىللايتتى ھەم ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ قەدىمىنى تېزلىتەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىزتىراپقا چۈشۈپ قېچىشىنىڭ خەيرلىك بولۇشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى، تەڭرى ياماتلارغا بىر مەزگىل ئامانلىق بەرسىمۇ، ئاراملىق بەرمەيدۇ. مانا ئېگىز قۇم دۆڭلۈكى ئۈستىدە يەر بېغىرلاپ ياتقان كامال ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ يانباغىرلاپ يۈگۈرۈپ پاكار ـ پاكار قۇم بارخانلىرى ئىچىدە بىردەمدىلا غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ھايات ـ ماماتلىق خەتەرلىك ئېلىشىشقا تەييارلانغانلىقىنى بىلگەندەك لاتا پىكاپ ۋە موتسىكلىتلىرىنى





تاشلىنىۋەتكەن ساقچىلار بىر چىلغا ئىچىدە ئات ۋە ئادەم ئىزلىرىنى بويلاپ يۈگۈرۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى. يالاڭ ئاياغ بولۇۋالغان ئىككى ساقچى بىر سۈلياۋ باك سۈنى دەملىشىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. قالغانلىرى تاپانچىلىرىنى يالىڭاچلاپ قوملارغا يامىشاتتى. بۇ خۇش خەۋەر چۈشكە ئايان بولغاندەك پېشانىلىرى مونچاق - مونچاق تەرلەپ كەتكەن زۇلال كۆزلىرىنى پاللىدە ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزى ھېلىھەم قىپقىزىل ئىسسىپ، ھاسىراپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى خېلىلا يېنىك ھېس قىلىۋاتاتتى.

— جەۋلان، — دېدى زۇلال ئالدىراپ، — مەن كۆرپە، ئەدىياللارغا يۆگىنىپ يېتىپ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن. ئەمدى كامالنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئۇنى تاپايلى.

— بەرداشلىق بېرەلەمسىز؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، پىيادە ماڭساق تېخىمۇ تەرلەيمەن ئەمەسمۇ.

— ئەمىسە، مەن يۆلەپ ماڭاي.

— بولدى، مەن يۆلىگۈدەك ھالەتتە ئەمەسمەن.

ئۇلار كامالنىڭ ئىزىنى كۆزدىن يوقاتماي، قوم بارخانلىرىغا ياماشتى. بەزىدە جەۋلان زۇلالنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ماڭاتتى.

— تېز... تېز... تېزرەك، — دەيتتى زۇلال ھاسىراپ، — مەن كامالدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇ بەك قارام، چاۋار بولسا ھېيلىگەر ھەم قۇۋ.

ئىككىسى ئېگىز داۋاننىڭ پەيدىنپەي ئۆرلەيدىغان يانپاش غولىدا يەر بېغىرلاپ كېتىۋاتقاندا، كېسەلنى ئۇنتۇغان زۇلال ئاستا گەپ باشلىدى:

— جەۋلان، كامالەت ئۇ... ئۇ سىزنى..

— ئۇنىڭ مالىيە بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقۇغۇسى بار ئىكەن. مېنىڭ مالىيە ئىقتىسادىي ئىنستىتۇتىدا ئىشەنچلىك

تونۇشلىرىم بار. شۇلار ئارقىلىق ئوقۇش ئىشىنى ھەل قىلىپ بېرەي دەيمەن.

— بەك ياخشى ئويلاپسىز، ئۇ ھېچنېمىسى يوق قارا يېتىم... كامالەت سىز توغرۇلۇق ئايشەمگە يىغلاپ...

— قاراڭ، ئاخىرقى چوققىغا يېتىپ كەلدۇق...

ئۇلار ئاخىرقى چوققىغا يېتىپ كەلگەندە، تەرگە چىلىشىپ، پىخىلداپ ئارانلا كېتىۋاتقان چاۋار ئىلەڭ - سىلەڭلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا خورجۇن شۇنچىلىك ئېغىر يۈك بولدىكى، پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكۈسى كەلدى. بىراق، شۇنچە يىللار قومىتامىلىقنى قاقشىتىپ تاپقان دۇنيا دەپىنىسى ئۇنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، ئۇ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ، سەكراتقا چۈشۈپ قالسىمۇ، خورجۇننى باغرىغا بېسىپ ئۆلۈشكە رازى ئىدى. چاۋار خورجۇندىكى باغلام - باغلام پۇل، خالتىلارغا قاچىلانغان ئالتۇنلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ كېتىۋاتقىنىدا يول بويىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان قوم بارخان ئۈستىدىن ئېتىلىپ چۈشكەن بىر قارا كۆلەڭگە ئۇنى ئاستىغا بېسىۋالدى. خورجۇن قاياقتىدۇر ھالقىپ چۈشتى. چاۋار كامال بىلەن ئازراقلا ئېلىشىپ، ئۆمىلەپ قاچقانچە خورجۇنغا ئېتىلدى. لېكىن، ئۇچقاندەك يېتىپ كەلگەن كامال ئۇنى بىر پەشۋا بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈۋەتتى. خورجۇن يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جىلغىغا چۈشۈپ، سىلىق قومدا پەسكە سىيرىلدى. غەزەپكە كەلگەن چاۋار پىچىقىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ قالايمىقان شىلتىشقا باشلىدى. كامال پىچاقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ پەشۋا ئاتقان ئىدى. قومدا پۇتلىشىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن چاۋار ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى باستى - دە، غەزەپ بىلەن پىچاق ئۇردى. لېكىن، كامالنىڭ سول قولى ئۇنىڭ قول بېغىشىنى تۇتۇۋالغاچقا، پىچاق كامالنىڭ مۈرىسىگە كىرىپ كەتتى. كامال پىچاقلىق قولنى ئامبۇردەك قىسىۋېلىپ،

كارنىيىنى بوغۇۋالغان چاۋارنىڭ سول قولىنى ئوڭ قولىدا قامالاپ، ئاجراتتى ـ دە، ئىرغىپ تۇرۇپ بىر باش قويۇۋىدى، ئۆزىگە ئېڭىشىپ تۇرغان بۇرۇن ھەم كالپۇكلاردىن تىرتىلداپ قان يامراپ چىقتى. بېشى پىررىدە ئايلانغان چاۋارنىڭ ئاستىدىن يۇلقۇنۇپ تۇرغان كامال ئۇنىڭ بىلەن قايتىدىنلا يومىداقلىشىپ پەس جىلغىغا يۇمىلاپ چۈشۈپ كەتتى. قارس ـ قۇرس، گاچ ـ گۇچ قىلغان ئاۋازلار بىر پەس داۋام قىلغاندىن كېيىن بىر كۆزى قاپقارا قان ئۇيۇپ، يۈزلىرى قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن چاۋار بىلەن كامال قۇملۇق يانباغىردا قوغلىشىپ يۈرۈپ ئېلىشماقتا ئىدى. يۇمشاق قۇمدا گاھ پۇتلىشىپ، گاھ تېيىلىپ ئىككىسىلا ئېغىر ھاسىرايتتى. ئۆمىلەپ ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ تۇتىشاتتى. كامالنىڭمۇ بىرقانچە يېرىگە پىچاق تېگىپ، ئاق يەكتەكنى قىپقىزىل مىلىچلاپ كەتتى. چاۋار يوغان، تەمبەل بولۇپ، كامالمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. بىراق، بىرىنىڭ توغراقتەك گەۋدىسى خام سېمىز، يەنە بىرىنىڭ مۇسكۇللىرى يېتىلگەن، چىڭ، بەردەم ئىدى. بىردىنلا كامالنىڭ بىلىكىنىڭ يۇقىرىسىغا پىچاق تېگىپ قان تەپچىرەپ چىقتى، ئۇ دەرھاللا بىلىكىنى قامالىدى. ئۇنىڭ قانغا بويىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چاۋارغا جان كىردى. ئۇ پىچىقىنى قالايمىقان شىلتىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تىلىۋەتتى. كامالنىڭ قۇلىقىغا بىردىنلا لەيلىنىڭ «قۇتقۇزۇڭلار!...» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئەكس سادا بولۇپ ياڭرىدى. ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ بىر پەشۋا ئۇرۇۋىدى، قولىدىكى پىچاق چۈشۈپ كەتكەن چاۋار 6 ~ 7 قەدەم ئارىلىققا ھالقىپ چۈشتى ـ دە، ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ يەردىكى پىچاقنى قولىغا ئالدى. لېكىن ئۇ پۇتلىرىنى كېرىپ، ئىككى مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، تاش ھەيكەلدەك تۇرغان كامالنىڭ مۇشۇنداق پۇرسەتنى قويۇۋەتكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەيتتى. ئەمما بۇ چاغدا ئاغزىغا لاتا تىقىلغان، پۇت ـ قوللىرى باغلانغان لەيلىنى ئاتنىڭ ئالدىغا

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

ئېلىپ، يامان جاڭگالغا كېتىۋاتقان چاۋار، پاشىلىقتا كۆيۈۋاتقان ئوت، «ئەمدى بىلىدىغانلىرىڭنى دوزاخ مالائىكىلىرىگە دەپ بەر!...» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان چاۋار... يەنىلا شۇ بەتبەشىرە، ياۋۇز، قارا نىيەت چاۋار كۆز ئالدىغا كەلگەن كامال «ئا!...» دەپ دەھشەتلىك نەرە تارتقىنىچە، پىرقىراپ كېلىپ پەشۋا ئۇردى! قولاق تۈۋىگە شىددەت بىلەن تەگكەن زەربىدىن بېشى گاڭگىراپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن چاۋار گۈپپىدە يەرگە دۈم يىقىلدى. پۇت ـ قوللىرى تىترەپ تۇرغان چاۋار بىر ھازاغىچە ئورنىدىن تۇرالماي، يەرگە قاققان ئەگرى قوزۇقتەك ئېگىشىپ قالدى. كامالنىڭ غەزىپى ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئورنىدا پىررىدە پىرقىراپ كېلىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە بىرنى تېپىشى، ئاغزىدىن، بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىققان قان بىلەن تەڭ چاۋار ئون نەچچە قەدەم ئارىلىقتا گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرالمىدى. كامال ئېتىلىپ كېلىپ بىر قولىدا ئۇنىڭ كارنىيىنى بوغۇپ، يەنە بىر قولىدا پىچاقلىق قولىنى بىرلا سىقىشى، ئاغزىدىن قان ۋە كۆپۈك قايناپ چىققان چاۋارنىڭ پۇت ـ قوللىرى لاسسىدە بوشاپ، پىچىقى چۇشۇپ كەتتى. كامال گۇرزىدەك مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈرۈشى، ئۇ زەئىپ خىرقىرىدى:

— كارنىيىمنى قويۇۋەت... نەپەس... نەپەس ئالالمىدىم...

كامالدىن ئەنسىرەپ يانباغىر قۇملۇقتا يەر بېغىرلاپ كېلىۋاتقان جەۋلان بىلەن زۇلال ئاخىرقى چوققىغا چىقىپ پەسلەرگە قارىدى ـ دە، ئىككىسى تەڭلا: «كامال!...» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. چاۋارنىڭ خورجۇنىنى مۇرىسىگە ئارتىۋالغان كامال قولىنىڭ ئىككى بېغىشىدىن جۇپلەپ باغلانغان چاۋارنى سۆرەپ كېلىۋاتاتتى. ئاغزى ـ بۇرنى قان ھەم لايغا بۇلغانغان، سۆكۈلگەن، تىتىلغان يەكتەكلىرىمۇ قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن چاۋارنىڭ چىرايىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ

قاپقارا مۈشتۈمدەك ئىششىپ چىققان بىر كۆزى شۈنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى. كامالنىڭمۇ كۆڭلەكلىرى يىرتىلغان، تىلىنغان بولۇپ، مۆرە، كۆكرەك، بىلەكلىرىدىن ئاققان قان ئۇنى قان ئۇيۇتمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چاۋار باغلانغان ئارغامچىنى جاھىللىق بىلەن تىرەجەپ سۆرەيتتى. جەۋلان بىلەن زۇلال قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى:

— كامال!!...

كامالمۇ قولىنى كۆتۈردىيۇ، لېكىن ۋارقىرىيالمىدى. ئۇ قۇمغىلا تىزلىنىپ قالدى. بۇ ئەسنادا قۇمتاغ يامزىلىدىن ساقچىلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى. جەۋلان، زۇلاللار خۇشاللىقىدا ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. ئەمما ھوشىدىن كەتكەن كامال قۇمغىلا يىقىلدى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## قۇمتامنىڭ كۆلكىسى

قۇمتام كەنتى بۇ چاغقىچە ھېچ كۆرۈلمىگەن شادلىق تەنتەنىسىگە چۆمدى! دېھقانلار ئەتىگەندىن باشلاپ تەشكىل ھويلىسىغا توپلانماقتا ئىدى. قۇماقتى، شالتوغراق، قوغۇنچى، جىگدىلىك، قۇمتام قاتارلىق ئەترەت، مەھەللىلەردىن كېلىۋاتقان ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەم ئۇششاق باللار خۇددى ھېيت بولغاندەك خۇشال ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويۇشمىغان ھالدا ئېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى، ۋارقىرىشاتتى، ھەتتا بۇ چاغقىچە ئېتىمىز - ئېرىقلارغىمۇ چىقمايدىغان، ئىسسىق كاڭدا، ئاپتاپ چۈشكەن يەرلەردە ھاسىسىغا ئېگەك تىرەپ ئولتۇرىدىغان بوۋاي - مومايلارمۇ ھاسىراپ - ھۆمىدىشىپ كېلىۋاتاتتى. ساقاللىرى ئاقلىقتىن سارغىيىپ كەتكەن بىر بوۋاي:

— توۋا، پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ، كۈن مەشرىقتىن ئەمەس، مەغرىپتىن چىقتىمۇ قانداق؟ كەنتتە دۇمبىسى قىزىل سەلىياخۇن ① تارقاتقۇدەك، — دېۋىدى، ئۇنىڭ قەدىنىسى بولسا كېرەك، بىر ئورۇق موماي:

— قارا توڭگۇز ② قىسر دەريا سايلىقىغا يۆتكىگەن نۇرغۇن ئاشلىق بارمىش، ئۇنىمۇ جان سانىغا قاراپ بۆلۈپ بېرەرمىش... — دەپ ئاغزىنى تامشىپ قويدى.

① دۇمبىسى قىزىل سەلىياخۇن — شۇ چاغلاردا چىققان قىزىل ئون سوملۇق پۇلنى دېمەكچى.

② قارا توڭگۇز — چاۋار كۆزدە تۇتۇلغان.

— ھەي... پەلەك، ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، — دېدى ھاسىسى ئۆزىدىن ئېگىز دوڭغاق موماي، — بۇ ھېلىقى رېزىنكە قورساق، مىس كاناي ئۇچ تويمىغۇرنىڭ بېشىنى يېگەنلىكىنىڭ خاسىيىتى ـ دە!

بوۋاي ـ مومايلار ئاسمانباقتى بولۇپ كۈلۈشكەندى، ئۇلارنىڭ چىشسىز ئاغزىلىرى قۇشقاچىنىڭ كامىرىدەك ئوچۇقلا قالدى. تەشكىل تەرەپتىن ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇششاق باللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، كوچىنى بېشىغا كىيىشتى. قىزلار تەشكىلنىڭ چوڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ھەيرانلىقتىن باشلىرىنى گىلدىڭلىتىپ، كۆزلىرىنى چۇمچۇكلىتىپ، بادرا ياغاچلاردىن ياسالغان سەھنىگە، سەھنە بېشىدىكى قىزىل پلاكاتقا ھاڭقىيىپ قاراپ قېلىشتى. دېھقانلار سەھنە ئەتراپىنى ئورىۋالغان بولۇپ، بىر نەچچە ياشلار ناغرا ـ سۇناي چېلىۋاتاتتى.

— ھەي بوۋاي، — دېدى بايىقى ئورۇق موماي قەدىنىسىغا، — قىزىل لاتىدا ئىجىر ـ مىجىر پۇتۇكلەر تۇرامدۇ، خۇدايىم. كامىلاخۇن بىلەن لەيلىخاننىڭ ئاغزىغا كۆشۈك سېلىپ دادىخاھقا تارتقاندا، ئاشۇنداق قىزىل لاتا ئاسمىغانمىدى؟

— ئوخشىمايدۇ، مەزلۇم، — بوۋاي قىپقىزىل تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ يۆتەلدى، — ئۇ چاغدىكىسى نەس باسقان ئەنجۇمەن[①]، بۇ دورامقىسى كۈلىدىغان ئەنجۇمەن.

— ئاۋۇ لاتىغا شۇنداق پۇتۇپ قويۇپتىما؟

— ئا... نېمانداق پەلىپەتىش گەپ قىلىسىلە، مەن ئۇنى ئوقۇيالىسام شەھەرگە دوتەي[②] بولمامدىم، — بوۋاي ئوينىناپ يورگەن بىر باللىنى چاقىردى، — خوندەك[③] بالام، ئاۋۇ لاتىدىكى

---

① ئەنجۇمەن — يىغىلىش، يىغىن.

② دوتەي — ۋالىي.

③ خوندەك — ئەڭ بالدۇر پىشىدىغان ئەتىۋارلىق ئۆرۈك.

پۈتۈكلەرنى ئوقۇپ بەرگىنە؟
— بالا بىگىز قولىنى چىنەپ تۇرۇپ ئوقۇدى:
— «قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ مېھنەت ـ ئەجرىنى ئۆزگە قايتۇرۇش چوڭ يىغىنى»
بوۋاي بىلەن موماي سەھنىدىكى داستىخان سېلىنغان ئۇستەللەرنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان جەۋلان، زۇلال، مەتنىياز، كېرىمۇللا، ياربەختى، ئايشەم، كامالەت قاتارلىق كەنت، ئەترەت كادىرلىرى ۋە يېزا ئاكتىپلىرىغا قاراشتى. يىغىن باشقۇرۇۋاتقان ھاشىم سەھنە ئالدىغا كېلىپ قولىنى كۆتۈرۈشى، ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازى جىمىقتى. ئۇ ھاياجان بىلەن ۋارقىرىدى:
— قۇمتاملىق بۇرادەرلەر، سىلەر دارامەت ئېلىپ باقمىغىلى نەچچە يىل بولدى؟
سەھنە ئالدىدا پەۋەس ئولتۇرغان، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرغان دېھقانلار ئارىسىدىن «تۆت يىل»، «بەش يىل» ھەتتا «ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كېلىۋاتىمىز» دەپ ۋارقىرىغانلارمۇ بولدى. ھاشىم يەنە قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى تەرتىپكە چاقىرغاندىن كېيىن كەنتتىكى ئۈچ ئاپەتنىڭ خىيانەت، ئوغرىلىق، چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش ئارقىلىق قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئەجىر ـ مېھنەتلىرىنى ئۆزئارا بۆلۈشكەنلىكى، ھەتتا بەلگىلەنگەن ئاشلىق نورمىلىرىنىمۇ ساق بەرمىگەنلىكىنى قايناپ سۆزلىدى. ھازىر يىل ئاخىرى بولۇپ قالغاچقا، ئىككى كۈندىن بېرى كەنت ۋە ئەترەت كادىرلىرى بىرلىكتە ھازىرچە يىغىلغان نەق پۇلنى دېھقانلارنىڭ ئىشلىگەن ئەمگەك نومۇرى بويىچە دارامەت تارقىتىشنى مەسلىھەت قىلىشقانىدى. جەۋلاننىڭ قىر دەريا سايلىقىدىن سالدۇرۇۋېلىنغان ئىككى توننا ئاشلىقنى ئامباردىن ئاشلىق تولۇقلاپ، ھەر ئائىلىنىڭ جان سانىغا قاراپ تارقىتىش ھەققىدىكى پىكرىگە ھەممىسى بىردەك قوشۇلۇشتى. ئاشلىق ۋە

پۇل ھەققىدىكى خۇش خەۋەردىن دېھقانلار بىردەك چاۋاك چېلىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— تىزىملىك بويىچە ئاشلىقنى ئەتىدىن باشلاپ ئامباردىن ئالىسىلەر، — دېدى ھاشىم، — ھازىر كامالەت دارامەت ئالغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇيدۇ. رەتلىك چىقىپ ئېلىڭلار.

كامالەت سەھنە ئالدىغا چىقىپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى دەپتەرگە قاراپ ھودۇقىقان ھالدا ئوقۇشنى باشلىغانىدى، تۆۋەندىن «چىڭراق ئوقۇسۇن»، «ئاڭلىمىدۇق، نان يېگەندەك سۆزلىسۇن!» دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. ھاشىمنىڭ «خەلقنىڭ ئەجرى ئۆز قولىغا قايتقاندا دادىل بولغۇلۇق» دېگەن تەنبىھىدىن كېيىنلا ھوپپىدە ئېسىلىپ كەتكەن كامالەت تىزىملىكنى ئۈنلۈك ئوقۇدى.

— مۇھەممەد قوتاز، ئانارخان چوكچوك، رەجەپ كاناي، سۇپىخان لەڭمەن، تۇرسۇنخان تۇمار...

ئەر - ئايال دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ، ھەر ئائىلە بويىچە ئالدىن تەييارلانغان پۇلنى قولىغا ئېلىپ، جەدۋەلگە بارمىقىنى باساتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۈلسە، يەنە بەزىلىرى خۇشاللىقتىن كۆز ياش قىلاتتى. قومىتام تۆرىلىپ ئالىقىنى توشقۇدەك پۇل كۆرۈپ باقمىغان دېھقانلار قولىدىكى پۇلغا قاراپ: «توۋا، چۈشەكسىگەندەك گاراڭلا بولۇپ قالدىما» دېيىشەتتى. بىر قانچە قېرى بوۋاي - موماي لار سورۇننىڭ ئارقىسىدا قىسماقتەك ئېگىلىپ قوللىرىدىكى پۇلنى سانىغاچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى:

— كونىلار ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا دەپتىكەن، — دېدى بىر بوۋاي ئىنجىقلاپ، — جەۋلان بالا ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ھېلىقى تۇلۇمچاشقانلارنى ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋەتتى.

بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان موماي لارمۇ ئېغىز - ئېغىزىغا تەگمەي جەۋلاننى ماختاپ كېتىشتى:

## تەكلىماكان ئوغلى (2)

— قۇمتامنىڭ جىگدە كۆتىكىدەك بەزلىنىشىپ كەتكەن ھونناق[①]لىرىنى ئېغىز ئالدۇرۇپ، بەش پۇچۇق قىلىۋەتتى دېسە.

— شۇ ئەمەسمۇ، خويمۇ جىگەرلىك يېتىمكەن.

— كاللىسى غوچچىدا چېچەكلەپ كەتكەن ئەقىللىكەن، بولمىسا ئۈچ ھۆررەكىنىڭ قىلمىشلىرىنى پايپاقنىڭ يېپىنى سۇغارغاندەك چۇۋۇۋېتەلەمتى.

بۇ ئەسنادا كۆرەك ساقال، چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بىر دېھقان سەھنىدىن ئالدىراپ چۈشتى ـ دە، بارمىقىغا تۈكۈرۈپ، قولىدىكى پۇلنى ساناشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە ئىشەنمىگەندەك ياكى سانىغانسېرى كۆپىيىپ قالىدىغاندەك قايتا ـ قايتا سانايتتى. بۇنى كۆرگەن ياغاچتەك جۇدەڭ بىر يىگىت ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— ساۋۇتكا، يامان ساناپ كەتتىڭ، توقالدىن بىرنى ئالاي دەمسەن نېمە؟

— ئا.. تۈكى يوق پاراڭنى قوي. يەڭگەڭگە يېتىشەلمەي قالغاندا، توقال نەدە تۇرۇپتۇ؟

— يېڭى قازاننىڭ ئېشى تاتلىق بولىدۇ، دەيمەن...

— ئالجىپسەن، يەنىلا كونا قازاننىڭ ئېشىغا يەتمەيدۇ...

ھويلىدا ناغرا ـ سۇنايلار ئۈزۈلمەي چېلىنىپ، دېھقانلارنىڭ شادلىقىغا شادلىق قوشماقتا ئىدى. بەزى ياشلار ھويلىدىلا ناغرا ئۇسسۇلىغا چۈشۈپ كېتىشتى. كامالەت جەۋلانغا يالتتىدە قاراپ قويۇپ، تىزىملىكنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. بۈگۈنكى بۇ تەنتەنىدىن كامال بىلەن لەيلى بەھرىمەن بولالمىدى. ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىدا ئىدى. بىلەك، كۆكرەكلىرى تېڭىلغان كامال كارىۋاتتا ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئېغىر بويلۇقىنى چاندۇرمايدىغان كەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان لەيلى

① ھونناق — «تۆۋى يوغان» «قوڭى يوغان» جاراھەت.

ئېرىنىنىڭ ئاغزىغا دورا سېلىپ سىركايدا قايناق سۇ ئىچۈرۈۋاتاتتى. دېرىزە تەكچىسى ھەم يەردە كۈرۈپكىلارغا قاچىلانغان چايدان، رو چەينەك، سىرلىق كورا، يوتقان تېشى، چىبەرقۇت، پاشكىلىق قەنت، ناۋات دېگەندەك سوۋغاتلىقلار تۇراتتى.

— ناھىيە رەھبەرلىرىدىن لى شۈجى، ئابلىز ھاكىم، ئابباس جۇيجاڭلار، — دېدى لەيلى كۈلۈپ تۇرۇپ، — «تويۇڭلار بىلەن ساقىيىپ قالغانلىقىڭنى تەبرىكلەپ كەلدۇق» دەپ بىر مۇنچە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەتتى، بۇ كاتتا ئەمەلدارلار كىملەردۇر دەپ ھاڭقىيىپلا قاپتىمەن.

— بارنىياز شۈجى، ئەيسايۇپ، ئوبۇلھەسەنلەر كىرگەندە، — كامال لەيلى سۇنغان قايناق سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، ئاغزىدىكى دورىنى يۇتتۇۋەتتى، — خىجىللىقتىن يوتقانغا پۈركىنىۋالغىلى تاسلا قالغان تۇرسام، ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى يوقلاپ كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان.

— نېمىگە خىجىل بولاتتىڭىز، كېسەل يوقلاش ئادەتقۇ.

— يوغان، تەندۇرۇس بىر ئادەم كارىۋاتتا پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتسا نېمىدېگەن سەت.

— سىز دېگەن ئېغىر جاراھەتلەنگەن ئادەم. سىزنى پىكاپتا ئەكەلگەندە ھوشۇمدىن كەتكىنىمنى بىلمەيلا قاپتىمەن، — لەيلى چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — ھە، راست، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، كەنتتە ئېچىلغان يىغىندا ئانامغا خېلى جىق پۇل، ئاشلىق بېرىپتۇ. جەۋلان ئەھۋالىڭىزنى سورىغاچ تېلېفوندا يەتكۈزدى.

— تويىڭىزدا تۈزۈك بىر نەرسە ئېلىپ بېرەلمىگەنىدىم، — كامال لەيلىنىڭ قوللىرىنى يوغان ئالقىنىغا ئالدى، — بۇ قېتىم سىزنى شەھەرگە ئەكىرىپ...

— قاراڭ كامال، — لەيلى گەپنى ئېلىپ قاچتى، — بارنىياز

شۇجى ئۆگۈنلۈككە قۇمتام كەنت كادىرلىرىنىڭ سايلىمى بولىدۇ، كامال ئىلاج بار قاتناشسۇن، مەن ئۇلاغ تەييارلاپ بېرىمەن، دېگەندى، قانداق قىلىسىز؟

— چوقۇم بارىمەن، زۇلالنى كەنت باشلىقى سايلاش ئۈچۈن بىر ئورۇق تاشلىمىسام ئارماندا قالىمەن.

— زۇلال، مەتنىيازلارغا ئەجەب ئامراق ھە، سىز؟

ئىككى كۈن ئۆتتى، ئۈچىنچى كۈنى سەھەرلىكى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن تەييارلاپ بەرگەن ئىككى ئاتقا مىنگەن كامال بىلەن لەيلى قۇمتامغا قاراپ يولغا چىقىشتى. سايلامغا كېچىكىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن كامال ئاتنى ھەدەپ دېۋىتەتتى، قامچىسىنى كۆتۈرۈپ ھەيۋە قىلاتتىيۇ، بويىنىغا ئېسىلغان قولىنىڭ ئاغرىشىدىن چىرايى تۈرۈلەتتى. لەيلى ئۇنى: «تولا كۈچىمەڭ، ئۈزۈلۈپ قالىسىز» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى، ئۇلار قۇمتام كەنتى ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە، دېھقانلار بىردىنلا چاۋاك چېلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ھاشىم بىلەن زۇلال دەرھاللا كېلىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ سەھنىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۆتكەنكى سەھنە باشقىدىن جابدۇپ ياسالغان بولۇپ، پەقەت پىلاكاتتىكى خەت «قۇمتام كەنتى سايلام يىغىنى» غا ئۆزگەرتىلگەندى. ھەرخىل قېلىن كىيىم، كۈرەك جۇۋا، سالۋا تەلپەكلەرنى كىيىۋالغان دېھقانلار مەيداندا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بەزىلىرى ئايىغىنىڭ پاشنىسىغا قويۇپ چاققان ياڭاق مېغىزىنى زاغرا بىلەن قوشۇپ يەيتتى. يەنە بەزىلىرى گۆلە ـ قاق شۆمىسە، قۇچاقتىكى بالىلار ئانىسىنىڭ سوغۇلۇپ كەتكەن ئەمچىكىنى قاماللاپ ئېمەتتى. ھاشىم كامالنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ نامزاتلار قاتارىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ ئەتراپىدىكى جەۋلان، مەتنىياز، كېرىمۇللا، يار بەختى، ئايشەم، كامالەت ۋە باشقا يېزا ئاكتىپلىرى بىلەن باش ئېگىپ سالاملاشتى. ھاشىم كامالنىڭ بېشىدىكى بادامدوپپىسىنى ئېلىپ

سەھنە گىرۋىكىدە قاتىرىسىغا تىزىلغان باش كىيىملەر قاتارىغا قويۇپ قويدى. ئاندىن ئۇ سەھنە ئالدىغا كېلىپ يىغىن ئەھلىگە قارىدى:

— يۇرتداشلار، ئۆزۈڭلار تالاش ـ تارتىش بىلەن بېكىتىپ چىققان ئون بىر نامزاتنىڭ ئىچىدىن توققۇز ئادەمنىڭ تەلپەك ـ دوپپىلىرى سەھنە ئالدىغا تىزىلدى، — ھاشىم يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — سايلام يېشىغا يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىگە توققۇز تالدىن قوناق تارقىتىلدى. بىز ئۇلار ئىچىدىن ئالتە ئادەمنى تاللاپ كەنتىمىزگە شۇجى، كەنت باشلىقى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى، ئامبارچى، بوغالتىر ھەم كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىقلارنى سايلاپ چىقىپ، يۇقىرىغا يوللايمىز. ئۇلار تەستىقلانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئىسىڭلاردا بولسۇن، ھەربىر كىشى بىر ئائىلانغاندا بىرلا ئادەمنى سايلاش ھوقۇقى بار. ھازىر كەنت شۇجىسىغا ئورۇق تاشلاشنى باشلايمىز.

ھاشىم جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى دېھقانلار ئارىسىدا بىردىنلا پاراڭ كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ سەھنە ئالدىدىكى باش كىيىملەرگە قارىشاتتى. بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سەزگەن زۇلال ئالدىغا چىقىپ، كۆپچىلىكنى تەرتىپكە چاقىردى:

— ئاتا ـ ئانىلار، قۇمتاملىق قېرىنداشلار، بىردەم تىنچلىنىڭلار، — دېدى زۇلال ۋارقىراپ، — سىلەر نامزاتلار قاتارىدا ھاشىمكام بىلەن ئايشەم ئاچىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن ھەيران بولۇۋاتىسىلەر، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئۇلارنى نامزاتلار قاتارىغا كىرگۈزمەسلىكنى تېلېفوندا ئۇقتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ باش كىيىملىرى قويۇلمىدى. قېنى ئەمىسە، بىردىن تىزىلىپ كېلىپ باش كىيىملەر ئىچىگە قول تىقىشنى باشلايلى. ئەگەر ئۆيىمىزدىن ئېلىپ كەلگەن قوناق دانلىرىنى ئوچۇملاپ

تاشلىساق، بىز خىللاپ چىقىرىۋېتىمىز، چۈنكى، بىز تارقاتقان قوناقلار قىزىل بويالغان.

سورۇن ئىچىدە كۆلكە كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئۆپۈر ـ تۆپۈر تۇرۇشۇپ، تەلپەك ـ دوپپىلارغا قول تىقىشقا باشلىدى. بۇ ئەينى يىللاردىكى يېزا سايلاملىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، دېھقانلار تاللاپ چىققان نامزاتلارنىڭ باش كىيىملىرى سەھنە ئالدىغا قويۇلاتتى ياكى سايلانغۇچىلار پەستە بىر قاتار ئولتۇرۇپ، باش كىيىمىنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا قويۇپ قوياتتى. دېھقانلار ھەممە باش كىيىمى ئىچىگە قولىنى تىقىپ چىقىسىمۇ، لېكىن سايلىماقچى بولغان ئادەمنىڭ باش كىيىمى ئىچىگە قوناق دانىسىنى تاشلايتتى. باشقىلار ئۇنىڭ كىمگە تاشلاپ، كىمگە تاشلىمىغانلىقىنى بىلەلمەيتتى. سايلانغۇچىلارنىڭ قانچە ئاۋازغا ئېرىشكەنلىكىنى قوناق دانىسىدىن بىلگىلى بولاتتى.

چۈشكىچە داۋاملاشقان سايلامدىن كېيىن دېھقانلار تارقىلىشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كىملەرنىڭ شۇجى، كەنت باشلىقى، ئامبارچى، بوغالتىر بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشماقتا ئىدى. سايلام نەتىجىسى شۇ كۈنىلا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يوللىنىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن قۇمتام كەنتى ھويلىسى ئادەم بىلەن تولدى. دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى «ئەمەلدار»لىرىنى بىلىش تەقەززاسىدا بارلىق ئەترەت، مەھەللىلەردىن ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسى كەلگەنىدى. شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابباس، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن بارنىياز، ئوبۇلھەسەن، خىزمەت گۇرۇپپىسى باشلىقى ئەيساپۇپ قاتارلىق بىرقانچە رەھبەرلەر ۋە قۇمتام كەنت كادىر، ئاكتىپلىرى سەھنىدە ئولتۇرۇشاتتى. ھاشىم، «بارنىياز شۇجىنى يېڭى كادىرلارنى ئېلان قىلىشقا تەكلىپ قىلايلى» دەپ ۋارقىرىشى مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. بارنىياز سەھنە ئالدىدىكى ئۈستەل قېشىغا كېلىپ

قولىنى كۆتۈرگىنىچە:

— قۇمتاملىق قېرىنداشلار، ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ ئۈچ ئاپەتتىن قۇتۇلغىنىڭلارنى تەبرىكلەيمەن! — دەپ ۋارقىرىشى قايتىدىنلا قىزغىن ئالقىشلار ياغدۇردى. بارنىياز گېلىنى قىرىپ، كارنىيىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن قۇمتام كەنتىنىڭ يېڭى كادىرلىرىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن بىر خۇش خەۋەرنى سىلەرگە يەتكۈزمەكچىمەن. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە پارتكومىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ھاشىم قۇمچاقار يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا، ئايشەم ئايالالار خىزمىتى ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

دېھقانلار بىردىنلا چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، تەلپەك، دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى. ئارقىدىن قىزغىن چاۋاكلار بىلەن خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈشتى. بارنىياز قۇمتام كەنت كادىرلىرىنى ئېلان قىلغاندىمۇ، ئۇلار خىزمەتكە تەيىنلەنگۈچىلەرنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن قىزغىن چاۋاك ئارقىلىق رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. زۇلال قۇمتام كەنتى پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىقىغا، كامال كەنت باشلىقلىقىغا، كېرىمۇللا مۇئاۋىن كەنت باشلىقلىقىغا، مەتنىياز كەنت ئامبارچىلىقىغا، كامالەت مالىيە بوغالتىرلىقىغا، يار بەختى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندى. مەيداندا ناغرا، سۇنايلار چېلىنىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاكلار خېلىغىچە توختىمىدى. ھاشىم ئوبۇلھەسەننى سۆزگە تەكلىپ قىلغاندىلا يىغىن ئەھلى بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆمدى. ئوبۇلھەسەن ئەمدىلا سۆز باشلىشى ئالىمان ئارىسىدىن: «ئوبۇلھەسەناخۇن، مەزمۇت گەپ قىلسىلا، ئارقىدىكىلەر ئاڭلىيالمىدۇق» دەپ ۋارقىراشتى. ئوبۇلھەسەن جەۋلان، كامال، زۇلاللارنى سەھنە ئالدىغا ئاچىقىپ بويۇنلىرىغا قىزىل شەلپەر ئاسقاندىن كېيىن ئۈنلۈك ۋاقىراپ سۆزىنى باشلىدى:

— يولداشلار، ناھىيىلىك كومىتېت ھەم شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىن بۇ ئۈچ باتۇرىمىزنى «خەلق پىداكارلىرى» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن تەقدىرلىدى، — ئوبۇلھەسەن رامكىغا ئېلىنغان تەقدىرنامىنى بىردىن تۇتقۇزۇشى ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، — ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېغىر يارىلانغان كامالنىڭ پاتراق ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن بىر قوي، يۈز جىڭ گۈرۈچ، بىر قاپاق ماي بېرىشنى قارار قىلدى. ھازىر مەن ناھىيىلىك كومىتېت تەرىپىدىن بېرىلگەن ماددىي مۇكاپاتنى تارقىتىمەن.

ئوبۇلھەسەن چوڭ سومكىدىن ئۈچ بولاقنى ئېلىپ ئۈچ پىداكارغا تارقاتتى. ئۇ مۇكاپاتنىڭ ئالتە مېتىر چىبەرقۇت، بىردىن شىم - كۆڭلەك ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشى مەيداندا قايتىدىن چاۋاكلار ئۇرۇلدى. توپ ئارىسىدا نېۋىخان ئانىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان لەيلى خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى. كامالەت جەۋلانغا مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن تويماي قارايتتى. ھاشىم شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابباسنى سۆزگە تەكلىپ قىلىشى مەيدان بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆمدى. ئېگىز ھەم تەمبەل كەلگەن ئاتباس كۆپچىلىككە بىر قۇر نەزەر سالغاندىن كېيىن ساقچىلارغا خاس جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزىنى باشلىدى:

— يولداشلار، ئون يىلدىن بېرى قانۇن تورىدىن قېچىپ يۈرگەن قاتىل جىنايەتچى، گومىنداڭچى ئۇنسۇر چاۋارنى تۇتۇشتا، ئۈچ ياش دەرۋەقە قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. شۇڭا، ئۇلارغا «خەلق پىداكارلىرى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى، — ئابباسنىڭ تەلەپپۇزى بىردىنلا جىددىيلەشتى، — بولۇپمۇ كامال ئۆلۈمدىن قورقماي، تەنلىرى تىلىنىپ، قانلار ساقىپ تۇرسىمۇ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىر ئۇنى يەر چىشلەتتى، بۇنداق باتۇرلۇق ۋە خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىش روھى ھەممىمىزنىڭ

قەدىرلىشىشكە ئەرزىيدۇ. مەن ساقچى ئىدارىسىدىكى بارلىق ساقچى خادىملارغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا بىر رادىئو تەقدىم قىلماقچى.

سورۇن تىنىقلار ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتتى. دېھقانلار «ئۇ قانداق نېمىدۇ؟» دېيىشىپ ھەيران بولۇشتى. ئۇلار پەقەت قۇمچاقار يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىكى، ئازنە بازار رەستىسىدىكى ئىستۇلبىغا، بادرا ياغاچلارغا ئېسىپ قويغان كاناي ھەم ياغاچ ساندۇق رادىئولارنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەمگە تەقدىم قىلىنىدىغان رادىئونى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئابباس قىزىل خەسىگە ئورالغان رادىئو بىلەن بىر كورۇپكىنى سەھنە ئالدىدىكى ئۈستەلگە ئېلىشى مەيداندىكىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشتى. بەزىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشتى. ئابباس قىزىل خەسنى ئېلىۋېتىشى پارقىراپ تۇرغان رادىئونى كۆرگەن دېھقانلارنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ چەكچىيىپلا قېلىشتى.

— مانا بۇ، — ئابباس كورۇپكا ئىچىدىن ئېلېكتر مېيىدىن بىرنى ئالدى، — باتارېيە ماي، بۇنىڭدىن ئۈچ تالنى مانا بۇ يەرگە سېلىپ، مۇنۇ قۇلىقىنى تولغىساق جۇڭگولا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادىكى گەپ - سۆز، ناخشا - مۇزىكىلارنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

ساقچى باشلىقى ئابباس قولىنى بويىنىغا ئاق داكىدا ئېسىۋالغان كامالنى كۆرۈپ، رادىئونى كىمگە بېرىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا ھاشىم توپ ئارىسىدىكى لەيلىنى چاقىرىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى ھەم ئابباسنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغانىدى، ئۇ لەيلى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ رادىئونى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىشى لەيلى تاراملاپ ياش تۆككەن ھالدا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ خېلىغىچە توختىمىدى.

— ھازىر، — ھاياجانلانغان ھاشىم مەيدانغا قارىدى، — قۇمتام دېھقانلىرىنىڭ قەدىرلىك ئوغلى جەۋلاننى سۆزگە تەكلىپ

قىلالايلى. ئۇ ئەتە قايتماقچى. ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلايلى.

قىزغىن چاۋاكلار ئاستىدا سەھنە ئالدىغا كەلگەن جەۋلان، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، بىر ھازا گەپ قىلالماي قالدى. شۇنداق، تەكلىماكان ئىچىدىكى زۇمرەت كەنت قۇمتامدا ئۆتكەن ئۈچ ئايلىق ھايات گويا ئوتتۇز يىلدەك مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلغانىدى. ئەمدى كېتىدىغان چېغىدا نېمە دېسۇن؟ نېمىلەرنى دېيەلىسۇن؟ ھاشىمنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ قۇمتامنىڭ «قەدىرلىك ئوغلى» بولۇپ قالغان تۇرسا، ئايرىلىش پەيتلىرىدە بىرەر كەلىمە ئارزۇ ـ ئارمان، كۆڭۈل سۆزلىرىنى دېمىسە بولامدۇ؟

— قۇمتاملىق قېرىنداشلار، ئاتا ـ ئانىلار، قەدىرلىك دوستلار، — جەۋلاننىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى، — قۇمتامنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. بۇ ئەلۋەتتە ئاز بولمىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەر، قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە كەلدى. بۇنداق يېڭىچە قىياپەت، يېڭىچە جەڭگىۋارلىقنى، پاك بولۇشنى، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قۇرئاننىڭ سۈرىسىدەك ئۇلۇغ بىلىشنى قۇمتامنىڭ يېڭى كادىرلىرىدىن ئۈمىد قىلىدۇ! ئۇلارنى خەلق مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي غەمگۇزارى بولۇشقا چاقىرىمەن.

يىغىن زۇلالنىڭ يېڭى سايلانغان كادىرلارغا ۋاكالىتەن ئوقۇغان ئەھدىنامىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ھاشىم، جەۋلان، زۇلال، ئايشەملەر بارنىياز، ئەيسايوپ، ئاباس، ئوبۇلھەسەنلەرنى مىنبەگلار ئاشخانىسىدا مېھمان قىلىپ سىرتقا چىققاندا جەۋلان ئەيسايۇپقا پىچىرلاپ:

— دېھقانلار ۋە كادىرلار بىلەن خوشلىشىپ ئەتە ئەتىگەن قايتسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەيسايۇپمۇ:

— خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرى ساڭىلا ساقلاپ قالدى. ئەتە

ئەتىگەندىن قالما، — دېدى. جەۋلان ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ياتىقىغا خاموش قايتىپ كىردى. تۇتۇلۇپ كەتكەن تەكلىماكان ئاسمىنى يۇندى سۈيىدەك بەترەڭ بولۇپ، قار ھەندى كېلىپ تۇراتتى. ھېچ ئىش خۇشياقمىغان جەۋلان ياستۇققا يۆلەنگىنىچە كۆڭلى يېرىم ھالدا تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆز قارىچۇقلىرىدا ئۈچ ئايدىن بېرى يۈز بەرگەن ئاجايىپ - غارايىپ مەنزىرىلەر ئەلەڭلەيتتى. تەكلىماكان گويا ئويۇنچۇقتەك باغرىغا تاڭغان مۇشۇ كىچىككىنە يۇرتتا شۇنچە پاجىئەلەر قارار تاپتى، دېسە كىممۇ ئىشىنەر؟ راست ئىشەنمىكى تەس! ئەمما، ئېلىنىۋەتكەن تىرناقتەك قۇرتنىڭ ئۆلۈكىنى تالىشىپ چۆمۈلىلەر چېغىدا بىر - بىرىنى چىشلەپ ئۆلتۈرىدىغۇ! قاراڭ، دېرىزە تۈۋىدە جاۋىلدىشىۋاتقان قۇشقاچلارغا! ئۇلار بىر - بىرىنىڭ پەيلىرىنى يۇڭۇزلاپ، نېمانچە جان - جەھلى بىلەن ئۇرۇشىدىغاندۇ؟ يەنىلا شۇ مەنپەئەت! ئۇلار خوتۇن تالىشىدۇ، ئوۋا تالىشىدۇ، دان تالىشىدۇ... شۇنداق ئىكەن، ئادەملەرگە ھەيران قالمىساقمۇ بولغۇدەك! ئازغىنا مەنپەئەتنى دەپ بىر - بىرىگە قان چېچىشىۋاتقان، ئۆزئارا ئورا كولىشىۋاتقان، يوشۇرۇن سۈيىقەست قىلىشىۋاتقان، دۇنيادا مەنلا ياشاي، سەن ئۆل دەۋاتقان، مېنىڭغۇ مېنىڭ، سېنىڭمۇ مېنىڭ دەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى غەلىيانلىق ھايات بازىرىنىڭ كىر - يۇندىلىرى بولسا كېرەك! بۇنداق مەنپەئەت قىبلە قىلىنغان تۇغقانچىلىق، بۇرادەرلىك، قېرىنداشلىق ھەم ئاتا - بالىلىقلارنىڭ ھەممىسى تاماكا تۈتۈنىدەك ئازغىنا شامالدا توزۇپ يوقايدىكەن! كۆرۈك، چاۋار، مەتىسىدىق، ئىگەمبەردىلەر قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بۇرادەرلىك كەمىرىنى باغلاشقان بۇرادەرلەردىن ئىدى. ئەمما، بىر چاشقاننىڭ جەسىتىنى تالىشىپ بىر - بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇشقان ھۆۋقۇشلاردەك مەنپەئەت كويىدا بىر - بىرىنى سېتىپ، ھەتتا ئۆزئارا جانلىرىنى قىيىشتى. شۇڭا دانالارنىڭ:

# تەكلىماكان ئوغلى (2)

مالۇ دۇنيا ھەسرىتىدە يىغلىسا ھەربىر كىشى،
يىغا دېمەك، كۈلگىندۇر رەسۋالىقىغا ئۆزى...

دېگەن ئىبرەتلىك تەنبىھلىرى مەنپەئەت كويىدا ئادىمىيلىكنى يوقاتقانلار ئۈچۈن ئۆرۈلغان نەشتەر ئەمەسمۇ!

جەۋلاننىڭ ھېكمەتلەر بۇلاقلىرىدا يۇيۇنغان خىياللىرى قاچانغىچە داۋام قىلار ئىدىكىن، بىراق ئىشىك چېكىلىپ كامالەت ئاستاغىنا كىرىپ كەلدى. ئۇ: «تالادا قار ئۇچقۇنداۋاتىدۇ» دەپ قويۇپ، رومىلىدىكى يالتىراپ تۇرغان تامچىلارنى قاقتى. ئۇلار چوڭ ئىشخانىدىكى ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى. جەۋلاننىڭ خاپىغان چىرايىنى كۆرگەن قىز ئەنسىز خىياللار تەكتىگە چۆكتى.

— سىز... سىز ئەتە كېتەمەكچى... — كامالەت يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، — مەندىن بىر ئېغىز راست سۆزىڭىزنى ئايىماڭ...

— كامالەت، — جەۋلان كېتىدىغان چېغىدا ئۇنىڭ بىلەن چېقىشقۇسى كەلدى، — مەن... ئۈرۈمچىگە بېرىپلا سىزنىڭ ئوقۇش ئىشىڭىزنى ھەل قىلاي، دېدىمغۇ.

— ئەمما، مېنى ياخشى كۆرمەيسىز، شۇنداقمۇ؟ — قىز دۇمسايدى، — ئەمىسە چارقۇمدىكى يۇلغۇن تۇۋىدە چاۋارنى تۇتۇشقا ماڭغاندا، مېنى نېمىشقا قۇچاقلاپ سۆيدىڭىز؟

— ئۇ چاغدا مەست بولۇپ قاپتىمەن.

— يىگىتلەر مەست بولۇپ قالسا، — كۆزلىرىنى ياش قاپلىغان كامالەت دېرىزە تۈۋىگە كەلدى، — قىزلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، باشقا چاغلاردا كۆزىدىن سېلىۋېتىدىكەن - دە.

كامالەتنىڭ كىچىك بالىلاردەك سەممىي، تاتلىق گەپلىرىدىن سۆيۈنگەن جەۋلان ئاستا كېلىپ، ئۇنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن

مۆرىلىرىنى سىلىدى:

— تاتلىق كامالەت، ئوماق كامالەت، سىزنىڭ ئاشۇ ساددا، سەمىمىي سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا ئەتەي گەپكە سالغۇم كېلىدۇ، — جەۋلان قىزنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى، — ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىڭىز مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈم ئالدىدا ياماق بولالمايدۇ.

كامالەت شارتتلا قايرىلدى ـ دە، جەۋلاننىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

— ۋۇي ئەسكى... ۋۇي سالپاڭ قولاق توشقان... ۋۇي پاقلانباش ئوغلاق... سىزنىڭ ئالداپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەتتىم.

— سىز مېنى مۇشۇنداق تىللاۋەرسىڭىز يېنىۋالىمەن جۇمۇڭ.

— ئەمدى يېنىۋېلىڭغا قېنى، بىر يېرىڭىزنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىمەن.

— ئەمسە چىشلەڭ، — جەۋلان يۈزىنى تۇتۇپ بەردى، — قېنى چىشلىمەمسىز؟

— ياق... ياق... — قىز ئارىسالدى بولۇپ، قىزىرىپ كەتتى، — ئۇيىلىدىكەنمەن...

— قىر دەريا سايلىقىدا مەڭزىمگە...

— بولدى، بولدى دېمەڭ... ئۇ... ئۇ يەر دېگەن كەڭ سايلىق تۇرسا... شۇڭا، دەرھاللا قېچىپ كەتتىمغۇ...

كامالەتنىڭ شېرىن ـ لەرزىن سۆزلىرىدىن، ساددا قىلىقلىرىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان جەۋلان قىزنى قۇچاقلاپ پىرقىراتقانىدى، ئۇ ئىختىيارسىز چىرقىرىۋەتتى. ئەمما، سىرتتا بىر كىمنىڭ يۆتىلىپ شەپە بېرىشىدىن جەۋلان قىزنى قويۇۋېتىپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئىشخانىغا ئۇستۇېشى ئاپئاق قار بولۇپ كەتكەن ھاشىم كىرىپ كەلدى. ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن ۋە بىلمىگەن قىياپەتتە ھەر ئىككىسىنىڭ يۈزلىرىگە قارىمىدى.

— سىلەر بۇ يەردىكەنسىلەر، ياخشى بولدى، — دېدى ھاشىم ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — يۇرۇڭلار، يەڭگەڭلار تاماق تەييارلىدى، مەن سىلەرنى چاقىرىپ كەلدىم.

ھاشىم ئىشخانا ئىشىكىدىن چىقىشى كامالەت جەۋلانغا يوشۇرۇن ھالدا «ئۇيات، ئۇيات» دېگەندەك بارمىقىنى مەڭزىدە ئوينىتتى.

ئۇلار جەننەتخان ئانا بېھى سېلىپ ئەتكەن پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، قوللىرىنى يۇيۇشتى. ئاندىن قېنىق دەملەنگەن چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى. ھاشىم ئۆزىنىڭ قۇمچاقار يېزىلىق پارتكومغا شۇجى بولۇش ئىشىدا جەۋلاننىڭ قولى بارلىقىنى پۈرتىپ دېگەن ئىدى، جەۋلان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. توغرا، خىزمەت كۆرۈپ چۈشكەندىن كېيىن ئاز ساندىكى مەسلىسى ئېغىر دەپ قارالغانلارغا چارە كۆرۈش يىغىنىدا جەۋلان بۇ مەسلىنى بارنىياز بىلەن ئەيسايۇپقا ئايرىم ھالدا دېدى. ۋاڭ يۇڭمۇ خېلى بۇرۇنلا تېلېفون ئارقىلىق بارنىيازغا مەسلىھەت سالغانىدى. قۇمچاقار يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ياشىنىپ قېلىپ، خىزمەتتىن چېكىنگەن يېرىم يىلدىن بېرى بارنىياز يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇمۇ دەرھاللا قوشۇلدى.

— قانداق ھاشىمكا، — دېدى جەۋلان چېيىنى ئوتلاپ تۇرۇپ، — ئېغىر ۋەزىپىنى ئارتىپ قويدى، دەپ مەندىن خاپا بولغان ئوخشىمامسىز؟

— يا... ياق، — ھاشىم قولىنى سىلكىدى، — ماڭا بەك تاسادىپىي تۇيۇلدى، يائاللا ئارىلاشمايدىغان، قول تىقمايدىغان ئىشىڭىز يوقتە.

— قۇمتام يەنىلا كەنت، شۇنداقمۇ؟ — جەۋلان ئويلىغانلىرىنى دېدى، — قۇمچاقار، ئەلئاباد چوڭ يېزىلار سىزدەك يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىن تارتىپ قاناتلىرى قاتقان،

تەجرىبىلىك بۈركۈتنى قۇشقاچ تۇتۇشقا سالسا، بۇ ئېچىنارلىق بولامدۇ؟ قانىتىڭىزنى كەڭ يېيىپ، ھەممە يەرگە تەڭ سايە تاشلاڭ!

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، تۆۋەندە يوشۇرۇنغان چاۋار، ئىگەمبەردى، مەتسىدىقلار تېخى بار. بىچارە دېھقانلار دەرد ــ ھەسرەتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بېشىنى تىقىپ يۈرۈشىدۇ.

ئۇلار يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. جەۋلان قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ھويلىغا چىققاندا، ئاخىرقى ئىلتىجاسىنى دېدى:

— ھاشىمكا، مەن ئۆرۈمچىگە بېرىپلا كامالەتكە چاقىرىق ئەۋەتىمەن، — جەۋلان يەر بېقىپ تۇرغان مىسكىن كامالەتكە قارىدى، — گەرچە ئوقۇش ۋاقتىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كامالەت تىرىشچان قىز، يېتىشىۋالالايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى كىچىكتۈرمەي بېجىرىپ بېرىپ، تېزرەك يولغا سالسىڭىز... مانا بۇنى يول كىراسىغا ئىشلەتسىڭىز...

جەۋلان ئالدىن تەييارلاپ قويغان پۇلنى چىقىرىپ بەرگەنىدى، ھاشىم زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى، بارنىياز ئۇنىڭ ئۈچ يىللىق مائاشىنى تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاچقا، كامالەتنى كۆڭۈلدىكىدەك يولغا سالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

— بۇنداق قىلسىڭىز، مېنى كۆزگە ئىلمىدى، دەپ خاپا بولىمەن، — ھاشىم پۇلنى جەۋلاننىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، — كامالەت ئۆزۈمنىڭ قىزى، مەن ئاتا يوللۇق، ئاتا تۇرۇپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويمىساق بولامدۇ، ئەڭ بولمىسا ئەترەتنىڭ كالىسىنى ئوغرىلاپ بولسىمۇ، ئامالىنى قىلارمەن.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ھاشىم ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىدا ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ كامالەتنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە «بىچارە يېتىم قىز، ئەمدى كۆڭلىڭىز ئارامىغا چۈشكەندۇ» دەپ پىچىرلىدى ھەم كۆزلىرىدىن يوغانغىنا ئىككى تامچە ياش يۇمىلاپ

چۇشتى.

قار تالى ـ مەجنۇن پوتلىلىرىدەك لەرزان تورۇپ چۇشمەكتە ئىدى. جەۋلان يول بويى قىزغا تەسەللى بەرگەچ گەپ قىلىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، كامالەت بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قىلماي ئۇنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى. ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ يەتتە يېشىدا دادىسى ئابدۇللا قىزىنى پانىينىڭ دىشۋارچىلىقىغا تاشلاپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئاتا مېھرىگە قانمىغان نارەسىدە ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئاتىلارغا تەلمۈردى. قىز بالا ئاجىز بولغاچقا، تەگرىمۇ قىزنىڭ ئوتىنى ئاتىغا، ئاتىنىڭ مېھرىنى قىزغا سالغانلىقى ئەلمىساقتىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئەقىدىغۇ! خەيرىيەت، كامالەت پاقپاق بولسىمۇ ئانام بارغۇ، دەپ كۆڭلىنى توق تۇتقاچقا، كىچىككىنە يۈرىكى پۈتۈن ئىدى. كىم بىلىپتۇ، تاغدەك ئىشەنگەن ئانىسىمۇ بىر ئەرنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى! ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن بۇ يۇمران قىز ئانىسىدىن شۇ ئايرىلغانچە مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. راست، ئۇنىڭ سىمابتەك تىترەپ تۇرغان غۇبارسىز قەلبى قاتمۇقات جاراھەتلەر بىلەن قاپلاندى! «ئانامنىڭ ئاكىسى، مېنىڭ چوڭ دادام، يۆلەنچۈكۈم» دەپ ئىشەنگەن ئىگەمبەردىدىن نېمە خورلۇقلارنى كۆرمىدى! مەخلۇقتىن ئۇيالماي، خۇدادىن قورقماي، كىچىككىنە نارەسىدە قىزغا نىيەت ـ پەيلىنى بۇزدى! پاناھلىق تىلەپ بارغانغا تۇشلۇق ھاشىم ئۇنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكىچە ئوقۇتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئوغلى قىمارۋاز، نەشىكەش ساتتار ئۇنىڭغا زادىلا كۈن بەرمىدى. جەننەتخان ئانىمۇ «ئوغلۇمغا تەگسىڭىز، ئۇ قىماردىن قول ئۈزەتتى، شۇنچە باققانىنىڭ يۈزىنى قىلىڭ» دەپ ھاشىمدىن يوشۇرۇن قىرچە ـ يېنىچە تەگدى. ئاقىۋەت ئۇۋىسى چۇۋۇلغان بۇ قۇش بالىسى ئوتتۇر كەلگەن بىر كامارغا ـــ ھۆرىخان سەپرانىڭ غەمخانىسىغا پاناھلاندى!

ـــ كامالەت، گەپ قىلمايسىزغۇ، ـــ دېدى جەۋلان ھۆرىخان

سەپرانىڭ ئۆي ئالدىغا كەلگەندە، — ماڭا دەيدىغان گېپىڭىز يوقمۇ؟

— سىزنىڭ... سىزنىڭ ئەتە كېتىشىڭىزنى ئويلىساملا، بۇ ئالەم ماڭا قاپقاراڭغۇ تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، — قىز ئاستاغىنا جەۋلاننىڭ باغرىغا باش قويدى، — ئامان بولۇڭ... ئەتىدىن باشلاپ ناماز ئۆتەيمەن. نامازلىرىمدا خۇدادىن سىزگە ئامانلىق، ئىنساپ، ۋاپا تىلەيمەن.

— ئەخمەق قىز، — جەۋلان كامالەتنىڭ مۇزلاپ كەتكەن يۈزىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ ئۆزىگە قاراتتى، — ماڭا... ئىشەنمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ئىشىنىمەن، لېكىن قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقىسىز؟

— ئۈرۈمچىلىك قىزلاردىن!

— مېنى ئۇجمە كۆڭۈل كۆرىدىكەنسىز - دە؟

— ياق، ياق... — كامالەت نازۇك بارماقلىرىنى جەۋلاننىڭ لەۋلىرىگە باستى، — مېنى كەچۈرۈڭ... مېنى كەچۈرۈڭ...

كامالەت بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ، جەۋلاننىڭ بىلەكلىرىدىن سىلكىپ، يۈزلىرىنى مەيدىلىرىگە سۈۋاپ، ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئازابتا بولجىناتتى. تېلىقىپ، بوغۇلۇپ يىغلايتتى. جەۋلان ئۇنى تېخىمۇ چىڭ باغرىغا باستى ھەم تۇيدۇرماي ئۇنىڭ يانچۇقىغا بايىقى پۇلنى سېلىپ قويدى. جەۋلان قىزدىن ئۇزاپ كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە ئارقىغا قايرىلىپ كامالەتنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخنى قۇچاقلاپ پېشانىسىنى يېرىك قوۋزاققا يېقىپ، تېخىچىلا يىغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى! ئۇ: ئۇنى پاتراق ئېلىپ كەتمىسەم بولمىغۇدەك، دەپ ئويلىدى.

كېچىچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىغان جەۋلان ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ

كەتتى. ئۇ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سومكىغا قاچىلاپ تەييارلىدى. ئەخمەت گاچا ئەتىگەنلىك ناشتىسىنى قىلىپ، ئاتنى توقۇپ تەييارلاشقا تېخى بىر ئاز ۋاقىت بار ئىدى. جەۋلان ياتىقىدىكى قاتتىق نانني قايناق سۇغا چىلاپ قورسىقىنى ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتقا تويماي قارىدى. ئۇ ھەممە نېمىگە پايلىمىغاندەك قىلاتتى. تەكلىماكان قۇم سەھراسىنى سوغۇق تۇمان پەردىسىگە قاپلاپ قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. قۇم بارخانلىرى چوقچايغان كۆنىپېتىش تەرەپ سۇۋارى مانانلاشقان بولۇپ، كەنت ئىچىنى سۈس كۆمۈش رەڭ چاڭ قاپلاپ تۇراتتى. گويا قۇمتامدا ھېچقانداق غەلۋە ـ غۇدۇرلۇق ئىشلار يۈز بەرمىگەندەك، ئېغىر پاجىئەلەر قارار تاپمىغاندەك كەنت ئىچى جىمجىت سۈكۈناتقا چۆمگەن، پەقەت مال ئېغىلىدا، مېكىيانلىرى بىلەن تېزەك تاتىلاپ يۈرگەن قېرى خورازنىڭ بوغۇق چىللىشى، قېلىن قاردىن دان تاپالماي، قۇرۇق شاخلاردا ھۇرپىيىشىپ تۇرغان قۇشقاچلارنىڭ ئاندا ـ ساندا چۇرۇقلاپ قويۇشلىرى بۇ تىمتاسلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ھەي... دەرىخا، ئۇمۇرنى بىر قېلىپتا ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگىلى بولمايدىكەن. كىم ئويلىغان، جەۋلاندەك «شامالىلىق» بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تەكلىماكان باغرىلىرىدا ئىزلىرى قېلىشنى! ئەمدىلىكتە قارغا كۆمۈلگەن كەنت تەشكىلى ھويلىسى، «قۇم يېيىغ»، «يۇلغۇنلۇق»، «شالتوغراق»تىكى يالغۇز توغراق... قۇمتامىنىڭ مەھەللە كوچىلىرى... مانان قاپلىغان دەشتى قۇملۇق، لەرزان چۈشۈۋاتقان قار... قۇم بارخانلىرى، قاردىن ئاق لىباس يېپىنغان مېۋىلىك باغلار... قويلارغا ئوت سېلىۋاتقان لەيلى، ئۇنىڭ بېشىنى تاراۋاتقان موماي، قۇملۇقلار ئارا كېتىۋاتقان ھارۋا، ئەدناسى خورازنىڭ چىللىشى، قۇشقاچلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى... جەۋلان ئۆچۈن شۇنچە قەدىرلىك ھەم شۇنچە

سۆيۈملۈك خاتىرە ئەستىلىكلىرى بولۇپ قالدى.. ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ مىزانى شۇ ئوخشايدۇ. خۇشاللىق ـ قايغۇ، ۋىسال ـ جۇدالىق، كۈلكە ھەم يىغىلار ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرغىنىدەك، يېقىن دوستلارنى، كۆڭۈل پىنھانلىرىڭغا سىڭىپ كەتكەن ناتىۋانلارنى، يۈرەككە تالىق خاتىرىلەرنى تاشلاپ كېتىدىغان جۇدالىق دەقىقىلىرمۇ قارار تاپىدىكەن. جەۋلان بۇ يەرلەردىن كەتمەكچى! ئەمما، ئۇنىڭ يۈرىكى نېمە ئۈچۈن ئاغرىيدۇ؟ ئۇ ئىرادىلىك بالا ئىدىغۇ؟ شۇنداق، تامچا سۇ قورام تاشنىمۇ تېشىۋەتكەندەك، قۇملۇق گۈلى كامالەت جەۋلاننىڭ قەلب كۆلىگە مەرۋايىت دانلىرىدەك تىنىۋالدى...

ھاياتلىق ئەجەب قىسمەتلەرگە تولغان بولىدىكەن. جەۋلاننىڭ ئەلئابادتا ئۆتكەن ئازغىنا ھاياتى جاپالىق ھەم مەنىلەرگە تولدى! قۇملۇق گۈلىنى قەلب بوستانلىرىغا كۆچۈرۈۋالدى. قۇمتامنىڭ خىزمەتلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنىدالدى. خۇددى كېسەل مىسقاللاپ كىرىپ، پاتمانلاپ چىقىدۇ، دېگەندەك ھارامخورلار يىللاردىن بېرى چاينىماي يۇتقان لوقمىلىرىنى پاتمانلاپ قايتۇردى. ھەتتا ئىگەمبەردى جەۋلاننىڭ ئالدىدا ياش تۆكۈپ گۇناھىنى تىلىدى. ئۇ جەۋلان يېزىلىق ھۆكۈمەتكە «چارە كۆرۈش، بىر تەرەپ قىلىش» يىغىنىغا بېرىشىنىڭ ئالدىدا ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەنىدى:

— مېنىڭ ماتېرىياللىرىمنى شەھەرگە يوللىمىغان بولسىلا، ئۆزلىرى پېقىر ئۈچۈن ئەمەس، ئۇششاق باللىرىم ئۈچۈن بولسىمۇ، يۇقىرىغا ئىككى ئېغىز لەۋزىلىرىنى ئايىمىغان بولسىلا.

ئىنساننىڭ ھەرخىل ئىللەتلەردىن خالىي بولمىقى تەس. جەۋلان قۇمتامنى خاراب قىلىش ھېسابىغا سەمرىپ، قۇيرۇق تۇتقۇزمىغان بۇ ياۋا بۇقا بىلەن ئېلىشقان ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە

ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىگە، چىڭگىش ساقاللىرىدىن يۇمىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى «چارە كۆرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىش» يىغىنىدا قۇمتام ھەققىدىكى خۇلاسە دوكلاتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شەخسىي كۆزقاراش ۋە تەلەپلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى:

— چارە كۆرۈش مەسىلىسىدە ئىگەمبەردىگە كەڭچىلىك بىلەن چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇنىڭ تەكشۈرۈشكە بولغان پوزىتسىيىسى ياخشى، مەسىلىلەرنى ئىقرار قىلىپ تولۇق قايتۇرۇشى ياخشى، باشقىلارنىڭ مەسىلىلىرىنى پاش قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىشى ياخشى... يەنە بىر مۇھىم ئامىل، بالىلىرى ئۇششاق ھەم كۆپ...

ھارامىنىڭ ھېسابى بولغىنىدەك، چاۋار قولغا ئېلىندى. ئۇ قانۇننىڭ ئېغىر جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئىنقىلابىي سەپتە تۇرۇپ، يامانلارغا يانتاياق بولغان كىرىم، خاس خادىم نەسرۇللامۇ قانۇننىڭ جازاسىدىن سىرتتا قالمايدۇ. مەتسىدىق، ھابىللار بولسا ئۆزى چوقۇنغان ئادىمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كۈرەش، تەنقىد، ئېنىقلاش باسقۇچلىرى ئىنتايىن جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. بۇ كۈنلەردە جەۋلاننىڭ مىجەزى چۈس، كەسكىن بولۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ تەكشۈرۈش مەيدانلىرىدا كامالغىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمىدى:

— سەن ئاشۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى باشتىلا چەكلەپ، ئۇلارغا مەيدان ھازىرلاپ بەرمىگەن بولساڭ، بۈگۈنكى ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقارمىدى؟...

... قار توختاپ، تەكلىماكان ئاسمىنى سۈزۈلۈشكە باشلىدى. كۈن تارالغان بۇلۇتلار ئارىسىدا گاھى كۆرۈنۈپ، گاھى غايىب بولاتتى. جەۋلان ياتىقىدا چىش پاستىسى، چوتكا، كۈرۈشكا،

لۆڭگە، سوپۇنلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ پات ـ پاتلا بۇرنىنى تارتىپ، ئېغىر ئۇھسىناتتى. كەنت تەشكىل ھويلىسىغا ئەتىگەندىن باشلاپلا دېھقانلار توپلىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار ئىشخانىغا كۆز ئۇزمەي قارىشاتتى. جەۋلان سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى ئۇلار «ئەنە چىقتى» دېيىشىپ ئالدىغا سۈرۈلدى. ئەخمەت گاچا ئۇنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېلىشى، دېھقانلار ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشاتتى، يىغلىشىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى. بىرەر خالتا جىگدە، گۈلە ـ قاق، بېھى دېگەندەك نەرسىلەرنى تەڭلەيتتى. «خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن»، «ئىگەم ئاللا قىيىنلىرىنى ئاسان قىلغاي» دەپ تىلەكلەر تىلىشەتتى. توپ ئالدىدا تۇرغان كامال، لەيلىلەر غەمكىن ئىدى. نېۋىخان ئانا جەۋلانغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئىككى مەڭزىگە، پېشانىسىگە سۆيۈپ مىچچىدە يىغلىۋەتتى. ئۇ لەيلىنىڭ قولىدىكى تۈگۈچنى يېشىپ بىر نەچچە قاتلىما ۋە تۆت دانە ئانارنى سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

— جەۋلان ئاكا، — لەيلىنىڭ ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، — مۇشۇنداق ئايرىلىش پەيتىدە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن. ئامان بولۇڭ. سىزنىڭ ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن.

— يىغلىماڭ لەيلى، بىز شۇنداق بويىنىمىز يۇمشاق، دىلىمىز ئاق، كۆڭلىمىز تۈز خەق، — دېدى جەۋلان تەسەللى بېرىپ، — باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈش بەخت ھېسابلانسا، بىز ئەنە شۇنداق بەختنىڭ قۇللىرى! ئەمما تارتقان جاپايىمىز بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمىز. ئەگەر سىزدە ئادىمىيلىك ساپ يۈرەك بولسا، موماي ياشىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى بۇرچۇم دەپ بىلىڭ. مانا مۇشۇ جاپاكەش دېھقانلار سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز، تاغىلىرىڭىز، ئاچىلىرىڭىز،

قېرىنداشلىرىڭىز... سىز ئۆلارنى ھۆرمەتلەڭ.

— ئۆرۈمچىگە قايتىدىكەنسىز، — كامال ئىنتايىن مەيۈس ئىدى، — بارغاندىن كېيىن ئادرېسىڭىزنى ئەۋەتىشنى ئۇنتۇماڭ، لەيلى ئىككىمىز خەت يازىمىز.

— بولىدۇ، مەن چوقۇم سىلەرگە خەت يازىمەن، — جەۋلان لەيلىنىڭ قولىنى ئېلىشتى، — بالىڭىز تۇغۇلغاندا جەۋلان دېگەن تۇكباشتىن سالام دەپ قويۇڭ.

جەۋلان پەس ئاۋازدا گەپ قىلغان بولسىمۇ، ئاڭلىغانلار پاراقىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئۇ ھاشىم، كامال، زۆلال، مەتنىياز، كېرىمۇللا، ياربەختىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، ئايشەمگە چوڭقۇر تەزىم قىلىپ خەيرلەشتى. لېكىن، جەۋلان ھەرقانچە بويۇنداپ قاراپمۇ كامالەتنى چېلىقتۇرالمىدى. بۇنى سەزگەن زۆلال ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ:

— مەن ئۇنىڭغا جەۋلاننى تەگلىككە سالماڭ، دەپ ئېيتقانىدىم، — دېيىشى جەۋلان قايىقىنى تۇرۇپ:

— ۋۇي دۇشمەن! — دەپ ئۈنلۈك گەپ قىلىشى ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئەخمەت گاچا سەپەر سومكىسى ئېگەر ئارقىسىغا باغلانغان ئاتنى يېتىلەپ كېلىشى جەۋلان ئۇنىڭغا قېشىنى كۆرسىتىپ ياغلىق ئارتقاننى ئىشارەت قىلىپ، ئىككى بارمىقىنى جۇپلەپ:

— ئەخمەت ئاكا، سىزنى ئۆيلەپ قويماقچى ئىدىم، بۇ ۋەدەمنى ئورۇندىيالمىدىم. ئەمدى بۇ ۋەزىپە كەنت باشلىقى كامالغا قالدى، — دەپ قول ئىشارىتى بىلەن تەڭ گەپ قىلىۋىدى، ئەخمەت بىردىنلا غەيرىي ئاۋازدا گۇڭراپ، يىغلىغانچە جەۋلانغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ جەۋلاننى قۇچاقلاپ، بىر ھازا قويۇپ بەرمىدى. جەۋلان ھاشىم بىلەن قايتا قۇچاقلاشقاندا ئۆزى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈپ تۇردى.

دېھقانلار ئاتنىڭ ئارقىسىدىن دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى. ئېگەكلىرىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان ياشنى قولىنىڭ ئارقىسىدا سۈرتۈپ تۇرغان جەۋلان ئارقىغا قارا ـ قارا مەھەللىدىن ئۇزاپ كەتتى. ئات قۇمتام كەنتىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، قىر دەريا سايلىقىغا قايرىلغاندا، جەۋلان يول چېتىدە ئىگەمبەردى ھەم نىساخاننىڭ ئىككى كىچىك قىزى بىلەن قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

— ئىگەمبەردىكا، بۇ يەردە تۇرۇپتىلىغۇ، — جەۋلان تىترەپ تۇرغان ئىككى قىزغا قارىدى، — باللارمۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ.

— ئۆزلىرىگە ساقلاپ...

— دەيدىغان بىرەر گەپلىرى بارمىدى؟

ئىگەمبەردى ئۆمچىيىپ، يىغلامسىرىدى. جەۋلاننىڭ ئىچىدە بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى.

— بىلىمەن، گۇناھىم ئېغىر، — ئىگەمبەردى ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — لېكىن، ئۆزلىرى مېنى جازادىن ئازاد قىلىپلا قالماي، خىيانىتىمنىڭ بىرقىسمىنى كۆتۈرۈۋەتتىلە. ئائىلەمنى مۇسادىرە قىلىشتىن توساپ قالدىلا، بۇ ياخشىلىقلىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن.

— جازالاش مەقسەت ئەمەس، ئىگەمبەردىكا، مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقانلىقلىرىنى بىلىمەن. ئۆزلىرى كۆپ يىل كەنت باشلىقى بولدىلا، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى بار، ياشلارغا ياردەمدە بولالا.

— جېنىم بىلەن، جېنىم بىلەن، ئەمدى ھالال ياشايمەن.

نىساخان چاققانغىنا يېڭى خورجۇننى ئاتنىڭ ئارقىسىغا ئارتىپ قويدى. جەۋلان خورجۇنغا قاراپلا تەڭلىكتە قالدى. ئالاي دېسە كۆڭلى كۆتۈرمەيتتى، ئالماي دېسە ئىگەمبەردىنىڭ دىلى ئازار يەيتتى. ئەمما، دېھقانلار ئالدىدا بەرسە تەسىرىنىڭ يامان

بولىدىغانلىقى ھەم جەۋلاننىڭمۇ ئالماسلىق ئېھتىمالى بارلىقىدىن ئەنسىرىگەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ سوغۇقتا تىترەپ ئىككى بالىسى بىلەن تۇرغانلىقىدىن خىجىل بولغان جەۋلان خۇرجۇننى ئاتتىن چۈشۈرۈۋېتىشكە قولى بارمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ باش كۆتۈرەلمەي قالغان بۇ ئادەمنى رەنجىتىشنى خالىمىدى. لېكىن، دېھقانلار ئارىسىدا چىققان: «كامالەتنىڭ يۈزى چوڭ كەلدى...»، «جەۋلان قىز ئۈچۈنلا ئىگەمبەردىنى قۇتقۇزۇپ قالدى...»، «كامالەت بولمىغان بولسا، بۇ زىناخورمۇ ئەدىپىنى يەيتتى...» دېگەندەك ئۆسەك گەپلەر ئېسىگە كەلگەن جەۋلان ئارىسالدىلىق ئوتتۇرىسىدا مۇنداق دېدى:

— ئىگەمبەردىكا، بۇ قىلغانلىرى بولمىدى.

— باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، ئېغىز مايلايدىغان چاغلاردىن ئۆتۈپ كەتتۇق ھەم ئېغىز مايلىغۇدەكمۇ نەرسىلەر ئەمەس، — ئىگەمبەردى كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىۋاتاتتى، — ناھايىتى شۇ خۇرجۇننىڭ بىر پېيىدا قوغۇن، يەنە بىر پېيىدا يۇرتىمىزنىڭ تەۋەررۇكى ئاق نانجىگدىسى بار، ئالمىسىلا خاپا بولىمەن.

جەۋلان سومكىسىدىن تۆت دانە ئانارنى ئېلىپ، ئىككى قىزغا ئىككىدىن تۇتقۇزۇپ قويدى. ئىگەمبەردى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تۆكۈلۈپلا كەتتى. گەرچە ئانار ئازغىنا نەرسە بولسىمۇ، جەۋلاننىڭ بالىلارغا بولغان مېھىر ـ شەپقىتى ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە، «ئۇششاق بالىلىرىنى ئويلىسىلا» دېگەن گەپنى ئۇنتۇمايتتى. ئىگەمبەردىنىڭ ئامان ـ ئېسەن قېلىشىغىمۇ ئاشۇ بالىلار سەۋەب بولمىدى، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

— ئۈچ بالام ئۆزلىرىگە، — نىساخانمۇ يىغلىغانىدى، — رەھمەتنى ئېيتماقچى ئىدى، ئەمما ئۇلار مەكتەپكە كېتىپ قالدى.

— بالىلارغا داۋاملىق نەسىھەت قىلىڭلار، ئۇلار ياخشى

ئوقۇسۇن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — ئىگەمبەردى يىغلامسىراپ بېشىنى لىڭشىتتى، — ئوقۇمىسا بولمايدىكەن. بالىلىرىمنىڭ ماڭا ئوخشاش كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

— خوش ئەمىسە، ئۆتكەن ئىشلارنى كۆپ ئويلىمىسىلا، بالىلار چوڭ بولۇۋاتىدۇ. كۆڭلىدە تۇرۇپ قالمىسۇن.

ئىگەمبەردى جەۋلاننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئاتقا مىندۇرۇپ قويدى. جەۋلان قولىنى پۇلاڭلىتىپ چەكسىز سايلىققا قاراپ ئېتىغا قامچا سالدى. قىرغاقتا قالغان ئىگەمبەردى، نىساخان، يەنە ئىككى كىچىك قىزنىڭ قارىسى خېلىغىچە يوقالمىدى. بىر چاغلاردا لەيلى مىنىپ پاشىلىققا بىر نەچچە قېتىم كىرگەن «ئاقتاش» ئىسىملىك ئاق ئات سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، جەۋلاننىڭ بىر نېمىسى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك ئارىلاپلا ئارقىسىغا قارايتتى. يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشاتتى. شۇنداق، ئۇ كامالەتكە ئاخىرقى قېتىم خوش دېيەلمىدى. ئۇنىڭ كۈلۈشنى، سۆزلەشنى بىلىدىغان مۇلايىم كۆزلىرى، ساددا ھەم سەبىي رۇخسارى، ۋاپا ۋە مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان گۈل سىيماسى جەۋلاننىڭ كۆز ئالدىدىن بىرەر دەقىقىمۇ نېرى كەتمەيتتى. بىردىنلا يىراقتىن ئاڭلانغان زەپمۇ يېقىملىق، شۇنچە سۆيۈملۈك ئاۋازدىن يۈرىكى ئويناپ كەتكەن جەۋلان قايرىلىپ ئارقىسىغا قارىدى. كامالەت ئاپئاق قارلىق دالىدا خۇددى ئاق چېچەكلەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئاتمۇ ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى بىلگەندەك قىز تەرەپكە قاراپ چاپتى. ھاسىراپ ھەم قىزىرىپ كەتكەن كامالەت ئۇچقاندەك كېلىشى، جەۋلان ئېگىشىپلا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالدى... يىراقتىن ئۇلار خۇددى بىر ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. جەۋلاننىڭ ئوڭ قولى

قىزنىڭ بىلىدىن قامالىنىۋالغان بولۇپ، سول قولىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋالغانىدى. چۇلۋۇر تارتىلغانسېرى ئات چەمبەر هاسىل قىلىپ بىر ئىزدا پىرقىرايتتى. پىرقىرىغانسېرى ئىككى تەن تېخىمۇ مەهكەم چىرمىشىپ، بىر ـ بىرىگە جانلىرى قوشۇۋاتقاندەك... ياق! يۈرەكلىرى مۇڭدىشىۋاتقاندەك... قەلب بوستانلىرىدىن سۇ ئىچىۋاتقاندەك... لەۋلەر بىر ـ بىرىدىن ئاجرالمايتتى...

ـــ سىز... سىز بۇ قېتىم مەست ئەمەسقۇ دەيمەن، ـــ قىز هاسىراپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

ـــ ياق... مەن.. مەن هازىر خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ئەمەس! ئۇ... ئۇلار توگىدى.

ـــ شۇڭا باتۇر بولۇپ كېتىپسىز ـ دە؟

ـــ شۇنداق، بۇ يەردە ئەيمەنگۈدەك تەشكىل، هايا قىلغۇدەك ئادەم بولمىسا...

ـــ خۇدايىم كۆرۈپ تۇرغاندۇ؟

ـــ ئۇ كۆرسە كۆرۈۋەرسۇن، خۇدا دىگەن مېهرىبان...

ـــ ئەمىسە تېنىۋالماڭ...

ـــ ئۇنتۇپ قاپتىمەن... ئەسلىدە مەن مەست ئىدىم...

ـــ سىز... سىز سۆيۈۋېلىپلا تېنىۋېلىشقا ئۇستا...

كامالەت جەۋلاننىڭ مەيدىسىگە ئەركىلەپ تۇرۇپ ئۇرماقتا ئىدى. بىر ئىزدا پىرقىراۋاتقان ئاتنىڭ ئاياغ ئاستىدا، دۈپدۈگىلەك چەمبەر شەكلىدە بوز قۇملۇق ئېچىلىپ قالدى. بۇ خۇددى چەكسىز قار قاپلىغان سايدا ئاق قەغەز ئۈستىگە بېسىلغان يۇمىلاق تامغىغا ئوخشايتتى. ئۇلار ئات ئۈستىدە بىردەم مۇڭدىشىۋالغاندىن كېيىن جەۋلان قىزنى كەنت پاسىلىغا ئاپىرىپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى. چۈنكى، كامالەت قۇمچاقاردىكى كادىرلارنىڭ ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى

بىلەتتى. كامالەت جەۋلان بىلەن ئاخىرقى قېتىم تاتلىق كۆرۈشۈۋالغانلىقىدىن شۇنچە خۇشال بولسىمۇ، ئەمما مۇلايىم كۆزلىرىدە يەنىلا سۇزۇك ياشلار لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ «چاقىرىق» توغرۇلۇق يېنىش ـ يېنىشلاپ يېلىنىشلىرى سېغىنىش پىراقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىدىن بېشارەت ئىدى. كامالەت ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشتى.

ـــ جەۋلان، ھېلىقى مۇدىر «ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى» دەپ ئۇنىمايمۇ قالارمۇ؟

ـــ كامالەت، ئۆزۈمگە ئىشەنچ قىلمىسام، سىزگە ھەرگىز ۋەدە قىلمايمەن، دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىم، ـــ دېدى جەۋلان قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ـــ ھەر يىلى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىغىلى كەتكەن ئوقۇتقۇچىلار پىلاننى ئورۇندىيالماي قايتىپ كېلىدۇ. كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ «كۆنەلمىدىم»، «ئانامنى كۆرگۈم كېلىپ كەتتى» دەپ يىغلاپ كېتىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ. تېخى مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچۇم.

ـــ ئەمىسە... ئەمىسە... چاقىرىقىڭىزنى كۈتىمەن، ـــ كامالەت مەڭزىدىكى ياشلارنى سۈرتمەي ئات ئۈستىدىكى جەۋلانغا كۆڭلى قىيمىغان ھالدا قارىدى، ـــ تېزرەك ئەۋەتمىسىڭىز مەن سارالڭ بولۇپ قالىمەن، خوش ئەمىسە...

كامالەت ئايئاق قولياغلىقىنى جەۋلاننىڭ مەيدە يانچۇقىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ مېڭىشى، جەۋلان ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

ـــ كامالەت، توختاڭ، ـــ جەۋلاننىڭمۇ كۆز جىيەكلىرى قىزارغانىدى، ـــ يېقىن كېلىڭ...

جەۋلان ئات ئۈستىدىن پەسكە ئېڭىشكەنىدى، ئۇنىڭ نىمنى

## تەكلىماكان ئوغلى (2)

تەلەپ قىلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن قىز ئۆيلىمىغىنىچە لەۋلىرىنى يېقىن ئېلىپ كەلدى... ئاندىن قارلىق سايدا يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. جەۋلان بىر جۈپ قىزىل گۈلگە قاراپ، قىزنىڭ ساپ ھەم غۇبارسىز يۈرىكىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ قولياغلىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قارلىق دالىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان كامالەتكە تىكىلىپ تۇراتتى. «ئاقتاش»مۇ بوينىنى تىك تۇتقان ھالدا قۇلاقلىرىنى شىڭگىتىپ قىزغا بەخت تىلەۋاتقاندەك قىلاتتى.

جەۋلان قولياغلىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سىلكىمەكتە ئىدى. ياغلىق لەپىلدىگەنسېرى ئۇنىڭدىن گۈل ـ غۇنچىلار چېچىلدى... يىپەك قولياغلىق خۇشاللىقىدا شوخلۇق بىلەن يەلپۈنۈپ تېخىمۇ كۆپ چېچەكلەرنى توزۇتتى! قۇملۇق دىيار تەكلىماكاننى قاپلىغان گۈللەر... غۇنچىلار... چېچەكلەر بىردىنلا قىپقىزىل نۇرغا ئايلاندى... جەۋلان بىلەن كامالەت بارا ـ بارا بىنەپشىرەڭ نۇر ـ زىيا ئىلكىدە غايىب بولدى!...

# خاتىمە

ھاياتلىق ئۆز مۇساپىسىنى داۋام قىلماقتا! كۈنلەر، ئايلار، يىللار خۇددى ئاقباشلىق تاغ چوققىسىدىكى بۇلۇتلاردەك بىر - بىرىنى سۈرۈپ، قوغلىشىپ نەلەرگىدۇر ئالدىرىشاتتى. مانا، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ قىسقىغىنا بۇ سەپىرىدە تالاي - تالاي ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. يەيدىغان رىزقى، كۆرىدىغان كۈنلىرى ئاياغلاشقان قېرىلار سايىقىدىن ئاجرىغان قوغۇندەك زەرەتگاھلىققا كۆچتى! قاچاندۇر چاچ - ساقاللىرىغا قىرو قونغانلىقىنى تۇيماي قالغان مويسىپىتلار كەتكەنلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى ئىگىلەپ، ساقال سىيپىشىپ ئولتۇرۇپتۇ... ئۆلارمۇ ئاز كۈندە سوۋۇشقا ئۇلگۇرگەن قانلىرىنى ئىللىتىش ئۈچۈن، ھاسىلىرىغا ئېگەك تىرەپ ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇشۇپ، ئەزرائىلىنىڭ يوللىرىغا قارىشىدۇ... شۇنداق، ھاياتلىق دەپ ئاتالغان بۇ راباتقا تۆت كۈنلۈك مېھمان ئىكەنمىز، ئاز - ئازدىن كېلىدىكەنمىز، ئاز - ئازدىن كېتىدىكەنمىز... كەتكەنلەرنى يىغلاپ - قاقشاپ ئۇزىتىپ قويساق، بارلارنىڭ قەدرىنى قىلىشنى بىلمەيدىكەنمىز! بولدىلا، پانىي ئالەمنىڭ نام - ئەمالىنى كوچىلاپ كۆكۈللەرنى ئەلەمزېدە قىلمايلى... بىز پاتراق ئۆرۈمچى ئۆزۈن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە بارايلى. بېكەتنىڭ دەم ئېلىش زالىدا تونۇشلا ئىككى ئەر - خوتۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغۇ، ۋۇي بۇلار ھېلىقى بىر يىللىرى تەكلىماكاننىڭ زۇمرەت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكى — قۇمتامدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان جەۋلان بىلەن كامالەتقۇ!

ئۇلار زالنىڭ كەڭ دېرىزىلىرىدىن بىكەت مەيدانىغا قارايتتى. بىرەر يولۇچىلار ماشىنىلىرى كەلگەن ھامان ئۇنىڭدىن ئالدىرىشىپ چۈشۈۋاتقان ئادەملەرگە زەن سالاتتى. يولۇچىلار يۈك ماشىنىلىرىغا رەتلىك تىزىلغان يۈك ـ تاقلار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كەلگەچكە، ئۈستۋاشلىرى توپا، ھارغىن چىراي كۆرۈنەتتى.

— جەۋلان، — دېدى كامالەت ئېرىگە قايرىلىپ، — كامال بىلەن لەيلىنى قەيەرلەردە ئويناتساق بولار؟

— ئۈرۈمچىدە ساياھەت ئورۇنلىرى ئازمۇ؟ ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن.

— ئۇلار ئۈرۈمچىدە قانچىلىك تۇرىدىغاندۇ؟

— قەھەتچىلىك يىللىرى، — جەۋلان پىچىرلاپ دېگۈدەك پەس ئاۋازدا گەپ قىلىۋاتاتتى، — پويىز ئىستانسىسىدا يېتىپ كەتكەن شىياۋما ھازىر ئەنخۇينىڭ «پاقىلىق» يېزىسىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىكەن. لەيلى ئىنىسىنى كۆرۈش تەقەززاسىدا بەلكىم كۆپ تۇرۇشقا ئۇنىماسمىكىن.

— ئۇلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىتىش ئۈچۈن، — كامالەت جەۋلانغا لەپپىدە قاراپ قويدى، — پىكاپ بولسا بەك ياخشى بولاتتى. باشلىقىڭىز ئىدارىنىڭ ماشىنىسىنى بېرىپ تۇرارمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، خانىم، — جەۋلان ئايالىنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ قويدى، — بۈگۈن ئەتىگەن ماشىنا سوراپ كىرسەم، جاڭ شۇجى ئەھۋالنى ئۇقۇپ، «كۆپ رىيازەت چەككەن ئەر ـ خوتۇنلاركەن، ئوبدان ئوينىتىپ قوي، مەن شوپۇرغا تاپىلاپ قوياي» دېدى.

— ۋىيەي، نېمىدېگەن ياخشى، مۇشۇ باھانىدە كۆرمىگەن يەرلەرنى بىر كۆرۈۋالىدىغان بولدۇم ـ دە.

— ئەسلىدە جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىكەن ـ دە، — جەۋلان كۈلۈۋەتتى، — خەپ، سىزنى قالدۇرۇپ قويۇپ، كامال بىلەن لەيلىنى ئويناتمىسام.

— شۇنداق قىلىڭا قېنى سالپاڭ قۇلاق توشقان، — كامالەت جەۋلاننىڭ قۇلىقىدىن تۇتتى، — مۇشۇ سالپاڭ قۇلىقىڭنى يۇلۇپ، قولىڭىزغا تۇتقۇزمىسام.

— ھەي، ھەي، خەق كۆرۈپ قالىدۇ، قارا بۇ بىشەمنىڭ ئەسكىلىكىنى. بولىدۇ، مەن سىزنى ماشىنىنىڭ چاقىدا ئولتۇرغۇزۇپ قوياي.

— نېمە؟ — كامالەت قولىنى كۆتۈرۈشى جەۋلان دېرىزە تەرەپنى كۆرسەتتى.

— قاراڭ.

بۇ ئەسنادا بىكەت مەيدانىغا كوزۇپىدا پەۋەس ئادەم ئولتۇرغان ئىككى ماشىنا ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ كەلدى. جەۋلان ماشىنىلارنىڭ نومۇر ۋە بەلگىسىگە قاراپلا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ماشىنىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاڭغىچە ئادەملەر يۈكلىرىنى يەرگە تاشلاپ كوزۇپىتىن چۈشۈشكە باشلىدى. كامالەت تۇيۇقسىزلا «ئەنە ئۇلار» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ راستتىنلا تونۇغانىدى. ئېگىز، قامەتلىك كامال كوزۇپىتىن ماشىنا چاقىغا دەسسەپ يەرگە چۈشتى ـ دە، لەيلى سۇنغان تۆت ياشلار چامىسىدىكى ئوغۇل بالىنى يەرگە ئالدى. ئاندىن كوزۇپىنىڭ بالداقلىرىنى دەسسەپ چۈشۈۋاتقان لەيلىنى دەست كۆتۈرۈپ ئېلىشى يولۇچىلاردىن نومۇس قىلغان لەيلى ئېرىگە نېمىدۇر دەپ دۇمسايدى. جەۋلان بىلەن كامالەت ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، قۇچاقلىشىپ كېتىشتى. لەيلى بىلەن كامالەت كۆز ياش قىلىشىپ، يۈزلىرىنى يېقىشتى. يولۇچىلار ئۇلارغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قېلىشتى. كامال بىلەن جەۋلان سومكا ۋە مەھكەم چىگىلگەن يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈشۈپ بىكەت ئالدىغا چىقىشى شوپۇر يىگىت ئەدەھەممۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ياردەملەشتى. نەرسە ـ كېرەكلەر ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى ساندۇققا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن كامال بالىسى بىلەن

ئالدىغا، قالغانلار ئارقىغا ئورۇنلاشتى. شوپۇر يىگىت ئۇلارنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شەھەر ئايلاندۇرۇپ ئەڭ چىرايلىق، كۆركەم، ئېگىز بىنالار جايلاشقان كوچىلارنى كۆرسىتىپ ماڭدى. بىردىنلا جۇدۇن - چاپقۇنلۇق ئەتىياز كۈنلىرى، ئۇرۇمچىدە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن چاغلىرى ئېسىگە كەلگەن لەيلىنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. لېكىن ئۇ چاندۇرماي گەپ باشلىدى:

— هازىر قۇمتامۇ ياخشى بولۇپ كەتتى، تاشيوللار ياسالدى، ئاندىن قوغۇن، شاپتۇل، ئۆرۈك، قارىئۆرۈك قاقلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كىچىككىنە كارخانا قۇرۇۋالدۇق.

— ياھ، قالتىسقۇ سىلەر، — دېدى جەۋلان، — كىرىمى قانداقراق؟

— كىرىمى هازىرچە قەدىر ئەھۋال، ئەمما كېيىنلىكى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — ئالدىدا ئولتۇرغان كامال ئارقىغا قارىدى، — بۇ كارخانىغا لەيلى بىلەن زۇلالنىڭ ئايالى رەيھانگۈل ئىككىسى مەسئۇل.

— قۇمتاملىقلار تىنچلىقتۇ، — سورىدى كامالەت لەيلىدىن، — ئۇلارنى شۇنداق سېغىندىم.

— ئانام بۇلتۇر ئەتىيازدا تۆگەپ كەتتى، — لەيلى چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — كامال ئەخمەتكامغا ئۆز چوكاندىن بىرنى ئېلىپ بەردى.

— شۇنداقمۇ؟ — جەۋلان خۇشال بولۇپ كەتتى، — مېنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپەم يەردە قالماپتۇ - دە.

— بېجىرمىسەم بولامدۇ، سىزنىڭ هېلىقى پەلتىكىلىرىڭىزدىن قورقىمەن - دە.

ماشىنا ئىچىدە بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— هاشىمكام، ئايشەم ئاچام يېزىلىق هۆكۈمەتتە ئىشلەۋاتىدۇ، — دېدى كامال كۈلكىدىن كېيىن، — زۇلال،

مەتنىياز، كېرىمۇللا، ياربەختىلەرمۇ ئوبدان تۇردى. دېھقانلار ئۇلاردىن بەك رازى. بىز بىر يەرگە يىغىلىپ قالساقلا سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلىمىز، راست، ئىككىڭلارنى توي قىلدى، دەپ ئاڭلىدۇق.

— كامالەتنىڭ ئىشى راسا ئوڭدىن كەلدى، — دېدى جەۋلان، — مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن بىر قىز ئورۇمچىگە كۆنەلمەي كېتىپ قاپتىكەن. كامالەت شۇنىڭ ئورنىغىلا كىرىپ ئۈچ يىل مالىيە بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقۇدى. ئۇ بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىگە ئورۇنلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا توي قىلدۇق.

ماشىنا قىزىل بىنا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالىي مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ كېلىش بىلەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئۈزۈلدى. شوپۇر ئەدەھەم ئالىي مەكتەپ ئىچىدە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈكلەرنى، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغان مەيدانلار، ھەيۋەتلىك كۆتۈپخانا بىنالىرىنى ئايلىنىپ، كۆل بويىدىكى دۆڭدىن پەسلەپ چوڭقۇرلۇققا چۈشتى. ئاندىن بۇك - باراقسان قېرى قارىياغاچلار ئىچىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك سېرىق بىنا ئالدىدا توختىدى. بۇ سوۋېت ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئۈستى قاڭالتىرلىق بىنا بولۇپ، ئۆيلىرى ئاۋاز يېنىپ تۇرىدىغان تاختايلىق ئىدى. ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۈچىنچى قەۋەتتىكى تۆت ئېغىزلىق، خېلىلا ئىسكەتلىك جابدۇلغان ئۆيگە كىرىشتى. لەيلى چىنىدەك پاكىز تۇتۇلغان مۇنچىخانا، ئاشخانا، ھۇجرا، مېھمانخانا، بالكونلارنى كۆرۈپ، كامالەتنىڭ ئۈرۈمچى مۇھىتىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كامال مۇنچىغا كىرىپ پاكىز يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن لەيلى ئوغلى جەۋلاننى يېتىلەپ مۇنچىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار شۇ كۈنى چۈشتە ھاردۇق ئېشى ئىچىپ تەنلىرى

ھۆزۈرلىنىپ كەتتى. كەچتە كامالەت لەيلى ئېلىپ كەلگەن بېھىلەرنى بېسىپ پولۇ ئەتتى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قەنت ـ گېزەكلەر بىلەن چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار لەيلى ھەم كامالنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر، بولۇپمۇ لەيلىنىڭ يامان جاڭگالدا ئەجەل بىلەن ئېلىشقانلىقى، جەۋلان، كامالەتلەرنىڭ قۇم بارخانلىرىدا يوشۇرۇن ئۇچرىشىشلىرى، چاۋارنى قوغلاش جەريانىدىكى مۇشكۈلاتلارنى ئەسلەپ چىقىشتى. چاۋارنىڭ گېپى چىقىش بىلەنلا كامالنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

— شۇ چاغدا چاۋارنى تۇتالمىغانسېرى سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم، — دېدى كامال جەۋلانغا، — «ئىز قوغلاپ تۇتۇشقا نېمىشقا ئەگىرگەندىمەن» دەپ پۇشايمان قىلدىم. راست گەپنى قىلسام، قورقتۇم. سىزمۇ ئىنقىلابىي روھىڭىز بىلەن بارىمەن، دەپ تۇرۇۋالدىڭىز.

— ئىنقىلابىي روھقا قارىغاندا ياشلىق ھەۋەس ئۈستۈن كەلگەن گەپ، — جەۋلاننىڭ گېپىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى، — توغرا، چاۋارنى تۇتۇش مۇقەددەس ۋەزىپە، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەكلىماكاندىن ئىبارەت تىلسىم قانداقتۇر، دېگەن قىزىقىشمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئامازە ساقچىلار ئۆلگۈرۈپ كەلمىگەن بولسا، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەتتۇق.

— مېنىڭمۇ ئەنسىرىگىنىم شۇ، — كامال چايدىن ئوتلاپ قويدى، — ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ئاتلارنىڭ بىرەرىنىڭ گۆرەن تومۇرىنى كېسىپ سىلەرگە قان ئىچكۈرەتتىم.

— ياپىرەي، نېمە دەيدىغانسىز؟ — جەۋلان، لەيلى، كامالەتلەر سەسكىنىپ چىرايىنى تۈردى، — قانىنىمۇ ئىچكىلى بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بۇرۇنقىلار شۇنداق قىلغان. قان بىر نەچچە ۋاخلىق ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ ھەم بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدۇ.

— كامال، — كامالەت تەرەپىبال سورىدى، — چاۋار

ئىتىلدىمۇ؟

— سىز ئوقۇشقا مېڭىپ كۆپ ئۆتمەيلا سوت ئىچىلىپ ئۆلۈم جازاسى بەردى.

كامال چاۋار توغرۇلۇق غەلىتە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. بىر قېتىملىق قۇربان ھېيتتا كامال لەيلىنى ئېلىپ شەھەرگە كىردى. ئۇلار قىلىدىغان سودىلىقلىرى تۈگىگەندە ئابلىز ھاكىمنىڭ ئۆيىنى ھېيتلىدى. ئاندىن ساقچى باشلىقى ئابباسنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلدى. جۈيجاڭ ئۇلارنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ خوتۇنىغا كامال - لەيلىلەرنىڭ پاچىئەلىك كەچمىشلىرىنى، بولۇپمۇ كامالنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئابباس ئون يىل ئىلگىرى قولغا ئېلىنغان چاۋارنىڭ ئاشنىسى زىبادىگۈل ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ ئاچچىققىنىا كۈلۈپ قويدى. چاۋارغا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن زىبادىگۈل ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. چاۋارمۇ ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. ساقچىلار ئۇلارنىڭ كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى. چاۋار زىبادىگۈلنىڭ قىسىرىق ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا چارلىشىپ كەتكەن چېكە چاچلىرىغا، پېشانىسىدىكى چوڭقۇرلاشقان قورۇقلارغا، تاتىراڭغۇ چىرايىغا قاراپ، بىر چاغلاردىكى ھۆسن - بەدىنى تولغان، مۇڭگۈزدەك چىڭ كۆكسى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان زىبادىگۈلنى تونۇيالمىغىنى تاسلا قالدى. ئۇ بېشىنى چايقىغىنىچە:

— زىبا، تۈگىشىپسەن، تۈگىشىپلا كېتىپسەن، — دېدى.

زىبادىگۈلمۇ ئۇنىڭ ئىچىپ كەتكەن خېمىردەك سالپايغان يۈزىگە، قورۇقلار گىرەلەشكەن بويۇن تېرىلىرىگە، نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە:

— سەنمۇ مەندىن قېلىشماپسەن، — دېدى - دە، چاۋارنىڭ

# ئەكىلساكان ئۇزلى (2)

يۈزىگە شالاقىسىدە تۈكۈرۈپ، ھۆ تارتىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ بېشىنى توختىماي چايقاپ، ئىسسىق ئەيلىگەندە ھەم پايلىمىغاندەك يىغلاۋاتقانلىقىدىن تېڭىرقاپ قالغان چاۋار ھەيران بولۇپ سورىدى:

— تۈكۈرگىنىڭغۇ ماڭا بولغان ئاچچىقىڭدىن، — چاۋار يۈزىدىكى تۈكۈرۈكنى قولىنىڭ ئارقىسىدا سۈرتتى، — شۇنداق بولغاندىن كېيىن مېنى پۇخادىن چىققۇچە تىللىماي، ئەجەبا يىغلاۋاتىسەنغۇ؟

— ئوبدان سورىدىڭ، سەن ئەقىل ـ ھوشۇڭ جايىدا ئەر كىشى بولغاندىن كېيىن، — زىبادىگۈل ئېسەدەپ كەتتى، — شۇ چاغدا مېنى ئۇرۇپ، تىللاپ بولسىمۇ توسقان بولساڭ، ئىككىمىز مۇشۇ كۈنلەرگە قالارمىدۇق؟ شۇڭا يۈزۈڭگە تۈكۈردۈم! يىغلىغىنىم بولسا، ساڭا پايلىمىغانلىقىمدىن بولدى. بىر كۈنلۈك ئەر ـ خوتۇندىمۇ يۈز كۈنلۈك مېھىر ـ مۇھەببەت ساقلىنىدىكەن. سەن بىلەن بىر نەچچە كۈنلەر ئەر ـ خوتۇن بولغان تۇرسام... ئون يىلدىن بېرى ئاشۇ شېرىن دەقىقىلەر ماڭا قانچىلىك ھۇزۇر ۋە ئۇمىد بېغىشلىغانلىقىنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر ئۆزۈم بىلىمەن... ھەر كۈنى كېسەل رەڭگىدەك ساپسېرىق تاڭلار ئاتىدۇ... ئېگىز تۇرمە تاملىرى ئىچىدە ئايلىنىمەن، چۆرگىلەيمەن، كۆپكۆك ئاسمانغا قارايمەن. «قاچانمۇ كەچ كىرەر!... قاچانمۇ كۈن پاتار؟!...» دەپ ناله قىلىمەن. كىر ياستۇققا باش قويىدۇممۇ، ھېلىقى غېرىبانە ئۆيۈمگە كېتىمەن... تاتلىق مىنۇتلارغا ھەمراھ بولىمەن... ئويلاپ باقسام خىيالىنىڭ دوستى كېچە، دۈشمىنى كۈندۈزكەن ئەمەسمۇ! كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، سەن بىلەن ئۆتكەن ئاشۇ بىر نەچچە كۈن ماڭا «ياشاش ئۆلمەسلىك، يەنە ياشاش، يەنە ئۆلمەسلىك»نى دەۋەت قىلىپلا كەلدى!!..

— ھۆ... ھۆ... ھۆ... — كامالچىدەك ئېگىلىپ ئولتۇرغان

چاۋار ھۆ تارتىپ يىغلىغانسىرى ئايىغى ئاستى ھۆل بولۇپ كەتتى، — زىبا! كەچۈر مېنى، سېنى نابۇت قىلدىم، ئۆزۈمنىمۇ! مەن ئۆمرۈمدە «مال ـ دۇنيادىن ئۆزگە قۇدرەتلىك كۈچ ھەم تاتلىق نەرسە يوق» دېگەن ئەقىدە بىلەن ياشاپ، كۆڭۈلگە تاللىق ئىشلارنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋەتكەن ئىكەنمەن! ئەمما، بۇرنۇمغا ئۆلۈم پۇرىغاندىن كېيىنلا سېنىڭ ھىدلىرىڭ دىماغلىرىمدىن كەتمىدى! سېنى ئويلىدىم، ئويلىدىم، شۇنچە كۆپ ئويلىدىم!... ئىست، قەدرىڭنى بىلمەپتىكەنمەن! مۇشۇنداق جان ھەلقۇمغا كەلگەندە بايلىق، مەئىشەت ئەمەس، مېنىڭ كۆڭلۈمگە كىرىۋالغىنىڭنى قارا! شۇنىڭغا قارىغاندا ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ ئادەملەر، بولۇپمۇ ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتكەن!!... مەن بۇنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشەندىم. شۇڭا، سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى يۈرىكىم ئىلتىجا قىلدى.

— سەنمۇ تەلەپ قىلىپتىكەنسەن ـ دە؟ — زىبادىگۈل تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى مەيلىگە قويۇۋەتتى، — مەنمۇ ئىلتىماس قىلغان.

— خۇدا ھەرئىككىمىزنىڭ دىلىغا سالغان چېغى...

— ئابدۇش ئاكا!...

زىبادىگۈل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، چاۋارنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىشى ساقچىلار چاۋارنى ئېلىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىدىكى زەنجىر ـ كىشەنلەرنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى...

... ئۆي ئىچى تىنىقلار ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتتى. كامالنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى جەۋلان، كامالەت، لەيلىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېزىپ قويدى. ئۇلار چاۋارنى ئەيىبلەشنى ياكى خەيرخاھلىق قىلىشنى بىلەلمىدى... پەقەت «ھەي... خام سۈت ئەمگەن ئادەم بالىسى» دېگەن ئاچچىق ئىستىھزا ئىچىگە لاي سۇدەك تىنىپ

قالدى!

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار بوغدا كۆلىگە يورۇپ كەتتى. ئاپئاق قارلىق تاغلار باغرىدىكى ياپيېشىل قارىغايلار، مەخمەلدەك ئېدىرلاردا، يانباغىر قاپتاللاردا ئېچىلىپ كەتكەن تاغ گۈللىرى، ھەيۋەتلىك شارقىراتما... كۆپكۆك تىنىق بوغدا كۆلىنى كۆرگەن كامال، لەيلى، كامالەتلەر خۇشاللىقىدىن بىر - بىرىنى قۇچاقلاشتى. ئۇلار ساياھەت كېمىسىگە چۈشۈپ بوغدا كۆلىنى بىر ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن كۆپكۆك چىملىقلارغا ئەدىياللارنى سېلىپ، شەھەردىن ئېلىپ چىققان نان، كاۋاپ، توخۇ گۆشى ھەم سوغۇق ئىچىملىكلەرنى تىزىپ داستىخاننى گۈللەندۈرەتتى. تۆت ياشلىق جەۋلان چىملىقلاردا يۇمىلاپ مامكاپ، كاككۇك گۈللىرىنى ئۈزۈپ ئويناپ يۈرەتتى. شوپۇر ئەدھەم ئازراقلا بىر نەرسە يەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تاماق سورۇنىنى بىر قانچە پارچە رەسىمگە تارتقاندىن كېيىن «مەنزىرە تارتىمەن» دەپ كېتىپ قالدى. ئەدھەم ئەسلىدە فوتو سۈرەت ھەۋەسكارى بولۇپ، ياخشى چىققان سۈرەتلەرنى نەشرىيات ھەم ھەرقايسى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىگە ئېيىشقا بېرەتتى.

— كامال، بۇ يەرلەرنى كۆرۈپ قانداق چۈشەنچىدە بولۇۋاتىسىز، — سورىدى جەۋلان، — قېنى دەپ بېقىڭا؟

— بۇ يەرلەر، — كامال تېگىرقاپ قالدى، — ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك چىرايلىق، كۆركەم، ساپ ھاۋالىق جەننەتكە ئوخشايدىكەن. لېكىن، تەكلىماكانىڭمۇ ئۆزىگە خاس خاسىيەتلىرى كۆپ!

— يەنىلا تەكلىماكان ئوغلى - دە، — دېدى جەۋلان، — ئۆز يۇرتىڭىزنى، كىندىك قانلىرىڭىز تۆكۈلگەن تۇپرىقىڭىزنى ھېچ يەرگە تەڭ قىلمايسىز، شۇنداقمۇ؟

— سىز بىلەن بىز كۆرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، — كامال

ئوغلىغا لەپپىدە قاراپ قويدى، ـــ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز تەكلىماكاننى جەننەت ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ، سىز بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

ـــ يارايسىز، ـــ جەۋلان ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىۋەتتى، ـــ بەكمۇ يىراقنى كۆرەر، تەسەۋۋۇرلىرىڭىز مول، ئۈمىدۋار ئىكەنسىز.

ئۇلار بىر نەچچە تاغ قاپتاللىرىنى، جىلغا ئورمانلارنى ئايلىنىپ كەلگۈچە كۈن تاغلار ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەدھەممۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ، تەييار بولۇپ تۇرغانىدى. جەۋلان، كامالەت، كامال، لەيلىلەر ئورۇنلىرىغا چىقىپ ئولتۇرۇشى كېلىشتە تەستە «غىڭشىپ» كەلگەن ماشىنا پەسكە قاراپ ئاۋاز چىقارماي شامالدەك يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئەدھەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ بىردەمدىلا قىزىلتاغقا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تىك پەلەمپەيلەر ئارقىلىق تاغ ئۇستىگە چىقتى. ئېگىز مۇنار ئاستىدا تۇرۇپ مۇقەددەس شەھەر ئۈرۈمچى مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىشتى. كامال خۇددى پايانسىز قۇم دەشتىگە قارىغاندەك، قولىنى سايىۋەن قىلىپ شەھەرنىڭ كۆز يەتمەس ئىزنالىرىغا قارىدى. ئىسلار تىك كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان زاۋۇت، كارخانا تۇرخۇنلىرى، خىلمۇخىل شەكىلدىكى ئېگىز ـ پەس بىنالار، قارا بۇلۇتتەك يېيىلىپ ياتقان خەلق باغچىسى ئورمانلىقى، يامالىق تېغى باغرىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەر، خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك تېز ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھەرخىل ئاپتوموبىللار ئىلىم ـ پەن ئاشىنالىرى بۇلىقى بولغان بۇ ئەزىز شەھەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

ـــ جەۋلان، ـــ دېدى كامال يىراقلاردىن كۆز ئۈزمەي، ـــ ئۈرۈمچى بىزنىڭ شەھەرلەردىن ئەللىك ھەسسە چوڭدەك

قىلامدۇ، نېمە؟

— بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولۇشى مۇمكىن، — جەۋلان پەخىرلەنگەندەك كۈلۈپ قويدى، — ئۈرۈمچىدە ئون يىللاپ تۇرغان ئادەملەردىن «شاپتۇللۇق» (لومەنچىڭ)، «شور بۇلاق»، «باگاڭ» قاتارلىق كۆپلىگەن «بالا» ئۈرۈمچىلەرنى كۆرمىگەنلا تولا.

— يەنە يىگىرمە - ئوتتۇز يىللاردىن كېيىن، — دېدى كامال خىياللار ئىچىدە، — يا... ياق، مەن ئىپادىلىگۈدەك سۆز تاپالمىدىم.

— ئۇ چاغدا، — جەۋلان چاقچاق قىلدى، — ئۈرۈمچىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ئايروپىلاندا ئۇچۇپ بارىمىز.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. جەۋلان ئۇلارنى قىزىلتاغ ئاستىدىكى بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ لەغمەن بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇ تاماق يەۋېتىپ ئەتە، ئۆگۈن بارىدىغان «ئۇلانباي تاللىق»، «مۇتەللىپباي بېغى» (جەنۇبىي باغچا)، خەلق باغچىسى قاتارلىقلارنى ساناپ چىقىشى لەيلى دەرھاللا قارشى چىقتى.

— جەۋلان، كەچۈرۈڭ، بۇغدا كۆلى، قىزىلتاغ ساياھەت رايونىدا قانغۇچە ئوينىدۇق، ئەمدى ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقمىساق بولمايدۇ. ئۇكام يولىمىزغا قاراپ قانچىلىك تەقەززا بولۇۋاتقاندۇ؟

— راست، ئىنىڭىزنىڭ خەۋىرىنى قانداق ئالدىڭىز؟

— يېزىمىزنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىگە قايتا - قايتا خەت يازغانىدۇق. ئۇلار ئۇكامنىڭ قايتىپ كېلىپ، بۇرۇنقى ئۆيىمىزنى تۇزەشتۇرۇپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— بۇنداق قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ — دېدى كامالەت لەيلىگە، — ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىر ھەپتە تۇرمىساڭلار

ئۆنىمايمەن.

— كامالەت، مېنى چۈشىنىڭ، ئىككى كۈندىن بېرى ئويناۋاتقىنىم بىلەن، كۆڭلۈم ئۇكامدىلا قالدى، بىز قايتقاندا، سىلەر قوغلىشىغۇچە كەتمەيلى.

— جەۋلان، كامالەت، لەيلى توغرا دەيدۇ، — كامالمۇ ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى، — بىز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راسا قاتىلاڭ ۋاقتىدا يولغا چىقتۇق، پات بېرىپ، پات قايتمىساق بولمايدۇ.

لەيلىنىڭ يىغلامسىراپ تۇرۇپ يېلىنىشلىرىدىن تەڭلىكتە قالغان جەۋلان بىلەن كامالەت نائىلاج ماقۇل بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ماشىنىغا سېلىپ خەلق باغچىسىغا ئەكىلىپ كەچكىچە ئويناتتى. كىچىك جەۋلان باللار ئويۇنچۇقلىرىنى ھارغىچە ئويندى. ئۇ بىردەم ياغاچ ئاتقا مىنىپ پىرقىرىسا، تۇرۇپلا ئېلېكترونلۇق پويىز ۋاگونلىرىغا چىقىپ قويۇندەك ئايلىناتتى. ئۈستى ئوچۇق كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۇمىلاق مەيداننى چۆرگىلەيتتى. كەچ بولۇپ قالسىمۇ، ئۇلار قولۋاققا بىلەت ئېلىپ كۆلنى بىر ئايلىنىپ چىقىشتى.

ئەتىسى سەھەردە شوپۇر ئەدھەم ئۇلارنى ئۇرۇمچى پويىز ئىستانسىسىغا ئېلىپ كەلدى. تۈنۈگۈن كەچتىلا ئەدھەم پويىز بېلىتىنى ئېلىپ كەلگەچكىمۇ، ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ پويىزغا چىقىش سۇپىسىغا كېلىپ توختاشتى. پويىز ئارقا - ئارقىدىن، قىسقا - قىسقا قوزغىلىش سىگنالى بەردى. رادىئو كانايلىرىمۇ يولۇچىلارنىڭ دەرھال پويىزغا چىقىپ ئورۇن ئېلىشلىرىنى ئەسكەرتىپ ۋارقىرىماقتا ئىدى. جەۋلان بىلەن كامال، لەيلى بىلەن كامالەت قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئۇلار ۋاگونغا چىقىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ قايتىدىن «خوش، ئامان

بولۇڭلار، سەپىرىڭلارغا ئاق يول بولسۇن!» دېيىشىپ تۇرۇشى، پويىز ئورنىدىن قوزغالدى. ۋوگزال سۇپىسىدا تۇرغان بىر جۈپ ياش جەۋلان بىلەن كامالەت، پويىزنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇشتى!...

تۈگىدى

2009 ـ يىل 11 ـ ئاپرېل




كىتاب ئىسمى: تەكلىماكان ئوغلى (2)
پىلانلىغۇچى: ئىزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.25
نەشرى: 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 10000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—5469—0603—4
باھاسى: 95.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)



ISBN 978-7-5469-0603-4
9 787546 906034 >

（民文）定价（上、下）：95.00 元